


# قۇربان بارات ئەسەرلىرىدىن تاللانما

## (5)

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

216407
I291.527
U-44

# قۇربان بارات ئەسەرلىرىدىن تاللانما

5 - توم

(شېئرىيەت نەزەرىيەسىگە دائىر تەتقىقات،
كلاسسىك شېئىرلاردىن نەسرىي يەشمە)

755153257

新疆大学图书馆藏书

شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى
1998 - يىل، ئۈرۈمچى

索书号: 216407
I291.527
U-44
قۇربان بارات ئەسەرلىرىدىن تاللانما (5) 427 بەت
23.00 يۈەن

كىتابنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇش لازىم
下列最后之日期本书必须归还

| | | | |
|---|---|---|---|

爱护图书 · 按期交还
كىتابنى ئاسراڭ   مۇددىتىدە قايتۇرىڭ

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئابلىمىت قادىر**

مەسئۇل كوررېكتورى: **تۇنسايىم ساۋۇت**

**قۇربان بارات ئەسەرلىرىدىن تاللانما (4)**

**(5)**

*

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14 پ: 830046)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «ئالتۇن تىل» پەن-تېخنىكا، سودا باش شىركىتى مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى
شىنجاڭ ئۈرۈمچى باجىياخۇ رەڭلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى 850×1168 32 / 1 باسما تاۋىقى: 13.5
1998-يىل 1-ئاي 1-نەشرى
1998-يىل 2-ئاي 1-بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 5631 — 0901 — 3/I · 166
تىراژى: 1 — 7200
باھاسى: 23.00 يۈەن

## مۇندەرىجە

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى قەلئەسىنىڭ ئۇل تاشلىرى — قەدىمكى شېئىرلار ...... 1
ئۇلۇغ شائىر — مىخائىل يورىيېۋىچ لېرمونتوۋ ...... 55
«تۈندە ئۇچقان يالغۇز قۇش» باھار ئىزلەپ ئۇچۇشنى تەرغىپ قىلىدۇ ...... 117
شائىر ئەلقەم ئەختەمنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدىكى خاس ئۇسلۇبى توغرىسىدا تەتقىقات ...... 138
«تۈگمەس ناخشا» — شېئىر ئەمەسمۇ؟ ...... 169
«ئالەمدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» — رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ مەھسۇلى ...... 193
شېئىر دېگەن نېمە؟ ...... 204
زۇھۇرى غەزەللىرىدىن نەسرىي يەشمە ...... 311

# ئۇيغۇر شېئىرىيىتى قەلئەسىنىڭ ئۇل تاشلىرى — قەدىمكى شېئىرلار

بەكمۇ ئۇزاق زامانلاردىن باشلىنىپ، سانسىز ئەسىرلەر داۋامىدا داۋاملىشىپ ۋە راۋاجلىنىپ بارغان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى ئالتۇن مۇنارلىرى ئەتراپقا نۇر چېچىپ تۇرغان بىر تارىخىي قەلئەگە ئوخشاتساق، بۇ يىمىرىلمەس قەلئەنىڭ مۇستەھكەم ئۇل تاشلىرى — قەدىمكى شېئىرىي يادىكارلىقلىرىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمكى زامان سەنئىتىنىڭ مەھسۇلاتى بولغان شېئىرلار، داستانلار، قوشاقلار، جەڭنامىلەر ۋە ئېپوسلار ئادەتتە فولكلوردا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا، ئەسىردىن ئەسىرگە ئۆتۈپ، ھاياتىي بىر يوسۇندا داۋاملىشىپ كېلىدۇ، شۇنىڭدەك يازما يادىكارلىقلاردا ساقلىنىپ قالىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان فولكلورىدا ياشاپ قالغان قىسمى شەكلەن تىلنىڭ فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق تەرەققىياتى ھەم ئۆزگىرىشلىرىگە ماسلىشىپ ماڭغان، مەزمۇنەن ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئۆز دەۋرى ۋە ماكان شارائىتلىرىدىن پەيدا بولغان سەنئەتلىك ئىنكاسلىرىنىمۇ ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، تولۇقلىنىپ ۋە ئۆزگىرىپ بارغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ دەسلەپ پەيدا بولغان دەۋرىنى ئېنىقلىماق ۋە بېكىتمەك ئادەتتە تەسكە توختايدۇ. مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرى ۋە مەزمۇندا ساقلىنىپ قالغان ئالاقىدار ئۇچۇرلارغا كۆرە، بىز ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان

دەۋرنى پەقەت قياسلا قىلالايمىز، ئەمما ھۆكۈم قىلالمايمىز. يازما يادىكارلىقلار بولسا ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ. يازما يادىكارلىقلاردا، قەدىمكى شېئىرلار ئۆزى پەيدا بولغان دەۋرنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى بىلەن شېئىرىي ئالاھىدىلىكلىرى ۋە تىل ھالىتىنى ئەينەن ساقلاپ قالىدۇ. چۈنكى، بۇ يازما يادىكارلىقلار قالغان زامانلاردا، بىزدە يات تىللارنىڭ ھەر خىل دەرىجىدىكى ئاسسىمىلياتسىيىسى تېخى يۈز بەرمىگەن. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار بىزنىڭ خەلقىمىز ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، بەكمۇ ئۇزاق ئۆتمۈشتە قالغان خىلمۇ خىل زامانلاردىن بىۋاستە ئۇچۇر بېرەلەيدۇ. بۇ ئۇچۇرلار تارىخ، ئېتنوگرافىيە، سەنئەت، ئىنسانشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق، پەلسەپە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىقتا، شۇنىڭدەك، خەلقىمىزنىڭ ھەر خىل دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات دەرىجىسىگە، ئۇلار تارقىلىپ ياشىغان جۇغراپىيىلىك دائىرىگە، چوڭ-چوڭ ۋەقەلەرگە ۋە مەشھۇر قەھرىمانلارغا ئالاقىدار بولۇپ، شېئىرنىڭ ئىچچام قۇرۇلما ۋە كىچىككىنە شېئىرىي مۇھىت ئىچىگە ناھايىتى كەڭ دۇنيانى سىغدۇرالايدىغان تۈر ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بىزنى يۇقىرىقى مەزمۇنلار بويىچە ناھايىتى كەڭ دائىرە ۋە ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان بىۋاستە پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بىزنىڭ يازما يادىكارلىقلاردا ساقلىنىپ قالغان شېئىرىي مىراسلىرىمىزنى خېلىلا مول دېيىشكە بولىدۇ. مىلادىيە 11-ئەسىردە، گۈللەنگەن قاراخانىيلار دۆلىتى شارائىتىدا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن ئۇلۇغ شائىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ زور ھەجىملىك داستانى «قۇتادغۇبىلىك» ۋە شائىرىمىز ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى 12-ئەسىرنىڭ ئاخىرى



ۋە 13-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يازغان، مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار دەۋرى بىلەن لۇتفى، سەككاكىي ھەتتا ئەلىشىر نەۋائىيغا قەدەر بولغان ئارىلىقنى ئۇلاپ تۇرىدىغان ئەدەبىي يادىكارلىقىمىز، دېداكتىك داستان «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» لاردىن تاشقىرى، ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىمىمىز مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق شېئىرىي پارچە، جۈملىدىن 9-ئەسىردىن 13-ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە قوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى تەۋەسىدە، ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىر قىسمى ئېھتىمال ئۇرخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى دائىرىسىدە بارلىققا كەلگەن ۋە يېزىق بىلەن خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان شىمالىي ۋە شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي پائالىيىتى دائىرىسىگە تەۋە بولغان كۆپلىگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە شېئىرلار ئۇلارنىڭ مىسالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق شېئىرىي پارچە شۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ پەدىنىي سەۋىيىسى ۋە كۆلىمىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى نەمۇنىلەر بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى رەتلەنگەن ۋە يېزىق خاتىرىسىگە ئېلىنغان دەۋرىگە نىسبەتەن بەكمۇ ئۇزاقلاردا قالغان ئەڭ قەدىمكى زامانلارغا تەۋە ئەدەبىي يادىكارلىقلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆز دەۋرىنىڭ كەڭ بىلىملىك ئالىمى، پۈتۈن ئۆمرىنى بۈيۈك ئىلمىي ئىشلارغا بېغىشلىغان يېتەكچى بىلىمدانى بولغان مەھمۇد قەشقىرى تۈركىي خەلقلەر ياشىغان كەڭ جۇغراپىيىلىك دائىرىدە ئون نەچچە يىل ئايلىنىپ يۈرۈپ، سانسىزلىغان يېزا - قىشلاق ۋە شەھەرلەرنى، بىپايان تاغۇ يايلاقلارنى، خىلمۇ خىل يۇرتلارنى

كېزىپ، ئۆزىنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن بىباھا كىتابى ئۈچۈن ماتېرىيال توپلاپ يۈرگىنىدە، يۇقىرىقى ئەدەبىي يادىكارلىقلار بىلەنمۇ ئۇچراشقان. ئالىم ئۇلارغا ئىنتايىن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغان، ئۇلارنى توپلىغان، رەتلىگەن ۋە سۆزلەرنىڭ كېلىش ئورنىنى ئىزاھلىغۇچى مىساللار تەرىقىسىدە ئۇلارنى كىتابىغا كىرگۈزۈپ، بەكمۇ قەدىمكى زامانلاردا بىزنىڭ تىلىمىز بىلەن يارىتىلغان بۇ شېئىرىي پارچىلارنى ئۆلمەس مىراسقا ئايلاندۇرغان. شۇنداقلا، ئالىم بۇ ئەمگىكى ئارقىلىق، بىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى سەھىپىلىرىنى يېزىپ، بىزنىڭ تىلىمىز پەيدا بولغان ۋە سەنئەت پائالىيىتى باشلانغان زامانلاردىن بىۋاستە ئۇچۇر بەرگەن.

سەنئەت تارىخچىلىرى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ۋە ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىگە دائىر ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، فولكلور ماتېرىياللىرى ۋە يازما يادىكارلىقلار خاتىرىلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، سەنئەتنىڭ قاچان ۋە قانداق پەيدا بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. ئۇلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئەڭ دەسلەپكى سەنئەت پائالىيەتلىرى كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پەيدا بولغان. بۇ ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىنىڭ پىشىپ يېتىلگەن دەۋرى بولۇپ، ئىپتىدائىي ئادەملەر ھەر خىل ئاددىي ئەمگەك قوراللىرىنى ياساشنى ئۆگىنىۋالغان. ئۇلار توپلىشىپ ياشىغان، كوللېكتىپ ئەمگەك قىلغان. بۇ دەۋردە ئىنسانلاردا تىل پەيدا بولغان. سەنئەتنىڭ بۇ دەۋردە پەيدا بولغان ئىپتىدائىي شەكىللىرى ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل، تاش قىيا رەسىملىرى ۋە ئەمگەك - تىرىكچىلىك



قوراللىرى ئىدى. بۇ ئىجادىيەتلەر بىۋاستە ھالدا ئۇلارنىڭ ئەمگەك ئەمەلىيىتىدىن كېلىپ چىققان. ئىپتىدائىي ئادەملەر ئەمگەكتە بىر-بىرىگە ماسلىشىش، ئەمگەك سىجىللىقىنى يەڭگىللىتىپ چارچاشنى ئازايتىش، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، رىتىمدىن پايدىلانغان، يەنى مېھنەتنى يەڭگىللىك رىتىم تەرتىپى بىلەن ئۇيۇشتۇرغان. ئەمگەك، ھەرىكەت ۋە سادالاردىن پەيدا بولغان مۇنداق رىتىم تىل بىلەن بىرلەشكەندە، ئەڭ بۇرۇنقى شېئىرلار كېلىپ چىققان. ئىنسانلارنىڭ تىل رىتىملىرىدىن پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشى — ئەڭ دەسلەپكى شېئىرىي قۇرۇلمىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىلىش ھەرىكىتى داۋامىدا چۈشەنگەن دۇنيانى ئوبرازلىق ئىنكاس قىلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى ۋە قايغۇ-شادلىقلىرىنى ئىپادىلىشى — بۇ شېئىرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەزمۇنىنى ھاسىل قىلغان. سەنئەت تارىخچىلىرىنىڭ بۇ ئېنىقلىمىسىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ئەڭ بۇرۇنقى شېئىرلارنىڭ نەمۇنىسى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى شېئىرىي پارچىلار ئىچىدە تېپىلىدۇ. بىز دىۋاندا خاتىرىلەنگەن مۇنۇ پارچىنى كۆرۈپ باقايلى:

كۆكلەر قاموغ تۈزۈلدى،
ئۈرىق، ئىدىش تىزىلدى،
سەنىسىز ئۆزۈم ئۈزەلدى،
كەلگىل ئەمۇل ئوينادىم.
ئۈرىق باشى قازلايۇ،
ساغراق تولۇ كۆزلەيۇ،
ساقىنچ قۇزى كىزلايۇ،

تۈن-كۈن بىللە سەۋىنەلىم.
ئوتتۇز ئىچىپ قىقرەلىم،
يۇقار قوپۇب سەكرەلىم،
ئارسلانلايۇ كۆكرەلىم،
قاچتى ساقىنچ سەۋىنەلىم.
يىگىتلەرىك ئىشلەتۇ،
يىغاچ يەمىش ئىرغاتۇ،
قۇلان، كىيىك ئوۋلاتۇ،
بازرام قىلىب ئاۋنەلىم.
چاغرى بىرىب قۇشلاتۇ،
تايغان ئىزىب تىشلاتۇ،
تىلكى، تونگۇز تاشلاتۇ،
ئەردەم بىلە ئۆكلەلىم.
توسۇن مۇنۇب سەكرىتسۇن،
ئاسىزلىگىن ئەمۇرتسۇن،
ئىنتقا كىيىك قايتارتسۇن،
يەتمىش سانى ئومنەلىم.

(چالغۇلار تامام ساز قىلىندى، مەي ئىۋرىقلىرى بىلەن ئىدىشلىرى تىزىلدى، سەن بولمىساڭ پەرىشان بولۇپ قالىدىكەنمەن، كەلگىن، يايراپ-ياشناپ ئوينايلى. ئىۋرىقلارنىڭ بېشى غازنىڭ بويىنىدەك تىكلەندى، ياغاچ چۆچەكلەر خۇددى كۆزدەك لىپمۇ لىپ تولدى، قايغۇلار يەر تېگىگە يوشۇرۇندى، تۈن-كۈن شادلىنايلى، سۆيۈنەيلى. ئۈچ قېتىمدىن ئىچەيلى، ئورنىمىزدىن تۇرۇپ سەكرەپ ئوينايلى، ئارسلانلاردەك ھۆركىرەيلى، قايغۇلارنى قاچۇرۇپ سۆيۈنەيلى. يىگىتلەرنى



ئىشقا سالايلى، دەرەخلەردىن مېۋە ئىرغىتسۇن، كېيىك، توشقانلارنى ئوۋلىتايلى، بايرام قىلىپ شادلىنايلى. ئۇلارغا ئوۋ قۇشلىرىمىزنى بېرىپ، قۇش ئوۋىغا ئەۋەتەيلى، تۈلكە، تۇڭگۇزلارنى تاش بىلەن ئۇرۇپ، كەينىدىن تايغانلىرىمىزنى قويۇپ بېرىپ چىشلىتەيلى، ئېرىشكەن ئولجىلىرىمىز بىلەن ماختىنايلى. يىگىتلىرىمىز توسۇن ئاتلارنى مىنىپ، سەكرىتىپ يۈرۈپ، ئۇلارنى ياۋاشلاندۇرۇپ كۆندۈرسۇن، ئىتلار بىلەن كېيىك ئوۋلىسۇن، بىز ئوۋ نېمەتلىرىگە ئۈمىد باغلايلى.)

بۇ پارچىنىڭ كېيىنكى ئۈچ كۇپلېتىدە بايان قىلىنغان مەزمۇن دىققەتكە ئالاھىدە سازاۋەر بولىدۇ. ئۇلاردا ئەسىرلەنگىنى جامائەنىڭ كوللېكتىپ ئەمگىكى. جامائەنىڭ ياشلىرى مېۋە تېرىدۇ، ئوۋ ئوۋلايدۇ، ئوۋ نېمەتلىرىدىن ھەممەيلەن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ. ئوۋ قوراللىرى — تاش، قولغا ئۆگىتىلگەن ئىتلار ۋە ئوۋ قۇشلىرى. يىگىتلەر يەنە ئات كۆندۈرۈش ئەمگىكى بىلەنمۇ مەشغۇل بولىدۇ. بۇ قوشاقتا تىلغا ئېلىنغان دەرەخلەر — ياۋا مېۋە دەرەخلىرى. چۈنكى، دېھقانچىلىق باشلانمىغان، ئىشلەپچىقىرىش قورالى تاشتىن، تۇرمۇش بويۇملىرى ئىدىش، ئىۋرىق قاتارلىق ساپال بۇيۇملاردىن ئىبارەت بولغان ئۇ زامانلاردا، ئادەملەر تېخى مېۋە دەرەخلىرىنى تىكىپ ئۆستۈرۈشنى بىلمەيتتى. ساپال بۇيۇملار — كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىنىڭ ۋە يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ باشلىنىش ۋاقتىنىڭ خاراكتېرلىق ئالامەتلىرىدىن بىرى. بۇ قوشاق سەنئەتنىڭ بىزدىمۇ ئوخشاشلا كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پەيدا بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئۇ زاماندىكى ھاياتىنى

ئۆزىمىزنىڭ تىلى بىلەن يۇقىرىقىدەك بەدىئىي شەكىلدە ئوبرازلاشتۇرغان.

بۇ پارچىنىڭ ئەھمىيىتى يالغۇز بىزدە سەنئەت پائالىيەتلىرىنىڭ پەيدا بولغان دەۋرىنى ئىسپاتلاپ بېرىشتىلا ئەمەس. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، تىل — مىللەت ئالاھىدىلىكىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم شەرتلەردىن بىرى بولۇپ سانىلىدۇ. بۇ شېئىردا ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئەڭ قەدىمكى تىلىمىزنىڭ لېكسىكىلىق ھالىتى بىلەن گراممانتىكىلىق ھالىتى، تېكىست تەركىبىدىكى «ئۆرىق، ئىدىش، باش، غاز، كۆز، تۈن، كۈن، ئوتتۇز، ئارسلان، يىگىتلەر، ياغاچ، يېمىش، قۇلان، كېيىك، تايغان، تۈلكە، توڭگۇز، تاش، ئىت، سان» دېگەن ئىسىملار، «سەن» دېگەن ئالماش، «توسۇن، يۇقىرى» دېگەن سۈپەتلەر بىلەن «تۈزۈلمەك، تىزىلماق، ئويناش، سۆيۈنمەك، ئىچمەك، قوپماق، سەكرىمەك، قاچماق، ئىشلەتمەك، ئىرغىتماق، ئوۋلاتماق، قۇشلاتماق، چىشلەتمەك، قايتارتماق، ئۈمىدلەنمەك» دېگەن پېئىللارنىڭ بۇ تىلنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئېنىق ھالدا باغلاپ تۇرۇشى، بىزنىڭ تىلىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمى دەۋرىدىلا يۇقىرىقىدەك بىر قەدەر مۇكەممەل دەرىجىگە كەلگەنلىكىنى، مىللىتىمىزنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ئېتنىك يىلتىزلىرىنىڭمۇ بۇ تىل بىلەن سۆزلەشكۈچى قەدىمكى جامائەلەر بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. شېئىردا تەسۋىرلەنگەن ئىپتىدائىي جامائەنىڭ كوللېكتىپ ھاياتى، كوللېكتىپ ئەمگىكى بىزنىڭ شۇنداق دەپ قارىشىمىزغا ئاساس بېرىدۇ. تىلىمىزنىڭ تارىخىي شەكىللىنىش جەريانىنى تەكشۈرگۈچى، ئۇنىڭ تارىخىي فونېتىكىسى، تارىخىي لېكسىكىسى ۋە تارىخىي گرامماتىكىسى



بويىچە مەخسۇس ئىلمىي ئىش ئېلىپ بارغۇچى تىلشۇناسلار، جۈملىدىن، مىللەتشۇناس ۋە ئىنسانشۇناس ئالىملار بىزدە بۇرۇن بولۇپ باققان ئەمەس، ھازىرمۇ تېخى يېتىشىپ چىقمىدى. ئەمما، ئوقۇپ يېتىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىمىز ۋە ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىگە قەدەم تاشلاپ كىرىۋاتقان ياشلىرىمىز ئىچىدىن بۇ ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن يېتىشىپ چىقىشىدىن ئۈمىدۋار بولساق بولىدۇ. قاچانكى بىزدە، پەننىڭ يۇقىرىقى ساھەلىرى بويىچە خادىملار يېتىشىپ چىقىدىكەن، ئۇلار ئۆز تەتقىقاتى بويىچە، يۇقىرىقى شېئىرنىڭ، شۇنىڭدەك، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى باشقا كۆپلىگەن شېئىرىي پارچىلارنىڭ ئۆز ئەمگەكلىرى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز دەرىجىدىكى بىباھا ماتېرىياللار ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ.

بىز بۇ شېئىرنى شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان سەنئەت ئۆلچەملىرى بىلەنمۇ تەكشۈرۈپ كۆرۈپ باقايلى. بۇ شېئىردا، ھازىرقى زامان شېئىرىيىتى چۈشەنچىسىدىكى شېئىرىي قۇرۇلما، شېئىرىي ئوبراز، شېئىرىي ھېسسىيات، شېئىرىي لوگىكا ۋە ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەرنى ئۆزىگە ئاساسلىق بەلگە قىلغان شېئىرىي تىلنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى ئايان بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسى ناھايىتى پۇختا ۋە ئىخچام. قۇرۇلما يەتتە بوغۇملۇق، تۆت مىسرالىق كۇپلېتلەردىن تەشكىللەنگەن. يەتتە بوغۇملۇق بۇ مىسرالاردا باشتىن-ئاياغ 3 / 2 / 2 لىك تۇراق گورۇپپىسى قېلىپلاشتۇرۇلغان. تۇراق بىرەر جايدىمۇ بۇزۇلغان ئەمەس. تۆت مىسرالىق كۇپلېت AAAB لىق قاپىيە تۈرىگە ئىگە، ھەممە كۇپلېتلارنىڭ 4-مىسراسى B شەكلىدە ئۆزئارا قاپىيىلىشىدۇ. بۇ ئادەتتە بارماق ۋەزىن شېئىرلىرىدا

ۋە فولكلوردا خېلىلا مۇرەككەپ، قىيىنلىق دەرىجىسى خېلىلا يۇقىرى قۇرۇلما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، لېكىن، بۇ خىل تۇراق گورۇپپىلىرىدا ۋە قاپىيە شەكلىدە پەيدا بولغان رىتىم شېئىرنى ئېنىق، كۈچلۈك ئاھاڭدارلىققا ئىگە قىلىدۇ. بۇنىڭدىن، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ شېئىردىكى رىتىمغا قانچىلىك ئېتىبار بىلەن قارىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا قانداق ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ خىل رىتىم شەكلى بىزدە ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەردە شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپىدىلا بارماق ۋەزنى شەكلىدە پەيدا بولغانلىقىنى، بارماق ۋەزنى شېئىرلىرىنىڭ شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئانا تۈرى ۋە ئەسلىي مىللىي شەكلى بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ شېئىردا، جامائەنىڭ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى ۋە ئويۇن-تاماشا شەكلى ئوبرازلاشتۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ ھېسسىيات ئىپادىلەش شەكلى — ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سەكرەپ ئويناش ۋە ئارسلانلاردەك ھۆركىرەش. بۇ شەكىلدە، ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ئادەملەر ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. شېئىردا، ئۇرۇقلارنىڭ بېشى غازنىڭ بويىنىغا، ياغاچ چۆچەكلەرنىڭ لىپمۇ لىپ تولۇشى ئۆز چانىقىدا تولۇپ تۇرغان كۆزلەرگە ئوخشىتىلغان. ئادەمدە بولىدىغان قايغۇ تەبىئەتلەشتۈرۈلىدۇ، يەنى ئۇ يەرنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنىدۇ. شېئىردا، سۆيگۈ بايان قىلىنغان شېئىرىي خىتابمۇ بار، يەنى — سەن بولمىساڭ، پەرىشان بولۇپ قالىدىكەنمەن، كەلگىن، يايراپ-ياشناپ ئوينايلى، دېيىلىدۇ. مەزمۇن لوگىك بىر تەرتىپ بىلەن شېئىرىي يوسۇندا بايان قىلىنىدۇ. بىز يۇقىرىدا، سەنئەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى بولغان شېئىر ئىنسانلاردا تىل پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭلا پەيدا بولغان دېدۇق. يۇقىرىقىلاردىن، شېئىرنىڭ بۈگۈنكى



كۈندىمۇ ئاساسلىق بەدىئىي ئۆلچەملىرى بولۇۋاتقان شېئىرىي ئامىللارنىڭ شېئىر پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭلا پەيدا بولغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ناھاتتىكى، بۇ ئۆلچەملەر كېيىنكى ناھايىتى كۆپ ئەسىرلەر داۋامىدا، كۆپەيگەن، راۋاجلانغان، مۇكەممەللەشكەن، سىستېما ۋە قائىدە ھاسىل قىلغان، خالاس.

ئىپتىدائىي ئادەملەر تەبىئەت كۈچلىرى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى ئالدىدا كۈچسىز بولۇپ، ئۇلارنى چۈشىنىپ يېتىشتىن تېخى كۆپ يىراق ئىدى. شۇڭا، تەبىئەتتىن قورقۇش، تەبىئەتنى ئۇلۇغلاش ۋە تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئۇ زامان سەنئىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولغان. تۆت پەسىل ئېنىق ئايرىلىدىغان جۇغراپىيىلىك دائىرىدە ياشىغان بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تەبىئەت پەسىللىرى ئىچىدە باھارنى ئالاھىدە ئۇلۇغلىغان، ئۇنى گۈزەللەشتۈرۈپ قوشاقلار توقىغان، مەخسۇس شادلىق كۈنلىرى ۋە مەرەملەرنى ئۆتكۈزۈپ، باھارنىڭ كېلىشىنى تەنتەنە بىلەن قارشى ئالغان ۋە تەنتەنە سورۇنلىرىدا ئۇ توغرۇلۇق توقىغان قوشاقلىرىنى ئوقۇشقان. چۈنكى ئۇلار باھارنىڭ بىر يىلنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكىنى، يىللىق ئوزۇق-ئوقتىنىڭ باھارنىڭ سەۋەبى بىلەن تۆرد-لىدىغانلىقىنى، باھارنىڭ ئۇلارغا رىزىق بەرگۈچى پەسىل ئىكەنلىكىنى بىلگەن. ئۇيغۇرلاردا ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەردە نورۇز مەرىمىنىڭ ۋە نورۇز قوشاقلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى مانا مۇشۇ كۆز قاراش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، باھار ھەققىدىكى قوشاقلار خېلىلا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلار كىتابنىڭ ئۈچ تومىغا تارقاقلاشتۇرۇپ بېرىلگەن. بىز ئۇلارنىڭ بىر نەچچە كوپلېت نەمۇنىسىنى كۆرۈپ باقايلى:

قار، بۇز قامۇغ ئەرۇشدى،
تاغلار سۇۋى ئاقشدى،
كۆكشن بۇلت ئۆرۈشدى،
قەيغۇق بولۇب ئۆكرىشۇر.
ئۇردى بۇلت ئىگراشۇ،
ئاقتى ئاقىن مۇڭداشۇ،
قالدى بۇدۇن تاڭلاشۇ،
كۆكرەر تاقى مەگرەشۇر.
ئاي قوپۇب ئاۋلانۇب،
ئاق بۇلت ئۇرلانۇب،
بىر-بىر ئۇزە ئۆكلۈنۈب،
ساچلىب سۇۋى ئىگراشۇر.
قۇيدى بۇلت ياغمۇرىن،
كىرىب تۇتار ئاق تورىن،
قىرقا قۇزتى ئۇل قارىن،
ئاقىن ئاقار ئەگرەشۇر.
قاقلار قامۇغ كۆلەردى،
تاغلار باشى ئىلەردى،
ئاجۇن تەنى يىلەردى،
تۇتۇ، چەچەك جەركەشۇر.
تۇمەن چەچەك تىزىلدى،
بۇ كۈندان ئۇل يازىلدى،
ئۆكۈش ياتىب ئۇزەلدى،
يارده قۇبا ئەزرىشۇر.
قۇلان تۇگەل قۇمۇتتى،
ئارقار، سوقاق يۇمۇتتى،



يايلاغ توبە ئەمنتى،
تىزغىق تۇرۇب سەكرىشۇر.

(قار-مۇزلار ئېرىدى، تاغلارنىڭ سۈيى ئېقىشقا باشلىدى، كۆكۈچ بۇلۇت كۆتۈرۈلدى ۋە ھاۋادا قېيىقتەك ئۈزۈشكە باشلىدى. بۇلۇتلار ئويناشقا باشلىدى، شارقىراپ كەلكۈن كەلدى، ھەممە يەلەن ھەيران قالدى، چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما قورقۇنچلۇق گۈلدۈرلىدى. ئاي چىقىپ ئەتراپى قىزىللاشتى، ئاق بۇلۇتلار كۆتۈرۈلۈپ بىر-بىرىگە مىنگەشتى-دە، سۇ تامچىلىرى شارقىراپ قۇيۇلۇشقا باشلىدى. بۇلۇت يامغۇر قۇيۇۋەتتى، ئۇ ئاق تورنى كەڭ يايدى، تاغ-قىرلار ئۈستىگە ئاپئاق قار تاشلىدى، ھەممە يەرنى قاپلاپ سەل كەلدى. ئويمان يەرلەر سۇغا تولۇپ قالدى، تاغلارنىڭ چوققىلىرى كۆزدىن غايىب بولدى، ھەممە يايراپ ئىسسىق نەپەس ئېلىشقا باشلىدى، ئۆسۈملۈكلەر، دەل-دەرەخلەر ياسىنىپ ئۇرلاندى. تۈمەن گۈللەر قاتارلىشىپ ئۈنۈپ چىقتى، شاخلاپ يېيىلدى، ئۇزاق ۋاقت تۇپراق ئاستىدا يېتىپ سىقىلغان گۈللەر باش كۆتۈرۈپ يايرىدى. باھار توشقانلارنى، كېيىكلەرنى قوزغىدى، ئارقار، جەرەنلەرنى ھەرىكەتكە سالدى، ئۇلار يايلاقلارنى قاپلاپ كەتتى ۋە يايراشتى.)

شارقىراپ كەلكۈن كەلگەندە ھەممە يەلەننىڭ ھەيران قالىشىغا قارىغاندا، بۇ بەكمۇ قەدىمكى زامانلاردىن قالغان قوشاقلار، باھارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ مېڭىسىدە ئەكس ئەتكەن ئوبرازلىق ئىنكاسى. باھارنىڭ كېلىشى بىلەن، توشقانلار، كېيىكلەرنىڭ قوزغىلىپ، ئارقار، جەرەنلەرنىڭ ھەرىكەتلىنىپ يايلاقلارنى قاپلاپ كېتىشمۇ بۇ

پارچىنىڭ ئەنە شۇ زامانلارنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى ئىكەنلىكىنى
كۆرسىتىدۇ. بۇ پارچىدىكى شېئىرىي مۇھىت ناھايىتى كەڭ
دائىرىدىن ئېلىنغان. باھارنىڭ كېلىشى بىلەن، تاغلاردىكى
قار-مۇزلارنىڭ ئېرىپ، دەريالارنىڭ ئېقىپ كېلىشى، بىر-بىرىگە
مىنگىشىپ تۇرغان بۇلۇت تاغلىرى، گۈلدۈرمامىلىق يامغۇرلار،
يامغۇر ياغقاندا، ئەتراپنىڭ ئاق تۇمان ئىچىدە قېلىشى، تاغ
چوققىلىرىنىڭ كۆزدىن غايىب بولۇشى، ۋادا-تۆزلەڭلىكلەرگە
يامغۇر ياغسا، تاغ-قىرلارغا قار چۈشۈشى، شارقىراپ-
گۈلدۈرلەپ كەلگەن كەلكۈن، ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەن
سەل سۇلىرى، يايلاقلاردا كۆكلەپ چىققان تۈرلۈك-تۈمەن
گۈللەر — بۇلارنىڭ ھەممىسى كەڭ مەركىزىي ئاسىيادىكى
بىپايان تاغۇ يايلاقلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە كىلىمات
خۇسۇسىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۇغاي تاغلىرى، ئۆتۈكەن
تېغى، ئالتاي تاغلىرى، تەڭرى تاغلىرى، كۆك ئارت تېغى،
كوئېنلۇن تاغلىرى ۋە ئالتۇن تاغىنىڭ جىلغا-جىرا، ئوتلاقلىرىدا،
بۇ تاغلاردىن ئېقىپ چۈشكەن چوڭ-كىچىك دەريالارنى بويلاپ
يېيىلغان كەڭ ۋادىلاردا، ئوپۇقلاردىن ئوپۇققا سوزۇلغان
بىپايان يايلاقلار ۋە تۈزلەڭلىكلەردە تۆرەلگەن، ئۇلغايغان
ۋە بۇ جۇغراپىيىلىك دائىرىگە تارقىلىپ ياشىغان خەلق ئۆزلىرى
قەد كۆتەرگەن ۋە پۈت دەسسەپ تۇرغان بۇ كەڭ زېمىنگە
ھەر يىلى بىر نۆۋەت كېلىدىغان باھار پەسلىنىڭ ئۆزىگە
خاس بولغان كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكلىرىنى يۇقىرىقى پارچىدىكى
كىچىككىنە شېئىرىي مۇھىت ئىچىگە سىغدۇرالىغان. بۇ پارچە
شېئىرىي سۇرەتلەش ۋاسىتىسىنىڭ ياردىمى بىلەن دۇنياغا
كەلگەن. بۇ پارچىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغا قەدەر تەرتىپلىك
ۋە ئۆز رىتىمى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تەسۋىر، يارىتىلغان



شېئىرىي سۇرەتنىڭ بابلىق بىلەن ئېنىقلىق، بۇ سۇرەتنىڭ
تەسۋىر دېتاللىرىنىڭ تەبىئەت رېئاللىقى بىلەن بولغان
ئويغۇنلۇق دەرىجىسى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ پارچە
يەنە بىزگە، شېئىرنىڭ ئىستېتىك ئۆلچەملىرىنىڭ بىرى بولغان
شېئىرىي سۇرەتلەش ۋاسىتىسىنىڭمۇ شېئىر پەيدا بولۇشى
بىلەن تەڭلا پەيدا بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ شېئىرنىڭ تۇغما
خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ
پارچە بىزنىڭ ھازىرقى ئۆلچەملىرىمىزدىكى تەبىئەت لىرىكىسى
تۈرىگە كىرىدۇ. ئۇنى مىللىي شېئىرىيىتىمىزدىكى تەبىئەت
لىرىكىلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادى دېيىش مۇمكىن. باھار
توغرىسىدىكى بۇ پارچە بىزنى يەنە شېئىرىي تىل توغرىلىقمۇ
ئويلىنىشقا سالىدۇ. بۇ پارچىدىكى تىل — خەلقىمىزنىڭ ئەڭ
قەدىمكى ئورىگىنال ھالىتىدىكى تىلى، دىنىي ئېتىقاد، دىنىي
مائارىپ ۋە سىياسىي مۇناسىۋەتلەر سەۋەبى بىلەن باشقا
مىللەتلەر ۋە خەلقلەر تىللىرىنىڭ زور تۈركۈمدە يامراپ
كىرىپ، لېكسىكا سوستاۋىمىزدىكى ئوخشاش مەنىدىكى ئۆزىگە
تەۋداش سۆزلەرنى سىقىپ چىقىرىپ، ئىستېمالدىن قالدۇرۇپ،
ئۆزلىرى ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىمىگەن زامانلاردىكى ئانا
تىل، جۈملىدىن بۇ تىلنىڭ ئىستېمالدىكى جانلىق شەكلى.
بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئۆز تىلىدا سۆزلەشكۈچى بارلىق
ئادەملەر ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان جانلىق تىلى ئاساسىدا
شېئىرىي تىل يارىتىشنى بىلگەن ھەمدە بۇ ئارقىلىق شېئىرنىڭ
كەڭ خەلق كۆپچىلىكى بىلەن بولغان ئىستېمال ئالاقىسىنى
ساقلاپ قالالىغان. بىزنىڭ ئېپتىدائىي سەنئىتىمىزنى ياراتقان،
بۇ سەنئەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تۈرى بولغان شېئىرنى بىنا
قىلغان بۇ ئەجدادلىرىمىز شېئىرىي تىلنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى

ۋە قانداق بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى ئۆلچەمنىمۇ بىزگە مىراس قىلىپ قالدۇرغان ھەم بۇ تىلنىڭ شانلىق ئۈلگىسىنى بەرگەن. شېئىرىي تىل يېقىدىن بىز ۋارىسلىق قىلىدىغان ھەقىقىي مىللىي ئەنئەنە مانا شۇ. بۇ ئويلىنىش بىزگە، شېئىرىي تىلنى خەلق كۆپچىلىكى چۈشەنمەيدىغان يات تىللارنىڭ لېكسىكىسىدىن سۆز ئارىيەت ئېلىش ھېسابىغا بېزەشنىڭ ۋە شۇنداق قىلىشنى شېئىرىي تىل دەپ چۈشىنىشنىڭ ياكى تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ ئۆز مەنىسىنى ئۆزىمىز خالىغان ئەمما ئۆزىمىزدىن باشقا ئىككىنچى ئادەم ئۇقالمايدىغان سىمۋوللۇق مەنىلەرگە يۆتكەپ، ئۇنى شىفىرلاشتۇرۇش، تېپىشماقلاشتۇرۇش ھەتتا رەقەملەشتۈرۈشىمىزنىڭ، يەنى مودېرنىزمچىلار تەرغىپ قىلغان شېئىرىي تىلنى ئىماگلاشتۇرۇش ئەخمەقچىلىقىنى دورىشىمىزنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بىمەنىلىك ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك بولىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ. بىز بۇ ئىككى خىل ئېغىش بىلەن، شېئىرنىڭ خەلقىمىز بىلەن بولغان ئىستېمال ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويساق، شېئىرنى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى ئەھمىيىتى بىلەن ئىجادىيەتتىكى مۇددىئاسىدىن مەھرۇم قالدۇرغان بولىمىز، يەنى شېئىرنى شېئىر تەرىقىسىدە سەنئەت زېمىنىدىن يوق قىلىمىز. ئۇ ھالدا بىز، بىزگە شېئىرنى يارىتىپ بەرگەن، ئۇنى ئۆز مىللىي ئۆلچەملىرى بىلەن مىراس قالدۇرغان شانلىق ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئالدىدا، ئۇلارنىڭ يوقالماس، ئۆلمەس روھى ئالدىدا يۈز كېلەلەيمىزمۇ؟ ۋاپاسىز مىراسخورلاردىن بولۇپ قالمايمىزمۇ؟ مېنىڭچە، بۇ بۈگۈنكى كۈندە، ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا تەتقىقاتتا قايتىدىن قاراپ چىقمىسا بولمايدىغان مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرى بولۇپ قالدى. لېكىن، خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ ئۆز تاللىۋېلىشى بار،



ئۇلار نېمىنى قوبۇل قىلىش، نېمىنى قوبۇل قىلماسلىقنى، جۈملىدىن نېمىلەرگە ۋارىسلىق قىلىشنى ياخشى بىلىدۇ. بىز يۇقىرىقى پارچىدا ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن باشقا شېئىرىي پارچىلاردا ئايان بولغان جانلىق تىلنىڭ، شېئىرىي شەكىللەرنىڭ، تۇراق، ۋەزىن ۋە قاپىيە تەرتىپلىرى ئادىتىنىڭ، تىلدىكى راۋانلىق ۋە ئاھاڭدارلىقنىڭ فولكلوردا — خەلق قوشاقلىرى، خەلق ناخشىلىرى، خەلق داستانلىرى، بېيىتلار ۋە ئېيتىشىش شەكىللىرىدە ھازىرغا قەدەر ئۆلمەي ياشاپ كەلگەنلىكىنى بىلىمىز. خەلق ئۆز ئاتا-بوۋىلىرى ياراتقان ئەڭ قەدىمكى مىللىي سەنئەت نەمۇنىلىرىنىڭ ھەقىقىي مىراسخورى بولغان. شېئىرىي تىلنى جانلىق تىل ئاساسىدا يارىتىش ئەنئەنىسى ئۇلاردا باشقا مىللەتلەر ئارقىلىق كىرىپ كەلگەن دىنلار ۋە ئالماشقان دىنلارنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتىدىمۇ ئۆزگەرمىگەن. دىنىي زىيالىيلار ھېسابىغا يېتىشىپ چىققان شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ يازما شېئىرىيىتىنى يارىتىپ كەلگەن ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدىمۇ خەلق ئۆز سەنئىتىنى ئۆزلىرى چۈشىنىدىغان ۋە ئۆزلىرى ئىشلىتىۋاتقان تىل بىلەن يارىتىپ كېلىۋەرگەن، ئەجدادلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى شېئىرىي شەكىللىرىنىمۇ تاشلاپ قويمىغان، بەلكى بۇ شەكىللەردە داۋاملىق ئىجاد قىلىپ كەلگەن. قەدىمكى شېئىرلار بىلەن بولغان بۇ خىل ئەنئەنىلىك باغلىنىشنى بىز لوپنۇر قوشاقلىرى بىلەن لوپنۇردىن تېپىلغان داستان پارچىلىرىدا تېخىمۇ روشەن كۆرەلەيمىز، بىزنىڭ خەلق قوشاقلىرىمىز بىلەن خەلق ناخشىلىرىمىزنىڭ تېكىستلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ دىۋاندا كەلتۈرۈلگەن پارچىلاردەك يەتتە بوغۇملۇق، ئۈچ

تۇراقلىق ۋە تۆت مىسرالىق شەكىلدە بولۇشى بىزنىڭ يۇقىرىقى قاراشلىرىمىزنى دەلىللەپ بېرىدۇ، بىر مۇنچە بېيىتلىرىمىزدە دىۋاندىكى پارچىلاردەك قاپىيە تەرتىپلىرىمۇ بار.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، بۆرە ئوۋلاش توغرىسىدا بىر شېئىر بار. ئۇ مۇنداق:

كېچە تۇرۇب يورىر ئەردىم،
قارا-قىزىل بۆرى كۆردۈم،
قاتىغ يانى قۇرا كۆردۈم،
قىيا كۆرۈب باقۇ ئاغدى.
قارا تۈنۈك كېچۈرسەدىم،
ئاغۇر ئۈنى ئۈچۈرسەدىم،
يەتىكانىڭ قاچۇرسەدىم،
ساقىش ئىچرە كۆنۈم تۇغدى.
ئىقلاجىم ئەرك بولدى،
ئەرك بولغۇ يارى كۆردى،
بۇلىت ئۇرۇب كۆك ئۆرتۈلدى،
تۇمان تۇرۇب تولى ياغدى.
ئۇزۇ بارىب ئۆكۈش ئەۋدىم،
تەلىم يورىب كۈچى گەۋدىم،
ئاتىم بىرلە تەگۈ ئەۋدىم،
مەنى كۆرىب ئىبسى ئاغدى.
ئىتىم تۇتۇب قۇزى چالدى،
ئانىڭ تۈسىن قىرە يولدى،
باشىن ئالىب قوزى سالدى،
بۇغاز ئالىب تۈگەل بوغدى.



(كېچىسى تۇرۇپ ئايلىنىپ يۈرگەنىدىم، قارا-قىزىل رەڭلىك بىر بۆرىنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇقيانى قۇرۇپ تەييارلاپ قويدۇم، ئۇ شەپەمنى سېزىپ، بىر تاشنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ مۆكۈۋالدى. قاراڭغۇ تۈننىڭ تېز ئۆتۈپ كېتىشىنى خالايتتىم، ئۇيقۇمنىمۇ تارقىتىۋەتتىم، يەتتە قاراقچى يۇلتۇزىنى سانا-سانا تاڭنى ئاتقۇزدۇم. شوخ، ئويناق ئىتىم چاپچىشقا باشلىدى، ئۇ شۇنداق قىلىشنى لايىق كۆردى، كۆكنى بۇلۇت قاپلاپ، تۇمان كۆتۈرۈلۈپ يېغىن باشلاندى. مەن ئالدىراپ بۆرىنىڭ ئىزىغا چۈشتۈم، قوغلاپ يۈرۈپ ئۇنى ھارغۇزدۇم، ئىتىم بىلەن ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈردۈم، ئۇ مېنى كۆرۈپ گاڭگىراپ قالدى، ناھايىتى قورقتى. ئىتىم ئۇنى تۇتۇۋېلىپ يىقتتى، بوغۇزىدىنلا ئېلىپ ھوشىدىن كەتكۈزدى، بېشىنى ئۇزۇۋېلا تاشلىدى ۋە تۈكلىرىنى يۇلۇشقا باشلىدى.)

بۇ شېئىردا تەسۋىرلەنگىنى ئىپتىدائىي جامائەنىڭ كوللېكتىپ ئوۋى ئەمەس، يەككە ئوۋچىنىڭ ئوۋى. ئۇنىڭ شاش، ئويناقلاپ تۇرىدىغان ياخشى ئىتى، قاۋۇل ئېتى بار. ئوۋ قورالى تاش ئەمەس، بەلكى ئوقيا. بۇ ئەجدادلىرىمىز ئۆز تەرەققىياتىدا سىۋىلىزاتسىيەگە كىرگەن، ئوۋچىلىقنى ئاساس قىلغان ئائىلە ئىگىلىكى ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىكىدە ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى بولغان زاماننىڭ سەنئەت خاتىرىسى. بۇ شېئىر بىزنىڭ ھازىرقى ئۆلچەملىرىمىز بويىچە، ئېپىك شېئىرلار تۈرىگە كىرىدۇ. شېئىرىي قەھرىمانىدا، خەلقىمىزنىڭ مىللىي خاراكتېرىنىڭ باتۇرلۇق، قارامىلىق، غەيرەتلىك ۋە تەۋەككۈلچىلىكتەك ئالاھىدىلىكلىرى ئوبرازلاشتۇرۇلغان. بۆرىنىڭ كەلگەنلىكىنى بايقاپ قالغان ئوۋچى ئۇنىڭ پېيىگە چۈشىدۇ، ئوۋ پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويماي دەپ، كېچىنى ئۇخلىماي

ئۆتكۈزىدۇ، تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ ئاتلىنىپ، ئۇۋ ئىتىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىزىنى ئىزلەيدۇ ۋە ئۇنى تېپىۋېلىپ، ئاتلىق قوغلاپ هارغۇزىدۇ، هېچقاياقتىن يول بەرمەي گاڭگىرىتىپ قويىدۇ، ئاخىرىدا ئىتىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ.
ئۇ، يىرتقۇچ بۆرى بىلەن ئېلىشقان چاغدا ئۆزىگە كېلىشى مۇمكىن بولغان خەۋپ - خەتەر ئۈستىدە ئويلاپمۇ قويمايدۇ. شېئىردىكى ئوۋچى قارلىق تاغلار ۋە قېلىن ئورمانلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ياشاش مۇهىتى قىلىپ تالليۋالغان ئاتلىق مىللەت ئەركەكلىرىنىڭ هەقىقىي ئوبرازى بولالايدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ بىخلىنىش ئالامەتلىرى پەيدا بولغان قەبىلە-ئۇرۇقلار دەۋرىدىن قالغان بىر شېئىرمۇ بار. ئۇ قەبىلە ياكى ئۇرۇقلار ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر جەڭنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ شېئىرمۇ خاراكتېر ئېتىبارى بىلەن ئېپىك شېئىرلار تۈرىگە كىرىدۇ ۋە ئۇ قەدىمكى شېئىرىيىتىمىزنىڭ مۇهىم تۈرلىرىدىن بولغان جەڭ قىسسىلىرىنىڭ شېئىرىي بايان ۋە شېئىرىي نوتۇق قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە روشەن ئىپادىلەيدۇ:

ئاغە بۆكتىر ئۇزە يۈردىم،
بەرىق ياقىپ قىيا كۆردىم،
ئانى بىلىپ تەقى باردىم،
تۈگەل يېغى تۈرى تۇغدىم.
قۇزى قىقرىپ ئوغىش تېردىم،
يېغى قارۇ كېرىش قۇردىم،
توقۇش ئىچرە ئۇرۇش بېردىم،
ئەرەن كۆرۈپ باشى تىنغدى.



ئۆزىن ئۆكۈنىپ ئۇرىلادى،
يىراق يەرنىڭ قارىلادى،
ئاتىغ كېمشىپ ئۇرىلادى،
ئۇۋۇت بولۇب تۆبۈ ئاغدى.
ئەرەن ئىزىب سۆكە تۇردى،
باشى، بويىنى سۆكە تۇردى،
ئۇۋۇت بولۇب بۆكە تۇردى،
ئۇزۇ قامە تابان يىغدى.
ئەبەڭ قولسام ئۇزۇ بارىب،
تۇتار ئەردىم سوۋسىن تارىب،
بۇلۇن قىلىب باشى يارىب،
يۇلۇغ بارچە مەنگە يىغدى.
ئەۋىن بەرقىن ساتىغسادى،
يۇلۇغ بىرىب ئىرىغسادى،
تىرىك ئەرسە تۇرۇغسادى،
ئەگەر ساقىنچ كۆنى تۇغدى.
ئىزۇ بىرىب بوشۇتتۇم،
تاۋار يۇلۇغ تاشۇتتۇم،
يۇكىن بارچە ئۆزى ژىغدى.

(تاغنىڭ ئۈستىدە يۈرەتتىم، يىراقتىن بىر شەپە كۆردۈم، بەنە ئۇ تەرەپكە يېقىن باردىم، ئۇنىڭ ياۋ كۆتۈرگەن چاڭ-توزان ئىكەنلىكى ئېنىق بولدى. تاغدىن تۆۋەنگە قاراپ ۋارقىراپ ئۇرۇق-قەبىلەمنى يىغدىم. دۈشمەنگە قارشى ئوقيالىرىمغا ئوق سېلىپ تەييارلاپ قويدۇم، جەڭ مەيدانىدا ئۇرۇشنى ئۆزۈم ئاچتىم، مېنى كۆرۈپ، ياۋنىڭ بېشى تۆۋەنگە

چۈشتى. باشتا ياۋ كىرىلىپ ۋارقىراپ لاپ ئۇرغانىدى، ئىتنى قويۇپ بېرىپ، يەرلەرنىمۇ ئۆلچەپ يۈرگەن، بىراق، كېيىن ئۇياتقا قېلىپ، تۆپە تەرەپكە قاراپ قاچتى. ئۇ ماڭا باتۇرلىرىنى ئەۋەتتى، ئۇلار ئالدىمدا تېز چۆكتى، باشلىرىنىمۇ كۆتۈرەلمىدى، خىجالەت بولۇپ، بويۇنلىرىنى ئېگىپ تۇرۇشتى، ھوجۇمنى توختاتسىڭىز دەپ يالۋۇردى. خالىسام، ھۇجۇمنى داۋام ئەتتۈرۈپ، ئەسكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئەسىر قىلىپ، بېشىنى يارغان بولاتتىم، لېكىن، جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ماڭا كۆپلەپ سوۋغات تەقدىم قىلدى. ياۋ تىرىك قېلىشنى ئىستەيتتى، شۇڭا، ئۆي ۋە مال-مۈلۈكلىرىنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ، ماڭا تاپشۇرۇشنى خالايتتى، ئۇنىڭغا قايغۇ كۈنى كەلگەنىدى. مەن ئازادلىق بېرىپ ئۇنى بوشاتتىم، ماڭا تەقدىم قىلغان يۈكلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە توشۇغىلى سالدىم.)

«ئىتنى قويۇپ بېرىپ، يەرلەرنىمۇ ئۆلچەپ يۈرگەن» دېگىنىگە قارىغاندا، ياۋ قەبىلىسى بۇ قەبىلىنىڭ ئوتلاقلىرىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن كەلگەن، ئەمما ئۆزى تارمار بولۇپ، غالىب قەبىلىگە مال-مۈلۈك تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. بۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنىدا، قەدىمكى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇرۇش شەكلى ۋە ھەربىي ھەرىكەتلىرىنىڭ ئېنىق خاتىرىسى بار. شېئىردا ئىپادىلەنگەن ھوشيارلىق، ئۇرۇشتا باتۇر بولۇش، ياۋ قارشىسىدا قورقماسلىق، ھۇجۇم ئارقىلىق مۇداپىئەلىنىش، ياۋنىڭ سۈلھى تەلەپ قىلىشى ۋە تۆلەم تۆلىشى قاتارلىق دېتاللار بۇ خەلقنىڭ ئۆز زامانىسىدا، ئۇرۇش ۋە باسقىنلار ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرىدىغان قىنتەدە، ھەربىي ھەرد-



كەتلەردە ناھايىتى باتۇر، تەجرىبىلىك ۋە چىۋەر بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئۆتمۈشىگە نەزەر سالساق، مەرسىيە شېئىرلىرىنىڭ ئۇنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. بىزنىڭ فولكلورىمىزدا ۋە خەلقىمىزنىڭ ئادىتىدە ھازىرغا قەدەر داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ھازا قوشاقلىرى، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن يارىتىلغان داستانلار، قىسسەلەر، ماتەم ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرى ئەمەلىيەتتە مەرسىيە شېئىرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خەلقنىڭ ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە يېقىنلىرى دۇنيادىن ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ۋە خىسلەتلىرىنى تەرىپلەپ، ئۇلارنىڭ ئىچ كۆيۈكىنى تارتىپ قوشاق توقۇپ ھازا قىلىش ئادىتى بەكمۇ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن. خەلقىمىز ئۆز تارىخىدا ئېتىقاد قىلغان ۋە ئېتىقاد قىلىۋاتقان دۇنياۋى دىنلارنىڭ تەلىماتى ۋە تەسىرىدىن مۇتلەق خالىي ھالدا، بۇ خىل ماتەم ئادىتى خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا مىللىي قائىدە-يوسۇن تەرىقىسىدە ساقلىنىپ قالغان. ئىسلام دىنىي ئېتىقادىدا، ئادەم قازا قىلغاندا ئۇن سېلىپ يىغلاش، داد-پەرياد كۆتۈرۈپ ھازا قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ. مۇنداق ھازىنى قازاغا رىزا بولماسلىق دەپ قاراپ، گۇناھ ھېسابلايدۇ ۋە ئۆلگۈچىنىڭ روھى ئازاب چېكىدۇ دەپ چۈشەندۈرىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بىزدە ھازىرمۇ ئۆلۈم بولغاندا، ھازا يۇقىرىقىدەك يۇسۇنلاردا بولىدۇ. خەلق، يېقىنلىرى ئۆلگەندە ئۇن سېلىپ يىغلاپ ھازا قىلمىغان كىشىلەرگە ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن قارايدۇ. بۇ خىل مىللىي ئادەت بىزدە مەرسىيە شېئىرلىرى ۋە مەرسىيە

قوشاقلىرىنى ئۆزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ھاياتىي زېمىن بىلەن تەمىن ئەتكەن.

مەرسىيە شېئىرلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ مۇكەممەل ئۆلگىسىنىمۇ بىز «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن ئەدەبىي پارچىلار ئىچىدە ئۇچرىتالايمىز. بۇ ئىران شائىرى فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانىدا ئەفراسىياب دېگەن نام بىلەن تىلغا ئېلىنغان، ئەينى زاماندىكى تۈركىي قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ باتۇر ھەربىي يېتەكچىسى بولغان، دۇنياغا داڭقى كەتكەن مەشھۇر سەركەردە، جۈملىدىن ئۇيغۇر — تۈرك قوۋمىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خاقانلىرىدىن بولغان ئالىپ ئەرتۇڭا توغرىسىدىكى مەرسىيە شېئىرىدۇر. شېئىردا مۇنداق دېيىلىدۇ:

ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ،
ئەسىز ئاجۇن قالدىمۇ،
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.
يېغى ئوتىن ئۆچۈرگەن،
تويدىن ئەنى كۆچۈرگەن،
ئىشلار تۈزۈپ كېچىرگەن،
تەگدى ئوقى ئۆلدۈرۈر.
تۇرغان ئولۇغ ئىشلاقا،
تېرچى ئورۇپ ئاشلاقا،
تۇملۇغ قەدىر قىشلاقا،
قوزتى ئەرىك ئۇمدۇرۇر.
بېكلەر ئاتىن ئارغۇرۇپ،
قازغۇ ئەنى تۇرغۇرۇپ،



مەگزى، يۈزى سارغارىب،
قۇرقۇم ئەگەر تۇرتۇلۇر.
ئولىشىب ئەران بۆرلەيۈ،
يىرتىن ياقا ئۇرلەيۈ،
سىقرىب ئۈنى يۆرلەيۈ،
سىغتاب كۆزى ئۆرتۈلۈر.
ئۆزلەك ياراغ كۈزەتتى،
ئوغرى توزاق ئازىتتى،
بېكلەر بېكىن ئازىتتى،
قاچسا قەلى قۇرتۇلۇر.
ئۆزلەك كۈنى تەۋرەتۇر،
ئەردىن ئاجۇن ساۋرىتۇر،
يەلگۈق كۈچىن كەۋرەتۇر،
قاچسا تەقى ئارتىلۇر.
ئوغرە يۇگى مۇنداغ ئوق،
مۇندا ئەزىن تىغداغ ئوق،
ئاتسا ئاجۇن ئوغراب ئوق،
تاغلار باشى كېرتىلۇر.
ئەردى ئانىن تاتۇرغان،
ئوغراق سوسىن قايتارغان،
ياۋلاق يېغى قاچۇرغان،
باستى ئۆلۈم ئاختارۇر.

(ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ، دۇنيا ئۇنىڭسىز قالدىمۇ، زامانە ئۆچىنى ئالدىمۇ، ئەمدى يۈرەك قان بولدى. (ئۇ) دۈشمەن ئوتلىرىنى ئۆچۈرگەن، ئۇلارنىڭ سەپلىرىنى ئىزىدىن چىقارغان،

كۆپ ئۇرۇشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، تەككەنلا ئوقى ئۆلتۈرىدىغان يېتەكچى ئىدى. (ئۇ) چوڭ ئىشلارنىڭ ئۈستىدە تۇرغان، ئالىملارغا داستىخان سالغان، قەھرىتان سوغۇق قىشلاردىمۇ ئادەملەرنى ئۇمىدلەندۈرگەنىدى. بەگلەر ئات چاپتۇرۇپ كەلدى، قايغۇ ئۇلارنى ئاياغقا تۇرغۇزغان، ئۇلارنىڭ ئۆڭى ئۆچكەن، رەڭگىرويى سارغايغانىدى. ئادەملەر بۆرىدەك ھۇۋلاشتى، ياقا يىرتىپ ھۆكىرەپ يىغلاشتى، ئۈن سېلىپ نالە قىلىشتى، تولا يىغلاپ كۆزلىرى خىرەلەشتى. زامانە پۇرسەت كۈتۈپ كەلگەنىدى، ئۇنىڭغا يوشۇرۇن تۇزاق قويدى، بۇ بەگلەر بېگىنى ئازدۇردى، ئەگەر ئۇ قاچقان بولسا، قۇتۇلۇپمۇ قالارمىدى؟ زاماننىڭ كۆڭلى دەۋرى قىلىپ ئۆتىدۇ، ئۇ دۇنيانى (ئالىپ ئەرتۇڭادەك) ئەركەك ئىنسانلاردىن بوشىتىپ تۇرىدۇ، ئادەملەرنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن قېچىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. زاماننىڭ ئادىتى شۇنداق، مۇندىن باشقا تەرتىپى يوق، دۇنيا ئەگەر نىشانغا ئېلىپ ئوق ئاتسا، ئۇنىڭ ئاتقان ئوقى تاغ چوققىلىرىنىمۇ ئۇچۇرتىۋېتىدۇ. (ئالىپ ئەرتۇڭا) ئوچۇق داستىخان ئەركەك ئىدى، ئۇ ئوغرىلارنىڭ لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرگەن، يامان ياۋلارنى قاچۇرغانىدى. (ئەمما) ئۆلۈم ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ئۇنى ئاخىرى تېپىۋالدى.)

خەلق بولىدىكەن، ئۇنىڭ تارىخىدا ئۇنى خەلق ۋە مىللەت قىلىپ ئۇيۇشتۇرغان مەشھۇر داھىلىرى ۋە يېتەكچىلىرى بولىدۇ، خاقانلىرى، قوماندانلىرى، سەركەردىلىرى، ئاقساقاللىرى ۋە بەگلىرى بولىدۇ. ئۇلار ئۆز خەلقىنى تەشكىللەپ، ئۇمىدلەندۈرۈپ، يات قەۋملەرنىڭ ھەربىي باسقۇنلىرى ۋە تالان-تاراجىدىن ساقلاپ، ئوغۇللىرىنى قۇل، قىزلىرىنى دېدەك قىلىپ بەرمەي، ئۇلارنى تارىخنىڭ ئەگرى-توقاي يوللىرى



ۋە قىيىن-قىستاقلىرىدىن ئامان ئۆتكۈزۈپ، يەر-سۈيى ۋە تاغۇ يايلاقلىرىنى تارتقۇزۇپ قويماي، ئۇلارنىڭ دۇنيادا بىر خەلق ياكى بىر مىللەت تەرىقىسىدە مەۋجۇد بولۇپ ياشاپ قېلىشىغا، يوقىلىپ، يېيىلىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇڭا، خەلقنىڭ قەلبىدە ئۇلارنىڭ ئورنى تىرەن، خەلقنىڭ نەزىرىدە ئۇلارنىڭ ئابرۇيى يۈكسەك بولىدۇ. خەلق ئۇلاردىن پاناھ تىلەيدۇ. يېتەكچىسىز قالغان خەلق سەركىسىز قالغان پادىغا ئوخشاپ قالىدۇ، تىرىپىرەن بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، خەلق ئۆزلىرىنىڭ باشپاناھى ۋە قابىل يېتەكچىسى بولغان ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلگەندە، يۈرىكىدەك ئېغىر قايغۇلۇق مەرسىيە شېئىرىنى توقۇپ چىققان. بۇ مەرسىيە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئارقىلىق بىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن.

بىز بۇ قەدىمكى شېئىردا، شېئىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ۋە سەنئەت ئۆلچەملىرىدىن بولغان شېئىرىي ھېسسىيات، شېئىرىي خىيال ۋە شېئىرىي تەپەككۇرنىڭ روشەن مىسالىنى كۆرەلەيمىز. بۇ پارچىدىكى شېئىرىي ھېسسىيات ناھايىتى قويۇق ۋە قايغۇلۇق. بۇ ھېسسىياتتا ئىپادىلەنگەن قايغۇ — ئۇلۇغ قايغۇ، تارىخىي قايغۇ، خەلقنىڭ قايغۇسى — يۈرەكلەر قان بولىدۇ، ئادەملەر بۆرىدەك ھۇۋلىشىدۇ، ياقا يىرتىپ ھۆكىرەپ يىغلىشىدۇ، ئۈن سېلىپ نالە قىلىشىدۇ، تولا يىغلاپ كۆزلىرى خىرەلىشىدۇ. بەگلەر ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ ئۆلۈمىگە يىراق-يىراقلاردىن ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆڭى ئۆچكەن، رەڭگىرويى سارغايغان. بۇ تەسۋىرلەردە، ئومۇمىي خەلق ماتەمنىڭ كۆلىمى بار. ئۇلارنىڭ ھازا قىلىش، ماتەم بىلدۈرۈش شەكلى — يۈرىكىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈركىي يۇسۇندا، يەنى ياقا يىرتىپ ھۆكىرەپ

يىغلاش، ئۈن سېلىپ نالە قىلىش. بۇ تەسۋىردىكى ئۆلۈمگە ئىراقتىن ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كېلىش ئادىتى بۈگۈنكى كۈندىمۇ بەزى تۈركىي خەلقلەردە ساقلىنىپ قالغان. پارچىدا، شېئىرىي خىيالنىڭ قانات يېيىشى بىلەن، ئالپ ئەرتۇڭانىڭ ھاياتىدا قىلغان ئۇلۇغ ۋە چوڭ ئىشلىرى، ئۇنىڭ چوڭ يۈرەكلىك، مەرگەنلىك، مېھماندوستلۇق ۋە ئالىم، بىلىمدان ئادەملەرنى ھۆرمەت قىلىشتەك شەخسىي خىسلەتلىرى ئۆكۈنۈش ۋە قايغۇلۇق ھېسسىيات ئىچىدە ئەسلەپ ئۆتۈلىدۇ. شېئىرنىڭ كېيىنكى بىرىمدا بارلىققا كەلگەن شېئىرىي تەپەككۇر، بۇ تەپەككۇردە ئوبرازلاشتۇرۇلغان دۇنيا، تەقدىر، ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرى ۋە ئۆلۈم توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلارنىڭ ئەقلىي دەرىجىسى كىشىنى ھەيران قىلىدۇ. بەكمۇ ئۇزاق ئۆتمۈشتە توقۇلغان بۇ مەرسىيە، ئەينى زاماندىكى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ دۇنيانى بىلىش ھەرىكىتىدە ھاسىل قىلغان تەپەككۇر دەرىجىسىدىن ۋە پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرىدىن بىزگە بىۋاستە ئۇچۇر بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ شېئىردىكى ھايات ۋە ئۆلۈم توغرىسىدىكى مۇلاھىزىسى بىزگە «ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم» دېگەن ئۇيغۇر خەلق ماقالىنى ئەسلىتىدۇ، خەلق بۇ خىل مۇلاھىزىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ قايغۇسىغا تەسەللى ئىزلىگەن.

شېئىردا تىلغا ئېلىنغان ئوغراقلار توغرىلىق ئىزاھ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئوغراقلار، مەلۇماتقا كۆرە، تۈركىي قەبىلىلەردىن بىرى بولغان، قاراياغاچ دەپ ئاتالغان يەردە ياشىغان، ئۇلارنىڭ تۇرغان ئورنى ياغما قەبىلىسى بىلەن جەرۇق قەبىلىسىنىڭ ئارىلىقىدا بولغان. ئۇلار ساپ تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلق بولۇپ، تىلى ئاساسەن چىگىل، ياغما،



توخسى قەبىلىلىرىنىڭ تىلى بىلەن بىردەك بولغان. ئوغراقلارنىڭ باتۇرلۇقلىرى ۋە ئۇلار ئېلىپ بارغان جەڭلەر ھەققىدىمۇ خېلىلا كۆپ شېئىرىي پارچىلار ساقلىنىپ قالغان. «ئوغراق ئەرى تىغراق، يېمى ئەنىڭ ئوغلاغ، سۈتى ئۇزە ساغراق، يېرى تاقى ئاغلاق» دېگەن پارچە شۇلاردىن بىرى. ئۇنىڭ يەشمىسى: «ئوغراقنىڭ ئادەملىرى غەيرەتلىك كېلىدۇ، يەيدىغان ئوزۇقى ئوغلاق گۆشى، ئىچىدىغان سۈتى ئۆكسمەيدۇ، ئەمما يەرلىرى سۇسىز، تاقىر كېلىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ. يۇقىرىقى مەرسىيەدە، ئالپ ئەرتۇڭا مۇشۇنداق باتۇر قەبىلىنىڭ لەشكەرلىرىنىمۇ چېكىندۈرگەن دەپ تەرىپلەنگەن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن ئەدەبىي پارچىلار ئىچىدە، ئەجدادىمىز ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق باسقۇچىغا ئۆتكەن زامانلاردىن قالغان ناھايىتى چىرايلىق بىر شېئىر بار. ئۇ شېئىر سۆيگۈ ھەققىدە:

بۇلنار مەنى ئۇلاس كۆز،
قارا مەڭىز، قىزىل يۈز،
ئاندىن تامار تۈگەل تۈز،
بۇلناب يەنە ئۇل قاچار.
يالۋىن ئەنىڭ كۆزى،
يالقىن ئەنىڭ ئۆزى،
تولۇن ئايىن يۈزى،
ياردى مەنىڭ يۈرەك.
ئۈزىك ئوتى تۇتۇنۇب،
ئۆپكە، يۈرەك قاغرۇلۇر.
تۈن، كۈن تۇرۇب يىغلايۇ،

ياشىم مەنىڭ ساۋرىلۇر.
ئۆزىڭ مەنى قۇمىتتى،
ساقىنچ مەڭگە يۇمىتتى،
كۆڭلۈم ئەگەر ئەمىتتى،
يۈزۈ مەنىڭ سارغارۇر.
يۈكنۈب مەڭگە ئىملادى،
كۆزۈم ياشىن يەملادى،
باغرىم باشىن ئەملادى،
ئەلكىن بولۇب ئۇل كۆچەر.
يىغلاپ ئۇزۇ ئارتادىم،
باغرىم باشىن قارچادىم،
قاچمىش قۇتۇغ ئىرتەدىم،
ياغمۇر كۈنى قان ساچار.
ئاۋلاب مەنى قويماگىز،
ئەيىق ئەيىب قايماگىز،
ئاقار كۆزۈم ئۇش تەگىز،
تەگرە يۈرە قۇش ئۇچار.
ئۈزىك مەنى كۈچەيۇر،
تۈن-كۈن تۇرۇب يىغلايۇ،
كۆردى كۆزۈم تاۋراقىن،
يۇرتى قالىب ئاغلايۇ.

(يۈزى قىزىل، قارا خالى بار بۇ شەھلا كۆز مېنى
تۇتقۇن قىلدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن يېقىملىق، ئوماقلىق تېمىپ
تۇرىدۇ، مېنى تۇتقۇن قىلىپ باغلىۋالدىيۇ، ئۆزى قېچىپ كەتتى.
ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوۋچى ئىدى، ئۇنىڭ قوۋمى باشقا ياقلاردىن
كەلگەن، ئۇنىڭ يۈزى تولۇن ئايغا ئوخشايتتى، ئۇ مېنىڭ



يۈرىكىمنى پارە-پارە قىلدى. سۆيگۈ ئوتى تۇتىشىپ جىگەر-
باغرىمنى ئۆرتىدى، كېچە-كۈندۈز يىغلايمەن، كۆز ياشلىرىم
چېچىلىپ تۇرىدۇ. سۆيگۈ مېنى ھاياجانغا سالدى، مېنى قايغۇ
چىرمىۋالدى، كۆڭلۈم ئۇنى ئارزۇ قىلاتتى، يۈزلىرىم سارغايدى.
ئۇ ماڭا ئېگىلىپ تۇرۇپ ئىشارەت قىلدى، بۇنىڭ بىلەن
كۆزۈمدىكى ياشلارنى سۈرتۈپ قويغاندەك بولدى، يۈرىكىمدىكى
يارىلارنى داۋالىدى، لېكىن، ئېلى بىلەن بىللە يەنە كۆچۈپ
ئۇزاقلاشتى. يىغلاپ يۈرۈپ كەينىدىن ئاختۇردۇم، يۈرەك
يارامغا شىپا تاپماق بولدۇم، نەگە قاچسا، شۇ يەردىن
ئىزلىدىم، كۆزۈمدىن ياغقان يامغۇر قانغا ئايلاندى. ئۇنىڭغا،
مېنى ئوۋلاپ ئالدىڭىز، ئەمدى تاشلاپ كەتمەڭ، قىلغان
ۋەدىڭىزدىن يېنىۋالماڭ، كۆرمىدىڭىزمۇ، كۆزلىرىم ئاقار دەرياغا
ئايلاندى، بۇ دەريانىڭ ئەتراپىدا قۇشلار ئۇچۇپ يۈرىدۇ،
دېدىم. مېنىڭ سۆيگۈم كۈچەيدى، كېچە-كۈندۈز توختىماي
يىغلىدىم، چۈنكى، كۆزلىرىم ئۇنىڭ ئېلىنىڭ باشقا تەرەپكە
قاراپ كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.)

مانا بۇ بىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى رومانتىك شېئىرلىرىمىزدىن
بىرى، ھازىرقى ئۇقۇمىمىزدا، مۇھەببەت لىرىكىسى تۈرىگە
كىرىدۇ. ياش يىگىت ئۆز قوۋمى مال بېقىۋاتقان جايلاردىن
ئۆتۈپ كېتىۋاتقان باشقا بىر كۆچمەن قوۋمنىڭ قىزىغا ئاشىق
بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ پېيىگە چۈشىدۇ، ئۆزىنىڭ ساپ، قايناق
مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ، ئەمما، قىزنىڭ ۋىسالىغا ئېرىد-
شەلمەيدۇ. چۈنكى، قىزنىڭ ئۆز قوۋمىدىن ئاجراپ يىگىتنىڭ
يېنىدا قېلىشى ئۇ زامانلارنىڭ قەبىلە مۇناسىۋەتلىرىدە مۇمكىن
ئەمەسلا بىر ئىش ئىدى. قىزنىڭ قوۋمى يەنە باشقا تەرەپكە
كۆچۈپ، يىگىتتىن ئۇزاقلاپ كېتىدۇ. بۇ، ئوتتۇرا ئاسيانىڭ

بىپايان تاغۇ ئوتلاقلىرىدا سانسىز ئەسىرلەر داۋامىدا كۆرمىڭ قېتىملاپ يۈز بەرگەن شېئىرىي پاجىئە. ئەگەر يۇقىرىقى شېئىردىكى لىرىك قەھرىمان — يىگىت كۆچۈپ كېلىپ كۆچۈپ كەتكەن باشقا قوۋمنىڭ ئۇ گۈزەل قىزىنى كۆرمىگەن بولسا، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بەرمىگەن بولسا، ئۇنىڭ قەلبىدە يۇقىرىقىدەك كۆلەمدىكى شېئىرىي زىلزىلە ھەرگىزمۇ قوزغالمىغان، ساپ، ھاياجانلىق، ئەمما ئەمەلگە ئېشىشى مۇتلەق مۇمكىن بولمىغان سۆيگۈ توغرىسىدىكى تراگېدىيىلىك خاراكتېردىكى بۇ ئاجايىپ رومانتىك شېئىرمۇ دۇنياغا كەلمىگەن بولاتتى. بۇ شېئىرنىڭ مىسالى سەنئەتنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش پائالىيەتلىرى دائىرىسىگە كىرىدىغانلىقىنى، سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىنسانلار دۇچ كەلگەن ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ سوبيېكتىپ ئىنكاسى سۈپىتىدە تۇغۇلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان ئەدەبىي پارچىلارنىڭ ئىچىدە، قىش بىلەن يازنىڭ ئېلىشىشىنى تەسۋىرلەيدىغان بىر شېئىر بار. ئۇنىڭ تېكستى مۇنداق:

قىش ياي بىلە توقۇشتى،
قىڭىر كۆزۈنۈغ باقىشتى،
تۇتۇشقالى ياقىشتى،
ئۇتغالىمەت ئۆگرەشۈر.
قىش يايغىرۇ سۇۋۇلانۇر،
ئەر ئەت مەنىن ياۋرۇيۇر.
ئىكلەر يېمە ساۋرۇيۇر،
ئەت يىن تاقى تەگرىشۈر.



ئۆل قار قامۇغ قىشىن ئىنەر،
ئاشلىغ، تارىغ ئەنىن ئۇنەر،
ياۋلاق يېغى مەندە تىنەر،
سەن كېلبان تەبرەشۈر.
سەندە قوپار چازانلار،
قوزغۇ، سىنگەك، يىلانلار،
دۆك مىڭ قۇيۇ تۇمانلار،
قۇزرۇق تىكىب يۈگرەشۈر.
ياي قىش بىلە قەرىشتى،
ئەردەم ياسىن قۇرىشتى،
چەرىك تۇتۇب كۆرۈشتى،
ئوقتاغالى ئۇترۇشۇر.
بالچىق بالىق يۇغرۇلۇر،
جىغاي ياۋۇز يىگرىلۇر،
ئارىڭە كلەرى ئوغرۇلۇر،
ئۆزغۇچ بىلە ئەۋرىشۈر.
سەندە قاچار سۇندىلاچ،
مەندە تىنەر قارغىلاچ،
تاتلىغ ئۆتەر ساندۇۋۇچ،
ئەركەك تىشى ئۇچراشۇر.
يىلقى يەرىم ئوتلانۇر،
ئوتلاب ئەنىن ئەتلەنۇر،
بېكلەر سەمىز ئاتلانۇر،
ساۋۇنۇپ ئۇگۇر ئاسىرشۇر،

(قىش بىلەن ياز توقۇنۇشتى، بىر-بىرىگە يامان كۆز

بىلەن قاراشتى، ئۆز ئارا تۇتۇشۇپ قېلىپ، بىر-بىرىنى يەۋەتمەكچى بولۇشتى. قىش يازغا ۋارقىراشقا باشلىدى: ئادەملەرنىڭ تېنى مەندە قاتىدۇ، يەنە كېسەللىكلەرمۇ كېمىيىدۇ، ئادەملەرنىڭ گۆشلىرى قېتىپ، بەدەنلىرى كۈچلۈك بولىدۇ. قارمۇ ھەمىشە قىشتا ياغىدۇ، ئاشلىقلارنىڭ، تېرىقلارنىڭ ئۈنۈپ چىقىشى شۇنىڭدىن بولىدۇ، يامان ياۋلارمۇ مەندە تىنچىپ قالىدۇ، سەن كېلىۋېدىڭ، ئۇلار يەنە قوزغىلىپ قالدى. سەن كەلسەڭ، چايانلار، چىۋىن، پاشا، يىلانلار كۆپىيىپ كېتىدۇ، ئۇلار ھەممە يەرنى تومانەك قاپلاپ، قۇيرۇقلىرىنى دىڭ كۆتۈرۈپ چېپىپ يۈرۈشىدۇ. ياز قىش بىلەن قارشىلاشتى، ماختىنىشنىڭ ئوقياسىنى بەتلەپ قويدى، ئەسكەر تارتىپ ئوق ياغدۇرماققا راسلاندى. دېدىكى: قىشتا ھەممە يەرنى لاي-پاتقاق قاپلاپ كېتىدۇ، كەمبەغەل، يېلىڭ-يوپۇڭ ئادەملەر سوغۇقتىن ناھايىتى قىينىلىدۇ، ئۇلار توڭلاپ كەتكەن بارماقلىرىنى ئاغزى بىلەن ھورداپ ئىللىتىدۇ. ھەر خىل ئۇچار قاناتلار سېنىڭدىن قاچىدۇ، قارلىغاچلار مەندە ئارام تاپىدۇ، بۇلبۇللار شېرىن سايرىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەركەك-چىشلىرى ئۇچرىشىدۇ. يىلقىلار يەردىن ئۆزلىرى ئوت تېپىپ يەيدۇ، ئوتلاپ يۈرۈپ ئەتلىنىدۇ، بەگلەر سېمىز ئاتلارغا مىنىشىدۇ، سۆيۈنۈشۈپ يىلقىلىرىنى بېقىشىدۇ.)

بۇ پارچىدا دىققەتكە سازاۋەر بولىدىغىنى — ئاشلىق زىرائەتلىرى ۋە تېرىقلارنىڭ ئۈنۈپ چىقىدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپ. بۇ دىۋاندىكى ئەدەبىي پارچىلاردا، ئاشلىق زىرائەتلىرىگە دائىر سۆزلەرنىڭ دەسلەپكى قېتىم ئۇچرىشى. دېمەك، بۇ پارچە ئاتا-بوۋىلىرىمىز نوقۇل چارۋىچىلىقتىن يېرىم چارۋىچىلىق-يېرىم دېھقانچىلىق دەۋرىگە ئۆتكەن زامانلارنىڭ مەھسۇلى. بۇ دەۋرگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ۋە



ئېڭىدا ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئوزۇق-تۈلۈك قىممىتى مۇھىم ئورۇنغا ئۆتكەن. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ ئوبرازى — يەنى سەنئەتلىك ئىنكاسى پەيدا بولغان.

بىزدە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا، ئېرىق-ئۆستەڭ چېپىپ، ئۆي-ماكان قۇرۇپ ئولتۇراقلىشىش ۋە شەھەرلىشىشنىڭ قاچان ۋە قانداق شارائىتلار ئاستىدا باشلانغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان ئىلمىي مەنبەلەر تېخى يوق، ئەمما، بۇ تارىخىي جەرياندىن ئۇچۇر بەرگۈچى ئارخېئولوگىيىلىك ئىزلار بار. تەكلىماكاندا قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن قەدىمكى شەھەر-قىشلاقلارنىڭ خارابىلىرى، ئېرىق-ئۆستەڭ ئىزلىرى، لوپنۇر رايونىدىن چىققان ئالتە-يەتتە مىڭ يىل بۇرۇنقى زامانلارغا تەۋە قەدىمكى جەسەتلەر ۋە ئۇلار بىلەن بىللە كۆمۈلگەن تۇرمۇش بۇيۇملىرى، يۇڭ توقۇلمىلار ھەمدە بۇغداي قاتارلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ دانلىرى، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق قەدىمكى شەھەرلىرىمىزنىڭ شەكىللىنىش تارىخىدىن گۇۋاھلىق بەرگۈچى قېزىلمىلار ۋە باشقىلار بىزنى بۇ جەھەتتە روشەن قىياسقا ئىگە قىلىدۇ. بۇنىڭدىن بىز بۇ شېئىرنىڭ تۇغۇلغان دەۋرىنى ۋە ئۇنىڭ مەھمۇد قەشقىرى خاتىرىلەپ ئالغانغا قەدەر قانچە مىڭلاپ يىللاردىن ئۆتۈپ ساقلىنىپ قالغانلىقىنىمۇ تەخمىن قىلالايمىز. قارىغاندا، سەنئەت تارىخى، ئەدەبىياتشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە بىز كۆزىمىزنى ھە دېگەندە ئىككى-ئۈچ مىڭ يىل، ئۈچ-تۆت مىڭ يىل دائىرىسىگە تىكىۋالساق، خاتا قىلىدىغان ئوخشايمىز.

بۇ شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسى مۇنازىرە شەكلى بىلەن تۇرغۇزۇلغان. قىش ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى سۆزلەپ، يازنىڭ

ناباپ تەرەپلىرىنى ئاچىدۇ، يازمۇ ئۆز ئەۋزەللىكلىرىنى تەكىتلەپ، قىشنىڭ ناباپ تەرەپلىرىنى سۆكىدۇ. بۇ مۇنازىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان ساددا دېئالېكتىكا دۇنيادىكى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئەۋزەللىك ۋە ناباپلىق، پايدىلىق ۋە پايدىسىز، ئارتۇقلۇق-كەملىك، ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپلىمە ئامىللار ۋە تەركىبلەردىن بىر گەۋدە ۋە بىر بىرلىك ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى ئەينى زامانلاردىلا چۈشەنگەن ۋە بىلىپ يەتكەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ مول ئەقىل-پاراسىتى ۋە ئۇلارنىڭ كۆزىتىش كۈچىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ بىزنى ئىپتىخارلاندۇرىدۇ. بۇ شېئىرنى توقىغان بوۋىلىرىمىز، قارىغاندا، نوقۇل ياز بىلەن قىشنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرىنىلا نەزەردە تۇتقان ئەمەس، ئۇلارنى بىكاردىن-بىكارغىلا مۇنازىرىگە سېلىپ قويمىغان. ئۇلار ياز بىلەن قىشنىڭ مىسالىدا، بىشارەت بېرىش ئۇسۇلى بىلەن، ۋاسىتىلىك ھالدا ئادەملەر توغرۇلۇق توختالغان. ئۇلار، ئادەم مۇكەممەل بولمايدۇ، ئۇلارنىڭمۇ مىجەز-خاراكتېرى، ئەخلاقىي سۈپەتلىرى، ئەقىل-ئىقتىدارى بويىچە، خۇددى ياز بىلەن قىشقا ئوخشاش ئارتۇق ۋە كەم تەرەپلىرى، ياخشى ۋە ناچار تامانلىرى بولىدۇ، ئادەم مانا شۇنداق ئىككى تەرەپلىمە خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىدە بىرلىكتۈرگەن بولىدۇ دېگەننى ئۇقتۇرۇپ، ئادەملەرنىڭ بىر-بىرىگە بولغان قاراشلىرىنى توغرىلىماقچى ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى ئەقلىي يۇسۇندا تەڭشىمەكچى بولغان. شۇ مۇددىئادىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ شېئىر سىمۋوللۇق يۇسۇندا، يوشۇرۇن ھالدا دىداكتىك ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە قىلىنغان.

شېئىردىكى مۇنازىرىلىك قۇرۇلما ئىختىيارسىز ھالدا بىزگە،



كېيىنكى ۋاقىتلاردا كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا دۇنياغا كەلگەن «قۇتادغۇبىلىك»، «ئوق بىلەن يانىڭ مۇنازىرىسى»، «سازلار مۇنازىرىسى»، «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» قاتارلىق داستانلارنى ۋە شائىر تۇردۇش ئاخۇن غېرىبىنىڭ كاسىپلار مۇنازىرىسىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ۋە شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ — ئۆز زامانىسىدىكى تارىخ، ماتېماتىكا، تەبىئەت، ئاسترونومىيە، ئەدەبىيات قاتارلىق بىر قاتار پەنلەر بويىچە ئۆزىدە مول بىلىم ھازىرلىغان بۇ ئالىم دۆلەتنى كۈچەيتىش تەدبىرلىرى، دۆلەتنىڭ ئابرۇيىغا نوقسان يەتكۈزىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش يوللىرى، ئىقتىساد ۋە خەلق ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ئامىللىرى، شۇنىڭدەك، ھايات ۋە ئىلىم-پەنگە دائىر كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى مەزمۇن قىلغان، سىياسىي، ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەر كۆلىمىنى ئالغان، 73 بابتىن تۈزۈلگەن، تىلشۇناسلىق، ئەدەبىيات ۋە جەمئىيەت تارىخى تەتقىقاتىدا بىز ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك مەنبە بولغان بۇ داستانىنىمۇ يۇقىرىقىدەك مۇنازىرىلىك قۇرۇلما شەكلى بىلەن باشلاپ، بۇ شەكىلنىڭ ياردىمى بىلەن، ئۆز مۇلاھىزىلىرى ۋە ئوبرازلىق ئىسپاتلاشلىرىنى قانات يايدۇرغان. شائىر تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى ئۆزى ئارزۇ قىلغان غايىۋى جەمئىيەت توغرىسىدىكى سوتسىيال ئۇتوپىيەسىنىمۇ كاسىپلار مۇنازىرىسى شەكلى بىلەن ئوبرازلاشتۇرغان، ئۇ ئۆز داستانىدا مۇنازىرىلىك قۇرۇلمىدىن ئەپلىك پايدىلىنىشنى بىلگەن. «ئوق بىلەن يانىڭ مۇنازىرىسى»، «سازلار مۇنازىرىسى»، «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» قاتارلىق داستانلارنىڭ شېئىرىي قۇرۇلمىسىمۇ مۇنازىرىلىك قۇرۇلما. بۇ داستانلاردىكى ئوق بىلەن يا، ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە تۈرلۈك مېۋە خىللىرى قىش بىلەن

يازنىڭ مۇنازىرىسى توغرىسىدىكى يۇقىرىدىكى شېئىرگە ئوخشاش سىمۋوللۇق ئوبرازلار بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئادەملەرنى نەزەردە تۇتقان. ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسىمۇ ۋە پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرىمۇ يۇقىرىدىكى شېئىر بىلەن ئوخشايدۇ، پەقەت ئۇلار ئۆزى يېزىلغان دەۋرلەرنىڭ مەسىلىلىرىنى ئاساس قىلغان، ئۆز زامانىسىنىڭ ناخشىسىنى ئېيتقان. ئەجدادلىرىمىز دېھقانچىلىق ئەمگىكىگە ئەمدىلەتىن كۆچۈشكە باشلىغان بەكمۇ قەدىمىي بولغان يىراق زاماندا تۆرەلگەن يۇقىرىقى شېئىرنىڭ مۇنازىرىلىك قۇرۇلمىسى بىلەن، كېيىنكى شائىرلارنىڭ ئۆز داستانلىرىدا بۇ خىل قۇرۇلمىدىن پايدىلىنىشى ئوتتۇرىسىدا بىرەر قانداق ئالاقە يوقمىدۇر؟ مېنىڭچە، ئالاقە بار. بۇ ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىگە، ئۇنىڭ ئېسىل مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئالاقىسى. چۈنكى، يازما ئەدەبىيات ھەر قاچان فولكلور زېمىنىدىن بارلىققا كېلىدۇ، فولكلور ياراتقان شەكىللەر ۋە بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرىدۇ، ئۆزلەشتۈرىدۇ، تەتبىق قىلىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ. بۇنىڭدىن، ئەنئەنە بىلەن ۋارىسلىق مۇناسىۋىتىنىڭ سەنئەتنىڭ پۈتۈن تارىخىنى بويلاپ ئىزچىللىشىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بىز غەربىي-جەنۇبىي ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتەكلىرى، كۇئېنلۇن ۋە كۆك ئارت تاغلىرىنىڭ ۋادىلىرى، يەتتەسۇ، پەرغانە ۋادىسى ۋە ھىراتقا قەدەر تارقىلىپ ياشىغان قەدىمكى قەبىلىلىرىدىن قالغان شېئىرىي مىراسلار بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئۆزىمىزدە نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇچراشقان بولساق، قەدىمكى تۇرپان ۋە بەشبالىقتىن تارتىپ ئۇرخۇن، سېلىنگى دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرى، بايقال بويلىرى، جەنۇبىي



سىبىرىيە ۋە ئالتاي تېغى ئەتراپلىرىدا تارقىلىپ ياشىغان شەرقىي ۋە شىمالىي ئۇيغۇرلارنىڭ شېئىرىي مىراسلىرى بىلەن تېخى يېقىندىلا ئۇچراشتۇق، يەنى بىز مۇتەخەسسىسلىرىمىزدىن ئابدۇقەييۇم خوجا، ئىسراپىل يۈسۈپ، تۇرسۇن ئايۇپلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983-يىلى نەشر قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتاب چىقىپ تارقالغانغا قەدەر، بۇ مىراسلاردىن بىخەۋەر ئىدۇق. بۇ كىتابتا، «قەدىمكى ئۇيغۇرچە شېئىرلاردىن نەمۇنىلەر» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا، «دالا ناخشىسى»، «مەدھىيە پارچىسى»، «مۇھەببەتنامە»، «پەند-نەسىھەتلەر»، «ئاتىلار سۆزى»، «مانىغا مەدھىيە»، «ساۋابلىق ئىشلارغا مەدھىيە» دەپ ئات قويۇلغان يەتتە پارچە شېئىر بېرىلگەن. ئاپتورلار «دالا ناخشىسى» دەپ ئات قويۇلغان شېئىرنىڭ ستەيىن دۇڭخۇاڭدىن ئېلىپ كەتكەن «قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى شېئىرلار توپلىمى» دىن ئېلىنغانلىقى، بۇ توپلامنىڭ ھازىر ئەنگلىيەدىكى بۈيۈك بېرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى؛ «مەدھىيە پارچىسى» ناملىق شېئىرنىڭ بېسىم ئاتالاينىڭ تۈركىيەدە چىقىدىغان «تۈركولوگىيە تەتقىقات يىللىقى» دېگەن ژۇرنالنىڭ 1968-يىللىق سانىنىڭ 39-، 44-بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان «تۈركلەرنىڭ مانى دىنىغا دائىر بىر شېئىرى» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىنغانلىقى؛ «مۇھەببەتنامە» دەپ ئات قويۇلغان شېئىرنىڭ لىكوكنىڭ 1919-يىلى «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ توپلىمى» دا ئېلان قىلىنغان «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان تۈرك تىلىدىكى مانى دىنىغا دائىر يادىكارلىقلار» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىنغانلىقى؛ «پەند-نەسىھەتلەر» دەپ ئات قويۇلغان

شېئىر پارچىلىرىنىڭ ۋ. بانگ بىلەن رېشت رەخمەتىنىڭ ئەنگلىيىدىكى «ئۇلۇغ ئاسىيا» دېگەن ژورنالدا 1933-يىلى ئېلان قىلغان «قەدىمكى تۇرپان خەلق قوشاقلىرى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىنغانلىقى؛ «ئاتىلار سۆزى» دەپ ئات قويۇلغان پارچىلارنىڭ بىر بۆلىكىنىڭمۇ بۇ ئەسەردىن ئېلىنغانلىقى، كېيىنكى پارچىلىرىنىڭ بولسا رېشت رەخمەتىنىڭ «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ توپلىمى»دا ئېلان قىلغان «تۇرپاندىكى تۈركچە يازما يادىكارلىقلار» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىنغانلىقى؛ «مانىغا مەدھىيە» دەپ ئات قويۇلغان شېئىرنىڭ ۋ. بانگ بىلەن گابائىن خانىمنىڭ 1930-يىلى «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى»دە ئېلان قىلغان «مانىغا مەدھىيە» ناملىق ئەسەردىن ئېلىنغانلىقى؛ «ساۋابلىق ئىشلارغا مەدھىيە» دەپ ئات قويۇلغان شېئىرنىڭ بولسا، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن، بۈيۈك بېرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى شېئىرلار توپلىمىنىڭ 36-، 37-بەتلىرىدىن ئېلىنغانلىقى، شېئىر ئەسلى 14 كۇپلېت بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭ 9 كۇپلېتىنى نەشرگە تەييارلىغانلىقى، شېئىر ئاپتورىنىڭ ئاتساڭ ناملىق ئۇيغۇر شائىرى ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئىزاھات بېرىدۇ. مېنىڭ كىتابقا بېرىلگەن بۇ ئىزاھلارنى ئالاھىدە بىر يەرگە توپلاپ كۆرسىتىشىمنىڭ سەۋەبى بار. مەدەنىيەتتە ۋە ئەدەبىياتتا ئادەتتە مىللىي خاسلىق بولىدۇ، ئەمما دۆلەت چېگرىسى بولمايدۇ. ئىلىم-پەندىمۇ دۆلەت چېگرىسى بولمايدۇ. ئىلىم-پەننىڭ ھەر بىر يېڭى ئۇتۇقى ئادەتتە ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى بولۇپ قالىدۇ. مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات مەھسۇلاتلىرى ئادەتتە ئوڭايلا چېگرا ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.



پەن ئالىملىرى ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەمگەكلىرىنىڭ ھەر بىر يېڭى مېۋىسى پەننىڭ ئوخشاش تارمىقى ۋە ئوخشاش كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان باشقا دۆلەت ۋە باشقا مىللەت ئالىملىرى ئۈچۈن ئۇچۇر ۋە ئىلھام بولىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئالىملىرى ئېلىپ بارغان تەتقىقاتنىڭ داۋامىنى باشقا مىللەتنىڭ ئالىملىرى راۋاجلاندۇرۇپ ئېلىپ ماڭىدىغان ئىشلار ئادەتتە ئىلىم دۇنياسىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنداق ئىكەن، يۇقىرىقى شېئىرىي مىراسلىرىمىزنى بايقىغانلىقى، ساقلاپ قويغانلىقى، تەرجىمە قىلىپ، تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ئىلىم دۇنياسىغا تونۇتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ چەت ئەللىك ئالىملارغا بىز ۋىجدانەن ئېيتقاندا، رەھمەت ئېيتساق، ئۇلاردىن مىننەتدار بولساق بولىدۇ. بۇ ئالىملار ئۆز تەتقىقاتىدا بۇ مىراسلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ، تۇرپاننىڭ دېگەن، ئەنگلىيىنىڭ ياكى گېرمانىيىنىڭ، جۈملىدىن شۋېتسىيىنىڭ، فىنلاندىيىنىڭ ۋە روسىيىنىڭ دەۋالغان ئەمەس. ئۇلار ئۆزلىرى ئېلىپ كەتكەن ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىش ئاساسىدا، ياۋروپادا «ئۇيغۇرشۇناسلىق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر پەن تارمىقىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ يازما يادىكارلىقلار ئېھتىمال ئۇلارنىڭ سەۋەبى بىلەن ساقلىنىپ قالغاندۇر. «ئالتۇن ياتىدۇ سايدا، بايقىمساڭ نە پايدا؟» دېگەندەك، ئۆز مىراسلىرىمىزنى ئۆزىمىز بىلىپ يېتەلمەيدىغان، ئۆز مىراسلىرىمىزغا ئۆزىمىز ئىگىدارچىلىق قىلالمايدىغان ئۇ زامانلاردا، ئۇلارنى بۇ چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى تەگەۋېرىشىنىڭ ۋە ئۇلارنى سوغۇق تەلەپپۇز بىلەن تىلغا ئېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلار ئېلىپ كېتىپ ساقلاپ قويمىغان بولسا، بىز ئېھتىمال ئۇلارنى ھازىرغا قەدەر بىلەلمىگەن ياكى يوقاتقان

بولار ئىدۇق. مېنىڭچە، مەسىلىنىڭ بۇ تەرىپىنىمۇ ئويلاپ قويۇش كېرەك. بۇ مىراسلارغا ئىگىدارچىلىق قىلالايدىغان مۇتەخەسسىسلەر بىزدە تېخى ئەمدىلەتىن يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ.

بۇ يەتتە پارچە شېئىرنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن شېئىرىي پارچىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئۇلارنىڭ تىل جەھەتتىن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز، ئەمما بۇ يەتتە پارچە شېئىرنىڭ تىلىدا بۇددا دىنى ۋە مانى دىنىنىڭ ئاتالغۇلىرى، سانسكرىتچىغا ۋە قەدىمكى پارس تىلىغا تەۋە سۆزلەر ئۇچرايدۇ، دىۋاندىكى شېئىرىي پارچىلاردا بولسا مۇنداق ئەھۋال يوق. يازما مەنبەلەر بۇددا دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مىلادىيىنىڭ ئالدى-كەينىدە، تاكى مىلادىيە III ئەسىرلەرگە قەدەر بولغان جەريانىدا ئومۇم-لاشقانلىقىنى، مانى دىنىنىڭ بولسا، شىمالىي ئۇيغۇرلار ئىچىگە مىلادىيىنىڭ 763-يىلىدىن باشلاپ تارقىلىپ كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ دەۋر چېگرىسىدىن قارىغاندا، يۇقىرىقى يەتتە پارچە شېئىر مىلادىيىدىن كېيىنكى ئەسىرلەرگە تەۋە مىراس بولۇپ چىقىدۇ. بىز بۇددا دىنىنىڭ كەشمىر ئارقىلىق ئالدى بىلەن قەشقەر، خوتەن ۋە كۇچار قاتارلىق جايلاردا ياشىغان غەربىي-جەنۇبىي ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كىرىپ كەلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى شېئىرىي پارچىلاردا بولسا بۇددا دىنىغا ۋە سانسكرىتچىغا تەۋە سۆزلەرنىڭ يوقلۇقىغا قاراپ، ئۇلارنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ئۇزاق ئەسىرلەرگە تەۋە يادىكارلىقلار دەپ ھۆكۈم قىلالايمىز.

شېئىرىي قۇرۇلما ۋە شېئىرىي شەكىللەر يېقىدىن تەكشۈرۈپ كۆرسەك، بۇ ئىككى خىل تەۋەلىكتىكى شېئىرلاردا ئەھۋال بىر-بىرىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. دىۋاندىكى



پارچىلار بوغۇم سانى بويىچە، يەتتىلىك، سەككىزلىك، ئالتىلىك، ئون تۆتلۈك، ئون ئىككىلىك، ئون ئۈچلۈكلەردىن ئىبارەت. بۇ پارچىلارنىڭ تۇراق گۇرۇپپىلىرى ناھايىتى ئېنىق، يەتتىلىكلەر 3 / 2 / 2 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا، سەككىزلىكلەر 2 / 2 / 2 / 2 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا، ئون تۆتلىكلەر 3 / 2 / 2 / 3 / 2 / 2 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا، ئالتىلىكلەر 2 / 2 / 2 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا، ئون ئىككىلىكلەر 2 / 2 / 2 / 2 / 2 / 2 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا، ئون ئۈچلۈكلەر 2 / 3 / 2 / 2 / 2 / 2 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا، كۇپلېتلار تۆت مىسرالىق ۋە ئىككى مىسرالىق بولۇپ، ئىككى خىل شەكىلدە كەلگەن. ئىككى مىسرالىقلار بېيت شەكلىدە قاپىيىلەنگەن، تۆت مىسرالىقلاردا، ئالدىنقى ئۈچ مىسرا قاتار قاپىيىدە كېلىپ، 4-مىسرا كېيىنكى كۇپلېتلارنىڭ 4-مىسرالىرى بىلەن ئۆز ئارا قاپىيىداش كېلىدۇ. يەككە كۇپلېتلار بويىچە تۆت مىسرانىڭ ھەممىسى قاتار قاپىيىدە كېلىدىغان پارچىلارمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ شەكىللەرنىڭ ئىچىدە، ئالتە بوغۇملۇقلاردىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ھازىرمۇ بىزنىڭ فولكلورىمىزدا ۋە يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ مىساللىرىدا ئومۇميۈزلۈك ئۇچرايدۇ. بىزنىڭ خەلق قوشاقلىرىمىز ۋە ناخشىلىرىمىزنىڭ تېكىستلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەتتىلىكلەردىن ئىبارەت. ئالتىلىكلەر، قارىغاندا كېيىنكى شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدە ئۇنتۇلۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ئەمما، دىۋاندىكى ئالاقىدار پارچە بۇ شەكىلنىڭ 2 / 2 / 2 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا يېزىشنىڭ تامامەن مۇمكىنلىكىنى، بۇ خىل تۇراق گۇرۇپپىسىنىڭمۇ ئوخشاشلا ئۆزىگە خاس ئاھاڭدارلىقى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. سەككىزلىك، ئون ئىككىلىك، ئون تۆتلۈكلەرنىڭ ئايرىم-ئايرىم

ھالدا، ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىككى بوغۇمدىنلا ئىبارەت بولغان سۆزلەر ھېسابىغا تەكشى تۇراقلىنىشى بىزدە قىزىقىش قوزغايدۇ. بۇ خىل تۇراق شەكلىدە ناھايىتى چىرايلىق ۋە ناھايىتى ئاھاڭدار بىر رىتىم پەيدا بولىدىغانلىقى بايقىلىۋاتىدۇ. بىز بولساق، يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ ئەمەلىيىتىدە، سەككىزلىكلەرنى 4/ 4 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىغا، ئون ئىككىلىكلەرنى 4/ 4/ 4 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىغا، ئون تۆتلۈكلەرنى 3/ 4/ 3/ 4 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىغا ئايرىشقىلا ئادەتلىنىپ قالغان. قارىغاندا، قەدىم بوۋىلاردىن مىراس قالغان يۇقىرىقىدەك ئىنچىكە گۇرۇپپىلاش شەكلىنى تىرىلدۈرۈپ ئالساق بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. قاپىيىلەش تەرتىپىدە، دىۋاندىكى پارچىلارغا قارىغاندا، بىزدە تارىخىي چېكىنىش يۈز بەرگەن، بىز كۆپرەك ئالماش قاپىيە تەرتىپىدە يېزىشقا ئادەتلىنىپ قالدۇق. بۇ جايادىن ۋە ئىنچىكە ئىشلەشتىن قاچقانلىقىمىزدىن بولسا كېرەك. بىز ھېچ بولمىغاندا، قىسقا لىرىك شېئىرلاردا ۋە ناخشا تېكىستلىرىدە دىۋاندىكىدەك تولۇق قاپىيىلەش شەكلىنى تەتبىق قىلىپ كۆرسەك بولىدۇ، بۇنى تامامەن ئورۇنلىغىلى بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىز قىلالىغان ئەمگەكنى بىز نېمە ئۈچۈن قىلالمايمىز؟

ئەمدى «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان يۇقىرىقى يەتتە شېئىرىي پارچىغا كەلسەك، «دالا ناخشىسى» دېيىلگەن شېئىر 8 مىسرالىق، باش قاپىيىلىك، مىسرالىرى ئۇزۇن-قىسقا، بوغۇم تۈزۈلۈشى ئەركىن شەكىلدە، تۇراق گۇرۇپپىلىرى يوق؛ «مەدھىيە پارچىسى» دېيىلگەن شېئىرغا كەلسەك، تۆت مىسرالىق، مىسرالىرى ئۇزۇن-قىسقا، بوغۇم تۈزۈلۈشى ئەركىن، 1-كۇپلېتى ئاياغ قاپىيىدە، 2-كۇپلېتى باش قاپىيىدە، 3-كۇپلېتى



قاپىيىسىز؛ «مۇھەببەتنامە» دەپ ئاتالغان شېئىر ئۈچ مىسرالىق، مىسرا تۈزۈلۈشى ئۇزۇن-قىسقا، ھەم باش قاپىيىدە، ھەم ئاياغ قاپىيىدە كەلگەن، ئاياغ قاپىيە نىسبەتەن ئاجىز ھالەتتە بولسىمۇ، ھەر بىر كۇپلېتنىڭ 3-مىسراسىدا كۆرۈلىدۇ ۋە كۇپلېتلار ئارا قاپىيىلىنىدۇ، مەسىلەن، باغىرساقىم — ئادىرىلمالىم — ئۆلۈرالىم ... دېگەندەك. «پەند-نەسىھەتلەر» دەپ ئاتالغان پارچە بولسا تۆت مىسرالىق، يەتتە بوغۇملۇق، مىسرالىرى 3 / 2 / 2 لىك ۋە 3 / 4 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا، ئاياغ قاپىيىلىك، ئالماش قاپىيىلەش شەكلى قوللىنىلغان. بۇ پارچىنىڭ شەكلى بىزنىڭ ھازىرقى يەتتىلىكلىرىمىزگە تامامەن ئوخشايدۇ. «ئاتىلار سۆزى» دېيىلگەن پارچىلارنىڭ بىر قىسمى تۆت مىسرالىق، يەتتە بوغۇملۇق، مىسرالىرى 4 / 3 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا، ئاياغ قاپىيىلىك، ئالماش قاپىيىدە، رادىفلىق قاپىيىلەر ئىشلىتىلگەن؛ يەنە بىر قىسمى ئىككى مىسرالىق، بېيىت شەكلىدە، بۇ بېيىتلەر بوغۇم سانى بويىچە ئون ئىككىلىك، ئون ئالتىلىك، ئون ئۈچلۈك، سەككىزلىك ۋە بەشلىكلەردىن ئىبارەت. ئون ئىككىلىكلىرى 2 / 5 / 5 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا، ئون ئالتىلىكى 8 / 8 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا، ئون ئۈچلۈكى 2 / 3 / 2 / 2 / 2 / 2 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا، سەككىزلىكى 3 / 3 / 2 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا، بەشلىكى 2 / 3 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا، رادىفلىق قاپىيىلەر ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، ئون ئۈچلۈكنىڭ تۇراق گۇرۇپپىلاش شەكلى بىزنىڭ ھازىرقى ئون ئۈچلۈكلىرىمىز-نىڭ تۇراق گۇرۇپپىلاش شەكلىگە تامامەن ئوخشايدۇ. مەسىلەن:

ياغمۇر ياغسا قاپۇق بولسۇن ياپىنغۇ كەرگەك،
ياۋۇز كىشى ياقىن كەلسە ئابىنغۇ كەرگەك.

بۇ بېيىتتىكى ۋەزىن بىلەن ئاھاڭ

گۈلەمخاننىڭ قارا ساچى يەرگە تېگەمدۇ،
ئون بەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئەرگە تېگەمدۇ؟

دېگەن مىسرالاردىكى ۋەزىن بىلەن ئاھاڭغا پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ. قالغان ئون ئىككىلىك، ئون ئالتىلىك، سەككىزلىكلەرنىڭ تۇراق گۇرۇپپىلاش شەكلى بولسا، هازىرقى شۇ بوغۇملۇق شېئىرلىرىمىزدىكى تۇراق گۇرۇپپىلىرىغا ئوخشمايدۇ. قارىغاندا، بىز بۇ خىل تۇراق گۇرۇپپىلاش شەكىللىرىگىمۇ ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى هازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە ئېلىپ كىرىپ، هازىرقى تۇراق شەكىللىرىمىزنى تېخىمۇ تولۇقلىساق بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ پارچىلار ئىچىدىكى «مانىغا مەدھىيە» دەپ ئات قويۇلغان شېئىر تۆت مىسرالىق، مىسرالىرىدا بوغۇم ئۆلچىمى ۋە تۇراق گۇرۇپپىلىرى يوق، باش قاپىيىلىك شەكىلدە، «ساۋابلىق ئىشلارغا مەدھىيە» دەپ ئاتالغان شېئىر سەككىز مىسرالىق، بۇ پارچىنىڭ يېرىمىغا يېقىن مىسرالىرىدا بوغۇم ئۆلچىمى ۋە تۇراقلار يوق، ئەمما قالغان يېرىم كۆلەمدىكى مىسرالىرىدا ئون ئۈچلۈك شەكىلنىڭ 5 / 4 / 4 لىك تۇراق گۇرۇپپىسى بار، باش قاپىيىلىك شەكىلدە. ئەمما، ۋاقتى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ يەردە دېيىلگەن باش قاپىيە تولۇق شەكىلدىكى ۋە ئەسلىي مەنىسىدىكى باش قاپىيە ئەمەس. بۇ يەتتە شېئىر تەركىبىدىكى «مەدھىيە پارچىسى» دەپ ئاتالغان شېئىرنىڭ:

ئەرىكلىگ ئۇلۇغ ئىلىگىمىز ئەرۈرسىز،
ئالتۇنچا تومىش،



تومۇلۇنچا تومىش،
قۇتلۇغ بىلگە بەگۇمۇز ئەرۈرسىز،

دېگەن كۇپلېتىنىڭ 2-، 3-مىسرالىرىنىڭ بېشىدىكى ئالتۇنچا، تومۇلۇنچا دېگەن سۆزلەر كېيىنكى ئىككى بوغۇمدا ئالمىشىش ئېلىپ بېرىپ قاپىيە هاسىل قىلغان. پەقەت مۇشۇنىلا ھەقىقىي باش قاپىيە دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما، باشقا باش قاپىيىدە كەلگەن دېيىلگەن پارچىلار ۋە مىسرالاردىكى باش قاپىيە تېخى قاپىيە ئەمەس، پەقەت مىسرا بېشىدىكى بىرىنچى سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمى ئوخشاش تاۋۇش بىلەن كېلىدىغان شەكىل. بۇ خۇددى هازىرقى «ئا بىلەن باشلانغان سۆز ئويۇنى»، «س بىلەن باشلانغان سۆز ئويۇنى»، «ن بىلەن باشلانغان سۆز ئويۇنى» دېگەن قىزىقچىلىق نومۇرلىرىدا، ھەممە سۆزلەرنىڭ باش بوغۇمى ئوخشاش بىر تاۋۇش بىلەن كەلگىنىگە ئوخشاپراق كېتىدۇ. بۇ شەكىل ئۇ شېئىرلاردا مىسرا بېشىدىكى دەسلەپكى سۆز بىلەنلا چەكلەنگەن. مەسىلەن، سەككىز مىسرالىق بىر كۇپلېتتە مىسرا بېشىدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى «بۇ» بوغۇمى بىلەن باشلانسا، كېيىنكى كۇپلېتتىكى سەككىز مىسرانىڭ ھەممىسىنىڭ سۆز بېشى «ئا» بوغۇمى بىلەن باشلىنىدۇ. ئەمما بۇ دەسلەپكى بوغۇم ئۆزىگە ئاھاڭداش بوغۇملار بىلەن ئالمىشىش ئېلىپ بېرىپ قاپىيە هاسىل قىلمايدۇ.

يۇقىرىقى ئەھۋال، بۇ يەتتە پارچە شېئىر بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن شېئىرىي پارچىلارنىڭ تىل جەھەتتىن ئوخشاش بولغىنى بىلەن، شەكىللىنىش تارىخىدا ۋاقىت ۋە ماكان پەرقى بارلىقىنى،

بۇ يەتتە پارچە شېئىرنىڭ ئىچىدىكى مىسرا بېشىدىكى بوغۇمنىڭ ئوخشاشلىقىنى باش قاپىيە ئورنىدا قوبۇل قىلغان، بوغۇم تۈزۈلۈشى ئەركىن ۋە ئۇزۇن-قىسقا، ۋەزىن - تۇراقسىز شېئىرلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەزىن - تۇراقلىق ۋە ئاياغ قاپىيىلىك شېئىرلارنىڭ تۆرىلىش دەۋرىدىمۇ ۋاقىت ۋە ماكان پەرقى بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قارىغاندا، بۇ يەتتە پارچە شېئىر ئىچىدىكى ئالدىنقىلىرىنىڭ تۆرىلىش دەۋرى بۇرۇن، كېيىنكىلىرىنىڭ تۆرىلىش دەۋرى بولسا كېيىندەك قىلىدۇ. باش قاپىيە شەكلىدە، قەدىمكى زاماندىكى شىمالىي ۋە شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىگە قوشنا ياشىغان باشقا ئالتاي خەلقلىرىنىڭ شېئىرىيەت شەكلىدىكى باش قاپىيىلىك ھادىسە بىلەن ئوخشاشلىقىنىڭ بارلىقى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى زامان موڭغۇل مىللىتىنىڭ شېئىرلىرىدا باش قاپىيىلىك شەكىل بار. بۇ شەكىلنىڭمۇ ئۇلارغا ئۆزلىرى تۆرەلگەن قەدىمكى ئېتنىك مەنبەلىرىدىن قالغانلىقى ئېنىق.

شېئىرىي ئالاھىدىلىكلەر يېقىدىن تەكشۈرۈپ كۆرسەك، بۇ يەتتە پارچە شېئىردىمۇ شېئىرىي تىل، شېئىرىي قۇرۇلما، شېئىرىي ھېسسىيات، سۈرەتلەش، شېئىرىي ئوبراز، شېئىرىي پىكىر قاتارلىق خاراكتېرلىك ئامىللارنىڭ، شېئىرىي تىلغا خاس بولغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر تەركىبىدىكى ئوخشىتىش، سۈپەتلەش، جانلاندۇرۇش ۋە لىتورىك تەكرار قاتارلىق ئالامەتلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى كۆرىمىز.

ئىش قىلغۇ ئەدگۈ ئىشنى،
كۆركىتۇر كونى يولنى،
كەسمەڭلار ئەگرى تالنى،



توبەسىنتە مېۋە بار.

دېگەن پارچىدىكى «كەسمەڭلار ئەگرى تالنى، تۆپىسىدە مېۋە بار» دېگەن شېئىرىي پىكىر بىزنى ئىختىيارسىز زوقلاندۇرىدۇ. دېمىسىمۇ، مېۋە بېرىدىغان دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا شېخى ئەگرى بولىدۇ ئەمەسمۇ!

«دالا ناخشىسى» دەپ ئاتالغان شېئىر پارچىسىدىكى شېئىرىي سۈرەتلەش بىلەن لىتورىك تەكرارنى كۆرۈپ باقايلى:

ئادقاشۇ تۇرۇر قات-قات تاغدا
ئامىل ئاغلاق ئارانىياتانتا
ئارتۇچ سوگۈت ئالتىنتا
ئاقار سۈۋلۇقتا
ئارانچىغىن ئۈچداچى قۇشقىئالار
تىرىنلىك قۇۋراغلىقتا
ئادىنماقسىزىن مەڭى تەگىنگۈلۈگ ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا

ئىچ تەرىڭ قات بۇك تاغدا
ئىرتەكى سوكى ئارانىياتاندا
ئىدىز تىكىم قايالىق باسغۇقلۇغ ئەرىپ
ئىدى تىكىسىزدە
ئىمىرت چوغۇرت سوگۈت ئاراسىنتا
ئىنچىكە-كىيە سۈۋ قىدىغىندا
ئىلىنمەكسىزىن ديان ئولۇرغۇلۇغ ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا

سەلىك بۈلۈك تەرىك تاغدا
سەۋىگلىگ ئارانىياتاندا
ساۋرالىپ ئاقار سۈۋلۈغ ئەرىپ
سەپ-سەم ئاغلاقتا
سەكىز تۈرلۈگ يىللەر ئۈزە تەبرەنمەدىن
سەرىلىپ ئانتا
سەرە يالڭۈزۈن نوم مەڭىسىن تەگىنگۈلۈگ ئول
ئانى تەگ ئۇرۇنلارتا

كۆكەرىب تۈرۈر كوركلۈگ تاغدا
كوڭۈل ياراشى ئاغلۇق ئۇرۇنتا
كوپ يىگى تەلىم سوگۈتلۈگ ئەرىپ
كوپىرىپ تۈرۈر كولمەن سۈۋلۈقتا
كۆز باشلاپ قاچىغلارىن يىغىنىپ
كوزنىمىش بىلىنمىشچە ئۇرۇنلارتا
كۈسەنچىگسىزىن مەڭى تەگىنگۈلۈگ ئول
ئانى تەگ ئۇرۇنلارتا

يەشمىسى:

تۈتاش كەتكەن قاتمۇ قات تاغلاردا،
تىنچ خىلۋەت ئارانىياتانتا،
ئارتۇچ سوگۈت ئاستىدا،
ئاقار سۇلۇقلاردا،
شادلىقتا ئۇچقۇچى قۇشلار،
يىغىلىدىغان جايدا
ھىچ نەرسىگە پەرۋا قىلماي ھۇزۇرلىنىدىغان



ئەنە شۇنداق ئۇرۇنلاردا.

قاتمۇ قات، بۆك-باراقسان ئورمانلىق تاغلاردا،
قەدىمىي بۇرۇنقى ئارانىياتاندا،
ئېگىز، تىك قىيالار تۆۋىدە،
پۈتۈنلەي جىمجىتلىقتا چۆككەن
بۆك-باراقسان دەرەخزارلىقتا،
ئىنچىكە ئېقىنلارنىڭ بويىدا،
پۈتۈن دىققىتى بىلەن دىياندا ئولتۇرىدىغان
ئەنە شۇنداق ئۇرۇنلاردا.

يىراق جىلغا، قاتمۇ قات تاغلاردا،
سۆيۈملۈك ئارانىياتاندا،
سوزۇلۇپ ئاقار سۇلار ئارىسىدا،
ئۈن-تىنسىز خالىي يەردە،
سەككىز تۈرلۈك بوراندىمۇ تەۋرەنمەي،
تاقەت قىلىپ شۇ يەردە،
سەبىر بىلەن يالغۇز نوم ھۇزۇرىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان
ئەنە شۇنداق ئۇرۇنلاردا.

كۆكىرىپ تۇرىدىغان كۆركەم تاغلاردا،
كۆكۈلگە ياقىدىغان خىلۋەت ئۇرۇندا،
شۇنچە ياخشى دەرەخزارلىق ئارىسىدا،
داۋالغۇپ، دولقۇنلاپ تۇرغان كۆللەر بويىدا،
كۆز قاتارلىق قاچىغلاردىن خالىي بولۇپ،

(ھەممە نەرسە) كۆرۈنىدىغان، بىلىنىدىغان ئورۇنلاردا
ھېچقانداق ھەۋەسكە بېرىلمەستىن ھوزۇرلىنىدىغان
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا.

بۇ شېئىر پارچىسىدا، قەدىمكى ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئۆزلىرى ياشىغان جايلارنى، ئۆزلىرىنىڭ ئانا ماكانى بولغان ھەيۋەت مەنزىرىلىك زېمىننى شېئىرىي يوسۇندا سۈرەتلىگەن. بۇ سۈرەت تۇتاش كەتكەن، قاتمۇ قات، بۈك-باراقسان ئورمانلىق تاغلار، كۆكىرىپ تۇرىدىغان كۆركەم قىيالار، يىراق جىلغىلار، بۈك-باراقسان ۋە جىمجىت دەرەخزارلار، شارقىراپ ئاققان دەريالار، ئېگىز، تىك قىيالارنىڭ ئاستى، داۋالغۇپ، دولقۇنلاپ تۇرغان كۆللەرنىڭ بويى، سۈزۈلۈپ ئاققان تاغ سۇلىرى بويىدىكى، قاراڭغۇ ئورمانلار ئىچىدىكى تىنىچ-خىلۋەت ماكانلاردىن ئىبارەت. بۇ — شىمالىي ئۇيغۇرلار ياشىغان، «ئوغۇزنامە» داستانى تۆرەلگەن بىپايان زېمىننىڭ ھەقىقىي تەسۋىرى. بۇ سۈرەت تارىخىي رېئاللىق بىلەن جۇغراپىيىلىك رېئاللىققا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

بۇ شېئىر پارچىسىدىكى سەككىز مىسرالىق ھەر بىر كۇپلېتنىڭ ئالدىنقى تۆت مىسراسىغا جايلاشقان لېتورىك تەكرار ۋە بۇ مىسرالاردىكى ئوخشاش مەزمۇننى ئوخشىمايدىغان سۆزلەر بىلەن تەكرارلاپ — تەكىتلەش ئۇسۇلى بىزنى ئالاھىدە قىزىقتۇرىدۇ، بۇ خىل تەكرارلاش ئۇسۇلىدا، ئۆزىگە خاس، ئالاھىدە مېتودقا ئىگە، ھەتتا تەنتەنىلىك بولغان بىر خىل رىتىمنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بۇ پارچە، قارىغاندا مۇكەممەل بىر چوڭ شېئىرنىڭ باشلىنىشىدىكى مۇقەددىمىلىك كۇپلېتلار بولۇپ، شېئىرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى



يوقالغان بولسا كېرەك. شېئىرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى تەنتەنىلىك بىر دىنىي مەزمۇن بىلەن ئالاقىدار بولۇش مۇمكىن. ساقلىنىپ قالغان يۇقىرىقى باش قىسمىدا لېتورىك تەكرار يولى بىلەن ھاسىل قىلىنغان ئاجايىپ رىتىم ۋە ھەيۋەتلىك كەيپىيات بىزنى شۇ قىياسقا كەلتۈرىدۇ.

شېئىرىي قۇرۇلما يېقىدىن قارىغاندا، يۇقىرىقى يەتتە پارچە شېئىر ئىچىدىكى بوغۇم تۈزۈلۈشى ئەركىن، ئۇزۇن-قىسقا مىسرالىق شېئىرلارنى ھازىرقى چاچما شېئىرلىرىمىزنىڭ قەدىمكى ئاتا-بوۋىلىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ، بۇ ئوتتۇرىدا ئەدەبىيات ئەنئەنىسى بويىچە باغلىنىش بار. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر كۇپلېتى سەككىز مىسرالىق شېئىرلارمۇ مىللىتىمىزنىڭ كېيىنكى سەنئەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن باغلىنىدۇ، لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىدا ۋە لوپنۇردىن تېپىلغان داستان پارچىلىرىدا بىر كۇپلېتى ئالتە مىسرالىق، سەككىز مىسرالىق تۈزۈلمە تەرتىپى بار. بىز بۇ شېئىرلار ئىچىدىكى ئون ئۈچلۈكنىڭ ھازىرقى ناخشىلىرىمىز ۋە شېئىرلىرىمىزنىڭ شۇ تۈرى بىلەن ۋەزىن، تۇراق يېقىدىن ئوپمۇ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتتۇق.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن شېئىرىي پارچىلارمۇ، شەرقىي ۋە شىمالىي ئۇيغۇرلاردىن قالغان شېئىرىي پارچىلارمۇ ئوخشاشلا بىزنىڭ قەدىمكى شېئىرلىرىمىزدىن قالغان نەمۇنىلەر بولۇپ، ئۇلار بىزنىڭ كېيىنكى كۆپلىگەن ئەسىرلەر داۋامىدا داۋاملىشىپ، راۋاجلىنىپ كەلگەن پارلاق شېئىرىيىتىمىزگە ئەدەبىيات ئەنئەنىسى بويىچە ئاساس سېلىپ بەرگەن، ئۇل تېشى بولغان. بىز يۇقىرىقى كۆزىتىشلىرىمىزدىن بىزنىڭ مىللىي شېئىرىيىتىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىجاد قىلغانلىقىنى،

ئۇنىڭ پەيدا بولۇش دەۋرىنىڭ ئانا تىلىمىز پەيدا بولغان ئەڭ ئىپتىدائىي زامانلارغا بېرىپ تاقىلىدىغانلىقىنى، شېئىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئىستېتىك ئۆلچەملىرىنىڭمۇ ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مۇھىتىدا شېئىر بىلەن بىللە تۇغۇلۇپ، بىللە راۋاجلانغانلىقىنى، قانداقتۇر باشقا بىر ياقلاردىن كىرىپ كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ ئالالىدۇق.

قەدىمكى شېئىرلار بىزنىڭ بىباھا مىراسلىرىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز ئۇلارنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆگىنىشىمىز، تەتقىق قىلىشىمىز، ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك، مىللىي مىراسلار ۋە ئەدەبىي ئەنئەنىلەرگە نېگىلىزملىق پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا قارا يۈزلۈك قىلغانلىق بولىدۇ. يىلتىزى ئۆلگەن دەرەخ ئۆلۈپ قالىدۇ، ئۇل تاشلىرى كولىۋېتىلگەن قەلئە ئۆرۈلۈپ چۈشمەي قالمايدۇ. بىز بۇ رەھىمسىز ھەقىقەتنى ھەر قاچان ئېسىمىزدە مەھكەم ساقلىشىمىز لازىم.



# ئۇلۇغ شائىر — مېخائىل يورىيېۋىچ لېرمونتوۋ

ناھايىتى راۋاج تاپقان، بىر ئەۋلاد ئۆلمەس يازغۇچىلار ۋە ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىش مەركىزىنى ۋە مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يۆتكىۋالالىغان XIX ئەسىر رۇس ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە تالانتلىق، شېئىرىيەت ئاسمىنىدا بىردىنلا يالتىراپ كۆرۈنگەن ئۆچمەس يۇلتۇزى، ئوت يۈرەك ۋە ئىسيانكار پەرزەنتى — ئۇلۇغ شائىر مىخائىل يورىيېۋىچ لېرمونتوۋ بىلەن پەخىرلەنسە ئەرزىيدۇ. لېرمونتوۋ تېخى 27 ياشقىمۇ تولۇق توشمىغان ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەن دەۋرىدە بار-يوقى تۆت يىللا يېزىقچىلىق قىلالىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىدىن ناھايىتى مول مەنىۋى مەھسۇلاتلار قالدۇرۇپ، ھەدېگەندە تەسەۋۋۇردىن خېلىلا تاشقىرى بىر سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئەسەرلىرى بىلەن رۇس ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى راۋاجىغا ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىغا قۇدرەتلىك تەسىر كۆرسىتىپ، رۇسلارنىڭ پۇشكىندىن كېيىنكى يەنە بىر ئۇلۇغ مىللىي شائىرى بولۇپ قالدى ۋە ھەقلىق يوسۇندا جاھان شېئىرىيىتىنىڭ ھومېر، چۈيۈەن، شەيخ سەئدى، ئەلىشىر نەۋائى، دانتې، گېيوتى، شېكسپىر، بايرون، پۇشكىن ۋە رابىندىرانات تاگور قاتارلىق داھىيلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالالىدى. ئىدىيە،

سەنئەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ دۆلەت چېگرىلىرى بولمايدۇ. شۇ مەنىدە، لېرمونتوۋنىڭ ئۆلمەس مىراسلىرى يالغۇز رۇس مىللىتىگىلا مەنسۇپ بولۇپ قالماستىن، بەلكى كەڭ مەنىدە جاھان مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئومۇمىي خەزىنىسىگە، يەنى ئومۇمىي ئىنسانىيەتكە مەنسۇپتۇر. بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە لېرمونتوۋنىڭ دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئاجايىپ داستانلىرىنى ئاسىيا-ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىدە ياشايدىغان، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئانا تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىغانلىقىمىزمۇ بۇ نۇقتىنى شۈبھىسىز ئىسپات قىلىپ بېرەلەيدۇ.

لېرمونتوۋنىڭ ئىجادىي ھاياتى روسىيە تارىخىنىڭ ئەڭ زۇلمەتلىك دەۋرلىرىدە ئۆتتى.

ناپالېئون باسقۇنىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ۋەتەن ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ۋەتەن ئۇرۇشى ئەۋلادلىرىدا، ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئىلغار رۇس كىشىلىرىدە، روسىيىنى چار پادىشاھلىقى تۈزۈمىدىن ئازاد قىلىپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى تىكلەش ۋە كەڭ يانچى دېھقانلارغا ئازادلىق بېرىش توغرىسىدىكى پىكىرلەر پەيدا بولغانىدى. ۋەتەن ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئىنقىلابىي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ يوشۇرۇن تەشكىلاتىمۇ بارلىققا كەلدى. لېكىن يوشۇرۇن تەشكىلات تارمار قىلىنىپ، 1825-يىلى 14-دېكابىردا بولغان قوزغىلاڭ باستۇرۇلدى. بۇ قوزغىلاڭچىلار روسىيە تارىخىدا دېكابىرىستلار دەپ ئاتالدى، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى دارغا ئېسىلىپ، قالغانلىرى سىبىرىيىگە ۋە كاۋكازغا سۈرگۈن قىلىندى.

دېكابىرىستلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، روسىيە تارىخىنىڭ ئەڭ ئەكسىيەتچىل دەۋرى — «30-يىللار»



باشلاندى. پادىشاھ نىكولاي I دېكابىرىستلارنى باستۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى. ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى دېكابىرىستلار قوزغىلىڭىدەك ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ قايتا يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش، فرانسىيىدە بولۇۋاتقان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ تەسىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۈزلۈكسىز كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، بىر قاتار ياۋۇز ئەكسىيەتچىل تەدبىرلەرنى قوللاندى. 1826-يىلى 7-ئاينىڭ باشلىرىدا، يەنى دېكابىرىستلارنىڭ بەش داھىيسى قەتل قىلىنىشتىن بىر قانچە كۈن بۇرۇن، نىكولاي I نىڭ پومېشچىك-قۇلدارلار ھۆكۈمىتى مەخسۇسلا ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى باستۇرىدىغان ئورگان — «3-ۋازارەت» نى تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭغا بېنكېندورفنى ۋازىر قىلىپ تەيىنلىدى. شۇ يىلى يەنە گېزىت-ژۇرنال تەكشۈرۈش نىزامنامىسى ئېلان قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن روسىيە بىر چوڭ تۈرمىگە ئايلاندى. بۇ يىللاردا، كىشىلەرنىڭ كۆرىدىغىنى ۋە ئاڭلايدىغىنى ھەدېسلا ئۆلۈم جازاسى، سۈرگۈنگە ۋە ھاشارغا ھەيدەشلەر، ئالدىن پىلانلانغان يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش زىيانكەشلىكلىرى ئىدى. بۇنىڭ بىلەن، نۇرغۇن ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى ئىچىدە قالدى، پۈتۈن روسىيە ئۆلۈك ئۇيقۇغا غەرق بولغاندەك بولۇپ قالغانىدى.

ئەمما، دېكابىرىستلارنىڭ ئورنىنى باسقان يېڭى ئىنقىلابچىلار يوشۇرۇن يېتىلىۋاتاتتى. يېڭى بىر ئەۋلاد ئىنقىلابچىلار روسىيە ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ يېڭى مەزگىلىنى — ئىنقىلابىي دېموكراتىزم مەزگىلىنى تەييارلاشقا كىرىشكەنىدى. بۇ ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچىلار خەلق بىلەن ئارىلىقى بەكمۇ يىراق بولغان

ئاقسۆڭەك ئىنقىلابچىلار — دېكابرىستلارغا تۈپتىن ئوخشىمايتتى، ئۇلار دېھقانلارنى ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ ھەقىقىي تۈۋرۈكى دەپ بىلەتتى.

لېرمونتوۋ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتىنى مۇشۇنداق بىر تارىخىي — سىياسىي شارائىتلار ئاستىدا باشلىدى.

ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىدە، مەزمۇنەن، ئالدى بىلەن پۇشكىننىڭ ۋە دېكابرىست شائىرلارنىڭ يولىغا ۋارىسلىق قىلدى، كېيىن ئۆزى مەنسۇپ بولغان ئەۋلادنى ۋە ئۆزى ياشىغان دەۋرنى ئىپادىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، ئىككى ئىنقىلابىي ئۆتكۈنچى باسقۇچنىڭ ئەدەبىياتتىكى ۋەكىلى بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ھەم يۇقىرىقىدەك ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقنىڭ پەۋقۇلئاددە رەھىمسىزلىكىنى، ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر پەسكارىغا چۈشۈپ قالغان مەزگىلدىكى كەڭ ئامما دۇچ كەلگەن ئازابلىنىشنى ۋە قايغۇنى ئىپادىلىدى ھەم بۇ خىل ئازاب ۋە قايغۇ ئاستىغا يوشۇرۇنغان يالقۇننى — چەكسىز كۈچ - قۇدرەتنى ئايان قىلدى. بۇ خىل چەكسىز كۈچ - قۇدرەت ئەينى چەمئىيەتنى چەمبەرچاس باغلىۋالغان بارلىق كىشەنلەرگە بولغان كۈچلۈك نارازىلىقتا ئەكس ئېتەتتى. لېرمونتوۋنىڭ بۇ خىل سىياسىي كەيپىياتى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتى توغرىسىدا زامانداش يازغۇچىلاردىن گېرتسېن مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ئۇ پۈتۈنلەي بىزنىڭ ئەۋلادىمىزغا مەنسۇپ ئىدى. بىز تېخى ئىنتايىن ياش بولغاچقا، 14-دېكابردىكى قوزغىلاڭغا قاتنىشالمىغانىدۇق. بىز بۇ ئۇلۇغ كۈن تەرىپىدىن ئويغىتىلغان بولساقمۇ، ئەمما كۆرگەنلىرىمىز نوقۇل ئۆلۈم جازاسى ۋە سۈرگۈنگە ھەيدەشلەر بولغاچقا، سۈكۈت ساقلاشقا مەجبۇر بولغان، كۆز ياشلىرىمىزنى يۇتۇپ تۇرۇپ سۈكۈت



ساقلاشقا، ئۈن چىقارماسلىققا، ئۆز ئىدىيىلىرىمىزنى يوشۇرۇشقا ئۆگەنگەنىدۇق. ئۇ قانداق بىر ئىدىيىلەر ئىدى دېمەمسىز؟ ئۇلار كىشىنىڭ كۆڭلىنى يورۇتىدىغان ئەركىنلىك ئىدىيىلىرى ئەمەس، بەلكى گۇمانغا، ئىنكار قىلىشقا تولۇپ تاشقان غەزەپلىك ئىدىيىلەر ئىدى. لېرمونتوۋمۇ مۇنداق ھېسسىياتقا ئادەتلەنگەن بولغاچقا، پۇشكىنغا ئوخشاش لىرىكىنىڭ تۇيغۇلۇق مۇقاملىرىدا ئەركىن پەرۋاز قىلالمىدى، بەلكى ئۆزىنىڭ بارلىق خىياللىرى ۋە بەھرلىنىشلىرىدە ئېغىر گۇماننى بىللە ئېلىپ ماڭدى. قەيسەر ۋە قايغۇلۇق ئىدىيە باشتىن-ئاياغ ئۇنىڭ بېشىدىن كەتمىدى. بۇ خىل ئىدىيە ئۇنىڭ پۈتۈن شېئىرىيىتىگە سىڭدى. بۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ مەۋھۇم ئىدىيىلەرنى شېئىر چېچەكلىرى بىلەن بېزىگەنلىكى ئەمەس ئىدى، ياق، ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس ئىدى. لېرمونتوۋنىڭ چوڭقۇر ئويغا بېرىلىشىدىن ئۇنىڭ شېئىرلىرى، ئۇنىڭ ئازابى، ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتى كېلىپ چىققان.» ①

ۋەتەننى، خەلقنى قىزغىن سۆيۈش، ئەركىنلىكنى كۈيلەش — پۇشكىننىڭ ۋە دېكابرىست شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئاساسىي تېمىلاردىن ئىدى، لېرمونتوۋنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ بۇلار ئەڭ ئاساسىي تېمىلاردىن بولدى. «ئەمما، لېرمونتوۋنىڭ شېئىرلىرىدا پۇشكىندىن ئاڭلىغىلى بولمايدىغان بىر ئاھاڭ ياڭرىدى — بۇ ئىشلەشكە بولغان قىزغىنلىق، تۇرمۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىش قىزغىنلىقى ئىدى» ②. ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سىياسىي

① گېرتسېن: «تاللانما ئەسەرلەر» رۇسىيە نەشرى 3-توم، 274-بەت،

② ماكسىم گوركىي: «رۇس ئەدەبىياتى تارىخى» — شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتىنىڭ 1979-يىل خەنزۇچە نەشرى، 273-بەت.

ئەركىنلىك ئىدىيىسى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا كەسپكە، ئىشلەشكە بولغان قىزغىنلىق بولۇپ ئىپادىلەندى. «ماڭا پائالىيەت كېرەك، مەن ھەربىر كۈننى ئۆچمەس پەيتكە ئايلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ يازىدۇ لېرمونتوۋ ئۆزى. ئىشقا، پائالىيەتكە بولغان قىزغىنلىق، ئەمما قەھرىمانغا مەيدان بولماسلىقتىن كېلىپ چىققان ئىچ پۇشۇقى ئۇ دەۋردە يالغۇز لېرمونتوۋقىلا ئەمەس، بەلكى باشقىلارغىمۇ خاس بولغان ئورتاق ئالاھىدىلىك ئىدى. خۇددى لېرمونتوۋنىڭ «ئاقىرىپ كۆرۈنەر يالغۇز بىر يەلكەن» دېگەن شېئىرىدە يېزىلغىنىدەك، ئۇلار بوران-چاپقۇننىڭ — كۈرەشنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتەتتى.

لېرمونتوۋنىڭ ئىجادىدا، يۇقىرىقى تېمىلاردىن تاشقىرى قوغلىنىش تېمىسى، كاۋكاز تېمىسى، شەيتان تېمىسى، يالغۇز-يېتىملىك ۋە بەربات بولغان خىيال توغرىسىدىكى تېما — يەنى شائىر ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگە قەدەر كۈيلىگەن بۇ تېمىلار پەيدا بولدى. بۇ تېمىلار شائىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىك ئىجادىدىلا كۆرۈلگەنىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلىگەن ھالدىكى راۋاجى ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللىك ئىجادىدا بولدى. 1831-يىلدىن كېيىن، لېرمونتوۋ لىرىك شېئىرلىرىنى ئالاھىدە ئۇسلۇبقا ئىگە كۈندىلىك خاتىرىلەر تەرىقىسىدە يېزىپ ماڭدى. بۇ شېئىرلارغا يېزىلغان ئاي-كۈنلىرى ماۋزۇ قىلىپ قويۇلدى. بۇ كۈندىلىك خاتىرە شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئىنتايىن باي ئىدى. ئۇ شېئىرلاردا، دېكابرىستلارنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى ئەڭ ئىلغار كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ھېسسىياتى ئىپادىلەندى. لېرمونتوۋنىڭ لىرىك قەھرىمانى روشەن خاسلىققا ئىگە ئىدىيە ئىگىسى، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى جەڭچى بولۇپ



نامايان بولدى. بۇ لىرىك قەھرىمان ھايات ۋە ئۆلۈم ھەققىدە، شەپقەت ۋە ياۋۇزلۇق ھەققىدە، ئەركىنلىك ۋە قۇللۇق ھەققىدە، ئۈمىد ۋە بەربات بولغان خىياللار ھەققىدە، جەننەت ۋە دوزاخ ھەققىدە، پەرىزات ۋە شەيتان ھەققىدە، يالغۇز-يېتىملىك ۋە ئادەملەر توپى ھەققىدە، ئۆتمۈش ۋە كېلەچەك ھەققىدە، مۇھەببەت ۋە ئالداش ھەققىدە، قوغلىنىش ۋە ئۆلۈم جازاسى مۇنبىرى ھەققىدە، ئالەمنىڭ ئەبەدىيلىكى ۋە ئىنسان ئۆمرىنىڭ قىسقىلىقى ھەققىدە، ئەڭ ئاخىرىدا، ئەڭ مۇھىمى يەنە ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىدۇ. ئۇ ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىشنى، ئۆز كۈچىنى ۋەتىنىنىڭ ۋە خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا بېغىشلاشنى ئۈمىد قىلىدۇ. لېرمونتوۋنىڭ ھەر بىر شېئىرىدە، چوڭقۇر، ئېغىر ئويلار ھاياجانلىق، قىزغىن سۆزلەر بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. ياشاشقا بولغان تەلپۈنۈش، ھەرىكەتكە ۋە پائالىيەتكە ئىنتىلىش، قانداقتۇر بىر خىزمەتنى ئورۇندىيالماي قېلىشتىن قورقۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان غەمكىنلىك، قايغۇرۇش — بۇلارنىڭ ئارىلىشىپ، بىرىكىپ كېلىشى لېرمونتوۋنىڭ لىرىك قەھرىمانىنىڭ ھېسسىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىراق بۇ خىل ھېسسىي كەيپىيات ۋە بۇ خىل روھنى پېسسىمىزم (ئۈمىدسىزلىك) دا ھەرگىز ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ. پېسسىمىزم ئادەتتە پائالىيەتسىز بولۇپ قېلىشتا، ھاياتىي مەقسەتنى يوقىتىپ مەيۈسلىنىشتە، ئىجتىمائىي مەقسەتنىڭ يوقلۇقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما لېرمونتوۋ نىكولاي I نىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا مەيۈسلىنىشكە ۋە ئۈمىدسىزلىنىشكە ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنەتتى. ئۇ ئۆز كۈچىنى جەمئىيەت ئىشلىرىغا بېغىشلاشقا بەل باغلىغانىدى. ئۇنىڭ يولى — مەقسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن

قەھرىمانانە كۆرەش قىلىش يولى ئىدى. لېرمونتوۋ شېئىرىيىتىنىڭ يالقۇنلۇق ئاكتىپلىقى ئۆز زامانداشلىرىنىڭ پائالىيەتسىزلىكىنى شەپقەتسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلاشتا، «موناخىنىڭ شاگىرتى» دا ئىپادىلەنگەن قەھرىمانلىقنى بايان قىلىشتا ياكى «شەيتان» نىڭ يالقۇنلۇق مونولوگلىرىدا روشەن نامايان بولىدۇ.

لېرمونتوۋ شېئىرلارنى شائىر سەنئىتىنىڭ قورالى دەپ بىلەتتى. ئۇ، ئۆز ئىجادىيىتى داۋامىدا، شېئىرىيەت تىلىنىڭ «مەغرۇر ۋە ساددا» بولۇشى ئۈچۈن، شېئىرىيەتنىڭ غايىۋى مەزمۇنى ئۈچۈن، رۇس ئىلغار شېئىرىيىتىنىڭ دېكابىرىستلار قوزغىلىڭىنى تەييارلاش دەۋرىدە ئوينىغان يۈكسەك سىياسىي رولىنى قايتا تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. لېرمونتوۋ شېئىرىيەتنىڭ ۋەزىپىسى — خەلققە ئاچچىق ھەقىقەتلەرنى بايان قىلىپ بېرىش، ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى پاش قىلىش، خەلقنى ئازادلىق يولىدا قەھرىمانلىق كۆرسىتىشكە دەۋەت قىلىش، دەپ بىلەتتى. ئۇ ھەقىقىي شائىر خەلققە نىسبەتەن يولباشچى ۋە بېشارەتچى بولىدۇ، شائىرنىڭ قۇدرەتلىك تىلى ۋە رىتىملىق، ئاھاڭدار ئاۋازى جەڭچىلەرنىڭ قەلبىدە جەڭ يالقۇنى ھاسىل قىلىشى كېرەك، شائىرنىڭ ئاۋازى ئومۇمىي خوشاللىق ياكى ئاپەت كۈنلىرى پۈتۈن شەھەرنى تىترىتىدىغان مۇنارە قوڭغۇرىقىدەك تەسىرلىك بولۇشى لازىم دەپ قارايتتى.

شۇنداق قىلىپ، لېرمونتوۋ ئىنقىلابىي، خەلقچىل شېئىرىيەتكە، رۇس سىياسىي شېئىرىيىتىگە ئاساس سالغۇچىلاردىن بىرى بولدى. ئۇ رۇسىيە ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ يېڭى مەزگىلىدىكى رېئال تەلەپلەرنى توغرا ئەكس ئەتتۈردى ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەينى دەۋردىكى ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىلەرگە ۋە رۇس ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا قۇدرەتلىك تەسىر كۆرسەتتى. لېرمونتوۋنىڭ شېئىرىيىتىدە



ئەكس ئەتكەن يالقۇنلۇق ھېسسىيات قۇدرىتى، چوڭقۇر ئەقىل، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدىكى توغرىلىق ۋە ئېنىقلىق، ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا بولغان يۈكسەك تەلەپچانلىق، نۇقسانلارغا بىپەرۋا قارىيالماسلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك، باشباشتاقلىق ۋە زوراۋانلىققا نەپرەتلىنىش، ئۇ ئىللەتلەر بىلەن ھەرگىز مۇرەسسە قىلماسلىق كېيىنكىلەرگە ئۆز بۇرچىنى ۋە ئۆز قەدرىنى بىلىشنى ئۆگەتتى. ئۇنىڭ ئاجايىپ ئاۋازى ئۇزاق زامانلارغىچە كىشىلەرنى جەسۇرلۇققا ئۈندىدى ۋە ئۈندەپ كەلمەكتە.

بىرەر شائىرنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ياراتقان مەنىۋى مەھسۇلاتلىرى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ياشىغان مۇھىتى ۋە ئۇ مەنسۇپ بولغان جەمئىيەت ھاياتى بىلەن، ئۇنىڭ تۇرمۇشتا بولغان ئالاقىسى ۋە ئوقۇش تارىخى، شۇنداقلا ئۇنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشى بىلەن زىچ ئالاقىدار بولىدۇ. لېرمونتوۋنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەرجىمىھالى ۋە داڭقى چىققان ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى بىلەن نىسبەتەن تەپسىلىي ھالدا تونۇشۇپ چىقىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار.

مىخائىل يۈرىيېۋىچ لېرمونتوۋ 1814-يىلى 15-ئۆكتەبىرگە ئۆتۈش كېچىسى موسكۋا شەھىرىنىڭ كراسنىيې ۋوروتا دېگەن جايىدىكى كىچىككىنە بىر ئۆيدە — يەنى ھەربىي خىزمەتتىن بوشىغان كاپىتان يۈرىيې لېرمونتوۋ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى.

بۇ دەل ناپولېئوننى مەغلۇپ قىلغان رۇس قوشۇنلىرى چەت ئەلدىن قايتىپ يانغىندا كۆيۈپ كەتكەن موسكۋاغا كىرىپ كېلىۋاتقان، مۇزىكا سادالىرى ياڭراۋاتقان، جەڭ يالقۇنلىرىدا ئىسلاشقان بايراقلار لەپىلدەۋاتقان، موسكۋا

ئاھالىسى كۆيۈپ كەتكەن خارابە ئۆيلەرنىڭ يېنىدا قايتقان قوشۇنلارنى تەنتەنىلىك قارشى ئېلىۋاتقان بىر مەزگىل ئىدى.

شائىرنىڭ ئانىسى مارىيە مىخايلوۋنا ئارسېنيېۋا ئايال پومېشچىك ئېلىزاۋېتا ئالېكسېۋنا ئارسېنيېۋانىڭ قىزى ئىدى. لېرمونتوۋ تۇغۇلۇپ كۆپ ئۆتمەي، ئۇنى مومىسى ئانىسى ۋە دادىسى بىلەن بىرلىكتە ئۆزىنىڭ پېنزا ۋىلايىتىنىڭ تارخانى قىشلىقىدىكى مۈلكىگە ئېلىپ كەتتى.

شائىرنىڭ مومىسى داڭلىق ئاقسۆڭەك ستولىپىن ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانىدى. ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى داڭقى چىققان ھەربىي كىشىلەر ئىدى. ئۇنىڭ ئاكىسى ئالېكساندىر ستولىپىن ياشلىقىدا سۇۋوروۋنىڭ ئاديۇتانتى بولۇپ خىزمەت قىلغان، يەنە بىر ئاكىسى ئارسېنيې سۇۋوروۋ بىلەن بىرلىكتە ئىزمائىلنى ئىشغال قىلىشقا قاتناشقان ۋە بۇ جەڭدە ئاجايىپ شۆھرەت قازانغان، ھەتتا بايرونمۇ ئۆزىنىڭ «دون جۇئان» ناملىق ئەسىرىدە ئۇنى ماختىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ دىمىترىي ستولىپىن ۋە ئافاناسىي ستولىپىن ناملىق ئاكىلىرى زەمبىرەكچىلەر قىسىملىرىدا خىزمەت قىلغان ۋە بورودىنو جېڭىدە مەردلىك كۆرسەتكەنىدى. لېرمونتوۋنىڭ مومىسى بۇ خىل نەسەب شۆھرىتى ھەم شەخسەن ئۆزىنىڭ ناھايىتى پۇلدار باي پومېشچىك ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، شائىرنىڭ دادىسى — كەمبەغەل كىچىك ئاقسۆڭەك، ھەربىي خىزمەتتىن چېكىنگەن «كاپىتان» لېرمونتوۋنى كۆزگە ئىلمىدى. ئۇ كۈيئوغلىنى ياقتۇرمايتتى ھەم ئۇنىڭ قىزى بىلەن بولغان نىكاھىنى بۇ ئائىلە نەسەبىگە نىسبەتەن ھاقارەت دەپ قارايتتى. شۇ سەۋەبتىن، لېرمونتوۋنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشى بەختسىزلىكتە ئۆتتى. بۇ خىل ئەھۋال



شائىرنىڭ كېسەلچان ئانىسىنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر قىلىپ، بالا تېخى ئۈچ ياشقا توشماي تۇرۇپلا، ئانا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭدىن بالىغا يادىكار بولۇپ پەقەت بىر پورترېتلا قالدى، قاپقارا كۆزلۈك، ياشقىنا ئايالنىڭ بۇ پورترېتى مېھمانخانىغا ئېسىپ قويۇلغانىدى.

ئانىسى ئۆلگەندىن كېيىن، بالا لېرمونتوۋ مومىسى بىلەن دادىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىشىشنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالدى. دادىسى ئۇنى ئېلىپ كەتمەكچى بولدى، مومىسى ئۇنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالماقچى ئىدى. تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا مومىسى بالا ئۆز يېنىدا تۇرسا، ئۇنى ئۆزىنىڭ بارلىق مۈلكىگە مىراسخور دەپ ۋەسىيەت قالدۇرىدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەت بەرگەندىن كېيىنلا، دادىسى ئوغلىنىڭ كېلەچىكىنى كۆزدە تۇتۇپ يول قويدى ۋە ئوغلىنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ، ئۆزى بۇ ئائىلىدىن كېتىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، لېرمونتوۋ دادىسىدىنمۇ جۇدا بولدى. ئەمما مومىسى ئۇنىڭغا ناھايىتى مېھرىبانىدى ۋە كۆيۈپ-پىشىپ غەمخورلۇق قىلاتتى. ئۇنىڭ گۆدەكلىك - بالىلىق دەۋرى شۇ مومىسىنىڭ يېنىدا، ئۇنىڭ تارخانى قىشلىقىدىكى مۈلكىدە ئۆتتى.

پېنزا ۋىلايىتىنىڭ ئاددىي ۋە كۆركەم مەنزىرىلىرى — دۇب ئورمانلىرى، داللاردىن تىنچ ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريالارنىڭ تىك قىرغاقلىرى، توپا-چاڭسىز قىشلاق يوللىرى، كەڭ ۋادىلاردا ئاندا-ساندا كۆزگە تاشلىنىدىغان ئاق قېيىنلار، يىراقتىن دولقۇنلىنىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان كۆپكۆك ئېدىرلار— بۇلارنىڭ ھەممىسى كېلەچەك شائىرنىڭ بالىلىق قەلبىدە ئۇنتۇلماس تەسىراتلار قالدۇردى.

لېرمونتوۋ قىشلاقتا، رۇس قوشاقلىرىنى ئاڭلاپ، خەلق

ئۇيۇنلىرىنى كۆرۈپ، ئىۋان گىروزنىي، ستېپان رازىن، يېمىلىيان پۇگاچېۋ توغرىسىدىكى ۋەزمىن ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ ئۆستى. دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى يېمىلىيان پۇگاچېۋنى خېلىلا كۆپ قېرىلار ئەسلەيتتى. ئۇ قوزغىلاڭ يۇرۇشلىرىدە پىنزا ئارقىلىق ئۆتكەن، ئۇنىڭ كازاكلىرى تارخانى قىشلىقىدىمۇ بولغانىدى.

بالا لېرمونتوۋ دېھقانلارنىڭ ئېغىر ۋە نامرات تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. تارخانى قىشلىقى، ئۆيلەر ئەتراپىدىكى كونا باغلار، ئوت بېسىپ كەتكەن كونا كۆلچەكلەر، قارىيىپ كەتكەن كونا ئۆيلەر ۋە ئاپئاق چېركاۋ — ئۇ ياشىغان مۇھىتنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ئىدى. بۇ قىشلاقتا مومىسىنىڭ يانچى دېھقانلىرى ياشايتتى. ئۇلارنىڭ كۆپى يېقىندىلا بولۇپ ئۆتكەن چەت ئەللەردىكى ھەربىي يۇرۇشلەردىن قايتىپ كەلگەن، بورودىنو جېڭىنىڭ خاتىرىلىرىنى تېخى ئۇنتۇمىغان كىشىلەر ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇلار ئىش باشلىقلىرىنىڭ قامچىسى ئاستىدا ياشايتتى. مومىسى ئۇلارنى پات-پاتلا قامچا ئاستىغا ئالدۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، تارخانى قىشلىقىدىن ئۈچ چاقىرىم يىراقلىقتا، مومىسىنىڭ بىر يىراق تۇغقىنى — ئا. ف. ماسلوۋ دېگەن پومېشچىك بار ئىدى. ئۇنىڭ يانچى دېھقانلارغا قىلغان ياۋۇزلۇقلىرى ھەققىدە ناھايىتى قورقۇنچلۇق ھېكايىلەر تارقىلىپ يۈرەتتى. بالا بۇلارنى ئاڭلايتتى. بۇلار بالىنىڭ گۆدەك قەلبىدە دېھقانلارغا بولغان ھېسداشلىق ۋە يانچىلىق تۈزۈمىگە بولغان نارازىلىقنى ئويغاتتى. لېرمونتوۋ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىنسانغا خورلۇق كەلتۈرىدىغان قۇللۇق، زورلۇق ۋە ھەققانىيەتسىزلىك، دەھشەتلىك زۇلۇم ئۇنىڭدا ئېغىر تەسىرات قالدۇردى.



لېرمونتوۋنىڭ مومىسىنىڭ تۇغقانلىرى، تونۇش-بىلىشلىرى ۋە يانچى دېھقانلىرى ئىچىدىن ۋەتەن ئۇرۇشىغا قاتناشقانلار، شۇنداقلا ناپولېئون ئارمىيىسىدە ئوفىتسېر بولغان، لېرمونتوۋنىڭ فرانسىيىلىك ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى جاپېي قاتارلىقلار پات-پاتلا بالىلارغا 1812-يىلدىكى ئۇرۇشنىڭ ھەر قايسى چوڭ ئوپېراتسىيىلىرى ۋە موسكۋا يانغىنى توغرىسىدا ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. بۇ ھېكايىلەر شائىرنىڭ بالىلىق مەزگىلىدىكى ئىدىيۋى ھېسسىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ياخشى تەسىر كۆرسەتتى ۋە كېيىنچە ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىنى كۆپلىگەن تېما ۋە تېماتىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى.

بالا لېرمونتوۋ پات-پاتلا ئاغرىپ قالاتتى، مومىسى ئۇنى 1818-يىلى، 1820-يىلى ۋە 1825-يىلى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئۈچ قېتىم كاۋكازغا مىنېرال سۇلۇق بۇلاقلاردا داۋالىنىشقا ئېلىپ بارغانىدى. ئۇلار كاۋكازغا پۈتۈن روسىيە بويلاپ، ئۆز ئاتلىرىدا باراتتى، سەپەر ئۈچ ھەپتە داۋام قىلاتتى. روسىيىنىڭ دۆلەت چېگرىسىغا يېتىپ بارغاندا، لېرمونتوۋنىڭ كۆز ئالدىدا كاۋكاز تاغلىرى نامايان بولاتتى. ھاۋادا ئەركىن پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن بۈركۈتلەر ۋە شىددەتلىك جەڭلەر ۋەتىنى بولغان كاۋكاز دەشتلىرى كۆزگە تاشلىناتتى. كاۋكاز لېرمونتوۋنىڭ بالىلىق خاتىرىسىدە ئازادلىق ۋە شان-شەرەپ ئۆلكىسى، ئالىيجاناپ ۋە يالقۇنلۇق ئارزۇلار ۋەتىنى بولۇپ گەۋدىلەنگەنىدى. كاۋكازنىڭ ئاجايىپ تەبىئىتى ۋە كاۋكاز خەلقلىرىنىڭ ئاددىي، ساپ ھاياتى ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. بۇ سەپەرلەر نەتىجىسىدە، كاۋكاز ئۇنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىككىنچى ۋەتىنىگە، ئۇنىڭ ئۈچۈن، «ئىلھام يۇرتىغا» ئايلاندى. كېيىنچە، شېئىر يېزىشنى باشلىغىنىدا، ئۇ نۇرغۇن شېئىرلىرىنى ناھايىتى يېقىنچىلىق

بىلەن كاۋكازغا بېغىشلىدى ۋە بىرمۇنچە داڭلىق ئەسەرلىرىنىڭ ۋاقىت ۋە جۇغراپىيىۋى شارائىتىنى كاۋكازغا ئورۇنلاشتۇردى.

1825-يىلى 14-دېكابىردا پېتىربۇرگدا بولۇپ ئۆتكەن قوزغىلاڭنىڭ خەۋىرى ناھايىتى تېزلىك بىلەن تارخانىغىمۇ يېتىپ كەلدى. لېرمونتوۋنىڭ مومىسىنىڭ قېرىندىشى دمىترى ئالېكسىيېۋىچ ستولىپىن دېكابىرىستلارنىڭ داھىيلىرىدىن بىرى بولغان پېستىلنىڭ دوستى ئىدى. مومىسىنىڭ يەنە بىر قېرىندىشى ئاركادى ئالېكسىيېۋىچ ستولىپىن بولسا، دېكابىرىستلارنىڭ يەنە بىر داھىيسى، ئىنقىلابىي شائىر رىلېيېۋ بىلەن تونۇشاتتى. بۇلار قوزغىلاڭ جەريانىدا قەتلى قىلىنغانىدى. شائىرنىڭ تاغىلىرىنىڭ دېكابىرىستلار بىلەن بولغان بۇ خىل چوڭقۇر مۇناسىۋىتى ۋە يېتىپ كەلگەن خەۋەر ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىنى زىلزىلىگە سالدى.

لېرمونتوۋنىڭ بالىلىق دەۋرى تۈگەپ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرى باشلاندى. ئۇ ئۆيگە كېلىپ دەرس بېرىپ كېتىدىغان ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ قولىدا ياخشى تەربىيىلەنگەنىدى. ئۇ 14 ياشقا كىرگەن يىلى، يەنى 1827-يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە، مومىسى ئۇنى ئېلىپ موسكۋاغا كەتتى. يەنە بىر يىلى — 1828-يىلى 9-ئايدا، لېرمونتوۋ موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بالىلىرى ئوقۇيدىغان ياتاقلىق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ 4-يىللىقىغا ئىمتىھان بېرىپ كىردى. بۇ ئەينى دەۋردە ئەڭ ياخشى مەكتەپ ئىدى. لېرمونتوۋدىن ئىلگىرى بۇ مەكتەپنى 1825-يىلى دېكابىر قوزغىلىڭىنىڭ كۆپلىگەن قاتناشقۇچىلىرى تاماملاپ چىققانىدى. لېرمونتوۋ ئوقۇشقا كىرگەن مەزگىلدىمۇ بۇ مەكتەپتە يەنىلا ئەركىن پىكىر قىلىش روھى ھۆكۈم سۈرەتتى. مەكتەپتە، موسكۋا



ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ ئىلغار ژۇرناللار بىلەن ئالاقىسى بولغان ئەڭ ياخشى پروفېسسورلىرى دەرس بېرەتتى. مەكتەپتە، ۋەتەن ئەدەبىياتىنى قىزغىن سۆيۈش كەيپىياتى بار ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار قولىيازما ژۇرناللار چىقىراتتى. قەتلى قىلىنغان دېكابىرىست شائىر رىلېيېۋنىڭ شېئىرلىرى، پۇشكىننىڭ ۋە پولېچايېۋنىڭ چەكلەنگەن ئەسەرلىرى، گرىبويېدوۋنىڭ «ئەقىللىقلىقنىڭ بالاسى» ناملىق دراممىسى قولدىن-قولغا ئۆتۈپ ئوقۇلاتتى. لېرمونتوۋ مەكتەپتە تارىخىي تراگېدىيە تەسىراتى ئاستىدا — يەنى دېكابىرىستلار قوزغىلىڭى مەغلۇبىيىتىنىڭ تەسىراتلىرى ئاستىدا تەربىيىلەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىدىلا دېكابىرىستلار شېئىرىيىتىنىڭ تېمىلىرى ياڭراشقا باشلىدى. ئۇ شېئىر يېزىشنى 1828-يىلى باشلىدى. دېكابىرىست شائىرلارغا ئوخشاش ئۇمۇ «پەسكەش ئىستىبدات» نى لەنەتلىدى، «ئەركىنلىكنىڭ قانلىق بايرىقى» نى ئۇلۇغلىدى، كاۋكازنى ۋە «جەڭگىۋار سلاۋيانلارنىڭ مۇقەددەس بۆشۈكى» بولغان قەدىمىي نوۋگورودنى كۈيلىدى. لېرمونتوۋ شېئىرلىرىنى مەشىق مەقسىتىدە، ئۆزى ئۈچۈن يازاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ يازغانلىرى مەتبۇئاتقا تاپشۇرۇلماي، دەپتىرىدە قېلىپ كېتەتتى. شائىر بۇ مەزگىلدە، 100 پارچىغا يېقىن قىسقا شېئىر ۋە تۆت-بەش پارچە داستان يازدى. شائىرنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرى ناھايىتى ئېنىق ھالدا تېخى تەقلىد ۋە مەشىق خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. مەسىلەن، ئۇنىڭ «كاۋكاز ئەسىرى» ناملىق داستانىنىڭ بەزى دېتاللىرى ئاساسەن پۇشكىننىڭ ئوخشاش ناملىق ئەسىرىگە ئوخشايتتى، ھەتتا ئايرىم شېئىرىي ئىبارىلەرنىمۇ ئۇ پۇشكىندىن ئالغانىدى. ئۇنىڭ «دېڭىز

قاراقچىسى» ناملىق داستانىدىكى بىر مۇنچە مىسرالار ۋە ئىبارىلەر پۇشكىندىن، كازىلوۋدىن، مارلىنىسكىي ۋە لومونوسوۋلاردىن ئېلىنغانىدى. ئەمما بۇ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەقلىد ۋە مەشقلەردە لېرمونتوۋنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئىجادىيلىقىمۇ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئېيتايلۇق، لېرمونتوۋنىڭ «كاۋكاز ئەسىرى» دە، پۇشكىننىڭكىگە قارىغاندا، دراماتىزم ئامىللىرى كۆپرەك ئىدى. 1829-يىلى، ئۇ ئۆزىنىڭ «شەيتان» ناملىق داستانىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى يېزىشنى باشلىدى. بۇ داستانىنىڭ كۆپ يىللاردىن كېيىنكى قايتا يېزىلغان ۋە بېكىتىلگەن نۇسخىسىدىمۇ ئاز بولمىغان سەتىرلەر ئاشۇ ياتاقلىق ئوتتۇرا مەكتەپ دەۋرىدە يېزىلغان دەسلەپكى نۇسخا بويىچە ئېلىنغانىدى. يۇقىرىقىلاردىن، ھەرقانداق بىر ئەدىبنىڭ دەسلەپكى مەشقلىرىدە كۆرۈلىدىغان كىتاب ئوقۇش ۋە قاتتىق تەسىر ئېلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان تەقلىدچىلىكنىڭ لېرمونتوۋدىمۇ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئەھۋال پەقەت مەشىق دەۋرىدىلا ئەپۇ قىلىنىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق بوۋاق مېڭىشنى باشقا ياخشى ماڭالايدىغان چوڭلارنى دوراپ ئۆگىنىدۇ.

لېرمونتوۋنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت يېزىقچىلىقىدا پىشىپ يېتىلىشى ۋە تالانتلىق شائىر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۇنىڭ موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇش دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يېزىقچىلىقى داۋامىدا بولدى. شائىر 1830-يىلى كۈزدە، موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نەزەرىيە-سىياسىي فاكۇلتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىردى. بۇ ۋاقىتلاردا موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى پۈتۈن مەملىكەت روھىي ھاياتىنىڭ مەركىزى ئىدى. ئۇنىۋېرسىتېتتە، بېلىنىسكىي، گېرتسېن، ستانكېۋىچ، ئوگارېۋلار



ئوقۇيتتى. ئۇلار رۇس ئەدەبىياتى ۋە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىلىرىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەنلەردىن ئىدى. ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىكىدىن گۇرۇپپىلارغا تەشكىللىنىپ، سىياسىي-ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ۋە بەدىئىي ئەدەبىيات مەسىلىلىرىنى قىزغىن مۇزاكىرە قىلىشاتتى. ئۇلار، روسىيىدە سىياسىي تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش ۋە يانچى دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش يوللىرىنى ئىزدىنەتتى. ئۇلارنىڭ ئوچۇق نارازىلىقلىرى ئەكسىيەتچى پروفېسسورلارغا چۇقان - سۈرەن بىلەن قارشى چىقىشلاردا ئىپادىلىنەتتى. ئۇلار بىر قېتىم، 1831-يىلى 3-ئايدا، ئەكسىيەتچى پروفېسسور مازىلوۋنى مەكتەپتىن قوغلاپ چىقارغانىدى. بۇ ھەرىكەتكە لېرمونتوۋمۇ، گېرتسېنمۇ قاتناشتى.

لېرمونتوۋ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئوقۇش مەزگىلىدە يېزىقچىلىق بىلەن كەڭ تۈردە ۋە بېسىپ شۇغۇللاندى شۇنداقلا پائال تۈردە ئۆگەندى. ئۇ ناھايىتى بىلىملىك ئىدى، ناھايىتى كۆپ كىتابلارنى ئوقۇغان ۋە بىرقانچە خىل چەت ئەل تىلىنى بىلەتتى. بۇ ئاساستا، ئۇ ئۆزىنىڭ گېنىئال شېئىرىي ئىستېداتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئىجادىي ئەمگەك بىلەن تىنماستىن شۇغۇللاندى. بۇ مەزگىلدە ئۇ، شەخسىي بىئوگرافىيىلىك خاراكتېردىكى «ئىنسان ۋە ھېسسىيات» (1830-يىل)، «غەلىتە ئادەم» (1831-يىل) قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى، ناھايىتى نۇرغۇن شېئىرلارنى ۋە «ئىسمىربەگ» داستانىنى يازدى.

لېرمونتوۋ ناھايىتى داڭقى چىققان «بورودىنو» ناملىق شېئىرىدا ئۆز خەلقىنىڭ ناپالېئون ئىستېلاسىغا قارشى كۆرسەتكەن قەيسەرانە ۋە تارىخىي قەھرىمانلىقلىرىدىن پەخىرلەنگەن ۋە ئۇنى يۈكسەك مىللىي ئىپتىخار بىلەن كۈيلىگەنىدى. چۈنكى، «بورودىنو» ئۇرۇشى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ۋەتەن

ئۇرۇشى ئىدى. ئەمما، بىز «ئىسمىربەگ» داستانىدا، شائىرنىڭ تامامەن باشقا مەيدانغا، يەنى چاررۇسىيىنىڭ قوشنا مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەرگە بولغان شوۋىنىستىك كېڭەيمىچىلىكىنى ئەيىبلەش، رۇسلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى مىللىي مۇستەقىللىق ۋە مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشلىرىنى قانات يايدۇرۇۋاتقان كاۋكاز مىللەتلىرىگە ھېسداشلىق قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھەققانىي ئۇرۇشىنى قوللاش مەيدانىغا ئۆتكەنلىكىنى كۆرىمىز. تارىختىن ئاز-تولا خەۋىرى بار كىشىلەرگە مەلۇمكى، روسىيە دۆلىتى XVI ئەسىردىن كېيىن، ناھايىتى كۈچەيگەن ھەربىي قۇدرىتىگە تايىنىپ، بىر قاتار تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى قوزغاپ، ئۆزىنىڭ مىللىي چېگرىسىدىن ھالقىپ ئۆتتى. ئۇ، ئالدى بىلەن، ئاستىراخان، قازان ۋە سىبىر خانلىقلىرىنىڭ كەڭ زېمىنىنى شۇ مەملىكەتلەرنىڭ مۇنازىرىسىز خوجايىنلىرى بولغان تاتار، باشقىرت، قىپچاق، ياقۇت قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەردىن تارتىۋېلىپ، ئۇلارنى مۇقەددەس مىللىي ئىگىلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالدۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن دىققىتىنى جەنۇبقا — كاۋكاز مىللەتلىرىگە قارىتىپ، ھەربىي كېڭەيمىچىلىك ئارقىلىق كاۋكازنى پەيدىنپەي يۇتۇۋېلىشقا باشلىدى. لېرمونتوۋ ياشىغان ۋە ئىجاد قىلغان دەۋر دەل كاۋكازدىكى تۈركىي مىللەتلەر رۇسلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مىللىي ئازادلىق يولىدا كۆتۈرۈلگەن ۋە چاررۇسىيىنىڭ ھەربىي باستۇرۇشلىرىغا قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرۇۋاتقان، پۈتۈن كاۋكاز شىددەتلىك جەڭلەر ئىچىدە قالغان بىر دەۋر ئىدى.

لېرمونتوۋ كاۋكازنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنى «تاغۇ دەشتلەرگە ئورۇنلاشقان ئەركىن مەملىكەت»، «ئەركىنلىكنىڭ ئاددىي ۋە پاك يۇرتى»، «ئۇندا بۇركۈتتەك قۇدرەتلىك ئادەملەر ياشايدۇ» دەپ بىلەتتى. ئۇ كاۋكازنىڭ ئۇلۇغۋار



تەبىئىتىگە، «مەڭگۈ قارلار ئالماستەك يالتىراپ تۇرغان ئاسمان پەلەك چوققىلارغا ۋە قاتمۇ قات تاغلارغا» ھەيران قالاتتى. ئۇنىڭ قەلبىنى كاۋكاز تەبىئىتىنىڭ گۈزەللىكى ۋە خەلقىنىڭ ئاددىيلىقى، پاك سەممىيلىكى ۋە كۈچلۈكلۈكى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. ئەمما، كاۋكازنىڭ رۇسلار تاجاۋۇزى نەتىجىسىدە خىلمۇ خىل بەختسىزلىكلەر گىردابىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، ئۇرۇشتا جاراھەتلەنگەنلىكىنى، ئەسلىدە ئەركىنلىك باغرىدا يايراپ كەلگەن بۇ مەملىكەت زېمىنىنىڭ ئەمدىلىكتە ئەركىنلىك يولىدا ھالاك بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ قايغۇ بىلەن كۆردى. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ «ئىسمىربەگ» ناملىق بۇ داستانىدا، كاۋكاز خەلقلىرىنىڭ مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىدەك بۇ خىل سىياسىي تېما ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىدى.

داستاننىڭ باش قەھرىمانى ئىسمىر بەگ ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى رۇسلانبېكلەر كاۋكازدا زور تەسىر كۈچكە ئىگە ئادەملەر. ئىسمىر بەگ كارباداننىڭ كىنەزى. ئۇ روسىيىدە ئوقۇغان ھەم رۇس گۋاردىيە قىسىملىرىدا ئوفىتسېر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭ پېتربۇرگنىڭ ئالىي تەبىقە جەمئىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى. ئۇ، كېيىن ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ، تاغلىقلارنىڭ رۇسلارغا قارشى قوزغىلاڭلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ، تاكى ئۆلگەنگە قەدەر رۇس كازاكلىرى بىلەن قانلىق جەڭلەر ئېلىپ بارىدۇ. داستاندا، ئىسمىر بەگنىڭ ئوبرازى — مىللىي ئازادلىق جەڭچىسىنىڭ ئوبرازىدۇر. ئۇمۇ لېرمونتوۋنىڭ باشقا كۆپلىگەن باش قەھرىمانلىرىغا ئوخشاش، ھەرىكەت ئىرادىسىگە ئىگە، كۈرەشكە بولغان تەشنالىقى يالقۇنجاپ تۇرغان، قەيسەر خاراكتېرگە ئىگە مەغرۇر ۋە ئەركىن شەخس. بىز داستاندا ئۇلۇغلانغان بۇ ئوبراز ئارقىلىق لېرمونتوۋنىڭ ناھايىتى ئېنىق ھالدا، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئازادلىقى

ئۇچۇن كۇرەشىۋاتقان كاۋكاز خەلقى تەرەپتە تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. داستاندا، كېچىسى پۈتۈن كازاكلىرىنى چىركەسلەر تۇيۇقسىز ھۇجۇمدا قىرىپ تاشلىغان، ئۆزى تۈن قاراڭغۇلۇقىدا تېنەپ قېلىپ، گۈلخان يېنىدا يالغۇز ئولتۇرغان ئىسمىربەگدىن پاناھ تىلەپ كەلگەن رۇسقا ئىسمىربەگ مۇنداق دەيدۇ:

— ياش ئىكەنسەن قاراپ باقسام، بۇ يەرگە —
كەلگەندۇرسەن بەلكى ئىزدەپ شەرەپ-شان.
ئەمما ئۇنتۇپ قاپسەن تامام بۇرادەر،
ئېچىلمىغان خەلق بىلەن يۈرگۈزگەن —
قانلىق جەڭدە شەرەپ بولماس ھېچقاچان!
ئېلىمىزگە ئاچكۆزلەرچە سوزۇپ قول،
ئارامىمىز، بەختىمىزنى بۇزدۇڭلار،
نېمە ئۈچۈن؟ تايىنىپ نېمە ئاساسقا؟
ياكى نامرات بولغاچقىمۇ بىز نوقۇل؟
ياكى خەلق بۇندا كۆنمىگەچكىمۇ
تېگىشىشكە يايلاقلارنى، ئەركىنى
ئالتۇن رەڭلىك بىر ياقىلىق لىباسقا؟
ياكى سىلەر سەل قارىغان ھەممىگە
قىلغاچقىمۇ بىز بۇ يەردە ئېتىقاد؟
نېمە ئۈچۈن؟ قېنى سۆزلەپ باقىنا،
قورقۇشتىن ۋە ئەندىشىدىن بولۇپ يات.
نېمە ئۈچۈن مۇنچىۋالا ئۆچمەن سەن،
بۇ ساپ كۆڭۈل ۋە سەممىي خەلقىمگە؟
ياكى ئاددىي-قوپاللىقى ئۇلارنىڭ
زىيان-زەخمەت يەتكۈزگەنمۇ قەلبىڭگە؟



داستاننىڭ 3-بابىدا، لېرمونتوۋ لىرىك خىتاب يولى بىلەن ئاچچىق تەنە قىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

سىلاۋىيانلار قورالىنى تۇسۇغان
قانداق قىيا، قانداق دېڭىز ۋە يايلاق؟
ئۆز ھۆكمىگە قارشىلىقىنى، ئىسيانىنى
تەس بولغانمۇ رۇس شاھىغا باستۇرماق؟
بولدى ئەمدى، بويسۇنۇڭلار چىركەسلەر،
شەرقىڭمۇ، غەربىڭمۇ قىسمىتى
سىلەر بىلەن ئوخشاش بولار بىر يولى.
پۇرسەت يېقىن، مەغرۇرلىنىپ دەيسىلەر:
— بىز بۇ جاھان خاقانىنىڭ قۇللىرى!
ھە، ئۇنىڭغا ئازلا قالدى، شىمالدا —
قورۇلغۇسى يېڭى بىر رىم قۇدرەتتە.
يەنە بىرى ئىمپېراتور ئاۋگۇستتىن
باش كۆتۈرۈپ چىققاي ئاشۇ پۇرسەتتە!

بۇ تەنە ۋە ئىستېھزالىق مىسرالاردا، لېرمونتوۋنىڭ چاررۇسىيىنىڭ ھەربىي كېڭەيمىچىلىكى ۋە جاھان مىقياسىدىكى (خۇددى رىم ئىمپېرىيىسىدەك) چوڭ ئىمپېرىيىگە ئايلىنىش قارا نىيىتىگە بولغان نەپرىتى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ چىققان.

لېرمونتوۋ بۇ داستاندا، كاۋكاز خەلقلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئازادلىقى ۋە مىللىي مۇستەقىللىقى يولىدا جان تىكىپ، پىداكارانە ۋە قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلغانلىقىنى مۇھەببەت بىلەن، خۇددى شۇ خەلقلەردىن كېلىپ چىققان شائىردەك ئىپتىخارلىنىپ تەسۋىرلەيدۇ. داستاندىكى شېئىرىي ئوبرازلاردا

ۋە شېئىرىي كارتىنىلاردا چىركەسلەرنىڭ تۇغما جەڭگىۋار، قەيسەر ۋە باتۇر، بۈركۈتتەك مەغرۇر، ئەمما ئاق كۆڭۈل ۋە ئاددىي بولغان خاراكتېرىنى ناھايىتى ئىنچىكە سۈرەتلەيدۇ. ئۇلار ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقى يولىدا ھەممىدىن، ھەتتا توغرا كەلسە ئۆز جانلىرىدىن ۋاز كېچىشكىمۇ تەييار. ئۇلار رۇسلارنىڭ قۇللۇق ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنماي، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئاۋات شەھەر-قىشلاقلىرىنى ئادەمسىز قالدۇرۇپ، ئىچكىرى تاغلارغا، دەشت-باياۋانلارغا كۆچۈپ كېتىدۇ ۋە ئۇ يەرلەردە ئاستا-ئاستا كۈچ توپلاپ، رۇسلارغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلىنىدۇ.

شائىر چىركەسلەرنىڭ بۇ خىل قەھرىمانانە كۈرەشلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي تەقدىرىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە، ئۇلارنىڭ تارىخىي ۋە مىللىي ئاجىزلىقلىرىغىمۇ ئېچىنىدۇ. شائىر داستاندا، رۇسلارنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن تاشقىرى، بۇ ئاجىزلىقلارنىڭمۇ ئۇلارنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىدىن مەھرۇم بولۇپ، رۇسلارنىڭ قۇللۇقىغا چۈشۈپ قېلىشىدا ئەجەللىك ئىچكى سەۋەبلەردىن بولغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. شائىرنىڭ بۇ خىل ئېچىنىشى دوستانە كۆيۈنۈشتىن كېلىپ چىققان، ئەلۋەتتە. شائىر بايقىغان ۋە ئۆز داستانىدا ئىپادىلىگەن بۇ تارىخىي ۋە مىللىي ئاجىزلىقلار نېمىلەردىن ئىبارەت؟ بۇ ئاجىزلىقلار — تۈركىي خەلقلەردىن بولغان چىركەسلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ئارقىدا قېلىشى، ئومۇمىي قالاقلىق ۋە نادانلىق، ساددىلىق ۋە بىلىمسىزلىك، خۇراپاتلىق ۋە نامراتلىق، تارقاقلىق، ئىچكى ئىتتىپاقسىزلىق، قارىغۇلارچە قارامىلىق ۋە يېلىتىزى ناھايىتى چوڭقۇر بولغان ھەسەتخورلۇق قاتارلىقلار ئىدى. ئۇلار ھاكىمىيەت ۋە چوڭچىلىق تالىشىپ بىر-بىرىگە تىغ كۆتۈرگەن ئاكا-ئۇكىلار



ياكى خاقان جەمەتىدىن بولغان نىزاھلاشقۇچى قېرىنداشلارنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، ئوڭايلا بۆلۈنۈپ، قۇدرەتلىك، بىرلىككە كەلگەن ھەربىي ۋە سىياسىي كۈچ ھاسىل قىلالماي، ئاقىۋەتتە كۈچلۈك ئاتلىق ئىمپېرىيىلەرنىڭ قۇللۇقىغا چۈشۈپ قالاتتى ياكى كېيىن باش كۆتۈرگەن ھەربىي فېئودال دۆلەتلەر ياكى بىرلىككە كەلگەن چوڭ مىللەتلەرنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالاتتى، ياكى ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قولىدىن يەنە بىرىنىڭ قولىغا مۇستەملىكە تەرىقىسىدە مىراس قالاتتى. بۇ ئاجىزلىقلار كاۋكازدا، ئورال بويلىرىدا، قىپچاق دالىسىدا، سىبىرىيىدە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا — مۇشۇنداق بىر كەڭ زېمىندە ياشىغۇچى بارلىق تۈركىي مىللەتلەرگە ئورتاق بولۇپ، بۇ مىللىي پسىخىك ئاجىزلىقلارنىڭ ئۇلارنىڭ كېيىنكى تارىخىي پاجىئەلىرىدە، ئىچكى سەۋەب تەرىقىسىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى كۆرىمىز. قۇدرەتلىك ھەربىي دۆلەت چاررۇسىيە ئۇلارنىڭ كەڭ زېمىنىنى ئۇلارنىڭ تارقاقلىقى ۋە يۇقىرىقىدەك مىللىي پسىخىك ئاجىزلىقلىرى-دىن پايدىلىنىپ بىر-بىرلەپ يۇتۇۋالغان. داستاندا، ئىسمىر بەگنىڭ دادىسىنى بىر قېرىندىشى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ. ئۇ، قېرىندىشىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئىچكىرى تاغلارغا قېچىپ كېتىدۇ ۋە بىر تاغ ئۆڭكۈرىدە مۆكۈنۈپ ياشايدۇ. ئىسمىربەگ شۇ تاغ ئۆڭكۈرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ بالىلىقى بۈركۈتلەر ۋە بۇلۇتلار بىلەن بىرلىكتە ئاسمان ۋە تاغ ئارىلىقىدا تەنھا ئۆتكەن. ئۇ رۇسىيىدىن قايتىپ كەلگەندە، ئىچكىرى تاغلار ۋە دەشتلەردە قېچىپ يۈرگەن چىركەسلەر ئۇنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزى دەپ بىلىدۇ. ئەمما ئىسمىربەگنىڭ ئاكىسى رۇسلانبېكچۇ؟ ئۇ چىركەسلەرنىڭ ئىنىسىنى مۇنچىۋالا ھىمايە قىلىشىدىن قىزغىنىدۇ،

ئۆزىنى كۆرسى چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، بىگىلا قايتىپ كەلگەن ئىنىسىگە ھەسەتخورلۇق ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. قوزغىلاڭ پارتلاپ، ئىسمىربەگ چىركەسلەرنى باشلاپ رۇسلار بىلەن قانلىق جەڭلەرگە كىرىشكەندە، رۇسلانبېك ئۇنى جەڭ ئىچىدە قالدۇرۇپ، ئۆزى بىرقىسىم چىركەسلەرنى باشلاپ يىراق بىخەتەر تاغ ئىچىگە قېچىپ كېتىدۇ. ئىسمىربەگ رۇسلار بىلەن جان تىكىپ جەڭ قىلىدۇ، نۇرغۇن مەيدانلاردا رۇسلارنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىدۇ. ئەمما، رۇسلانبېك خىلۋەت تاغلار ئىچىدە ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈش يوللىرىنى پىلانلايدۇ. داستاندا ناھايىتى مەنىلىك بولۇپ چىققىنى شۇكى، چىركەسلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنىڭ باتۇر يېتەكچىسى ئىسمىربەگ ئاخىرقى ھېسابتا جەڭ مەيدانىدا رۇسلارنىڭ قولىدا ئەمەس، بەلكى ھەسەتخور ئاكىسى رۇسلانبېكنىڭ يوشۇرۇن ئاتقان ئوقىدا ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ جەسىتىنى مۇسۇلمان چىركەسلەر سۇغا ئېلىش ئۈچۈن يېشىندۇرگەندە، ئۇنىڭ چىركەسچە تونى ئىچىدىن روسىيىدە بولغان ۋاقتىدا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان رۇس قىزىنىڭ يادنامە ئۈچۈن بەرگەن بىر تۇتام بۇدۇر چېچى چىقىدۇ ۋە كۆكسىدە قىزنىڭ يادنامىسى بولغان كرېست شەكىللىك كۈمۈش مېدالىيون كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، چىركەسلەر ئۇنىڭ جەڭلەردە كۆرسەتكەن پۈتۈن قەھرىمانلىقلىرى ۋە باشلامچىلىقىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۇنى كاپىرغا ھېساب قىلىپ، ئۇنى مۇسۇلمانلار قائىدىسى بويىچە يەرلىككە قويۇشنى رەت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ يالقۇنلۇق مىللىي ئازادلىق جەڭچىسىنىڭ جەسىتى قاقاس تاغدا كۆمۈلمەستىن شۇ پېتى تاشلىنىپ قالىدۇ ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يەم بولىدۇ — بۇ نادانلىق بولماي نېمە؟ ھەسەتخورلۇقتا



ئاكىسى ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈش دەرىجىسىگە يەتكەن، نادانلىق ۋە خۇراپاتلىقتا ئۆز يېتەكچىسىنىڭ جەسىتىنىمۇ يەرلىككە قويۇشتىن باش تارتىش ۋە ئۇنى رەزىللىك بىلەن خورلاش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن بىر مىللەتنىڭ باشقىلارنىڭ قۇللۇقىغا چۈشمەسلىكى ۋە ھەرقانچە جەڭگىۋار بولغان بىلەنمۇ ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇپ بولماسلىقى مۇمكىنمىدى؟ ئەلۋەتتە لېرمونتوۋ داستاندا توغرىدىن-توغرا مۇنداق دېمىگەن، ئەمما بىز، كىتابخان تەرىقىسىدە داستاننى ئوقۇغاندا شۇنداق ئەقلىي خۇلاسىگە كەلمەي تۇرالمايمىز.

شائىرنىڭ يەنە بىر داستانى «قاچقۇن» مۇ جەڭ قىلىۋاتقان چىركەسلەر تېمىسىدا يېزىلغان. بۇ داستاندا «ئىسمىربەگ» داستانىدىن تامامەن پەرق قىلغان ھالدا، چىركەسلەرنىڭ بىر قاچقۇنى — ھارۇن ئەيىبلىنىدۇ:

ھارۇن قېچىپ چىقتى جەڭگاھتىن،
ئۇندا چىركەسلەر ئاققۇزماقتا قان.
ئۇ جەرەندەك قاچىدۇ، ياكى —
بۇركۈت قوغلىغان توشقاندەك چاپسان.
ئۇنىڭ ئاتىسى ۋە ئاكىلىرى
ئەرك ئۈچۈن بەردى ئۇندا جان.
لاي تۇپراقتا ئۇلارنىڭ بېشى —
ياۋنىڭ ئاياغ ئاستىدا قېلىپ،
كۈتەر قىساس، كۈتەر قانغا قان.

قاچقۇن ھارۇنچۇ؟ ئۇ ئاتىسى ۋە ئاكىلىرىنىڭ قىساسىنى ئالمايدۇ، قانغا قان ئالمايدۇ. ئەكسىچە قورقۇپ جەرەندەك

ۋە توشقاندەك قاچىدۇ. ئۇنى ئۆز قىشلىقىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۆلۈم ئالدىدا ياتقان ئاغرىقچان دوستى قوبۇل قىلمايدۇ، ئەكسىچە لەنەتلەيدۇ. ئۇ سۆيگەن قىزىنى ئىزدەپ بېرىپ، دېرىزىدىن ئۇنىڭ جەڭ قاچقۇنلىرى توغرىسىدا قوشاق ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايدۇ ۋە كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي كېتىپ قالىدۇ. ئاخىر ئىلاجىسىز ئۆز ئۆيىگە — قېرى ئانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئانا ئۇنىڭ جەڭدىن قېچىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى قارغايدۇ ۋە ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. قاچقۇن ھارۇن ئاخىر ئۆز ئۆيىنىڭ پەلەمپىيىدە ئۆزىنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرىدۇ. داستاندا ئۇنىڭغا بولغان لەنەت شۇنداق ئېنىقكى، ھەتتا شائىر ئۇنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئۆلۈكنى كۆرۈپ ئەتىسى ئانا
نەزەرىنى ئالدى ئاغدۇرۇپ.
قەبرىستانغا ئاپىرىشمىدى،
ئىگىسىز بولۇپ قالدى ئۇ جەسەت.
يارىسىدىن ئاققان قېنىنى
ئىتلار كېلىپ يالىدى پەقەت.
ئورنىۋېلىپ سوغۇق مۇردىنى
ئۇششاق باللار تىللاشتى راسا.
ئۇنىڭ ئارى بىلەن ئۆلۈمى
قىلمىشىغا بولدى باب جازا.
ئۇنىڭ روھى قورقۇپ خۇدادىن،
يىراقلارغا كەتتى تىترەپ.
شەرقتىكى تاغلار ئىچىدە
كېچىلىرى يۈرىدۇ تېنەپ.
تاڭ ئالدىدىن ئۆيگە يېقىنلاپ،



دېرىزىنى ئاستا قاقىدۇ.
ئۆي ئىچىگە كىرمەكچى بولۇپ،
يەنە ئەپۇ سوراپ باقىدۇ.
لېكىن شۇ دەم ئاڭلاپ قۇرئاننىڭ
ياڭراپ تۇرغان ئايەتلىرىنى،
قاچقان كەبى جەڭ مەيدانىدىن،
تاغ ئىچىگە قاراپ قاچىدۇ...

«ئىسمىر بەگ» ۋە «قاچقۇن» داستانلىرىنى ئوقۇپ چىققان كىشى ئىختىيارسىز ھالدا، لېرمونتوۋنى رۇسلاردىن چىققان شائىرمۇ ياكى چەركەسلەردىنمۇ؟ دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ھە، ئۇ مىللەت يېقىدىن ئەلۋەتتە رۇس، لېكىن ئۇ، ھەققانىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئادالەت ئالدىدا، سىياسىي جەھەتتىن ۋە ئەخلاقىي-مەنىۋى جەھەتتىن چەركەسلەرنىڭ مىللىي ئازادلىقى مەيدانىدا تۇرىدۇ. لېرمونتوۋنىڭ بۇ مىسالى ھەققانىيەتچىل ۋە خەلقپەرۋەر سەنئەتكارلارنىڭ ئادەتتە مىللىي چېگرىلاردىن ھالقىپ ئۆتىدىغانلىقىنى، ئۆز مىللىتىنىڭ ھەممە نەرسىسى، ھەممە ئىشى توغرىسىدا كۆرەڭلىك بىلەن ئىپتىخارلىنىۋەرمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېرمونتوۋنىڭ يۇقىرىقى داستانلىرىدا ئىپادىلىگەن بۇ مەنىۋى يۈكسەكلىكى ۋە روھىي ئالىيجانابلىقى چوڭ مىللەتلەردىن چىققان بەزى چاكىنا، رەزىل شوۋىنىست ئەدىبلەرگە روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ قالغان. كىچىككىنە ئوغلاقنى ياكى قوزىنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى بىلەن ماختانغان پىلدەك، ئېچىلمىغان، ئاجىز ۋە ئارقىدا قالغان مىللەتلەر ئۈستىدىن كۈلىدىغان، ئۇلارغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قارايدىغان ۋە ئۇلار ئۈستىدىن قىلغان تارىخىي «غەلىبىلىرى»

تۇغرىسىدا نومۇسسىزلىق بىلەن توختىماي ۋالاقلايدىغان مۇنداق ئەدىبلەرمۇ دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا ئادەتتە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

لېرمونتوۋ بۇ مەزگىلدە يەنە، پۇگاچېۋ قوزغىلىڭىنى تەسۋىرلەيدىغان رومانى «ۋادىم» نى يېزىشقا كىرىشتى. ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشتى، يەنى باشقا ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە، ئەكسىيەتچى پروفېسسورلارغا قارشى شاۋقۇن-سۈرەنلىك نارازىلىق ھەرىكەتلىرىنى قوزغىدى. بۇ سەۋەبتىن، ئۇنىڭ بىلەن پروفېسسورلار ئوتتۇرىسىدا پات-پاتلا توقۇنۇشلار يۈز بېرىپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇشنىڭ 2-يىلى لېرمونتوۋغا ئۇنىۋېرسىتېتتىن ئايرىلىشقا توغرا كەلدى. رەسمىي ھۆججەتلەردە، ئۇنىڭغا «ئۇنىۋېرسىتېتتىن كېتىش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىلدى» دەپ يېزىلغان، ئەمما لېرمونتوۋ بىلەن بىر فاكۇلتېتتا ئوقۇغان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ئۇ «ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تەرتىپىنى بۇزغانلىقى» ئۈچۈن، باشقا ئۆزىگە ئوخشايدىغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىر قاتاردا مەكتەپتىن ھەيدەپ چىقىرىلغان. سىياسىي جەھەتتىن ئىشەنچلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، شۇ يىلى بېلىنسكىيمۇ مەكتەپتىن قوغلانغان. بۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا رۇسىيىنىڭ باشقا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا كىرىش يولىمۇ ئېتىپ تاشلانغان. لېرمونتوۋ كېيىنكى بۇ ئەھۋالنى مۆلچەرلىيەلمىگەن بولسا كېرەك. ئۇ پېتېربۇرگقا باردى. پېتېربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىڭ موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئىككى يىللىق ئوقۇش نەتىجىسىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، ئۇنى ئوقۇشقا قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، لېرمونتوۋغا پېتېربۇرگتا



يۇنكېرلار كاۋالېرىيە مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ كىرىشتىن باشقا يول قالمايدۇ.

لېرمونتوۋ بۇ مەكتەپكە كىرىش بىلەن، ئازادە ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىسىلىق تۇرمۇشىدىن بىراقلا ئىنتىزامى قاتتىق، پۈتمەس-تۈگىمەس ھەربىي يۈرۈشلەر ۋە گىمناستىكىلار مۇھىتىغا، كوماندىرلارنىڭ تىل-ھاقارەتلىرى ۋە بارابانلارنىڭ گۈمبۈرلەشلىرى بىلەن تولغان ھەربىي لاگېر مۇھىتىغا كىرىپ قالدى. بۇ مەكتەپتە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى ئوقۇشى مەنئى قىلىنغانىدى. مۇشۇنداق مۇھىتتىمۇ لېرمونتوۋ ئۆزىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى توختاتمىدى. ئۇ بۇ مەزگىلدە، «ھاجى ئەبرېك» ناملىق داستانىنى يازدى، «ۋادىم» رومانىنى داۋاملاشتۇردى ۋە «شەيتان» ناملىق داستانى ئۈستىدە ئىشلىدى.

لېرمونتوۋ 1834-يىلى 11-ئايدا، يۇنكېرلار كاۋالېرىيە مەكتىپىنى تۈگىتىپ، پېتېربۇرگ يېنىدىكى پادىشاھ يېزىسىدا تۇرۇشلۇق لېيب گۋاردىيە گۇسارلار پولكىغا ئوفىتسېر قىلىپ ئەۋەتىلدى. 1835-يىلى ئۇنىڭ داستانى «ھاجى ئەبرېك» مەتبۇئاتتا رەسمىي ئېلان قىلىندى. بۇ لېرمونتوۋنىڭ تۇنجى قېتىم ئەسەر ئېلان قىلىشى ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، رۇسىيە بۇ ياش شائىرنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشىگە دىققەت قىلىشقا باشلىدى. شائىر بۇ مەزگىلدە، «ماسكاراد» دراممىسىنى، «بويارىن ئورشا» ناملىق داستانىنى ۋە «كىنيەگىنە لىگوۋسكايا» ناملىق رومانىنى يازدى.

لېرمونتوۋ «ماسكاراد» ناملىق دراممىسىدا، پېتېربۇرگ ئاقسۆڭەكلىرى ھاياتىدىن ئالغان تەسىراتلىرىنى يىغىنچاقلىدى. لېرمونتوۋ بۇ دراممىسىدا، پادىشاھ ھۆكۈمىتى پېتېربۇرگنىڭ گۈلى

ھېسابلايدىغان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قارتا-قىمار ئويناش ئارقىلىق بايلىقنى ۋە شۆھرەتكە ئىگە بولىدىغان ئالدامچى، قارانىيەتلىك مۇتتەھەملەر، مەنسەپپەرەسلەر ۋە ياۋۇز ئىغۋاگەرلەر ئىكەنلىكىنى چوڭ دادىللىق ۋە كەسكىنلىك بىلەن كۆرسىتىپ بەردى. لېرمونتوۋ بۇتەككۇر بايۋەچچىلەرنى قىمارخانىدا، بال-ماسكارادتا ۋە يەنە قارتا ئۈستىدە كۆرسەتكەندى. كۆرۈنۈشكىلا ئەدەپ ساقلاپ يۈرگەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پەسكەشلىكلىرى قىمار ئويۇنىدا ناھايىتى ئېنىق ئايان بولاتتى. پادىشاھ سېنزورىسى لېرمونتوۋنى بۇ درامىنى ئۈچ قېتىم قايتا ئىشلەشكە مەجبۇرلىدى، قانچە قېتىم قايتا ئىشلىسىمۇ، لېرمونتوۋ درامىنىڭ ئاساسىي تېمىسىنى يەنىلا ئۆزگەرتمىدى. شۇڭلاشقا، سېنزورىمۇ بۇ درامىنىڭ سەھنىدە ئوينىلىشىنى تەستىقلىمىدى.

لېرمونتوۋ ئۆزىنىڭ «كىنيەگىنە لىگوۋسكايا» ناملىق ئەسىرىگە ئۆزىنىڭ ۋارۋارا ئالېكساندروۋنا لوپۇخىنا ناملىق قىز بىلەن بولۇپ ئۆتكەن كەچمىشلىرىنى ئاساس قىلىپ ئالغانىدى. لېرمونتوۋ بۇ قىز بىلەن موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا تونۇشقان ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. لېرمونتوۋ موسكۋادىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ يىلغىچە كۆرۈشەلمىدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن، لېرمونتوۋ ئۇنىڭ قېرى بىر كىشىگە ياتلىق بولغانلىقىنى ۋە ئېرى بىلەن پېتربۇرگقا كېلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدى. رومان دەل مانا شۇ ۋەقەدىن باشلانغانىدى.

«بويارىن ئورشا» ناملىق داستانىدا، شائىر فېئوداللىق ئائىلە ئەقىدىلىرىگە، چېركاۋغا ۋە چېركاۋ قانۇنلىرىغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىدۇ، بۇلارنىڭ كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت قويۇش ھوقۇقىنى ۋە نىكاھ ئەركىنلىكىنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغانلىقىنى،



شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان رۇس ياشلىرىنىڭ تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتلىرىگە سەۋەب بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئەركىن مۇھەببەت ئالدىدا ھەر قانداق تەبىقە پەرقلىرىنىڭ نەزەردىن چەتتە قالىدىغانلىقىنى، سۆيگۈدە ئىنسان تەرىقىسىدە خوجايىنىڭمۇ، مالايىنىڭمۇ باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بويارىن ئورشانىڭ قىزىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى ۋە ئۇنىڭ ئىنتايىن ئېچىنارلىق تراگېدىيىسى داستاندا كەڭ رۇس ياشلىرىنىڭ ئائىلە - نەسەب قاراشلىرى، تەبىقە چېگرىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ روھىي-ئەخلاقىي ئاساسى بولغان دىنىي ئەقىدىلەر ۋە چېركاۋ قانۇنلىرىغا قارشى كۈچلۈك نارازىلىق ساداسى بولۇپ ياڭرايدۇ.

شائىر ئۆز ئىجادىيىتى داۋامىدا يەنە بىر مۇنچە ئېپىك شېئىرلارنى يازدى. شائىرنىڭ ئېپىك شېئىرلىرىدا ياكى خەلق چۆچەكلىرى تېما قىلىنغان، ياكى ئېپىك تېمىلار خەلق قوشاقلىرى ئۇسلۇبىدا يېزىلغان. شائىر باللىق دەۋرىدىن باشلاپلا، خەلقنى، تەبىئىيكى ئەلۋەتتە خەلق قوشاقلىرى ۋە خەلق ناخشىلىرىنى قىزغىن سۆيگەن، رۇس فولكلورى بىلەن ئەتراپلىق تونۇشقان ۋە ئۇنىڭدىن ئوزۇقلانغانىدى. ئۇ بۇ شېئىرلىرىدا خەلق قوشاقلىرىغا، خەلق تىلى ۋە ئىستىلىنىڭ ئايرىم دېتاللىرىغا تەقلىد قىلغان ئەمەس، بەلكى باللىق دەۋرىدە ئۆزلەشتۈرگەن خەلق شېئىرىيىتى بايلىقلىرىنى ئۆز ئىجادىغا تەتبىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئېپىك شېئىرلىرىنى خەلق قوشاقلىرى روھىدا ياراتقان. شائىرنىڭ «نەي»، «ئادەم بېلىق»، «قىسقا ناخشا» قاتارلىق ئېپىك شېئىرلىرىنىڭ ماتېرىياللىرى خەلق چۆچەكلىرى ئىدى، «ئاتامان»، «ئەركىنلىك» قاتارلىق ئېپىك شېئىرلىرى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى

ستېپان رازىن تېمىسىدا، پۇگاچىۋ كازاكلىرىنىڭ قوشاقلىرى ئۇسلۇبىدا يېزىلغان. شائىر دېھقانلار قوزغىلىڭى تېمىسىنى خەلق قوشاقلىرى ئۇسلۇبى بىلەن بىرلەشتۈرگەن. شائىرنىڭ خەلق قوشاقلىرى ئۇسلۇبىدا يېزىلغان ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسىرى ئۇنىڭ «شاھ ئىۋان ۋاسىلىۋىچ، ئۇنىڭ ياش ياساۋۇلى ۋە ئەزىمەت سودىگەر كالاشنىكوۋ توغرىلىق ناخشا» ناملىق داستانىدۇر. بۇ داستاندا، XVI ئەسىردە ئۆتكەن رۇس پادىشاھى ئىۋان گروزنىي دەۋرىگە تەئەللۇق بىر ھېكايە بايان قىلىنىدۇ.

شائىر بۇ داستاندا، ئۆزىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغدىيالايدىغان بىر رۇس كىشىسىنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان. ئۇ بۇ ئوبرازدا، ماھىيەت يېقىدىن رۇس خەلق قوشاقلىرىدىكى قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرىگە يېقىنلىشىدىغان بىر خاراكتېرنى يارىتىدۇ. ئەمما، كالاشنىكوۋ رۇس خەلق قوشاقلىرىدىكى پالۋانلارغا ئوخشاپمۇ كەتمەيدۇ، ئۇ جەڭ مەيدانىدا ئۆز ۋەتىنىنى قوغداش بىلەن گەۋدىلەنمىگەن، بەلكى ئادالەتنى قوغداپ مەيدانغا چىققان. كىشىلىك ئىززەت-ھۆرمىتى، ئىنساننىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىغا بولغان توغرا قاراش، ئادالەتكە ئىنتىزار بولۇش، باتۇرلۇق، ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى ۋە توغرىلىق — بۇلار كالاشنىكوۋ ئوبرازىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كالاشنىكوۋ ئۆز ئايالىغا يامان نىيەتتە بولغان پادىشاھ ياساۋۇلىنى موسكۋا-رېكا دەرياسى بويىدا بولغان مۇشتلىشىشتا قەستەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ ۋە راستىنى ئېيتىپ پادىشاھ تەرىپىدىن قەتلى قىلىنىدۇ.

بېلىنسكىي بۇ داستانغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازغانىدى: «شائىر ئۆزىنى ھامان رازى



قىلالمىغان رۇس تۇرمۇشىنىڭ رېئال دۇنياسىدىن رۇس تۇرمۇشىنىڭ ئۆتمۈش تارىخىغا يۆتكىلىپ، ئۇنىڭ تومۇر سوقۇشىنى تىڭشاپ، ئۇنىڭ روھىنىڭ ئەڭ يوشۇرۇن ۋە مۆلچەرلىمەك تەس بولغان چوڭقۇرلۇقىغا سىڭىپ كىرىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن بىرىكىدۇ. بۇ تۇرمۇشنىڭ ساداسى ئۇنىڭ مېڭىسىگە تولىدۇ، بۇ تۇرمۇشنىڭ قەدىمكى تىل مۇقامى، قويۇق ۋە قاتتىق ئۇسلۇبى، مەغرۇر ۋە ئۇلۇغۋار ھېسسىياتى ئۇنىڭ تەرىپىدىن سۈمۈرۈلىدۇ. ئۇ ھازىرقى زامان ئادىمى سۈپىتىدە، ئۇ خىل قوپال ۋە ياۋايى ئىجتىمائىي ھايات شارائىتلىرىنى ئەڭ ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي ئۆزگىرىشلىرى بىلەن بىللە تولۇق قوبۇل قىلىدۇ. گويا ئۇ ئەزەلدىن باشقا ئىجتىمائىي ھايات شارائىتلىرىنى بىلمىگەندەك. بۇ ئارقىلىق ئۇ قەدىمكى زاماندىن توقۇلما تارىخىي پاكىت يارىتىدۇ، بۇ توقۇلما تارىخىي پاكىت ھەر قانداق رېئاللىقتىنمۇ ئىشەنچلىكرەك، ھەر قانداق تارىختىنمۇ گۇمانسىز بولۇپ چىقىدۇ... بىزنىڭ شائىرىمىز تولۇق ھۆكۈمران سۈپىتىدە خەلقچىللىق زېمىنىگە كىرىپ كەلگەن، خەلقچىللىق روھىنى سىڭدۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن، بۇ ئارقىلىق خەلقچىللىق بىلەن بولغان ئوخشاشلىقىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن بولغان قېرىنداشلىقىنى كۆرسەتكەن... بۇ خىل ئەھۋال ئۇنىڭ باي شېئىرىي تالانتىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ روھى ۋەتىنىنىڭ خەلقپەرۋەرلىكى روھى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان...» ①

1837-يىل 1-ئاينىڭ 27-كۈنى، بۈيۈك رۇس شائىرى

① «بېلىنسكىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما» — شاڭخەي ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 1963-يىل خەنزۇچە نەشرى، 2-توم 501-بەت.

پۇشكىن چەت ئەللىك كەلگۈندى دانتېس بىلەن بولغان دۇئېلدا ئېغىر يارىلاندى. بۇ خەۋەر ناھايىتى تېزلىك بىلەن پېتربۇرگقا تارقىلىپ، ھەققانىي كىشىلەرنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئىككى كۈندىن كېيىن، يەنى 29-كۈنى پۇشكىن ئالەمدىن ئۆتتى.

بۇ ئاجايىپ قۇدرەتلىك، ئالەمشۇمۇل شائىر تۆھمەت ۋە ھاقارەت ئاستىدا قېلىپ، پادىشاھنىڭ رەزىللىكى بىلەن، پادىشاھ سارىيىدىكىلەر تەرىپىدىن ئەتەي ئەۋەتىلگەن يۈزسىز سايىقىنىڭ قولىدا ھالاك بولدى.

مويكا قىرغىقىدا، پۇشكىن ۋاپات بولغان ئۆينىڭ يېنىغا بۈيۈك شائىر بىلەن ۋىدالىشىش ئۈچۈن مىڭلاپ كىشىلەر كەلدى. ئادەملەر پۇشكىننىڭ تاۋۇتى يېنىدىن چوڭقۇر قايغۇ بىلەن ئۆتەتتى، بۇ ئومۇمىي خەلق قايغۇسى ئىدى.

ئەمما، پېتربۇرگ ئاقسۆڭەكلىرى پۇشكىن ھەققىدە داۋاملىق پىتنە-پاسات تارقىتىپ، ئۇنىڭ شانلىق نامىنى داۋاملىق قارىلاپ، قاتىلنى ئاقلاشقا ئۇرۇناتتى.

پۇشكىن — لېرمونتوۋنىڭ پۈتۈن باللىق-ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى روھىي ھۆكۈمرانى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىنىڭ غايىسى ئىدى. لېرمونتوۋ پۇشكىننى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۇنىڭغا ئالىي بىر ھۆرمەت بىلەن قارايتتى. شۇڭلاشقا، پۇشكىننىڭ ئۆلۈمى لېرمونتوۋغا ئىنتايىن قاتتىق تەسىر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، لېرمونتوۋ ناھايىتى تېزلىكتە ئۆزىنىڭ غەزەپ-نەپرەتكە تولغان شېئىرى — «شائىرنىڭ ئۆلۈمى» نى يازدى. لېرمونتوۋ شېئىرىدە ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ پۇشكىننىڭ ۋاپاتىغا بولغان ئېغىر قايغۇسىنى ئىپادىلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پادىشاھ سارىيى ۋە يۇقىرى



تەبىقە جەمئىيىتىنىڭ شائىرنىڭ ئەتراپىدا ئۇيۇشتۇرغان پىتنىلىرى ۋە سۇيىقەستىنى پاش قىلدى. شېئىرنىڭ ھەربىر مىسراسى ۋە سۆزى يۇقىرى تەبىقە تۆھمەتچىلىرىگە ئوقتەك بېرىپ تەگدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەر بىر مىسراسىدا، پۇشكىننىڭ دوستلىرى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان دەھشەتلىك ھەقىقەتلەرنى ئېچىپ بەرگەنىدى. لېرمونتوۋ شېئىرىدە، رەزىل قاتىللىقنىڭ پىلانلىغۇچىلىرى ۋە رىغبەتلەندۈرگۈچىلىرىنى پاش قىلدى. ئۇلار — پادىشاھ تەختىنىڭ ئەتراپىنى ئاچ كۆزلۈك ۋە تەمەگەرلىك بىلەن ئايلىنىپ يۈرگەن بىر توپ ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنى ھىمايە قىلغان پادىشاھنىڭ ئۆزى ئىدى. لېرمونتوۋ ھەقلىق يوسۇندا ئۇلارنى «ئازادلىق جاللاتلىرى»، «رۇس داھىي شائىرىنىڭ جاللىتى»، «خەلق شۆھرىتىنىڭ جاللاتلىرى» دەپ ئاتىدى. ئۇلارغا «خەلق سىلەردىن چوقۇم قىساس ئالىدۇ» دەپ تەھدىت سالدى. ئۇلارغا «تارىخ سوتى ئالدىدا چوقۇم جاۋاب بېرىسىلەر» دەپ ئېيتتى.

— بۇ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن جاسارەت ئىدى.

لېرمونتوۋ بۇ شېئىرنى تېزلىك بىلەن تارقىتىشقا باشلىدى، ئۇنىڭغا بۇ ئىشتا سۋياتوسلاۋ رايېۋسكىي ياردەم بەردى. شېئىر قولىيازما ھالەتتە يۈزلەرچە نۇسخا كۆپەيتىلىپ، خۇددى تەشۋىقات ۋەرەقىسىدەك ئاۋۋال پېتربۇرگقا، كېيىن پۈتۈن رۇسىيىگە ناھايىتى تېز تارقىلىپ كەتتى. لېرمونتوۋنىڭ دوستلىرى بۇ شېئىرنى كۆچۈرۈپ تارقىتىشتا ئۇستىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلدى. ئۇلار تونۇش-بىلىشلىرىگە پادىشاھ تەختى ئەتراپىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئورىۋالغان ئاقسۆڭەكلەر

ھەققىدىكى بايانلار قوشۇلغان تولۇق تېكىستىنى، ناتونۇش كىشىلەرگە بولسا قىسقارتىلغان تېكىستىنى تارقاتتى.

ھەممە جايدا ئادەملەر بۇ شېئىرنى قولدىن-قولغا ئۆتكۈزۈپ، قايتا-قايتا ئوقۇشتى. شېئىر رۇس كىشىلىرىنىڭ قەلبىنى غەزەپ-نەپرەتكە تولدۇردى. ئاقسۆڭەكلەردىن بىرى بۇ شېئىرنىڭ بىر نۇسخىسى ئۈستىگە: «ئىنقىلابقا چاقىرىق» دەپ يېزىپ، ئۇنى پادىشاھ نىكولاي I نىڭ ئۆزىگە يوللاپ بەردى، يەنى شائىرنى بىۋاستە پادىشاھنىڭ ئۆزىگە چاقتى.

نىكولاي I ھۆكۈمىتى يېڭى شائىرنىڭ دىكابىرىستلارنىڭ ۋە پۇشكىننىڭ ۋارىسى ئىكەنلىكىنى بايقاپ، قاتتىق غەزەپلەندى ۋە ئۇنى دەرھال قولغا ئالدى، كېيىن ھۆكۈم چىقىرىپ ئۇنى كاۋكازغا — تاغلىقلار بىلەن سوقۇشۇۋاتقان ھەربىي قىسىملىرى ئىچىگە سۈرگۈن قىلدى. رايېۋسكىينى بولسا شىمالغا سۈرگۈن قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۆلتۈرۈلگەن پۇشكىننىڭ قولىدىن چۈشكەن رۇس شېئىرىيىتى بايرىقىنى لېرمونتوۋ ئۆز قولىغا ئالدى. شۇ پاجىئەلىك كۈنلەردە، رۇسىيە رۇس شېئىرىيىتىدە پۇشكىننىڭ ۋارىسى بولۇشتەك شەرەپكە مۇيەسسەر بولغان ياش شائىر لېرمونتوۋنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا باشلىدى. خەلق ئىچىدە لېرمونتوۋنىڭ داڭقى چىقتى.

لېرمونتوۋ قولغا ئېلىنغان مەزگىلدە، «تۇتقۇن» تېمىسىدا بىر قانچە لىرىك شېئىرلارنى يازدى. بۇ تېما ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە يېڭىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىزچىل كۈيلەپ كېلىۋاتقان كونا تېما — ئەركىنلىكنى قىزغىن سۆيۈش ۋە شائىرنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرى تېمىسىنىڭ



ئىلگىرىلىگەن ھالدىكى راۋاجى، شۇنداقلا «شائىرنىڭ ئۆلۈمى» شېئىرىدىكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ باشقا بىر خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىشى ئىدى.

لېرمونتوۋ كاۋكاز سەپىرىدە كېتىۋاتقاندا، «ھازىرقى زامان ئادەملىرى» ژۇرنىلىدا ئۇنىڭ «بورودىنو» ناملىق مەشھۇر شېئىرى بېسىلىپ چىقتى. بۇ دەل 1812-يىلدىكى ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ 25 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋاقتى ئىدى.

XIX ئەسىرنىڭ 30-يىللىرى رۇس ئەدەبىياتىنىڭ رومانتىزمدىن رېئالىزمغا ئۆتۈش مەزگىلى بولغانىدى. بۇ يىللاردا پۇشكىننىڭ ئىجادىيىتى ئۆزىنىڭ ئالتۇن دەۋرىگە كىرگەن، گوگولنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرى ئارقىمۇ ئارقا ئېلان قىلىنغان، بېلىنسكىينىڭ ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتى باشلانغانىدى. لېرمونتوۋ «بورودىنو» ناملىق بۇ شېئىرى ئارقىلىق رېئالىزمغا ئۆتتى ۋە ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەن باسقۇچىغا رەسمىي كىرىپ كەلگەنلىكىنى نامايان قىلدى.

1837-يىلىنىڭ كۆپ قىسمىنى دېڭىزدەك لېرمونتوۋ كاۋكاز سەپىرىدە ئۆتكۈزدى. ئۇ كاۋكازغا بېرىپلا ئاغرىپ قېلىپ، بىر مەزگىل پياتىگورسكتىكى مىنېرال سۇلۇق بۇلاقلاردا داۋالاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە توختاۋسىز سەپەر قىلىپ، گرۇزىيە ھەربىي يولى بويلاپ ئۆتتى، دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەرگە باردى. مەشھەد، تىفلىس، كاخېتىيا شەھەرلىرىدە بولدى. شائىر ئۇ يەرلەردە گرۇزىن ۋە ئەزەربەيجان مەدەنىيىتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى بىلەن تونۇشتى. ئۇ تىفلىستا گرۇزىيىنىڭ مەشھۇر شائىرلىرى نىكولاي باراتاشۋىلى ۋە ئالېكساندىر چاۋچاۋدزى بىلەن تونۇشتى. كاۋكازدا لېرمونتوۋ ئەزەربەيجان تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى ۋە ئەزەربەيجان خەلق چۆچىكى — «ئاشىق

غېرىب » نى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلدى. بۇ ئىشتا ئاگا ئەزەربەيجاننىڭ تىفلىستا ياشىغان مەشھۇر مەرپەتپەرۋەر شائىرى مىرزا فاتالى ئاخۇندوۋ ياردەم بەردى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، « ئاشىق غېرىب » نى لېرمونتوۋ فولكلور ئالىملىرىدىن بىرىنچى ئەسىر بۇرۇن خاتىرىگە ئالغان.

شۇ يىلى كۈزدە، لېرمونتوۋ كاۋكازدا، سىبىرىيىدە سۈرگۈندە بولۇپ كېيىن كاۋكازغا يۆتكىۋېتىلگەن بەزى دېكابىرىستلار بىلەن تونۇشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سىبىرىيىدە 12 يىل سۈرگۈندە بولغان دېكابىرىست شائىر ئالېكساندىر ئىۋانوۋىچ ئودوييېۋسكىيمۇ بار ئىدى. شائىر ئۇنىڭ بىلەن دوستلاشتى.

شائىر كاۋكازدا بولغان بۇ مەزگىللىرىدە، كاۋكازنىڭ قەدىمكى رىۋايەتلىرىنى، كاۋكاز پالۋانلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى، خەلق قوشاقلىرىنى ئۆگەندى. بۇلار لېرمونتوۋنىڭ تەسەۋۋۇرىنى زور دەرىجىدە بېيىتتى، كاۋكاز خەلق شېئىرىيىتى بىلەن تونۇشۇش شائىرنىڭ شېئىرىي پىكىرلىرىنى جۇشقۇنلاندۇرۇۋەتتى.

مومىسى ۋە شائىر ژوكوۋىسكىينىڭ تىرىشچانلىقى ھەرىكەت قىلىشى نەتىجىسىدە، لېرمونتوۋ ئاخىرى 1838 - يىلىنىڭ 4 - ئېيىدا پېتىربۇرگقا قايتىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. ئۇ پېتىربۇرگدا ئۆزى ئەسلىي تۇرغان ھەربىي قىسىمغا ئورۇنلاشتى.

ئۇ، پېتىربۇرگقا ئىجادىي كۈچكە تولغان ھالدا قايتتى. ئۇ بۇ مەزگىللەردە داڭقى چىققان شائىر بولۇپ تونۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ كامالەتكە يەتكەن دەۋرىگە مەنسۇپ ۋە ناھايىتى شۆھرەت قازانغان ئەسەرلىرى مۇشۇ مەزگىلدىن كېيىن دۇنياغا كەلدى ياكى تەكرار ئىشلىنىپ ئاخىرقى ھېسابتا مۇكەممەللەشتى. بۇلار — شائىرنىڭ « موناخنىڭ



شاگىرتى » ، « شەيتان » ناملىق داستانلىرى ۋە « زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى » ناملىق رومانىدۇر.

لېرمونتوۋ دەسلەپ ياتاقلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا، موناستىر ئىسكەنجىسىدە ھالاك بولغان موناخ توغرىسىدا پېزىشنى نىيەت قىلغانىدى. بۇ مەقسەتتە، ئۇ ئاۋۋال « تووۋا » ناملىق كىچىك داستان يازدى، كېيىنرەك « بويارىن ئورشا » نى يازدى، بۇلار ئەمەلىيەتتە « موناخنىڭ شاگىرتى » غا ئېرىشىش يولىدىكى ئىزدىنىشلەر بولغانىدى. كىچىك داستان « تووۋا » — ئىسپانىيىدە تۇغۇلغان ۋە ئىسپان روھىغا ئىگە بولغان ياش دەرۋىشنىڭ مونولوگىدىن ئىبارەت. ئۇ قانداقتۇر بىر گۇناھ ئۈچۈن ئەيىبلەنگەن بولۇپ، ئۆز سۆيگۈنىنىڭ دەھشەتلىك سىرىنى ساقلاش ھەققىدە قەسەمياد قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئۆلىدۇ. لېرمونتوۋ 1835 - يىلى « تووۋا » نىڭ ئەڭ ياخشى جايلىرىدىن پايدىلاندى. ئۇ، ئۇلارنى « بويارىن ئورشا » غا يۆتكىدى. بۇ داستاندا، « تووۋا » دىكى مەۋھۇم موناخ موناستىرغا تەربىيىلەش ئۈچۈن بېرىلگەن ئاتا - ئانىسىز كەمبەغەل رۇس يىگىتكە ئايلاندى. بۇ يىگىت — ئارسېنىي كېيىنچىلىك داستاننىڭ باشقا ئىشلەنگەن ۋارىيانتلىرىدا « ئالىيجاناب قاراقچى » غا ئايلاندى. « بويارىن ئورشا » دىكى ۋەقەنى لېرمونتوۋ ئىسپانىيىدىن روسىيە - لىتۋا چېگرىسىغا يۆتكىدى، زامان شارائىتىنى ئىۋان گروزنىي زامانىغا ماسلاشتۇردى. 1839 - يىلى، لېرمونتوۋ ئەڭ دەسلەپكى پىكرىگە قايتىپ، داستان ۋەقەلىكىنى گروزىيىگە كۆچۈرۈش قارارىغا كەلدى.

لېرمونتوۋ 1837 - يىلى كاۋكازغا سۈرگۈن قىلىنغاندا، گروزىيىنىڭ قەدىمكى شەھىرى مەشھەدتە، بىر قېرى يېتىم موناخنىڭ ئاغزىدىن ئۇنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا

ئاگىلىغانىدى. موناخ ئەسلىدە ئىچكىرىي تاغلار ئارىسىدا تۇغۇلغان، بالىلىقىدا گېنېرال يېرمولوۋ تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغان. ئۇ يولدا ئاغرىپ قېلىپ، گېنېرال ئۇنى بىر موناستىرغا تاشلاپ كەتكەن. ئۇ موناستىرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆنەلمىگەن، دائىم تاغ ئىچىگە قايتىپ كېتىشنى ئويلىغان. ئاخىرى موناستىردىن قېچىپ كەتكەن، ئەمما كىشىلەر ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ تۇتۇۋېلىپ موناستىرغا قايتۇرۇپ ئەكەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆمۈرۋايەت موناستىردىن قۇتۇلالمىغان. بۇ ئاددىي ھېكايە لېرمونتوۋنىڭ يېڭى داستانى — «موناخنىڭ شاگىرتى» نىڭ خام ماتېرىيال ئاساسى بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، گېنېرال يېرمولوۋ تەرىپىدىن بالىلىقىدا ئەسىر ئېلىنغان تاغلىق ياش يىگىت — داستاننىڭ باش قەھرىمانى بولدى. «موناخنىڭ شاگىرتى» ئەمدى موناستىرغا قاماپ قويۇلغان يىگىت ھەققىدىكى ھېكايە بولماي، بەلكى رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغان. كېيىن، ئۆز ۋەتىنىدىن يىراقتا ھالاك بولغان ئەرك سۆيەر كاۋكاز يىگىتى توغرىسىدىكى داستان بولۇپ چىقتى. بۇ، يەنە بىر جەھەتتىن، ھەم ماھىيەتتە، لېرمونتوۋنىڭ زاماندا شلىرى — ئۇنىڭ دەۋرىدىكى ئەۋلادقا مەنسۇپ ياشلار توغرىسىدىكى داستاندۇر. لېرمونتوۋنىڭ مەقسىتىچە، موناخنىڭ شاگىرتى قامالغان ۋە ئۆلگەن موناستىر نوقۇل شۇ موناستىرلا ئەمەس، بەلكى كەڭ مەنىدە پۈتۈن چاررۇسىيە — نىكولاي — بېنكېدرىف ئىمپېرىيىسى. بۇنىڭدا، موناخنىڭ شاگىرتىنىڭ نارازىلىقى تارىخىي جەھەتتىن كونكرېتلىشىدۇ. داستاندا، لېرمونتوۋ ئۆز زامانىغا، كاۋكاز ئۇرۇشىغا، شۇ زامان ئەۋلادىنىڭ تەقدىرىگە بولغان قاراشلىرىنى ئوبرازلاشتۇرغان.



لېرمونتوۋ ئۆز داستانىدىكى ۋەقە ئۈچۈن كاۋكازدىكى كۇرا دەرياسى بىلەن ئاراگۋا دەرياسى تۇتاشقان جايدىكى كىچىك شەھەرنى، يەنى گروزىيىنىڭ قەدىمكى پايتەختى — متسخېتانى ماكان شارائىتى قىلىپ تاللايدۇ. بۇ شائىرغا داستاننىڭ تېما ئىدىيىسىنى گروزىيىنىڭ تارىخى بىلەن، گروزىيە خەلقىنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر بىلەن، كاۋكاز ئۇرۇشىنىڭ بېرىشى بىلەن، شۇنىڭدەك، مۇھىت تەسۋىرى ۋە شېئىرىي كارتىنىلار يېقىدىن پۈتۈن كاۋكاز تەبىئىتى بىلەن باغلاش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ.

لېرمونتوۋ «موناخنىڭ شاگىرتى» دا، موناخنىڭ شاگىرتىنىڭ موناستىردىن قۇتۇلۇپ تاغ ئىچىگە كېتىشكە ئۇرۇنۇشىدەك تراگېدىيىلىك ھېكايىنى راۋاجلاندۇرىدۇ. داستاننىڭ ئاساسىي قىسمى موناخنىڭ شاگىرتىنىڭ ئۆز بايانى ئۇسۇلى بىلەن بېرىلگەن. بۇ رومانتىك شائىرلار دائىم قوللىنىدىغان ئىپادىلەش ئۇسۇلىدۇر. بۇ خىل 1-شەخس ئاغزىدىن بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، باش قەھرىماننىڭ روھىي پائالىيەتلىرى دائىرىسىگە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرگىلى بولىدۇ. «موناخنىڭ شاگىرتى» توغرىسىدا توختالغاندا، بېلىنسكىي مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇ — بىزنىڭ شائىرىمىز چىن قەلبىدىن سۆيگەن غايىۋى شەخس، ئۇنىڭ ئۆز كۆلەڭگىسىنىڭ شېئىرىيەتتە ئەكس ئېتىشى. موناخنىڭ شاگىرتى ئېيتقان بارلىق سۆزلەردە، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ روھىي بالقىپ تۇرىدۇ، ئۇ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك قۇدرىتى بىلەن كىشىنى لەرزىگە سالىدۇ، بويسۇندۇرىدۇ» ①.

موناخنىڭ شاگىرتى — بۇ بىر يالقۇن ئەركىنلىككە

① «بېلىنسكىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما» شاڭخەي ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 1963-يىل خەنزۇچە نەشرى، 2-توم 537-بەت.

تەلپۈنگەن ھەققانىي ئادەملەرنىڭ ھاياتىنى يورۇتىدۇ. گەرچە، ئۇ بەزى چاغلاردا قايغۇ چەكسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قايغۇسى ئۈمىدسىزلىك ھەسرىتى بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇنى جەڭگە ئېلىپ ماڭغۇچى قىزغىنلىق بولىدۇ؛ ئۇ يەنە بەزىدە يېتىملىك-يالغۇزلۇق ھېس قىلىدۇ، ئەمما بۇ ئۇنىڭ پاسسىپلىقى ئەمەس، بەلكى ھەمراھلىرىنىڭ باغرىغا بولغان تەلپۈنۈشى. ئۇنىڭغا كۈرەش كېرەك، ھاياجان كېرەك؛ ئۇ، ھاياجان بىلەن تولغان ئۆمۈرنى ئىككى ئۆمۈرگە تېگىشىشكە رازى؛ ئۇ ئوتقا ئوخشاش قىزغىنلىقنىڭ ئىدېيىۋى قۇدرىتىنى بىلىدۇ؛ ئۇنىڭ بىردىنبىر مۇددىئاسى — ھاياجان ۋە كۈرەشنىڭ ئاجايىپ دۇنياسىغا، چوققىلار بۇلۇتلار ئۈستىدە قەد كۆتۈرگەن، ئادەملەر بۈركۈتتەك ئەركىن ياشايدىغان ياققا پەرۋاز قىلىش. گەرچە، ئاخىرىدا ئۇنىڭ بارچە ئۈمىدى يوققا چىققان بولسىمۇ. ئەمما ئۇ، ئۆلۈمى ئالدىدىن جان ئۈزگەندە ئۆزىنى كاۋكاز كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان جايغا دەپنە قىلىشنى ئۈمىد قىلىپ، مۇنداقتا، ئۆلگەندىمۇ خاتىرجەم كېتىدىغانلىقىنى، ھېچكىمگىمۇ غەزەپلەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. «بۇ موناخنىڭ شاگىرتى نېمىدېگەن ئوتلۇق يۈرەككە، نېمىدېگەن قەيسەر روھقا، نېمىدېگەن غايەت كاتتا ۋە قۇدرەتلىك خاراكتېرگە ئىگە-ھە!» دەيدۇ بېلىنسكىي.

يۈكسەك ئىدېيىۋىلىك ۋە يۈكسەك بەدىئىيلىككە ئىگە بولغان بۇ داستان لېرمونتوۋنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر رومانتىك داستانلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

لېرمونتوۋنىڭ بىر تونۇشى ئا. ن. مۇراۋىيېۋ دېگەن كىشى پادىشاھ يېزىسىدا، لېرمونتوۋنىڭ ھۇزۇرىدا بولغاندا، ئۆزىنىڭ «موناخنىڭ شاگىرتى» داستانىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاڭلىغۇچىسى



بولغانلىقىنى يازىدۇ. «ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، — دەپ يازىدۇ ئۇ، — كەچقۇرۇن مەن لېرمونتوۋنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭ يېزىق ئۈستىلى ئالدىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ يۈزلىرى پارلاپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتكەنىدى. كۆزلىرى بولۇپمۇ بەكمۇ مەنىدار ئىدى.

— نېمە گەپ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ئولتۇرۇڭ، قۇلاق سېلىڭ! — دېدى لېرمونتوۋ ۋە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ داستانى — «موناخنىڭ شاگىرتى» نى چوڭ زوق بىلەن باشتىن-ئاياغ ئوقۇپ بەردى. بۇ داستان ئۇنىڭ ئىلھامبەخش قەلىمىدىن ھازىرلا چىققانىدى ...»

ئەھۋالدىن قارىغاندا، مۇراۋىيېۋ بۇ داستاننىڭ تولۇق پۈتۈپ چىقىشىغا توققۇز يىل ۋاقىت كەتكەنلىكىنى بىلمىسە كېرەك.

لېرمونتوۋ موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى ياتاقلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا، شەيتان بىلەن پەرىشتىنىڭ دۇنياۋى موناخ قىزغا بولغان مۇھەببىتى توغرىسىدا داستان يېزىشنى نىيەت قىلىپ قويغانىدى. ئۇ بۇ داستانى ئۈستىدە 1829-يىلى، 1831-يىلى (ئىككى قېتىم) 1833-يىلى، 1837-1838-يىللىرى بولۇپ، بەش قېتىم ئىشلىدى، پىلانىنى بىر قانچە قېتىم ئۆزگەرتتى. «شەيتان» ناملىق بۇ داستاننىڭ دەسلەپكى ۋارىيانتلىرىدا، شائىر رومانتىك داستانچىلىقنىڭ تىپىك يېزىقچىلىق ئۇسۇلىنى قوللانغان بولۇپ، باش قەھرىمان ئابستراكت، تارىخىي-جۇغراپىيىۋى شارائىتمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى. دەسلەپكى قوليازمىدا، شەيتان موناخ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە پەرىشتىدىن قىزغىنىپ قىزنى ئۆلتۈرىدۇ. كېيىن، لېرمونتوۋ داستاندىكى ۋەقەلىكنى بابىلونغا

ئورۇنلاشتۇرۇپ، زامان شارائىتىنى «يەھۇدىيلارنىڭ ئەسىر ئېلىنىشى» دەۋرىگە توغرىلىماقچى بولىدۇ، ئەمما بۇ ۋارىيانت يېزىلماي قالىدۇ. 4-قول يازمىدا، ۋەقە ئىسپانىيىدە يۈز بېرىدۇ، تەسۋىرلىرىدە يېڭى دېتاللار پەيدا بولىدۇ، لېكىن داستان ۋەقەلىكىنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرى ئۆزگەرمەيدۇ.

پەقەت شائىر 1837-يىلى يازدا ۋە كۈزدە كاۋكازدا بولۇپ، كاۋكازنىڭ فولكلور ئىجادىيىتى بىلەن تونۇشقان، كاۋكازنىڭ تارىخىي مۇھىتى ۋە جۇغراپىيىۋى شارائىتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەندىن كېيىنلا، شەيتاننىڭ خاراكتېرى يېڭى، شېئىرىيلىككە تولغان ۋە ناھايىتى باب بولغان راۋاجلىنىش زېمىنىگە ۋە مۇھىتىغا ئىگە بولىدۇ. كاۋكاز تاغلىرى، «ئەگرى-بۈگرى دەرىيال» سۇلىرى، ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان شەيتانغا خۇددى ئالماس قىرلىرىدەك كۆرۈنىدىغان كازبېك چوققىسى، كايشائۇر ۋادىسى، نۇرلۇق ئاراگۋا دەرياسىنىڭ كۆپكۆك قىرغاقلىرى — بۇلارنىڭ ھەممىسى داستاننىڭ مەۋھۇم پېكىرلىرىنى رېئال ھايات زېمىنىگە باغلىدى. بۇ، رومانتىك داستاندا رېئالىزملىق تەركىبلەرنى پەيدا قىلدى. بۇرۇنقى قولىيازمىلاردىكى قىياپىتى نامەلۇم بولغان موناخ قىز — قېرى كىنەز گۇدالنىڭ قىزى — گرۇزىيىلىك ساھىبجامال تامارىغا ئايلاندى. داستاندا، گرۇزىيە فېئودال ھاياتىنىڭ ۋە كاۋكاز تەبىئىتىنىڭ تەسۋىرىي سەھىپىلىرى پەيدا بولدى.

لېرمونتوۋ 1838-يىلى پېتىربۇرگقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «شەيتان» داستانىنى پىشۇۋاشتىن قايتا ئىشلەپ چىقتى. داستاننىڭ بۇ 5-قېتىملىق نۇسخىسى قولىيازما ھالىتىدە تارقالدى ۋە لېرمونتوۋنىڭ زامانداشلىرى ئىچىدە زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.



لېرمونتوۋ ئۆزىنىڭ بارلىق ئىسيانكار ۋە قارشىلاشقۇچى ئىدىيىلىرىنى «شەيتان» داستانىدا ئەكس ئەتتۈرگەنىدى. شەيتان — «بىلىش ۋە ئەركىنلىكنىڭ خۇداسى»، «خۇدانىڭ دۈشمىنى، ئالەمنىڭ ئاپىتى» ئىدى. ئۇ ئىنساننىڭ ئەقلىنى ۋە ئەركىنلىكىنى تىزگىنلىگۈچى بارلىق كۈچلەرگە قارشى ئىسيانكار ئىدى. ئۇ — ئومۇمىي ئېتىراپقا ئىگە قائىدە ئەرتىپلەرنىڭ بۇزغۇنچىسى، «گۇناھ» نىڭ تىمسالى ئىدى.

شەيتان خۇدانىڭ قارغىشىغا ئۇچراپ، جەننەتتىن قوغلانغان. ئۇ «جاھان دەشتلىرىدە ئايلىنىپ يۈرىدۇ»، «دائىم ئۇنىڭ بىلەن بىقىملىق كۆلۈمسىرەشلەر ئارقىلىق سالاملىشىدىغان، كۆلۈپ قارشىپ ئۆتىدىغان» ھەمراھلىرى ئۇنى تونۇمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. دىنىي رىۋايەتلەرگە كۆرە، شەيتان ھەممە يەردە ئادەملەرنى ئازدۇرۇپ، گۇناھ ئۆتكۈزەتتى. ئەمما داستاندا، يالغۇزلۇقمۇ «بۇ جەننەت قوغلاندىسى» نىڭ ماھىيىتى ئەمەس — «ئۇ، ئىنسانلارغا ئانچە كۆپ ۋاقىت ھۆكۈمرانلىق قىلمايدۇ، ئۇلارنى گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە كۈشكۈرتكەن ۋاقتى ئۇزۇنغا بارمايدۇ». ئۇنى ئازابقا سالغان نەرسە يالغۇزلۇق ئەمەس، بەلكى مەڭگۈ پۈتمەس ھەسرەت، خالاس. جەننەتتىن ئايرىلغان شەيتان دۇنياغا كۆنۈكەلمەيدۇ، ئۇ يالغۇزلۇق-يېتىملىك ھېس قىلىدۇ. بۇ، ئۇ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئەڭ ئازابلىق ھېسسىيات. شەيتان مەغرۇر يېتىملىكتە ئازابلىنىدۇ. ئۇ كاۋكاز ئاسمىنىغا ئۇچۇپ كېلىپ، گۈزەل گرۇزىن قىزى تامارانى كۆرۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، «تۇنجى قېتىم سۆيگۈ ھەسرىتىنى، سۆيگۈنىڭ ھاياجانلاندۇرۇشىنى چۈشىنىدۇ». ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسان قىزىغا بولغان مۇھەببىتىنى ئۆزىنىڭ قايتا تۇغۇلۇشى،

ئېغىر قايغۇدىكى يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلۇشنىڭ باشلىنىشى دەپ بىلىدۇ. ئۇ، قىزنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ. ئەمما، شەيتان ھامان شەيتان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ئىسيانكارانە ئىنكارىدىن ۋاز كېچەلمەيدۇ. سۆيگۈ ئۇنىڭ ئۇ ئارزۇ قىلغان قايتا تۇغۇلۇشىنى بېرەلمەيدۇ. تامارانىڭ ئۆلۈمى ۋە شەيتاننىڭ مەغلۇپ بولۇشى، نوقۇل «ئىنكار» نىڭلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، يەنە ئاكتىپ ھاياتىي پرىنسىپلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭمۇ لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شەيتان ئۆزىمۇ ئۆزىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى بولمىغان ئىنكارىنىڭ «بىھۇدە خىيال» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

«شەيتان» داستانىمۇ «موناخىنىڭ شاگىرتى» غا ئوخشاش لېرمونتوۋنىڭ رومانتىك ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ ئالىي پەللىسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىككىلا داستاننىڭ پۈتۈپ چىقىشى لېرمونتوۋنىڭ رېئالىزملىق ئىجادىيەت باسقۇچىغا كىرگەن ۋاقىتقا توغرا كەلگەن بولغاچقا، ھەر ئىككىلا داستانغا رېئالىزملىق كەيپىيات سىڭگەن، «شەيتان» نىڭ ۋە «موناخىنىڭ شاگىرتى» نىڭ خاراكتېرى لېرمونتوۋنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنىڭ ئوبرازىنى ئۆزلىرىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. قارىماققا، بۇ پېرسوناژلارنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ بولسىمۇ، ئەمما خاراكتېر يېقىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار يە شەيتانغا، يە موناخىنىڭ شاگىرتىغا تەئەللۇق بولۇپ چىقىدۇ. ھالبۇكى، شەيتان بىلەن موناخىنىڭ شاگىرتىنىڭ ئۆزى بىر-بىرىدىن چوڭ پەرق قىلىدۇ. شەيتان ئاخىرىدا مەغلۇپ بولىدۇ، بۇ ھەقىقىي مەغلۇبىيەت ئىدى، موناخىنىڭ شاگىرتى گەرچە ئۆلۈم تەقدىرىگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا غەلىبە قىلىدۇ.



«ئالەمشۇمۇل» رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ سىياسىي تەرتىپلىرىگە قارشى، خۇداغا ۋە ئۇنىڭ يەر يۈزىدىكى روھانىيلىرىغا قارشى، دىنغا قارشى جامائەتچىلىك نارازىلىقىنىڭ ئىپادىسى بولغان، غايەت قىزىق قان ۋە غايەت مۇستەھكەم ئىرادىلىك بولغان، دۇنيادىكى ئادالەتسىز ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئىنكار قىلىش غايىسىنى ۋە ئازادلىق غايىسىنى ئۆزىگە يىغقان، ھەممە نەرسىنى بىلىشكە بەكمۇ قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان شەيتان ئوبرازى 1840-يىللاردا ئۆتكەن كىشىلەر تەرىپىدىن، ئازاد، مەغرۇر، ئىشەنمىگۈچى، پىكىر يۈرگۈزگۈچى، بويسۇنماس بىر شەخس سۈپىتىدە قارالدى. ئۇنىڭ مونولوگلىرى ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەشكە، كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن، ئىجاد قىلىش ئۈچۈن، فېئوداللىق ئۆرپ-ئادەتلەر بىلەن چەكلەنمىگەن ھەقىقىي، ئىنسانىي مۇھەببەت ئۈچۈن كۈرەشكە چاقىرغۇچى يالقۇنلۇق نۇتۇقلار سۈپىتىدە چۈشىنىلدى.

«شەيتان» توغرىسىدا ۋ. باتكىن بېلىنىسكىيگە: «ئۇنىڭ (لېرمونتوۋنىڭ) تۇتقان دائىرىسى، سېنىڭ ئىنتايىن توغرا تەبىر بەرگىنىڭگە ئوخشاش، ئىلاھقا نىسبەتەن مەغرۇرانە دۈشمەنلىك. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، روھنى، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن قالغان دۇنيا قاراشنى ياكى يەنە باشقىچىرەك ئېيتقاندا، مەۋجۇد ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئىنكار قىلىشتۇر» دەپ يازغانىدى.

شەيتان — ياۋۇزلۇقنىڭ مەنبەسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مۇقەررەر ياۋۇزلۇق قىلىدۇ. ئادالەتسىز جەمئىيەتتە تۇغۇلغان ۋە لېرمونتوۋ دەۋرىدىكى ئەۋلادقا مەنسۇپ بولغان كىشىلەرمۇ خۇددى ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بۇ ئەۋلادنىڭ پۈتۈن نۇقسانلىرىنى شائىر ئۆزىنىڭ «زامانىمىزنىڭ

قەھرىمانى » ناملىق ئەسىرىدە ئومۇملاشتۇرۇپ بەردى. شۇڭلاشقا، شەيتان بىلەن پېچورىن ئوبرازلىرىدا چوڭقۇر ئىچكى باغلىنىش بار.

بېلىنسكىي لېرمونتوۋنىڭ شەيتانىنى — ھەرىكەتچىل، دائىم يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان، مەڭگۈ قايتا ۋۇجۇدقا كېلىپ تۇرىدىغان شەيتان — دەپ ئاتىدى ئۇ، شەيتان توغرىسىدا: « ئۇ شۇنىڭ بىلەن دەھشەتلىك ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن قۇدرەتلىككى، ئۇ، سىز شۇ ۋاقىتقا قەدەر ئېھتىراز قىلىپ بولمايدىغان ھەقىقەت دەپ يۈرگەن نەرسىگە شۈبھە تۇغدۇرىدۇ ۋە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا سىزگە يىراقتىن يېڭى ھەقىقەت ئىدىيىلىرىنى كۆرسىتىدۇ » دېگەنىدى.①

لېرمونتوۋ بۇ داستانىدا شۇ دەۋردىكى ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئىلغار كىشىلەر چوڭقۇر ئويلانغان مەسىلەرنى كۆتۈرۈپ چىققانىدى.

شائىر بۇ داستاننىڭ 5-قېتىملىق قولىيازمىسىنى 1838-يىلنىڭ 9-ئېيىدا بېكىتىپ، مەتبۇئاتتا ئېلان قىلماقچى بولغانىدى، ئەمما ئېلان قىلالمىدى. شائىر داستاننى 1840-يىلى يەنە ئازراق ئۆزگەرتتى، 1841-يىلى ئاخىرقى قېتىم پىششىقلاپ ئىشلىدى. داستاننىڭ تولۇق نۇسخىسى تاكى 1856-يىلىغا كەلگەندە، شائىر ۋاپات بولۇپ 15 يىلدىن كېيىن چەتئەلدە ئېلان قىلىندى.

لېرمونتوۋ كاۋكازدىن پېتربۇرگقا قايتىپ كەلگەندە، ھەممىگە مەلۇم بولغان مەشھۇر شائىر بولۇپ قالغانىدى.

---

① ۋ. گ. بېلىنسكىي: « تاللانغان ئەسەرلەر » س س س ر دۆلەت بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتى، 1947-يىل رۇسچە نەشرى، 512-بەت.



رۇسىيىدىكى ئىلغار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى پۇشكىننىڭ ۋارىسى دەپ بىلەتتى. پېتربۇرگنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىمۇ ئۇنىڭ شۆھرىتىگە قىزىقىپ، ئۇنىڭغا دەرۋازىلىرىنى كەڭ ئېچىپ قويغانىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ بوش ۋە قۇرۇق ھاياتى ئۇنى ئىنتايىن زېرىكتۈردى. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا بۇ خىل تۇرمۇشقا بولغان گۇمانىنى، ئىنكارىنى ۋە غەزەپلىنىشىنى ئىپادىلىدى. بۇ ھەرگىزمۇ شائىرنىڭ روھىي ئاجىزلىقىنىڭ ئىپادىسى بولماي، بەلكى 30-يىللاردىكى پۈتۈن جەمئىيەت ھاياتىغا، بولۇپمۇ يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتىنىڭ ھاياتىغا بولغان ئەيىبلەشلەر ئىدى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە، زامان رېئاللىقى مەسىلىسى، پۈتكۈل بىر ئەۋلادنىڭ تەقدىرى توغرىسىدىكى ئىدىيە شەخسنىڭ بەختسىزلىكى ۋە ئازابلىنىشى توغرىسىدىكى تېمىنى بىرىنچى تەكە سىقىپ چىقاردى. شائىر ئۆز زامانىدىكى ئەۋلادنى — غايىسىز، قارا كۈچلەر بىلەن ئېلىشقۇدەك باتۇرلۇقى بولمىغان ئەۋلادنى قاتتىق تەنقىد قىلدى.

1839 — 1840-يىللىرى لېرمونتوۋ « ۋەتەن خاتىرىلىرى » ژۇرنىلىدا « بىلا » ، « تامان » ، « تەقدىرپەرەس » ناملىق ئۈچ پوۋېست ئېلان قىلغانىدى، كېيىن بۇلارنى ئېلان قىلمىغان پوۋېستلىرى — « ماكسىم. ماكسىموۋىچ » ، « كىنەژنە مارى خېنىم » بىلەن قوشۇپ بىر كىتاب قىلدى. بۇ كىتاب — « زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى » ناملىق رومان ئىدى. بۇ بەش پوۋېستنىڭ ئاۋۋال ئېلان قىلىنغان ئۈچ پارچىسىنى ئايرىم-ئايرىم ئوقۇغانلار، ئۇلارنىڭ كېيىن بىرىكىپ بىر رومان بولىدىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ بىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ باش قەھرىمانى بىرلا كىشى — يەنى كاۋكازدىكى ئارمىيىگە سۈرگۈن قىلىنغان ئوفىتسېر — پېچورىن ئىدى.

پېچورىن — سەزگۈر، ئەقىللىق ۋە بەكمۇ ياخشى مەلۇماتلىق شەخس. ئۇ، باي، ياش ۋە چىرايلىق، ئەمما ھېچقانداق مەقسەتسىز ۋە مەسىلەكسىز ياشايدىغان ئادەم. ئۇ، مۇھەببەتنىمۇ، دوستلۇقنىمۇ بەختكە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇ، ئەڭ ياخشى يىللىرىنى پائالىيەتسىزلىكتە ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. ئۇ ئۆز قەلبىدە ناھايىتى زور كۈچ بارلىقىنى سېزىدۇ. ئەمما، بۇ كۈچ بىكارغا نابۇت بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ، ئۇلۇغ قەھرىمانلىق كۆرسىتىشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئەمما بۇ ئارزۇسى پەقەت خىيال ھالىتىدىلا قېپقالىدۇ. ئۇ، يالغۇزلۇقتا بەختسىز ھايات كەچۈرىدۇ، ئۆزىگە ئۇچراپ قالغان كىشىلەرگە پەقەت جاپا ۋە ھالاكەت كەلتۈرىدۇ.

ئۇ نېمە ئۈچۈن مەقسەتسىز ياشايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن پائالىيەتسىزلىكتە خاراب بولىدۇ ۋە كۈرەشسىز بالدۇرلا قېرىپ قالىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ نىكولاي I نىڭ ئىمپېرىيىسىدە مەقسەت ۋە كۈرەش ئۈچۈن ئىمكانىيەت تاپالمايدۇ.

پېچورىن ياشىغىدا مىڭلىغان-مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ قۇللۇقتا ياشاۋاتقانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىنغانىدى. ئەمما، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۇ ئۆزىدىكى ئەڭ ياخشى تۇيغۇلارنى كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قېتىغا كۆمۈپ قويىدۇ، ئادەملەرنىڭ جاپا چېكىشلىرىگە بىپەرۋا قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ. دەسلىپىدە، ئۇ ئۆزىنىڭ بىرەر ئىش قىلىشقا ئاجىز كېلىۋاتقانلىقىدىن غەزەپلىنىپ يۈرگەنىدى، كېيىنچە ئۇ ئۆزىنى ھېچ نەرسىگە ئىشەنمەسلىككە ۋە ھېچنېمىگە ئۈمىدۋار بولماسلىققا ئۆگىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ مەنىۋى جەھەتتىن مېيىپ كىشىلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ. مانا شۇ مەنىۋى مېيىپ ئادەمنى لېرمونتوۋ «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» دەپ ئاتايدۇ.



لېرمونتوۋ پېچورىننى «ئۇ — زامانىمىزدىكى ئەۋلادنىڭ بارلىق نۇقسانلىرىنىڭ يىغىندىسىدىن ياسالغان پورترېت» دېگەنىدى.

پېچورىننىڭ يەنە مۇنداق تەرىپىمۇ بار: ئۇ ئەتراپىدىكى رېئاللىققا، نىكولاي I نىڭ ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىگە چوڭقۇر دۈشمەنلىك بىلەن قارايدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا قارشى ھېچقانداق ئاكتىپ پائالىيەتتە بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇ ئېغىر روھىي زىددىيەت يۈكىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ئادەم. ئۇ، ئادەملەرگە بولغان مۇناسىۋەتتە، مۇھەببەت تەسىراتلىرىدا ھامان مۇرەككەپ روھىي زىددىيەتنى ۋە ئىككىلىنىشنى ئىپادىلەيدۇ. لېرمونتوۋ ئۇنىڭ مۇرەككەپ خاراكتېرىنى كاۋاكازنى كەڭ ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ راۋاجلاندۇرىدۇ. لېرمونتوۋ ئۇنىڭ روھىي ئازابلىرىنىڭ مەنبەسىنى ئىنچىكە ئانالىز قىلىدۇ. شائىر، 30-يىللارغا خاس بولغان بۇ ئەۋلادنىڭ ۋەكىلىنى تەنقىد قىلىدۇ. ئۇ بۇ ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە مۇنداق ئادەملەرنى پەيدا قىلغان جەمئىيەت شارائىتىنى، يەنى چارروسىيە ھاكىمىيىتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئەينى زاماننى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ.

لېرمونتوۋنىڭ بۇ پىكرىنى كىتابخانلار ۋە تەنقىدچىلەرلا ئەمەس، بەلكى پادىشاھنىڭ ئۆزىمۇ ياخشى چۈشەنگەنىدى. ئۇ، خۇسۇسىي خەتلىرىنىڭ بىرىدە قاتتىق غەزەپلىنىپ، «زامانىمىز-نىڭ قەھرىمانى» نى بەكمۇ يامان ۋە يىرگىنىشلىك كىتاب دەپ، لېرمونتوۋنىڭ ئۆزىنى بولسا، «بۇزۇق يازغۇچى» دەپ سۆككەنىدى.

«زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» — تۇنجى رۇس پىسخولوگىك رومانى بولۇپ، ئۇ رۇس پىروزىسىنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى تەرەققىياتىغا غايەت چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ جاھان

ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە ئۇنىڭ راۋاجىغا نىسبەتەن ئوينىغان تۈرتكىلىك رولىنىمۇ ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

بۇ مەزگىللەردە، لېرمونتوۋنى دەۋر قىلىپ بىر مەيدان كۈرەش قانات يايغانىدى. ئاقسۆڭەكلەر ئۇنى پادىشاھ سارىيى بىلەن مۇرەسسە قىلدۇرماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ تالانتىنى چار ھاكىمىيەتنىڭ خىزمىتىگە بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشاتتى. ئۇلار شائىرغا خۇشامەت قىلىشقا، ئۇنىڭ پۇشكىننىڭ ئۆلۈمىگە ئاتاپ يازغان شېئىرىنى ياشلىق قىزىققانلىقى ۋە ئېھتىياتسىزلىقىغا ھېساب قىلىشقا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى پادىشاھ سارىيىغا تەقدىم قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار لېرمونتوۋنى ساراي شائىرىغا ئايلاندۇرماقچى بولۇشاتتى.

ئەمما، ئۇلارنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشىدىن ھېچنېمە چىقمىدى. كاۋكاز سۈرگۈنىدىن قايتقاندىن كېيىن، لېرمونتوۋ كۆپرەك مەرھۇم تارىخچى كارامزىننىڭ ئۆيىدە، پۇشكىننىڭ دوستلىرى — ژوكوۋسكىي، ۋيازېمسكىي، ئودويېۋسكىي، سوبولېۋسكىي، ئا. ن. تۇرگېنېۋلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇردى. لېرمونتوۋنىڭ غايىۋى ۋە بەدىئىي قاراشلىرى بېلىنسكىي ۋە ئۇنىڭ پىكىرداشلىرىنىڭ قاراشلىرىغا ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتەتتى. لېرمونتوۋنىڭ «ۋەتەن خاتىرىلىرى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان ھەر بىر شېئىرى بۇ شائىرنىڭ ئەرك سۆيەر رۇس شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى داۋام قىلدۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. نىكولاي I ھۆكۈمىتى شۆھرىتى بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ياش شائىردىن قورقۇشقا باشلىدى. بۇ ھۆكۈمەت لېرمونتوۋنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنەتتى، ئۇنى جامائەت نارازىلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ بىلەتتى. پۇشكىن ھالاك بولغان كۈنلەردىن باشلاپ، لېرمونتوۋغا قارىتا ئۇيۇشتۇرۇلغان



سۇيىقەست ۋە ئىغۋالار يەنە قايتىدىن باش كۆتۈردى.

1839-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، گراف ۋلادىمىر سوللوگوب دېگەن بىر يالاقچى ۋە چاكىنا ئادەم لېرمونتوۋنى شەخسەن ھاقارەت قىلىدىغان «كىبارلار دۇنياسى» ناملىق بىر پوۋېست يېزىپ چىقتى. ئۇ، پوۋېستىدا لېرمونتوۋنى ياش ئوفىتسېر مىشېل لېئونىن نامىدا تەسۋىرلەيدۇ. لېئونىن پېتربۇرگ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ خىللانغان دائىرىسىگە — «كىبارلار دۇنياسى» غا كىرمەكچى بولىدۇ، بىراق، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ چالا ۋە رەزىل ئەدىب ئۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان بىر ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتالمىدى دەپ يەكۈن چىقىرىدۇ ئۆز پوۋېستىدا. سوللوگوب ئارىدىن 25 يىلچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزى يازغان خاتىرىدە، بۇ پوۋېستنى يېزىشنى ئۇنىڭغا پادىشاھنىڭ ئايالى ۋە ئۇنىڭ ئىككى قىزى بۇيرۇغانلىقىنى، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ لېرمونتوۋنى كەمسىتمەكچى بولغانلىقىنى ئىقرار قىلدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، لېرمونتوۋنىڭ دۈشمەنلىرى كونا ئۇسۇلنى — يەنى، شائىر بىلەن بىرەر ئەجنەبىي شەخس ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇشۇش ئۇيۇشتۇرۇش ئۇسۇلىنى يەنە سىناپ كۆرمەكچى بولۇشتى. ئۇلاردىن بىرى ئاتايىن فرانسىيىنىڭ پېتربۇرگدىكى ئەلچىسى دي. برانتنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنىڭغا، لېرمونتوۋ «شائىرنىڭ ئۆلۈمى» دېگەن شېئىرىدا يالغۇز دانتېسنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن فرانسۇز مىللىتىنى قارىلىغان دەپ چاقتى. بۇ چاررۇسىيە بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر جىددىيلىشىپ قالغان بىر ۋاقىت ئىدى. ئەلچى يۇقىرىقى گەپنى ئاڭلاپ تەشۋىشلىنىپ قالدۇ ۋە شېئىرنى كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلدۇ. شېئىرنىڭ تېكىستىنى

ئۇنىڭغا لېرمونتوۋنىمۇ، ئۇنىمۇ تونۇيدىغان ئۇمۇمىي تونۇشلار ئېلىپ كېلىپ بېرىدۇ. ئەلچى شېئىرنى دىققەت بىلەن ئوقۇپ چىقىپمۇ، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئەيىب تاپالمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ چېقىمدىن كېيىنمۇ لېرمونتوۋنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈمىد قىلغان توقۇنۇش كېلىپ چىقمايدۇ.

ئارىدا بىر يېرىم ئايچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، گرافىنيە لاۋال دېگەن خانىمنىڭ مېھماندارچىلىقىدا، فرانسۇز ئەلچىسىنىڭ ئوغلى ياش دىپلومات بەران. ئېرنېست. دې. برانت لېرمونتوۋ بىلەن ئىنزاھلىشىپ قالىدۇ. ئۇ يوق يەردىن باھانە تېپىپ، لېرمونتوۋنىڭ باشقا بىر شەخسكە قارىتىپ يازغان بىر پارچە ھەجۋىي شېئىرىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، سىز بۇ شېئىرىڭىزدا مېنى ھاقارەتلىدىڭىز دەپ تۇرۇۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئىنزاھ تەلەپ قىلىدۇ. «مەن ئۆز ۋەتىنىمدە بولغان بولسام، نېمە قىلىشىمنى ئۆزۈم بىلەتتىم» دەيدۇ ئۇ ئاچچىقلىنىپ. لېرمونتوۋ ئۇنىڭغا: «نومۇس-ۋىجدان قائىدىلىرىگە رۇسىيىدىمۇ ھەممە يەردىكىدەك قەتئىي ئەمەل قىلىش كېرەك، بىزمۇ ئۆزىمىزگە بولغان ئورۇنسىز ھاقارەتلەرگە يول قويمايمىز» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

برانت لېرمونتوۋنى دۇئېلغا چاقىرىدۇ. دۇئېل چېرنايا رېچكا دېگەن جاينىڭ نېرى يېقىدا، پارگولوۋسكايا يولىنىڭ بېيىدا، يەنى ئۈچ يىل بۇرۇن پۇشكىن بىلەن دانتېس ئېتىشقان يەرگە يېقىن جايدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. دۇئېل قان تۆكۈلمەستىنلا تۈگەيدۇ. ئۇلار يەككىمۇ يەككە ئېلىشقاندا، بىر قىلىچ سۇنۇپ كېتىدۇ، ئۇلار قىلىچلارنى تاشلاپ تاپانچىغا ئۆتىدۇ، برانت دەسلەپ مۆلجالغا ئالىدۇ، ئەمما لېرمونتوۋغا ئوق تەگكۈزەلمەيدۇ. لېرمونتوۋ بولسا، برانت ئۆز نۆۋىتىنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن،



ئوقنى برانتقا ئەمەس، بەلكى باشقا ياققا قارىتىپ ئاتىدۇ. مەلۇمكى، لېرمونتوۋ مەردلىك قىلىپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغانىدى.

بۇ ۋەقەنى لېرمونتوۋنىڭ دۈشمەنلىرى يوشۇرۇنچە باشلىقلارغا يەتكۈزدى، روشەنكى برانتنىمۇ بۇ ماجىراغا شۇلار قۇتراتقانىدى.

لېرمونتوۋ قاماققا ئېلىندى ۋە «دۇئېل توغرىسىدا ئالدىنئالا خەۋەرلەندۈرۈپ قويمىغانلىقى ئۈچۈن» ھەربىي سوتقا تارتىلدى. برانتنى جاۋابكارلىقتىن خالاس قىلىش ئۈچۈن، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى گراف نېسسېلرودې خۇسۇسىي سۆھبەتتە ئۇنىڭغا ھازىرچە چەت ئەلگە كېتىپ تۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى.

پېتربۇرگدا، بۇ ئىش ئاسانلىق بىلەن بىر تەرەپ بولىدۇ، چۈنكى لېرمونتوۋ بىر ئەجنەبىي ئالدىدا رۇسىيىنىڭ شان-شە-رىپىنى قوغدىدى، دېگەن گەپلەر تارقالدى. قارىماققا، ئۇنى ئەيىبلەش مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنەتتى.

ئەمما، نىكولاي ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى بۇ پىكىر بىلەن ئازراقمۇ ھېسابلاشمىدى. ساقچى باشلىقى، ئۆز ۋاقتىدا پۇشكىننى نازارەت ئاستىغا ئالغان قولچوماق بېنكېندورف شەھەردە لېرمونتوۋنىڭ شەنىگە ئىسنات كەلتۈرىدىغان گەپ-سۆزلەرنى تارقاتتى. برانتمۇ ئۇچرىغانلا جايدا لېرمونتوۋنى سۆكۈپ يۈردى، ئۇ ساراي دائىرىلىرى قانچە ئۈندىگەن بولسىمۇ، پېتربۇرگدىن تېخى كەتمىگەنىدى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى دوستلىرى ئارقىلىق ئاڭلىغان شائىر ئىنزاھ تەلەپ قىلىپ ئۇنى تۈرمىگە چاقىرتتى. ئۇلار تۈرمىدە سۆزلەشتى. كېيىنكى ئېنىقلاشلارغا قارىغاندا، شۇ قېتىم برانت لېرمونتوۋنى يەنە

دۇئېلغا چاقىرتقانىكەن. دۇئېل لېرمونتوۋ قاماق مۇددىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان.

كېيىن تېپىلغان ھۆججەتلەر ۋە يېڭى ماتېرىياللار بۇ ماجىرانىڭ لېرمونتوۋنى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنىڭ تەشكىلاتچىلىرى گراف بېنكېندورف بىلەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى گراف نېسسېلرودې ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇلار پۇشكىننى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنىڭمۇ باش تەشكىلاتچىلىرى بولغانىدى. لېرمونتوۋغا ئۇيۇشتۇرۇلغان سۇيىقەستتە فرانسىيە باش ئەلچىسى بەران. دې. برانتمۇ قەبىھ رول ئوينىغان. ماتېرىياللاردىن پاش بولۇشىچە، ئۇ ئۆز ئوغلىنىڭ پېتىربۇرگدا داۋاملىق تۇرۇپ دىپلوماتىك مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈش ئارزۇسى بارلىقىنى، لېكىن لېرمونتوۋ بىلەن بىر شەھەردە ياشاش ئۇنىڭ چىشىغا تېگىدىغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىپ، پادىشاھ ھۆكۈمىتىدىن لېرمونتوۋنى پېتىربۇرگدىن ئۇزاق مۇددەتكە قوغلاپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلغانىكەن. بۇ ماتېرىياللار ئوقۇغان كىشىدە چوڭقۇر غەزەپ-نەپرەت پەيدا قىلىدۇ.

پادىشاھ سوتىنىڭ ھۆكۈمىنى تەستىقلىدى. لېرمونتوۋ يەنە كاۋكازغا، كاۋكازدىكى ئۇرۇش لىنىيىسىنىڭ ئەڭ خەۋپلىك ۋە ئەڭ يىراق نۇقتىسىدا ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان ئارمىيىگە قاراشلىق پولكقا ئەۋەتىلىدىغان بولدى. بۇ كاۋكازلىقلار بىلەن بولغان جەڭلەردە قاتتىق تالاپەتكە ئۇچراۋاتقان ۋە ئەسكەرلىرى ئىسسىق بەلۋاغ قىزىتمىسىدىنمۇ كۆپلەپ قىرىلىۋاتقان بىر پولك ئىدى. پادىشاھ، لېرمونتوۋنىڭ ئېنىق ئۆلۈمگە ئەۋەتىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، تەھدىت ۋە ئىستىھزا بىلەن: «جانابىي لېرمونتوۋ، ئاق يول تىلەيمەن!» دەپ يازدى.

چارروسىيىنىڭ پۈتۈن ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى ئامانسىز



تەنقىد قىلغانلىقى ئۈچۈن، لېرمونتوۋ ئۆمۈرۋايەتلىك سۈرگۈنگە ھەيدەلگەنىدى. ئۇ ئۆز ئىرادىسىدىن تاشقىرى، ئۆزى قاتتىق ئەيىبلىگەن ئادالەتسىز ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا مەجبۇر قىلىندى.

ئۇ، كاۋكازدا، ئۇرۇش ئىچىدە يۈرگەن پەيتلەردە، پېتىربۇرگدا ئۇنىڭ شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. لېرمونتوۋ بۇ توپلامغا 400 گە يېقىن شېئىرىدىن ئاران 26 پارچىنى تاللىغان ۋە سودىگەر كالاشنىكوۋ توغرىسىدىكى داستانى بىلەن «موناخنىڭ شاگىرتى» ناملىق داستانىنىلا كىرگۈزگەنىدى. لېرمونتوۋ يېڭى سۈرگۈنگە كېتىۋاتقان كۈنلەردە، پېتىربۇرگدا ئۇنىڭ يېڭى رومانى — «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى»مۇ نەشردىن چىقىپ سېتىلىشقا باشلىغانىدى.

1841-يىلى 1-ئايدا، لېرمونتوۋ مومىسىنىڭ تەكرار ھەرىكەت قىلىشى ئارقىسىدا، ئىككى ئايلىق دەم ئېلىش ئېلىپ پېتىربۇرگقا قايتىدۇ. ئۇ، قەدىمكى رىمنىڭ ھاياتىنى تەسۋىرلەيدىغان بىر داستان يېزىشنى ۋە رۇس جەمئىيىتى ھاياتىنىڭ ئۈچ دەۋرىنى — يېكاتىرىنا II، ئالېكساندىر I دەۋرى ۋە ئۆز ياشىغان دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تىرىلوگىيە يېزىشنى پىلانلاپ قويغانىدى. لېرمونتوۋ پېتىربۇرگدا دەم ئالغان بۇ مەزگىلدە، بىر ياقتىن ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى يېزىقچىلىق پىلانى ھەققىدە ئويلانسا، يەنە بىر ياقتىن ھەرىكەت قىلىپ، ئارمىيىدىن ئايرىلىپ، ئۆز ئۆمرىنى ئەدەبىياتقا بېغىشلاشنى ئۈمىد قىلدى. ئەمما ئۇنىڭ ئېرىشكىنى 48 سائەت ئىچىدە پېتىربۇرگدىن ئايرىلىپ، كاۋكازغا قايتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇق بولدى. كاۋكازدا بولسا، ئۇنى ئۆلۈم كۈتۈپ تۇراتتى.

بۇ بۇيرۇقنى ساقچى باشلىقى بېنكېندورف چۈشۈرگەنىدى. ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ساقچى كورپۇسىنىڭ پودپولكوۋنىكى

كۆشىننىكوۋغا شائىرنى پايلاپ كاۋكازغا بىللە بېرىش ھەققىدە مەخپىي بۇيرۇق بەردى.

لېرمونتوۋ 1841-يىل 4-ئاينىڭ 13-كۈنى پېتربۇرگدىن ئايرىلدى. ئۇ كاۋكازغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ھەربىي قىسىم تۇرۇشلۇق جايغا بارمىدى، پياتىگورسك (بېشتاۋ) شەھرىدە تۇرۇۋېلىپ، مىنېرال سۇلاردا داۋالىنىشقا باشلىدى. پادىشاھ ھۆكۈمىتى ئىزىدىن ئەۋەتكەن ساقچى ئەمەلدارى كۆشىننىكوۋ بۇ يەردىكى ئاقسۆڭەكلەر ۋە ھەربىيلەر ئىچىدە شائىرغا قارشى مەخپىي پىتنە ۋە سۈيىقەست ئۇيۇشتۇردى.

ئۇ ۋە ئۇ ئۆزىگە تارتقان ئاقسۆڭەكلەر ئاۋۋال پۇرۇچىك لىسانېۋىچ دېگەن ھەربىي بىلەن لېرمونتوۋ ئوتتۇرىسىدا دۇئېل چىقىرىشقا ئۇرۇندى. لىسانېۋىچ شائىر بىلەن ئەتەي جاڭجال چىقىرىشتىن باش تارتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار ھەربىي خىزمەتتىن چېكىنگەن مايور مارتىنوۋنى لېرمونتوۋغا قارشى كۈشكۈرتۈشكە باشلىدى. مارتىنوۋ لېرمونتوۋنىڭ ھەربىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى بولۇپ، ناھايىتى دۆت ۋە شەخسىيەتچى ئادەم ئىدى. ئۇ كۈشكۈرتكەنلەر ۋە سۈيىقەست پىلانلىغانلارنىڭ مەقسىتى بويىچە ئىش كۆردى.

7-ئاينىڭ 15-كۈنى مەشۇق تېغىنىڭ ئېتىكىدە، مارتىنوۋ بىلەن لېرمونتوۋ ئوتتۇرىسىدا دۇئېل بولدى. دۇئېلنىڭ شەرتلىرى بەكمۇ غەلىتە بولۇپ، قان تۆكۈلىدىغانلىقى ئالدىنئالا مەلۇم بولۇپ تۇراتتى، دوختۇر تەكلىپ قىلىنمىغان، ئات-ھارۋىمۇ ھازىرلاپ قويۇلمىغانىدى. بۇنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان قاتىللىق ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. لېرمونتوۋنىڭ زامانداشلىرىنىڭ يېزىشلىرىغا قارىغاندا، دەسلەپ ئوق چىقىرىش نۆۋىتى لېرمونتوۋغا تەگكەن، لېرمونتوۋ بۇ بىمەنە جاڭجالنى



دوستانە ئاياغلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، مارتىنوۋغا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىش نىيىتىنىڭ بولمىغانلىقىنى، چاقچاقلىرى ئۇچۇن خاپا بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆزى خالىغان سورۇندا ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراشقا تەييار ئىكەنلىكىنى سەمىمىي ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ ئېيتىپ، قولىنى ئەتەي باشقا ياققا بۇراپ، ئوقنى ھاۋاغا ئاتقان. مارتىنوۋ بولسا، شائىرنىڭ بۇ خىل ئالىي ھىممەتلىكلىكىنى چۈشىنىشنى خالىمىغان، ئەكسىچە، ئەپۇ سوراشقا تەييار ۋە ئۇنىڭ بىلەن جاڭجاللىشىش نىيىتى يوق، ئوقنى باشقا ياققا قارىتىپ ئاتقان شائىرغا ۋەھشىيلىك بىلەن يېقىنلاپ كېلىپ، بەكمۇ يېقىن يەردىن دەل ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۆلجەللىگە ئېلىپ تۇرۇپ رەزىللىك بىلەن ئوق چىقارغان.

ئەلۋەتتە، بۇ قاتىللىق سۈيىقەستىدە مارتىنوۋ پەقەت قولچوماقلا بولۇپ، ئۇ پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ خاھىشىنى ئىجرا قىلغانىدى.

شائىر ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇ يىقىلىپ ياتقاندا، توختىماي قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ جەسىتى بىر قانچە سائەت يامغۇردا قالغان.

لېرمونتوۋ پۇشكىندىن كېيىن سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئىككىنچى رۇس شائىرى بولدى. ئۇ ئۆلتۈرۈلگەندە تېخى 27 ياشقىمۇ تولۇق تولمىغانىدى.

ئۇلۇغ شائىر مىخائىل يورىيېۋىچ لېرمونتوۋ دۇنيادىن مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا كەتتى، ئەمما ئۇنىڭ مەغرۇر نامى ئىلغار ئىنسانىيەتنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشاپ قالدى.

لېرمونتوۋ ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا چەكلىك يۇسۇندا تونۇشتۇرۇلۇشى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا باشلانغان.

ئۇيغۇر كىتابخانلىرى 40-ۋە 50-يىللاردا شائىرنىڭ «ئاشىق غېرىب» چۆچىكى ۋە بىر قانچە شېئىرىنىڭ تەرجىمىسى توپلام قىلىنغان بىر كىتابچىسى بىلەن، «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» رومانى بىلەن ۋە تۆت پارچە داستانى توپلام قىلىنغان بىر كىتابچىسى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. بۇ كىتابچىلار ۋە رومان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، تاكى 80-يىللارغا قەدەر لېرمونتوۋنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرۇلمىدى. ئۇنىڭغىچە بولغان تارىخىي-سىياسىي شارائىتلار بۇ ئەمگەكنى ئورۇنداشقا بىزگە پۇرسەت بەرمىدى.

مەن، لېرمونتوۋنىڭ ئەسەرلىرىنى ناھايىتى ياقتۇرىمەن، ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئەسەرلىرى ماڭا ئۆسمۈر ۋاقتىمدىن باشلاپلا ھەمراھ بولغانىدى. مەن شائىرنىڭ داڭقى چىققان داستانلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى قايتا ئىشلەشنى، تەرجىمە قىلىنمىغانلىرىنى تەرجىمە قىلىشنى، شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ داستانلىرىنىڭ مۇكەممەلرەك بىر توپلىمىنى ئۆز ئانا تىلىمدا نەشر قىلدۇرۇشنى كۆپتىن بېرى ئويلاپ كەلگەنىدىم. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ بەزى داستانلىرىنى قايتا تەرجىمە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار ئىدى. ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئارىدا 40 يىلغا يېقىن تەرەققىيات جەريانىنى بېشىدىن كەچۈردى، شېئىرىي تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىدا، ئۇ زامانغا قارىغاندا، زور پەرق كېلىپ چىقتى. بىز، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىتابخانلىرى ئۈچۈن ۋە ئېھتىمال كېيىنكى ئەۋلاد ئۈچۈن، لېرمونتوۋ داستانلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىي تىلىغا مۇۋاپىق، نىسبەتەن مۇكەممەلرەك بولغان ئۆلچەملىك تەرجىمىسىنى تۇرغۇزۇشىمىز لازىم ئىدى. مەن



بۇ ئەمگەكنى ئورۇنداش جەريانىدا، ئويلىغانلىرىمنىڭ توغرا بولغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندىم.

لېرمونتوۋنىڭ بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئالتە پارچە داستانى ئىچىدە بەش پارچىسىدا مەن يولداش يۈجېننىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ئاساس قىلدىم، يەنە بىر پارچىسىنى — يەنى «بويارىن ئورشا» نى ئۆزبېكچە تەرجىمىسىدىن ئاغدۇردۇم. يولداش يۈجېن لېرمونتوۋنىڭ شېئىر-داستانلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىشى بىلەن 1939-يىلدىن باشلاپ شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ئۇنىڭ تەرجىمىسىنىڭ توغرىلىقىغا ۋە نوپۇزىغا ئىشىنىشكە بولىدۇ.

تەرجىمە ئۇسۇلىدا، پېشقەدەم ئۇيغۇر شائىرلىرى شېئىرىي تەرجىمە ساھەسىدە 35 يىلدىن بۇيان ياراتقان ئۇسلۇب ۋە ئۇسۇللارغا، ئۇلار توپلىغان قىممەتلىك تەجرىبىلەرگە، شۇنىڭ بىللە، ئۆزۈمنىڭ 25 يىللىق شېئىر يېزىقچىلىقى ئاساسىغا ھەم 20 يىللىق شېئىرىي تەرجىمە تەجرىبىسىگە تايىنىپ، بۇ داستانلارنىڭ شېئىرىي ئوبراز، شېئىرىي كارتىنا، شېئىرىي تىل، شېئىرىي ھېسسىيات، بايان قىلىش ماھىرلىقى يېقىدىن ئەينى ئورىگىنالغا تولۇق ئۇيغۇن بولۇشىغا ھەم ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىۋاتقان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىمۇ داستان بولۇپ چىقىشىغا ئېرىشىشنى ئۆز ئالدىمغا مەقسەت قىلىپ قويدۇم. شېئىر تەرجىمىسى باشقا تەرجىمە تۈرلىرىدىن پەرق قىلىدۇ، بۇنى ئورۇنداش ئۈچۈن ھەم تەرجىمانلىق، ھەم شائىرلىق سالاھىيىتىنى ھازىرلاش كېرەك. بۇ ئىككى ئامىل ئۇتۇقلۇق بىرلەشكەندىلا، ئاندىن شېئىر-داستان تەرجىملىرى يورۇققا چىقىدۇ. ئۇيغۇرلاردا شېئىر-داستان تەرجىمە ئىشى ھازىر بۇ تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

بىزنىڭ شېئىرىي تەرجىمىلىرىمىز دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە مەشھۇر ئەسەرلەرنىمۇ ئۇيغۇر تىلىدا ناھايىتى تولۇق دەرىجىدە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئىپادىلىمەكتە. شېئىرىي تەرجىمىلەرگە باشقا تەرجىمە تۈرلىرىنىڭ تەلىپىنى قويۇش ساۋاتسىز ۋە كۆلكىلىك بىر گەپ بولۇپ چىقىدۇ، خالاس. يېقىندا بۇ خىل بىمەنە تەلەپلەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بەزى ماقالىلەرنىمۇ كۆردۈم، ئۇ ماقالىلەردە، شېئىرىي تەرجىمە ئىشىنى ئازراقمۇ چۈشەنمەيدىغان، بۇ ساھەدە ئۆزلىرى تېخى باشقىلارغا ئۆگەتكۈدەك دەرىجىدە ھېچقانچە سالاھىيەت ھازىرلىمىغان بەزى ئاپتورلار، ئۆزىنى سەممىيلىك بىلەن دەڭسەپ كۆرمەي، ئەكسىچە، كۆرەڭلىك بىلەن ئاغزىغا كەلگەننى ۋالاقلىغان. مەن، ئۇلارنىڭ ساۋاتسىز سەپسەتىلىرىنى ھېسابقا ئېلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق دەپ ھېسابلىدىم ۋە شېئىرىي تەرجىمە ئۇسۇلىدا ئۆزۈم ئۆلچەم قىلغان يۇقىرىقى پرىنسىپلارغا رىئايە قىلدىم.

بۇ ئەمگىكىم كەڭ ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا نىسبەتەن جاھان ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىدىن بىر ئوقۇشلۇق بولۇپ قالسا ياكى بىر مەزگىلدىن كېيىن باشقا ئۇيغۇر شائىرلىرى چىقىپ بۇ تەرجىمىنى ئۇتۇقلۇق ئاغدۇرۇپ تاشلىيالىسا، پەقەت خۇشال بولىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن، خالاس. چۈنكى، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىيلىقى — بۇ ساھەدە قىلغان ۋە قىلىدىغان ھەممە ئەمگەكلىرىمىزنىڭ ئورتاق مەقسىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1987-يىلى 4-ئاي، ئۈرۈمچى.



# «تۈندە ئۇچقان يالغۇز قۇش» باھار ئىزلەپ ئۇچۇشنى تەرغىپ قىلىدۇ

مەن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1984-يىل 7-سانىغا بېسىلغان مۇھەممەت ئىمىننىڭ «‹تۈندە ئۇچقان يالغۇز قۇش› نېمىنى تەرغىپ قىلماقچى؟» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇپ چىقتىم. ماقالىدىن قارىغاندا، مۇھەممەت ئىمىن مېنىڭ بۇ ئەسىرىمدە يارىتىلغان شېئىرىي ئوبرازنى، ئەسەردىكى مۇھىت تەسۋىرىنى، ئەسەرنىڭ تېما ئىدىيىسىنى، ئەسەر ئەكس ئەتتۈرگەن تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە مېنىڭ ئەسەرگە سىڭدۈرگەن خاھىشىمنى چۈشىنەلمىگەن، شۇڭلاشقا، ماقالىسىنىڭ ماۋزۇسىدىن باشلاپ تاكى ئاخىرىغا قەدەر بۇلار توغرىسىدا ماڭا بىر قاتار سوئاللارنى قويغان ۋە مېنى ئۆز كۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تەكلىپ قىلغان. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قويغان سوئاللىرىغا مېنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ جاۋاب بېرىشىمنى كۈتمەيلا، ئۆزى ئۆز سوئاللىرىغا زىت يوسۇندا، ئەسەردىن ئالدىراپ-تېنەپ يەكۈن چىقىرىپ، ئۇنى كەڭ كىتابخانلارغا خاتا چۈشەندۈرگەن، ئەسەرنىڭ تېما ئىدىيىسىنى ئۆز خاھىشى بويىچە بۇرمىلاشقا ئۇرۇنۇپ، ئەسەرگە پۈتۈنلەي خاتا تەبىر بېرىپ، كىتابخانلارنى ئۆز ئارزۇسى ۋە تەسەۋۋۇرىدىكى بۇ «ناچار» ئەسەرنى بىللە تەنقىد قىلىشىپ بېرىشكە دەۋەت قىلغان.

شۇ سەۋەبتىن، مەن، مۇھەممەت ئىمىن بىلەن «تۇندە ئۇچقان يالغۇز قۇش» توغرىسىدا زۇرۇر مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشنى لايىق كۆردۈم. ئەدەبىي تەنقىدتە مۇنازىرە بەدىئىي ئەسەرلەرنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا توغرا باھا بېرىشكە، ھەق بىلەن ناھەقنى، توغرا بىلەن خاتانى، ياخشى بىلەن ياماننى پەرقلەندۈرۈشكە پايدىلىق بولىدۇ. مۇنازىرە ئارقىلىق، بەدىئىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ راۋاجلىنىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش مۇمكىن.

مۇھەممەت ئىمىن ماقالىسىنىڭ ماۋزۇسىدا ماڭا: «‹تۇندە ئۇچقان يالغۇز قۇش› نېمىنى تەرغىپ قىلماقچى؟» دەپ سوئال قويغان. مەن ماقالا ئاپتورىنىڭ بۇ سوئالىغا: «‹تۇندە ئۇچقان يالغۇز قۇش› باھار ئىزلەپ ئۇچۇشنى تەرغىپ قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىمەن.

مۇئەييەن ئەدەبىي ساۋاتقا ئىگە بولغان كىتابخانلارنىڭ ھەممىسىگە مەلۇمكى، ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ۋە ئەدەبىيات تارىخى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بىرەر بەدىئىي ئەسەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن، ئۇ ئەسەرگە باھا بېرىش-كە نىلىرىدە، ئۇنى شۇ ئەسەر بارلىققا كەلگەن تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دەۋر مۇھىتىدىن ئايرىپ تاشلىمايدۇ. بۇلار بىلەن باغلىماي تۇرۇپ، ئەسەرنىڭ تېما ئىدىيىسىنى ۋە ئەسەرنىڭ ئەھمىيىتىنى توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس.

مېنىڭ باللادام 1979-يىلى 3-ئايدا يېزىلغان، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1981-يىللىق 3-سانىدا ئېلان قىلىنغان. ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، 1978-يىلى 12-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن 22-كۈنىگە قەدەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 11-قۇرۇلتاي



3-ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى. بۇ يىغىن مەملىكەت قۇرۇلغاندىن بۇيان پارتىيە تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر قېتىملىق ئىنتايىن مۇھىم يىغىن بولدى. دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ يىغىن بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ تارىخى ئۇلۇغ بۇرۇلۇش دەۋرىگە كىردى، ئېلىمىزدە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى نىشان قىلغان ئومۇمىيۈزلۈك ئىنقىلابىي ئىسلاھات دەۋرى باشلاندى. 3-ئومۇمىي يىغىن دۆلەتكە ۋەيرانچىلىق، خەلققە ئاپەت ئېلىپ كەلگەن مەدەنىيەت ئىنقىلابى قالايمىقانچىلىقى ئۈستىدىن توغرا يەكۈن چىقاردى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەدەنىيەت ئىنقىلابى كەلتۈرۈپ چىقارغان مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن ئۇۋال ئەنزىلەر تۈزىتىلىشكە باشلىدى. مەن، ئەينى چاغلاردا، كەڭ كۆلەم بىلەن ۋە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ۋەزىيەتكە خۇشاللىق بىلەن نەزەر سېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناھايىتى چوڭ بىر تارىخىي ئۇۋال ئەنزىنىڭ تۈزىتىلگەنلىكىگە، يەنى جۇڭگو ھازىرقى زامان زىيالىيلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي رولى توغرىسىدىكى تۈپ قاراشلارنىڭ توغرىلانغانلىقىغا، ئۇلارغا بولغان ئۇزۇن يىللىق مۇئامىلىنىڭ ئۇزۇل-كېسىل ئۆزگەرگەنلىكىگە دىققەت قىلدىم. 3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ يېڭىچە زىيالىيلار سىياسىتى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا گېزەندە قىلىنىپ خەلقتىن ئايرىپ تاشلانغان، قوشۇندىن ۋە ئۆزلىرىنىڭ سۆيگەن كەسپىدىن زورلۇق كۈچى بىلەن چەتلىتىلگەن زىيالىيلار ئارقا-ئارقىدىن ۋە تۈركۈملەپ قوشۇنغا قايتىپ كېلىشكە باشلىدى. مەن ئۆزۈممۇ شۇ خىل زىيالىيلارنىڭ بىرى بولغانىدىم. بۇ چاغدا، مەندە مەدەنىيەت ئىنقىلابى جاھالىتىدە سىياسىي جەھەتتىن ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان،

كەمستىلگەن، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان، ئەمما ئاشۇنداق ئىلاجسىز ئەھۋالدىمۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىغان، جۇڭگونىڭ كەلگۈسىگە ۋە خەلقىنىڭ ئىستىقبالىغا بولغان ئىشەنچىسى يەنىلا تەۋرىمىگەن، يەككە ۋە يېتىم قالدۇرۇلغان ھالەتتىمۇ، زۇلمەتلىك تۈندە باھار ئىزلەپ ئۇچقان يالغۇز قۇشتەك، ئۆز تەقدىرىگە تەن بەرمەي مەنىۋى جەھەتتىن زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا، قىشتىن باھارغا قاراپ ئىنتىلگەن «گېزەندە» زىيالىيلارنىڭ شېئىرىي رومانتىك ئوبرازىنى يارىتىش، ئۇلارغا سەنئەت مۇنارى تىكلەش ئارزۇسى پەيدا بولدى. مەن مۇنداق زىيالىيلارنىڭ مىسالىنى مەدەنىيەت ئىنقىلابى يىللىرىدا تۇرمۇشتا كۆپلەپ ئۇچراتقانىدىم. مەندە ئۇلارغا نىسبەتەن ھېسداشلىق ۋە ئورتاقلىق بار ئىدى. چۈنكى مەن ئۆزۈممۇ ئون نەچچە يىل شۇ خىل «گېزەندىلىك» ھاياتىنى بېشىمدىن كەچۈردۈم. مەنمۇ، مەتبۇئات ھوقۇقۇم بولمىغان، باسمىخانىدا گۇمان ۋە نازارەت ئاستىدا ئىشلەپ يۈرگەن ئاشۇ يىللاردا يېزىقچىلىقنى يەنىلا داۋاملاشتۇرغانىدىم. مەن يوشۇرۇن يازاتتىم ۋە يازغانلىرىمنى يوشۇرۇپ ساقلايتتىم. مېنىڭ ئۇ يىللاردا يازغان ئەسەرلىرىمنىڭ بىر قىسمى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى، قالغانلىرىمۇ ئېلان قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. مېنىڭ ئۇ خىل تىپتىكى زىيالىيلارنىڭ شېئىرىي ئوبرازىنى يارىتىش قىزغىنلىقىمنى ۋە ئۇلارغا بولغان سەممىي ھېسداشلىقىمنى ئۇ خىل تەقدىرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرمىگەن ياكى ئۇلارنىڭ شۇ خىل كۈندە قېلىشىغا ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي زىيانكەشلىك ھەرىكەتلىرى — ئېيتايلۇق «پاش قىلىش ماتېرىيالى»،



شوئارلىرى ۋە ئىنتايىن «سول» قالپاقلىرى بىلەن سەۋەبچى بولغان كىشىلەرنىڭ چۈشىنىپ يېتىشى ۋە ئۇ خىل قىزغىنلىقنى بىۋاسىتە ھېس قىلىشى تەس ئەلۋەتتە. پارتىيە بۈگۈنكى كۈندە زىيالىيلار سىياسىتىنى تېخىمۇ كۈچلۈك تەلەپپۇز بىلەن تەكىتلەشكە ۋە ئۇنى زور ئېتىبار بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە باشلىدى. ھەممە زىيالىيلار سىياسىتىنى جۇڭگونىڭ تۆتتە زامانىۋىلىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىم سىياسەت دەپ كۆرسەتتى. ئەمدى ئويلىسام، مېنىڭ يۇقىرىقى ئارزۇيۇم ۋەزىيەتنىڭ بۇ خىل تەرەققىياتىغا ۋە پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە ئۇيغۇن بولغانىكى، ئەكسىچە ھەرگىزمۇ خاتا بولمىغان.

تېما بەلگىلەنگەن، تېما ئىدىيىسى پىشىپ يېتىلگەنىكەن، ھەرقانداق ئاپتور بۇلارنى ئىپادىلەشنىڭ بەدىئىي ۋاسىتىلىرىنى، بۇلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن لازىم بولغان ئوبراز دېتاللىرىنى ئىزلەشكە باشلايدۇ. مەنمۇ ئىجادىي ئىشنىڭ بۇ قانۇنىيىتىدىن تاشقىرى بولمىدىم. مەن «گېزەندە» قىلىنىپ، قوشۇندىن چەتلىتىلگەن ئەمما ئۆز غايىلىرى ۋە ئىشەنچى يولىدا داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىگەن، مەنىۋى جەھەتتىن ھەرگىز تىز پۈكمىگەن، ئۆز بېشىغا كەلگەن ۋاقىتلىق بەختسىزلىكلەر تۈپەيلى ئۈمىدسىزلەنمىگەن ۋە چۈشكۈنلەشمىگەن، بەلكى زۇلمەتتە ۋە يېتىملىكتە قالغاندىمۇ يەنىلا قەيسەرلىك بىلەن «ئۇچۇش»نى داۋاملاشتۇرغان زىيالىيلارنىڭ مەنىۋى رومانتىك ئوبرازىنى يارىتاقچى بولغان ئىكەنمەن، ئەلۋەتتە شۇنىڭغا مۇناسىپ يېڭى ۋە ئىجادىي بولغان شېئىرىي دېتال ئىزلىدىم. ئەلۋەتتە، ئەسەرنىڭ بۇ تېما ئىدىيىسىنى ئېنىق-ئاشكارا ۋە بوۋاققا نان چايناپ بەرگەندەك قىلىپ:

ئەي زىيالىيلار، چەكتىڭلار جاپا
زۇلمەتلىك مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا.
قوشۇنىڭلارغا قايتىڭلار بۈگۈن،
تەلىيىڭلار ئوڭ كەلدى تازا.
رولۇڭلارنى قىلدىڭلار جارى،
پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە...

دېگەندەك قىلىپ يېزىپ ئىپادىلەشمۇ مۇمكىن ئىدى. لېكىن مەن بۇ خىل يېزىش ئۇسۇلىنى بەدىئىي ئىجادىيەت، يۇقىرىقىدەك مىسرالارنى بولسا شېئىر دەپ ھېسابلىمايدىغان بولغاچقا، ياراتماقچى بولغان شېئىرىي رومانىنىڭ ئوبرازىنى مۇمكىنقەدەر سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈش، مۇمكىنقەدەر گۈزەللەشتۈرۈش مەقسىتىدە، شۇ مەقسەتكە باپ بولغان شېئىرىي دېتال ئىزلەپ، بۇ خىل دېتالنى كەچ كۈز كۈنى زۇلمەتلىك تۈندە باھار ئىزلەپ قەيسەرلىك بىلەن ئۇچۇپ كېتىۋاتقان يالغۇز قۇشنىڭ مىسالىدىن تاپتىم. چۈنكى مەن پۈتۈن مەدەنىيەت ئىنقىلابى يىللىرىدا كەچ كۈز تۈنلىرى ئادەتتە ئۇچراپ تۇرىدىغان، كىشىگە ئىلھام بېرىدىغان بۇ خىل ھادىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغانىدىم. مۇھەممەت ئىمىن ئۆز ماقالىسىدا بۇ ھادىسىنى «شېئىرىي نۇقتا» دەپ خاتا چۈشەندۈرۈپتۇ. بۇ «شېئىرىي نۇقتا» ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئوبراز يارىتىشىم ئۈچۈن لازىم بولغان شېئىرىي دېتال. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شېئىرىيەت نەزەرىيىسىدە «شېئىرىي نۇقتا» دېيىلىدىغان مۇنداق كەسپىي ئاتالغۇ يوق.

مۇھەممەت ئىمىن ئۆز ماقالىسىدا: «ھەممىزگە مەلۇمكى، ئەدەبىي ئەسەرلەردە بىرەر تەبىئەت ھادىسىسى



ۋەقە ياكى مەنزىرە تەسۋىرى مەقسەتسىز ھالدا سۈرەتلەنمەيدۇ. ئەدەبىياتتا قەدىمدىن تا ھازىرغىچە مۇئەييەن ئىدىيىۋى خاھىشتىن خالىي تۇرىدىغان ساپ تەبىئەت تەسۋىرى ياكى تەبىئەتتىكى ھادىسىلەر تەسۋىرىنىڭ مەۋجۇد بولمىغانلىقىمۇ كىشىلەرگە سىر ئەمەس. ئاپتورنىڭ تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىكى مەۋجۇداتلارنى سۈرەتلەشتىن مەقسىتى ئۆزى تەشەببۇس قىلماقچى ياكى ئالغا سۈرمەكچى بولغان مەلۇم ئىدىيىۋى پىكىرنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈندۇر. كىتابخانلارمۇ شۇ ئارقىلىق ئاپتورنىڭ قەلبىدىكى مۇددىئانى چۈشىنىدۇ.» دەپ يازىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي توغرا. «شېئىرىيەتتىكى تەبىئەت لىرىكىسى شەكلى ۋە باشقا ژانىرلارغا مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەردىكى مەنزىرە تەسۋىرى بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئۇلارغا پېرسوناژلارنىڭ ۋە ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى ۋە روھىي كەيپىياتى سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ» دېگەن جۈملىلەر تولۇقلاپ قويۇلسا، مۇھەممەت ئىمىننىڭ بۇ چۈشەنچىسى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ. لېكىن بۇ مۇھەممەت ئىمىن ئۆزى ئېيتقاندەك، ھەممىزگە مەلۇم بولغان چۈشەنچە، بەلكى بەدىئىي ئەدەبىيات بىلەن مۇئامىلىدە بولۇۋاتقان ھەر بىر ئادەم بىلىشكە تېگىشلىك ئەقەللىي ساۋات بولۇپ، مەن، مۇھەممەت ئىمىننىڭ بۇ ماقالىسىدىن بۇرۇن، كىتابخانلار ئالدىدا «تۈندە ئۇچقان يالغۇز قۇش» ھېچقانداق ئىدىيىۋىلىكتىن خالىي ساپ تەبىئەت تەسۋىرى ئىدى، دەپ دەۋا قىلمىغان بولغاچقا، بۇ ساۋاتنى ماقالىدا ئالاھىدە تەكىتلەش ئورۇنسىز بىر ئىش بولۇپ قالغان.

بەدىئىي ئىجادىيەتتە تەبىئەت ھادىسىلىرى دېتاللىرىدىن پايدىلىنىش قانۇنىيىتىگە كۆرە، مېنىڭ «تۈندە ئۇچقان يالغۇز

قۇش» ناملىق باللادامدا يارىتىلغان شېئىرىي رومانىنىڭ ئوبرازى — ئادەم، بېرىلگەن تەبىئەت مۇھىتى تەسۋىرلىرى — جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىجتىمائىي ۋەقەلەر ۋە مۇئەييەن زاماننىڭ ئوبرازلىق كارتىنىسى. مەنىمۇ مۇھەممەت ئىمىنگە ئوخشاش، باللادىدا ئىشلىتىلگەن ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەر ۋە سۆز-ئىبارىلەرنىڭ بىرىمۇ بۇ مەقسەتتىن تاشقىرى بولمىدى دەپ قارايمەن. مەسىلەن، باللادىنى ئەينى ۋاقىتتا ئوقۇپ چىققان كىتابخانلارنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، مەن ئۇنى مۇنداق باشلىغان:

ئۇيۇق يورۇپ باھار تېڭى ئاتقاندا،
تۇرنىلارنىڭ ئۈنى كەلدى ھاۋادىن.
خىيالىمدا شاد دولقۇنلار قوزغالدى،
بۇ كۆكۈلگە يېقىن، يېڭى سادادىن.
كۆرمەك بولۇپ قايتىپ كەلگەن قۇشلارنى
كۆك يۈزىگە باقتىم چىقىپ تالاغا.
ئۇلار ئۇچۇپ كېلەر ئىدى تىزىلىپ،
باھارنى تاپقان تاغۇ دالاغا...

مېنىڭ تەسۋىرىمدىكى بۇ مەنزىرە 3-ئومۇمىي يىغىننىڭ ئالدى-كەينىدە جۇڭگو جەمئىيىتىدە پەيدا بولغان باھارنىڭ شېئىرىي كارتىنىسى ئىدى، ئۇيۇق يورۇپ باھار تېڭى ئاتقاندا، باھارنى تاپقان تاغۇ دالاغا قۇشلار قايتىپ كېلىۋاتاتتى... شېئىرىي رومانىنىڭ ئوبراز يارىتىش مەقسىتىدە، ماقالىنىڭ ئاپتورى ئېيتقاندەك «سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلى» بىلەن يېزىلغان باللادىدا بېرىلگەن بۇ باش تەسۋىر ئۇۋال، ناھەق



ئەنزىلىرى تۈزىتىلگەن زىيالىيلار تۈركۈملەپ قوشۇنغا قايتىپ كېلىۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى كۆرسىتەتتى. بۇ يۇقىرىقى مىسرالاردىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ باھار جۇڭگودا يۈز بەرگەن. ماقالىنىڭ ئاپتورى مېنىڭ باللادام ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ كۆرۈشكە ئۇرۇنغىنىدا، يۇقىرىقى باش تەسۋىرگە دىققەت قىلىشتىن ئۆزىنى ئەتەي چەتكە تارتىپ، شۇ سەۋەبتىن ئۆزىمۇ بىر مۇنچە مۇجمەللىشىپ، ماڭا «بۇ باھار نەدە؟ جەنۇبتىمۇ ياكى شىمالدىمۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى قويىدۇ. بۇ باھارنىڭ نەدە ئىكەنلىكى يۇقىرىقى تەسۋىردىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرمامدۇ؟ ئاق قەغەز، قارا سىياھ... ئەسەرنىڭ بۇ بېشىنى كەتمەن بىلەن چېپىپ، پىچاق بىلەن كېسىپ تاشلىغىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ماقالىسىدا ھېلىلا: «ئەدەبىياتتا قەدىمدىن تا ھازىرغىچە مۇئەييەن ئىدىيۋى خاھىشتىن خالىي تۇرىدىغان ساپ تەبىئەت تەسۋىرى ياكى تەبىئەتتىكى ھادىسىلەر تەسۋىرىنىڭ مەۋجۇد بولمىغانلىقىمۇ كىشىلەرگە سىر ئەمەس» ئىكەنلىكىنى، «تۈندە ئۇچقان يالغۇز قۇش» باللادىسىنىمۇ دەل مۇشۇ ساۋات ئۆلچىمىدىن تۇرۇپ ئانالىز قىلىش لازىملىقىنى ئېيتقان ئاپتور، نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئېيتقىنىغا ئۆزى خىلاپلىق قىلىپ، باللادىدىكى ئوبراز ۋە مۇھىت تەسۋىرىنى ساپ تەبىئەت ھادىسىلىرى تەسۋىرى، ساپ جۇغراپىيىۋى ئورۇن ۋە يىل پەسىللىرى تەسۋىرى دەپ قارايدۇ؟ ئەگەر ئۇ ئۆزىنى ئۆزى لەت قىلىپ، باللادىغا مۇنداق ئۆزئارا زىددىيەتلىك چۈشەنچىلەردە بولمىغان بولسا ئىدى، «بۇ باھار نەدە؟» «بۇ جەننەت نەدە؟» دەپ گاڭگىراپ قالمىغان بولاتتى. ماقالىدىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، مۇھەممەت ئىمىن پىكىر قىلىشتىكى لوگىكىلىق

ئىزچىللىقىنىڭ يېتەرسىزلىكى سەۋەبىدىن، ئۆز مۇلاھىزىسىنىڭ راۋاجى داۋامىدا ئۆزئارا زىددىيەتلىك چۈشەنچىلەر ۋە مۇجمەللىكلەر ئىچىگە كىرىپ قېلىپ، جىق جاپا تارتقان ۋە تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان.

مەن باللادامدا، جۇڭگو جەمئىيىتىدە زىمىستان قىشتىن كېيىن باھار پەيدا بولغان، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا قوشۇندىن ئايرىلغان زىيالىيلار ئۆز قوشۇنىغا ۋە ئۆز كەسپىگە خۇشاللىق بىلەن قايتىپ كېلىۋاتقان ۋەزىيەتنىڭ شېئىرىي تەسۋىرىنى بەرگەندىن كېيىن، لىرىك چېكىنىش يولى بىلەن، ئۇلارنىڭ قوشۇندىن ئايرىپ تاشلانغان، گېزەندە قىلىنىپ يېتىم قالدۇرۇلغان، تۈرمىلەرگە ۋە سۈرگۈنگە ھەيدەلگەن، لېكىن ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ پارلاق كېلەچىكىگە — يەنى ئۇنىڭ باھارى ۋە جەننىتىگە بولغان قەتئىي ئىشەنچى تەۋرىمىگەن، يامان كۈندە قالغاندىمۇ روھەن بۇ باھارغا ۋە جەننەتكە ئىنتىلگەن، بۇ باھارنى ۋە جەننەتنى ئىزلەپ مەڭگۈ جەھەتتىن قەيسەرلىك بىلەن ئۆتچان چاغلىرىنى ئەسلىدىم. ئەسەردە بۇ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشنى بەدىئىي سىپىلىشتۇرما قىلماي تۇرۇپ، ئۇلار تەستە ئېرىشكەن باھارنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتكىلى بولمايتتى. مەن باللادام ئۈچۈن بەلگىلىگەن تېما ئىدىيىسىنىڭ ئېھتىياجىغا كۆرە، ئوبراز يارىتىشتا ئاساسىي سالماقنى مۇشۇ زامان مۇھىتى تەسۋىرىگە ۋە لىرىك ئوبرازىمنىڭ جۇڭگونىڭ پارلاق، گۈزەل كېلەچىكى توغرىسىدىكى ئارزۇلىرى ۋە تەلپۈنۈشى ئۈستىگە قويدۇم. شۇڭلاشقا، لىرىك چېكىنىش باشلىنىش بىلەنلا، مەن ئۆزۈم ياراتماقچى بولغان ئوبرازنى كەچ كۈز تۈنى مۇھىتىغا تاشلىدىم. كۆپچىلىككە مەلۇم، جۇڭگودا مەدەنىيەت ئىنقىلابى



ئاپتى 1966-يىلدىن باشلاندى، جۈملىدىن جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ ۋەيرانچىلىق تارىخىمۇ دەل شۇ ۋاقتتىن، يەنى مەتبۇئاتلاردا دىگتو، ۋۇخەن، لياۋموشا قاتارلىقلارغا ھۇجۇم باشلانغان، مەدەنىيەت ۋە ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ھەممە ساھەسىدە بۇرژۇئازىيىگە ئومۇميۈزلۈك دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش چاقىرىق قىلىنغان چاغدىن ئېتىبارەن باشلاندى. ئۇندىن كېيىن، كەچ كۈزدەك سوغۇق ۋە جۇدۇنلۇق كەلگەن بۇ ۋەزىيەت بارغانسېرى راۋاجلىنىپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بالايىئاپەتلىك يىللىرىغا — يەنى جۇڭگودا پەيدا بولغان قەھرىتان ۋە ئۇزاققا سوزۇلغان قىشقا كىرىپ كەتتى. مېنىڭ باللادامدا تەسۋىرلەنگەن زىمىستان ۋە خارابە قىش كارتىنىسى — مانا شۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابى يىللىرىنىڭ مۇھىت تەسۋىرى. بۇ مۇھەممەت ئىمىن ماقالىسىدا چۈشەندۈرگىنىدەك ماكان مۇھىتى ئەمەس، بەلكى زامان مۇھىتى. ئون نەچچە يىل داۋام قىلغان مەدەنىيەت ئىنقىلابى قالايمىقانچىلىقى توپتوغرا بىر دەۋرلىك زامانىنى ھاسىل قىلدى، بۇنى بۈگۈنكى كۈندە ھېچكىممۇ ئۇنداق بولمىدى دەپ ئىنكار قىلالمايدۇ. بەدىئىي ئەدەبىيات تارىخىدا زىمىستان قىشنى ئاپەتلىك زامانلارغا، گۈزەل باھارنى بەختىيار ۋە گۈللەنگەن زامانلارغا سىمۋول قىلىش يالغۇز مەندىنلا باشلانغان ئىش ئەمەس، بۇ سىمۋولدىن تارىختىن بۇيان سانسىزلىغان ئەدىبلەر پايدىلانغان ۋە مۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىق پايدىلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بۇ سىمۋولدىن مېنىڭمۇ پايدىلىنىشىمغا ۋە ئۇنى ئۆزۈمگە خاس ئىجادىي ئۇسۇل بىلەن سۈرەتلىشىمگە بولمامدىكەن؟

بۇ ئەلۋەتتە بولىدۇ ۋە مەن شۇنداق قىلدىم. باللادامدا مەدەنىيەت ئىنقىلابى مۇھىتىنى قىش دەپ تەسۋىرلىگەندىن

كېيىن، مېنىڭ شېئىرىي قەھرىمانىم ئىنتىلگەن ۋە ئىزلىگەن جۇڭگونىڭ پارلاق ۋە گۈزەل كەلگۈسىنى، ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك تىنچ ۋە گۈللەنگەن دەۋرىنى، شۇنىڭدەك تۆتتە زامانىۋىلىشىپ باي ۋە قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلىنىدىغان چاغلىرىنى — بۇ بەختىيار زاماننى باھار ۋە جەننەت سىمۋولىدا گۈزەللەشتۈردۈم، ئۇنى ئىزلەپ ئۇچقان شېئىرىي قەھرىمانىمنىڭ تىز پۈكمەسلىكى، قەيسەرلىكى ۋە داۋاملىق ئۇچۇش ئىرادىسىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم، ئۇنىڭغا قىزغىن سۆزلەر بىلەن ھېسداشلىق قىلدىم. چۈنكى، جۇڭگونىڭ كۆپچىلىك ئەمگەكچى خەلقىگە ئوخشاشلا، جۇڭگو زىيالىيلىرىدىمۇ مەملىكەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئارزۇسى خېلى ئۇزۇندىن بېرى بار ئىدى. بۇ مەنىدە، مېنىڭ باللادام بۇ خىل تارىخىي پاكىتقا ۋە چىنلىققا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

كىتابخانلار كۆرۈپ تۇرۇپتىكى، مېنىڭ باللادامدىكى سىمۋوللۇق ئوبراز — تۈندە ئۇچقان يالغۇز قۇش — قىشتىن باھارغا، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا، ئۆز ۋاقتىدىن كېلەچەككە، دېمەك سىمۋوللۇق مەنىدە، زاماندىن زامانغا قاراپ ئۇچۇۋاتىدۇ. مۇھەممەت ئىمىن ماقالىسىدا مېنىڭ بۇ رومانتىك قەھرىمانىمنى ماكاندىن ماكانغا قاراپ ئۇچۇۋاتىدۇ، دەپ خاتا ھۆكۈم چىقارغان. مۇھەممەت ئىمىننىڭ تەكىتلىشىچە، ئەدەبىياتتا ئىدىيىۋى خاھىشتىن خالىي تۇرىدىغان ساپ تەبىئەت تەسۋىرى ۋە تەبىئەتتىكى ھادىسىلەر تەسۋىرى يوق ئەمەسمىدى؟ مېنىڭ باللادام سىمۋوللۇق ئىپادىلەش يولى بىلەن يېزىلغان ۋە ئۇنىڭدا يارىتىلغىنى سىمۋوللۇق ئوبراز ئەمەسمىدى؟ شۇنداق ئىكەن، بۇ خىل چۈشەندۈرۈشتە سىمۋول ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇش قۇش پېتى، قىش ۋە باھارلار پەسىل پېتى ساپ تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە خام دېتال ھالىتىدە قالدىغۇ؟



شۇنداق ئىكەن، ماقالىنىڭ ئاپتورى ئېيتقاندەك، پەسىلدىن پەسىلگە، ماكاندىن ماكانغا ئۇچۇۋاتقان بىر قۇشنى ھېچقانداق بەدىئىي مەقسەتسىز قۇرۇقتىن-قۇرۇق سۈرەتلەپ قويۇشنىڭ ماڭا نېمە ئەھمىيىتى بار؟ ئەلۋەتتە مۇنداق قىلىشنىڭ ماڭا نىسبەتەن ھېچقانداق ئىجادىيەت قىممىتى يوق ۋە مۇنداق بىھۇدە ئەمگەكنى مەن قىلمايمەن. باللادامدا مەن كەچ كۈز تۈنى باھار ئىزلەپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان يالغۇز قۇشنىڭ نوقۇل شۇ ئۇچۇش ئىرادىسىنىلا تۇتۇۋېلىپ، پەقەت شۇ خىل ھالەت ۋە ئىرادىدىن شېئىرىي دېتال تەرىقىسىدە پايدىلىنىپ، ئۇنى سىمۋوللۇق ۋاستە قىلىپ، قوشۇنغا قايتقان زىيالىيلارنىڭ شېئىرىي رومانتىك ئوبرازىنى ياراتتىم. ئۇ خىل ھالەت ۋە ئىرادىدىن تاشقىرى بولغان تەبىئەت ماتېرىياللىرى بىلەن، ئۇلارنىڭ ئالدى-كەينىگە مۇناسىۋەتلىك باشقا ھادىسىلەر، سەۋەبلەر ۋە ئاقىۋەتلەر بىلەن مېنىڭ باللادامنىڭ مۇناسىۋىتى بولمىدى، چۈنكى مەن ئوبراز يارىتىشىمغا تەبىئەتتىن قانچىلىك دېتال لازىم بولغان بولسا شۇنىلا ئالدىم، خۇددى سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ باشقا تۈرلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارغا ئوخشاش. رەسسام ئۆز ئەسىرىدە بىرلا ئادەمنى سىزماقچى بولسا، ھەرگىز ئۇنىڭغا ئالاقىسىز باشقا ئادەملەرنى قېتىپ سىزىپ قويمايدۇ.

مەن، مۇھەممەت ئىمىننىڭ ماقالىسىنى ئوقۇپ چىقىش جەريانىدا بايقىدىمكى، بۇ ماقالىدا سوئالمۇ، جاۋابمۇ، مۇجمەللىكمۇ، گاڭگىراشمۇ، گۇمانمۇ، ھۆكۈممۇ، قىياسمۇ ۋە چۈشىنەلمەسلىكمۇ ھەممىسى بار. ھەتتا بەزى يەرلەردە چۆچۈپمۇ چۈشكەن. مۇنازىرە لوگىكىسى ۋە ئەقەللىي مۇلاھىزە قائىدىلىرى بويىچە، ھۆكۈمنى سوئالغا جاۋاب ئېلىپ،

مۇجمەللىكلەر ئېنىقلانغان، گۇمان ئايدىڭلىشىپ، قىياسلار ئىسپاتلانغاندىن كېيىن چىقىرىش كېرەك ئىدى. لېكىن مۇھەممەت ئىمىن مۇنداق قىلمىغان، بىرى-بىرىنى چەتكە قاقىدىغان، بىرى-بىرىگە يېقىنمۇ كەلمەيدىغان بۇ پىكرىي ھادىسىلەرنى بىر يولى ئوتتۇرىغا قويسام، ھەتتا شەرت-شارائىتنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ھازىرلانغانلىقىغا باقماي ھۆكۈم چىقىرىپ، خالىغانچە تەنقىد ئېلىپ بارسىمۇ بولۇۋېرىدۇ دەپ ھېسابلىغان. شۇڭلاشقا، زاماندىن زامانغا قاراپ ئۇچۇۋاتقان سىمۋوللۇق ئوبرازنى ماكاندىن ماكانغا ئۇچۇۋاتىدۇ دەپ بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈپ ھەمدە بۇ خىل چۈشەندۈرۈشى ئالدىدا ئۆزى توسۇلۇپ قېلىپ، بۇ ماكانىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى مېنىڭدىن سورىغان. بۇ ماكان، ئەگەر مېنىڭ باللادامدا شۇنداق ماكان چۈشەنچىسى ئەكس ئەتكەن بولسا، جۇڭگونىڭ ئۆزىدە! چۈنكى باللادىدا مېنىڭ جۇڭگولۇق قەھرىمانىم جۇڭگونىڭ زۇلمىتىدىن — يورۇقلۇقىغا، قىشىدىن باھارىغا، دوزىخىدىن جەننىتىگە قاراپ ئۇچقان.

ئەگەر، مۇھەممەت ئىمىن مېنى بۇ باھارنى، بۇ جەننەتنى باشقا بىر چەت ئەلدە دېمەكچى بولغان دەپ ئەيىبلىمەكچى بولسا، باللادىنىڭ بەدىئىي ئەمەلىيىتىدىن ۋە جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغاندىن بۇيانقى تارىخىي چىنلىقىدىن ئىسپات كەلتۈرسە بولىدۇ. كىتابخانلارغا مەلۇم بولغىنىدەك، بەدىئىي چىنلىق تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. تۇرمۇش چىنلىقىدا بولمىغان نەرسىنى بەدىئىي يوسۇندا ئومۇملاشتۇرغىلى ۋە تىپىكلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. جۇڭگونىڭ يېقىنقى بىر مەزگىللىك تارىخىدا، ۋەتەن يامان كۈنگە قالغاندا، ئادەملەرنىڭ تۈركۈملەپ باشقا مەملىكەتلەرگە



كېتىپ، كېيىن ياخشى كۈنلەر كەلگەندىن كېيىن، «تەييارغا ھەييار بولۇپ»، تۈركۈملەپ، خۇددى باھاردا قايتىپ كەلگەن قۇشلاردەك قايتىپ كەلگەنلىكىگە پاكىت بارمۇ؟ مەسىلەن، قانچىلىك ئادەم، قاچان ۋە قايسى مەملىكەتكە كەتكەن ۋە قاچان قايتىپ كەلگەن؟ مۇھەممەت ئىمىن بۇنىڭغا ئاساس قويۇپ بېرەلەمدۇ؟ قويۇپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى جۇڭگونىڭ بۇ بىر مەزگىللىك تارىخىدا ئۇنداق ئىش بولۇپ باققان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۈگۈنكى يەر شارىدا ئىجتىمائىي ھاياتى پۈتۈنلەي باھاردىن ۋە جەننەتتىن ئىبارەت بولغان بىرەر قانداق مەملىكەتمۇ بارمۇ؟ مۇھەممەت ئىمىن بۇنىڭغا مىسال قىلىپ قايسى مەملىكەتنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ؟ مېنىڭچە ئۇ ھەرگىز كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. بىرەر مەملىكەتنى پۈتۈنلەي باھاردىن ۋە جەننەتتىن ئىبارەت دېيىش تارىخنىڭ تەرەققىيات لوگىكىسىغا ۋە يەر شارىنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇش چىنلىقىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى، ھەر بىر مەملىكەتنىڭ ئۆز تارىخىي تەرەققىياتىغا كۆرە، قىشى ۋە باھارى، ۋەيرانچىلىقى ۋە گۈللىنىشى، دوزىخى ۋە جەننىتى بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، تۇرمۇش چىنلىقىدا ئاساسى بولمىغان ئىشنى مەنمۇ يازمايمەن-دە! ئەگەر مەن تۇرمۇش چىنلىقىدا بولۇپ باقمىغان، تۇرمۇش لوگىكىسىغا خىلاپ بولغان يالغان نەرسىنى ئومۇملاشتۇرماقچى ۋە تىپىكلەشتۈرمەكچى، ئۇنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى ياراتماقچى بولسام، ئۇ ھالدا، مېنىڭ ئەسىرىم — ئوچۇق دېڭىزدا ئۆزى ئۈچۈن ھېچقانداق قىينالمايلا ئوزۇق تاپالايدىغان، ھەتتا ئۆزىدىن چوڭ باشقا دېڭىز ھايۋانلىرىغا بىمالال ھوجۇم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان

يىرتقۇچ ئاكۇلانى بارماقچىلىك چوڭلۇقتىكى كىچىككىنە بىلىجاننى يېمەكچى بولۇپ، ئۇنى ئۇدۇل بېرىپ يېيىشتىن قورقۇپ، بىر مۇنچە ھىيلە-مىكىرلەرنى ئويلاپ تېپىپ ۋە نۇرغۇن ئاۋارە بولۇپ، ئاخىرى ئۇنى سۇسىز قىرغاققا ئالداپ ئاپىرىپ لايغا پاتۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن يېگەنلىكىنى تەسۋىرلىگەن شېئىرىي مەسەلدەك بىمەنە بىر نەرسە بولۇپ چىقمامدۇ؟

شۇنداق ئىكەن، مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئۆز ماقالىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ۋە مىللەتپەرۋەرلىك توغرىسىدا ماڭا ئېيتقان نەسىھەتلىرى ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىك بولغان. بۇ مەزمۇننىڭ مېنىڭ باللادامنىڭ تېما ئىدىيىسى بىلەن قىلچىمۇ مۇناسىۋىتى يوق. باللادىنىڭ بەدىئىي ئەمەلىيىتىگە تاشنى تاياققا تاڭغاندەك چاپلاشمايدىغان بۇ خىل ئورۇنسىز ئەيىبلەشنى مەن رەت قىلىمەن. خەلق يازغۇچىسى سۈپىتىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك-كە ۋە مىللەتپەرۋەرلىككە مېنىڭ قانداق مۇئامىلىدە بولۇ-ۋاتقانلىقىمنى مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى ئوقۇغان ۋە ئوقۇۋاتقان ھەممە كىتابخانلار بىلىدۇ.

مەن، مۇھەممەت ئىمىننىڭ مېنىڭ باللادامنى ئۆز ماقالىسىدا ئاساسسىز يوسۇندا بەدىئىيلىكى ناچار ئەسەرلەر قاتارىغا كىرگۈزگەنلىكىگە بىر ئاز ھەيران بولدۇم. بۇنى ماقالە ئاپتورىنىڭ بەدىئىي ئەسەرلەرنى چۈشىنىش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى ۋە ئەدەبىي ساۋاتىنىڭ كەمچىللىكىدىن بولغان دەي دېسەم، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ قاملاشسۇن-قاملاشمىسۇن ئانچە-مۇنچە بىر نەرسىلەر يېزىپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋىرىم بار. ئۇنداق ئەمەسمىكىن دەي دېسەم، ئۇ ئەسىرىمگە: «جىددىي بەدىئىي نۇقسانلار بار»، «بەدىئىيلىكى ناچار»، «باللادا شەكلىگە كىرگۈزۈشكە ئورۇنغان»، «مەنتىقسىز،



بىر-بىرىگە زىت بولغان مۇجمەل تەسۋىرىي سۆزلەر بىلەنلا چەكلەنگەن»، «سۆز-جۈملە، مىسرا-كۇپلېتلار ۋە مەزمۇنلارنىڭ تەكرار بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىمۇ قارىماي...» دېگەندەك بىر قاتار ئەيىبلەرنى چاپلاپ قويغان. مېنىڭ بۇلارنى ئەيىب دەپ ئاتىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، ماقالىنىڭ ئاپتورى بۇ نۇقسانلارنىڭ ئەسەرنىڭ قەيىرىدە، قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلىمىغان، قالپاق بارۇ، پاكىت يوق، ھەتتا، بۇ ئەيىبلىرىگە ئەسەرنىڭ ئۆزىدىن ئاساس كەلتۈرەلمىگەندىن كېيىن، مېنىڭچە، باللادىدىن ئالغان بەزى ئۈزۈندىلەرنى ئەتەي كۇپلېتى كۇپلېتىقا، مىسراسى-مىسراسىغا باغلانمايدىغان قىلىپ، ئۇلارنىڭ راۋاجى ۋە تەرتىپىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ بۇزۇپ كۆچۈرگەن.

مەسىلەن، مۇھەممەت ئىمىن كەلتۈرگەن مۇنۇ ئۈزۈندىنى كۆرۈپ باقايلى:

................................
ئاخشاملىرى كۆرۈپ گۈزەل چۈشلەرنى،
شاخلار ئارا ئۈگدەيسەن خالىساڭ.
سەن ئەركىنسەن، ئۇچامسەن يا قونامسەن،
تەقدىرىڭنى تاپشۇرسەن باھارغا،
خۇش كۈنلىرىڭ ۋە قارارىڭ ئۆزۈڭدە.»

بۇ تەرتىپكە بىر قارىغان ئادەم، بۇ مىسرالارنىڭ تەشكىللىنىشىنىڭ تازا قولاشماي تۇرغانلىقىنى، ھەتتا قاپىيەنىڭمۇ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئالالايدۇ. مۇھەممەت ئىمىنمۇ كىتابخانلاردا شۇنداق تەسىرات قالدۇرۇشنى ئۈمىد قىلغان ئەلۋەتتە.

لېكىن، بۇ مېنىڭ نۇقسانىم بولماي، دەل مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئۆزۈندە ئېلىش ئەخلاقىدىكى نۇقسان ۋە ئېلىنغان ئۆزۈندىلەرنى ئەسلىي ئەسەرگە سېلىشتۇرۇپ كۆرمىگەن ژۇرنال تەھرىرلىرىنىڭ نۇقسانىدۇر. بۇ مىسرا ۋە كۇپلېتلار باللادىدا ئەسلىي مۇنداق تەرتىپتە ئىدى:

كۆمۈش تاڭدا قونۇپ ئېلىپ گۈللەرگە،
قوشاق توقۇپ كۈي كۈيلەيسەن خالىساڭ.
ئاخشاملىرى كۆرۈپ گۈزەل چۈشلەرنى،
شاخلار ئارا ئۈگىدەيسەن خالىساڭ.
سەن ئەركىنسەن، ئۇچامسەن، يا قونامسەن،
سېنىڭ ئىشىڭ، ئىختىيارىڭ ئۆزۈڭدە.
تەقدىرىڭنى تاپشۇرسەن باھارغا،
خۇش كۈنلىرىڭ ۋە قارارىڭ ئۆزۈڭدە.

خوش، بۇنى نېمە دەپ چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ بۇ خىل غەيرىي نورمال يول بىلەن مېنىڭ باللادامنى بەدىئىيلىكى ناچار دەپ ئىسپاتلىغىلى بولامدۇ؟ ئومۇمەن، ماقالىنىڭ ئاپتورى شېئىرىيەتنىڭ بەدىئىي ئۆلچەملىرىنى ئۆزى زادى قانچىلىك دەرىجىدە چۈشىنىدۇ؟ ئەگەر ئۇ بۇ ئۆلچەملەرنى ئۆز ئەھۋالى ۋە ساۋاتىغا كۆرە ئاز-تولا چۈشىنىدىغان بولسا، باللادىنىڭ بەدىئىيلىكىنى كەمسىتىش يولىدا مۇنداق ئەخلاقتىن تاشقىرى بولغان، سۈيىقەستلىك ۋاستىلەرنى قوللانمىغان بولاتتى. بۇ ھەقتە مەن ئارتۇق توختالمايمەن. چۈنكى، مېنىڭ ئەسەرلىرىمنىڭ ۋە بۇ باللادامنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى كىتابخانلارغىمۇ ۋە مېنىڭ ئۆزۈمگىمۇ مەلۇم. شۇڭلاشقا،



مۇھەممەت ئىمىننىڭ بۇ ھەقتىكى ئاساسسىز، ئىسپاتلانمىغان ۋە غەلىتە باھالىرىنى ئوقۇغىنىمدا، خەلقىمىزنىڭ «تازنى تاز دېسە ئۆلگىسى كېلىدۇ، ساقنى تاز دېسە كۈلگىسى كېلىدۇ» دېگەن ماقالى ئېسىمگە كەلدى.

يۇقىرىقىلارغا كۆرە، مۇھەممەت ئىمىننىڭ مېنىڭ باللادامنى «خاھىشى ساغلام بولمىغان ئەسەر»، «ساغلام بولمىغان ھېسسىيات، ئوبراز، تەسەۋۋۇرلار ئارقىلىق»، «ئۈمىدسىزلىك»، «چۈشكۈنلۈك» نى تەرغىپ قىلغان دېگەن ئەيىبلەشلىرى ئاساسسىز، يۈرگۈزگەن مۇلاھىزىسى داۋلى ۋە لوگىكا يېقىدىن پۈت دەسسەپ تۇرالمايدۇ، ئەسەرگە بەرگەن باھالىرى ئەسەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، مەن ئۇنىڭ ئەيىبلەشلىرىنى پاكىت ئاساسى يوق سىياسىي قالپاقچىلىقتىن، سۈيىقەست ئىشلىتىش ۋە ھەسەتخورلۇق ۋە شەخسىي ئۆچمەنلىكتىن ئۇرغۇپ چىققان غەرەزلىك ھوجۇمدىن باشقا نەرسە ئەمەس دەپ ھېسابلىدىم. ئەگەر ئۇنداق ئەمەس بولسا، مۇھەممەت ئىمىن ئېيتىپ كۆرسۇنچۇ قېنى! تۈن كۆكىدە تەۋرىنىش پەيدا قىلىپ، مەغرۇر ۋە خۇشال ئاۋاز بېرىپ، ئاسمان بويلاپ لاچىن ئۈنى كەبى ياڭراق سادا تارقىتىپ، باھارغا تەشنالىق بىلەن ئىنتىلىپ، زۇلمەت باسقان تۈندە زوق بىلەن ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بۇ قۇشنىڭ قەيىرىدە، قايسى ھەرىكىتىدە سىز ئۈمىدسىزلىكنى كۆردىڭىز؟ بۇ ئۈمىدسىزلىك بولسا، ئۈمىد قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ باھاردىن ھېچقانداق ئۈمىدى بولمىسا، ئۆز تەقدىرىگە تەن بېرىپ ئۇچمايلا قويسا بولاتتىغۇ؟ ئۇندىن تاشقىرى، سىز باللادىنىڭ:

ئۇنىڭ ئوتلۇق تاۋۇشىدا يوق ئىدى،
نالە، يالغۇز-يېتىملىكنىڭ نىداسى.

مەغرۇر ئىشەنچ ياڭرار ئىدى ئۇنىڭدا،
ئارزۇلارغا تولۇق ئىدى قىيقاسى.

دېگەن مىسرالىرىنى ئوقىدىڭىزمۇ؟ بۇنىڭ قەيېرىدە چۈشكۈنلۈك بار؟ شۇنداق ئىكەن، سىزنىڭ «ئۈمىدسىز»، «چۈشكۈن» دېگەن بۇ سۆزىڭىز يالغان بولۇپ چىقتىمۇ؟ ئۇ ھالدا سىزنىڭ ماقالىڭىزنى ئوبزور دەيمىزمۇ ياكى دازىباۋ دەيمىزمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز باللادىنى ماقالىڭىزدا بىر دەم «خاھىشى تۇتۇق» دېسىڭىز، بىر دەم «خاھىشى ساغلام بولمىغان» ئەسەر دەيسىز، بۇنىڭ قايسىسى راست؟ خاھىشى تۇتۇق دېگەن گەپ تېخى خاھىشى ئېنىقلانمىغان، خاھىشى روشەن بولمىغان دېگەن مەنىنى بېرىدۇ، «تۇتۇق» دېگەن سۆزنىڭ لېكسىكا مەنىسىنى سىز ئەلۋەتتە بىلىسىز. شۇنداق ئىكەن، تېخى سىزنىڭ چۈشەنچىڭىزدە ئېنىقلانمىغان خاھىشنى «ساغلام بولمىغان» دەپ ھۆكۈم قىلىشقا نېمە ئاساسىڭىز بار؟ بۇ زىددىيەتلىك ئىبارىلەرنى ماڭا ۋە كىتابخانلارغا نېمىدەپ چۈشەندۈرىسىز؟ خوش، مەن سىزنى بۇ خىجالەتچىلىكتىن چىقىرىپ، «خاھىشى ساغلام بولمىغان» دېگەن كېيىنكى سۆزىڭىزنى ھېسابقا ئالاي، زۇلمەتلىك تۈندە باھار ئىزلەپ قەيسەرلىك ۋە باتۇرلۇق بىلەن ئۇچۇپ كېتىۋاتقان يالغۇز قۇشقا مەدھىيە ئوقۇش، ئۇنىڭغا تىلەكداشلىق قىلىش نېمە ئۈچۈن ساغلام خاھىش بولمايدۇ؟ ئەكسىچە مېنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، ئۆزۈم ياراتقان شېئىرىي قەھرىماننىڭ ئۇچۇش ھەرىكىتىنى «پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى بىلەن ئاخىرىغىچە قارشىلاشقانلىق» دەپ ئەيىبلىشىم كېرەكمىدى؟ بۇندىن باشقا ماقالىڭىزدا سىز



مېنى تۈندە ئۇچقان يالغۇز قۇشقا «شىۋىرلاپ ئاق يول تىلىگەن» دەيسىز، سىزنىڭچە قانداق ئاۋاز بىلەن ئاق يول تىلىسەم بولاتتى؟ ئۇ تۈن ئاسمىنىدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقىنىدا، مەن يەردە تۇرۇپ: «تۈندە ئۇچقان يالغۇز قۇش ياشىسۇن!»، «ئىنقىلابنى ئاداققا قەدەر ئېلىپ بارايلى!» دەپ ۋارقىراپ شوئار توۋلىشىم لازىممىدى؟ ئۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئاق يول تىلەش ئەينى زاماندىكى سىياسىي مۇھىتقا ۋە ئەسەرنىڭ بەدىئىي كەيپىياتىغا ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟

كىتابخانلار كۆرۈپ تۇرۇپتۇكى، مېنىڭ، مۇھەممەت ئىمىننىڭ باللادام ئۈستىدە يۈرگۈزگەن مۇلاھىزىسى ئەسەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە يېقىنمۇ كەلمەيدۇ دېگەن قارىشىم ئاساسسىز ئەمەس.

مەن، بۇ مۇنازىرەمنىڭ ئاخىرىدا، مۇھەممەت ئىمىننىڭ ۋە ئۇ بەكمۇ بىچارىلىق بىلەن ياردەمگە چاقىرغان باشقا ئەقىللىق كىتابخانلارنىڭ مېنىڭ «تۈندە ئۇچقان يالغۇز قۇش» ناملىق باللادامنى چۈشىنىش جەھەتتە يەنە باشقا ئوخشاشمىغان قاراشلىرى بولسا ئىلمىي ئوبزورلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىمنى، ئۇلار بىلەن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشقا ھەرقاچان تەييار ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرىمەن.

# شائىر ئەلقەم ئەختەمنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدىكى خاس ئۇسلۇبى توغرىسىدا تەتقىقات

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شېئىرىيەت تارىخى مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخىدەكلا ناھايىتى ئۇزۇن ۋە قەدىمىي. ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىمىمىز مەھمۇد قەشقىرى ئۆزىنىڭ دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە نادىر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلىگەن، خاتىرىلەنگەن زامانىسىدىن نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋرلەرگە تەۋە بولغان شېئىر-داستان پارچىلىرىدىن، ئۇرخۇن-يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىغا ئويۇلغان تېكىستلەردىكى شېئىرىي جۈملىلەردىن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە يېزىلغان شېئىرلار نەمۇنىلىرىدىن تارتىپ تاكى مىڭ يىلغا يېقىن داۋاملاشقان ئىسلامىيەت مەدەنىيىتى دەۋرى شېئىرىيىتىدىن بىز بۇ تارىخنىڭ سامانيولىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان نۇرلۇق بىر ئىزناسىنى كۆرىمىز. شېئىرىيىتىمىزنىڭ تارىخى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەرەققىيات تارىخىنىڭ ھەر بىر دەۋرلىرىدە، ئالماشقان دىنلار ۋە ئۆزگەرگەن سىياسىي-جۇغراپىيىۋى زامانلار شارائىتىدا، جۈملىدىن بۇ دەۋرلەر ۋە زامانلارنىڭ بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ھەر بىر ھالقىلىرىدا ئۆزىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىنى ۋە غوللۇق شائىرلىرىنى ئۈزلۈكسىز روياپقا چىقىرىپ كەلگەن.

شائىر ئەلقەم ئەختەم ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى



تارىخىدىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن 60-يىللىرىغا قەدەر شەكىللەنگەن ۋە ئۇستۇنلۇككە ئېرىشكەن ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھەرىكىتىگە تەۋە ئۇستاز شائىرلاردىن بىرى.

ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھەرىكىتى ئۇيغۇر مائارىپچىلىقى تارىخىدا يېڭىچە، زامانىۋى مەكتەپلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئومۇملىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ھادىسە. بۇ مەكتەپلەر زامانىۋى مائارىپ تەربىيىسىنى يولغا قويۇشتىن بۇرۇن، مائارىپىمىزنىڭ ئاساسىي شەكلى تۆۋەن، ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي مەكتەپلەر بولۇپ، بۇ مەكتەپلەردە يۈرگۈزۈلگىنى مىڭ يىلغا يېقىن داۋام قىلغان ئىسلامىيەت مائارىپى تەربىيىسى، بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇغان زىيالىيلار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان شائىرلارنىڭ ياراتقىنى ئىسلامىيەت دەۋرى شېئىرىيىتى ئىدى. ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، بىزنىڭ نۇرغۇن كلاسسىك شائىرلىرىمىز مۇشۇ دەۋر شېئىرىيىتى زېمىنىدە يېتىشىپ چىققان، ئۇلار ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيە يارىتىپ، بىزگە شېئىرىيىتىمىزنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى بىلەن، بۇ تارىخ ئۆز ئىچىگە ئالغان ناھايىتى باي، رەڭمۇ رەڭ ۋە زامانىسىغا كۆرە يۈكسەك بولغان بىر مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىنتايىن مول مىسرالىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بىز يېقىنقى 15 يىلدىن بۇيان، بۇ مىراسلارنى قېزىش ۋە رەتلەش ئىشىنى ئوڭۇشلۇق باشلاپ ئالالىدۇق، ئەمما ئۇلارنى ئىلمىي يوسۇندا ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشىنى تېخىچە كەڭ مىقياستا قولغا ئالالمىدۇق. بۇ ساھە تېخىچە ئېچىلمىغان بوز يەر بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئىسلامىيەت مەكتەپلىرىدە دىنىي ۋە

دۇنياۋى بىلىملەرنى ئۆگىنىش ئىشى كۆپرەك ئەرەب، پارس ۋە ئوردۇ تىللىرى بىلەن يۈرگۈزۈلىدىغان بولغاچقا، بۇ تىللار مۇھىتىدا يېتىشكەن شائىرلىرىمىزنىڭ ئۆزلەشتۈرگىنى ئەنئەنىۋى ئەرەب-پارس شېئىرىي شەكىللىرى، ياراتقان يازما شېئىرىيەت تىلى بولسا، بۇ تىللاردىن كۆپلەپ سۆز قوبۇل قىلىش ھېسابىغا يارىتىلغان، لېكسىكا جەھەتتىن تۆت مىللەتنىڭ سۆز-ئىبارىلىرى ئارىلاشتۇرۇلۇپ بىللە ئىشلىتىلىدىغان بىر مۇرەككەپ تەركىبلىك تىل بولغانىدى. شېئىرىي شەكىل ۋە شېئىرىي تىل جەھەتتىن بۇ دەۋر شېئىرىيىتى ئىستېمالدا دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان زىيالىيلار تۈركۈملىرى دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قېلىپ، كەڭ خەلق كۆپچىلىكى ئىشلىتىۋاتقان ئۇيغۇر جانلىق تىلى بىلەن، جۈملىدىن بۇ تىل بىلەن ئەسىر-ئەسىرلەردىن بۇيان يارىتىلىپ كېلىنىۋاتقان فولكلور تىلى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى يىراقلاشتۇرۇپ ئالغانىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن، جۈملىدىن شېئىرىيەتنى كەڭ خەلق كۆپچىلىكىگە يۈزلەندۈرۈپ، ئۇنى مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋە مەنىۋىيىتى بىلەن بىۋاستە باغلاش ئېھتىياجى تۇغۇلغانىدى. بۇ ئىسلاھاتنى ئوقۇش-ئوقۇتۇشتا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن زامانىۋى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىن چىققان شائىرلار ئورۇنلىدى. ئۇلار شېئىرىي شەكىل يېقىدىن، قەدىمكى تۈركىي شېئىرلارنىڭ تۇراق-ۋەزىنلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، خەلق ناخشىلىرى، خەلق قوشاقلىرى، خەلق داستانلىرى ۋە خەلق ئىچىدە كەڭ ئوموملاشقان بېيىت-ئېيتىشلارنىڭ شېئىرىي شەكىللىرىنى يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرىپ ھەم بۇ شەكىللەرنىڭ قانۇنىيەتلىك ئۆزگىرىشلىرىدىن پايدىلىنىپ، بارماق ۋەزىن شېئىرىيىتىنى راۋاجلاندۇردى. بۇ



تارىخىي ئىسلاھات ۋە ئىجادىي ئەمەلىيەت نەتىجىسىدە، مىسرالارنىڭ تۈزۈلۈش تەرتىپى ۋە تۇراق گۇرۇپپىلىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى بويىچە بارماق ۋەزىن شېئىرىيىتىنىڭ قىرىق خىلغا يېقىن شەكلى بارلىققا كەلدى.

چاچما شېئىرلار شەكلى بىزنىڭ فولكلورىمىزدا قەدىمدىن تارتىپلا بار ئىدى. توي-تۆكۈن قوشاقلىرى بىلەن ھازا قوشاقلىرىدا ۋە بالىلار ئويۇنلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان قوشاقلاردا بۇ شەكىلدىكى تۈرلەرنىڭ مىسالى كۆپلەپ تېپىلىدۇ. ستەيىن دۇڭخۇاڭدىن ئەكەتكەن، ھازىر ئەنگلىيىدىكى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان «قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى شېئىرلار توپلىمى» دىن ئېلىنغان پارچىلار، لىكوكنىڭ «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان تۈرك تىلىدىكى مانى دىنىغا دائىر يادىكارلىقلار» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىنغان شېئىر پارچىلىرى ۋە بېسىم ئاتالاينىڭ «تۈركلەرنىڭ مانى دىنىغا دائىر بىر شېئىرى» دېگەن ماقالىسىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇر شائىرى ئاپرىنچور تېكىننىڭ «مۇھەببەتنامە» ناملىق شېئىرىدىن قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىكى يازما شېئىرىيەتتىمۇ باش قاپىيىلىك چاچما شېئىر تۈرلىرىنىڭ بولغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. ئەمما، ئىسلامىيەت دەۋرى شېئىرىيىتىدە بۇ تۈر يازما شېئىرىيەتتىن قېلىپ قالغان، فولكلوردا بولسا داۋاملىق مەۋجۇد بولۇپ كەلگەن. ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاساسچىلىرى بۇ تۈرنى يازما شېئىرىيەتتە ئەسلىگە كەلتۈردى. رۇس شائىرى ماياكوۋسكىيدىن تاتار شائىر ھادى تاقتاشقا، ھادى تاقتاشتىن يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شائىرى ئۆمەر مۇھەممەدىگە ئۆتكەن چاچما شېئىر شەكلىنىڭمۇ بىزنىڭ شائىرلىرىمىزغا ئىلھامى ۋە تەسىرى بولدى. نەتىجىدە، بارماق

ۋەزىن شېئىرلىرى تۈرلىرىنىڭ كۆپلىگەن تۈراق گۇرۇپپىلىرىنى چىچىۋېتىپ ئەركىن پايدىلىنىش ئاساسىدا، چاچما شېئىرلارنىڭ تۈراقلىق چاچما ۋە ئەركىن چاچما دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى چوڭ تۈرى ۋە ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى تۈراق گۇرۇپپىلىرى تەرتىپى بويىچە كۆپلىگەن خىللىرى بارلىققا كەلدى. شېئىرىي تىل يېقىدىن، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىستېمالدىكى جانلىق شەكلى ئاساسىدا يېڭى شېئىرىيەت تىلىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىشى ئورۇنلاندى، جۈملىدىن ئەنئەنىۋى ئارۇز ۋەزىن شېئىرىيىتىنىڭ ھەممە شەكىللىرىنىڭ تىلمۇ پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچىلاشتى.

ئۇيغۇر ئەدەبىلىرى شېئىرىيەتتىكى ئارۇز ئىلمىنى، ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلارنىڭ تۈرلۈك تۈر ۋە خىللىرىنى تارىختا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەرەب-پارس شېئىرىيىتىدىن ئۆگەنگىنى بىلەن، ئارۇز ئىلمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن فونېتىكىلىق ئاساس — يەنى ئۇزۇك ۋە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قانۇنىيەتلىك تەرتىپلىنىپ ئاھاڭدار بوغۇملارنى ھاسىل قىلىشى، مورفولوگىيىلىك ئاساس — بۇ بوغۇملارنىڭ تەركىبىدىكى ئۇزۇك-سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سانى ۋە بىرىكىش رېتىمىگە كۆرە تەشكىللىنىپ خىلمۇ خىل بەھرىلەرنى ھاسىل قىلىشتەك خۇسۇسىيەت ئۇيغۇر تىلىدا، جۈملىدىن باشقا بارلىق تۈركىي تىللاردىمۇ بار ئىدى. بۇ قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ پەيدا بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ھادىسە بولۇپ، تۈرك تىلىنىڭ ئەڭ قەدىمكى زامانلاردا سام تىللىرى بىلەن ھېچ بولمىغاندا فونېتىك قېرىنداشلىقتا بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرچە شېئىر-داستان پارچىلىرىدا ئارۇز ۋەزنى بەھرىلىرىگە تەبئىي چۈشۈپ قالىدىغان



ئەمۇنىلەرنىڭ بار بولۇشى، ئەرەب-پارس تىللىرى بىلەن ھېچقانداق بىۋاسىتە ئالاقىسى بولمىغان، ئوقۇمىغان ۋە ئارۇز ۋەزنىنى ئىلىم تەرىقىسىدە ئۆگەنمىگەن خەلق كۆپچىلىكى ئىچىدە جانلىق ئۇيغۇر تىلى بىلەن يارىتىلغان قوشاقلار، داستانلار ۋە ناخشا تېكىستلىرىنىڭ ئارۇز ۋەزنى بەھرىلىرىگە ناھايىتى راۋان چۈشۈپ قېلىشى بىزنىڭ يۇقىرىقى چۈشەنچىلىرىمىزنى دەلىللەيدۇ. مۇنداق تارىخىي زېمىن ۋە تىل قانۇنىيەتلىرى ئاساسى بار بولغاچقا، ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھەرىكىتى دەۋرىدىكى ئىسلاھاتلاردىن كېيىنمۇ ئارۇز ۋەزنى شېئىر شەكىللىرى ياشاش ئىقتىدارىنى يوقاتمىدى ۋە بۇ شەكىللەردە ئۇيغۇر جانلىق تىلى بىلەنمۇ شېئىر يازغىلى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

بۇ يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھەرىكىتىدە، رېئالىزم مېتودى، رومانتىزم مېتودى ۋە رېئالىزم بىلەن رومانتىزم بىرلەشتۈرۈلگەن ئىجادىيەت مېتودى شائىرلارنىڭ ئۈچ خىل مېتود ئاساسى بولغان بولسا، شېئىرىي سۈرەتلەشكە ۋە شېئىرىي ئوبرازچانلىققا ئەھمىيەت بېرىش، ئوبراز ۋە ھېسسىيات ۋاستىسى بىلەن شېئىرىي پىكىر يارىتىشنى تەكىتلەش، شېئىرىي ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنى كەڭرى قوللىنىپ، ئىجادىيلىققا ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىككە جىددىي تەلەپچانلىق بىلەن قاراش بۇ شېئىرىيەت ھەرىكىتىنىڭ خاراكتېرلىق خۇسۇسىيەتلىرى بولدى.

بۇ دەۋر شېئىرىيىتى يۇقىرىقى مېتودلار ۋە خاراكتېرلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە تايىنىپ، بىر تەرەپتىن، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئۆز مىللىيلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شېئىرىيەتنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرى

ۋە بەدىئىي ئۆلچەملىرى بويىچە دۇنياۋى شېئىرىيەت بىلەن بولغان بىردەكلىككىمۇ ئېرىشەلىدى.

تېماتىكا ۋە شېئىرىي دېتال يېقىدىن، بۇ دەۋر شائىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ھالىتى ۋە پاجىئەلىك تەقدىرىگە يانداشتى. ئۇلار ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە، ئۆز خەلقىنىڭ ئەينى يىللاردىكى بوران-چاپقۇنلۇق قىسمىتى ۋە خار تەقدىرىنىڭ شېئىرىي تارىخىنى قالدۇردى.

ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھەرىكىتىنى قوزغىغان ۋە ئۇنى ئورۇنلىغانلار — مىللەتنىڭ بالدۇر ئويغانغان ئاڭلىق ئوغلانى، ئىنقىلابچى، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئاساسچىسى، شائىر مەمتىلى ئەپەندى، ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى، شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ يېقىن سەپداشلىرى بىلال ئەزىزى، ئەلقەم ئەختەم، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىمىن تۇرسۇن، ئىبراھىم تۇردى، قاسىمجان قەمبىرى، تۇردى ساماق، تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابدۇلھەي روزى ھەمدە ئۇلاردىن ئۆگىنىپ ئۇلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ 50 — 60-يىللاردا يېتىشىپ چىققان رەخىم قاسىم، ئابدۇكېرىم خوجا قاتارلىق بىر تۈركۈم غوللۇق شائىرلار بولۇپ، تارىخ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھەرىكىتىدە ئوينىغان رولىغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ.

مانا مۇشۇ تۈركۈمدىكى ئۇستازلىرىمىزدىن بىرى بولغان شائىر ئەلقەم ئەختەم ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە، بىر تەرەپتىن، يۇقىرىقى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش، تېماتىك مەزمۇن، شېئىرىي شەكىللەر ۋە شېئىرىي تىل يېقىدىن ئۆزىدە ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادە قىلسا، يەنە



بىر تەرەپتىن، ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ياراتقانلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ئۆزىگە خاس بولىدۇ. بۇ ئادەتتە ھەر بىر شائىر ئورۇنلاشقا تېگىشلىك بولغان كەسپىي ئۆلچەم. لېكىن، شېئىر يېزىشقا ناھايىتى كۆپ ئادەملەر كىرىشىپ، ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چىققان شائىرلار ئاز بولغىنىدەك، جامائەتچىلىك ئېتىراپ قىلغان شۇ ئاز سانلىق شائىرلار ئىچىدىمۇ ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئۇسلۇبى شەكىللەندۈرەلەيدىغانلار تېخىمۇ ئاز بولىدۇ. بۇ خاس ئۇسلۇب يارىتىشنىڭ ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەسلىكىنى، ئۇنى شائىر بولغانلا كىشىنىڭ ئورۇنلاپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. خاس ئۇسلۇب شېئىرىي دېتال تاللاش ئۇسۇلى، تاللىۋالغان ياكى ئۆزى ياراتقان شېئىر شەكىللىرى، تېماتىك ئالاھىدىلىك، تىل ئىشلىتىشتىكى خاسلىق، شېئىرىي ئوبراز يارىتىش ۋە شېئىرىي ھېسسىيات ئىپادىلەشتىكى ئۆزگىچىلىك، شېئىرىي پىكىر جەھەتتىكى ئىجادىيلىق، ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنى تەتقىق قىلىش ئەمەلىيىتىدىكى ئۆزىگىلا خاس بولغان ماھىرلىقلار قاتارلىق ئامىللاردىن تەركىب تاپىدۇ ۋە شۇ زېمىندە دۇنياغا كېلىدۇ.

شائىر ئەلقەم ئەختەمنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ئۇسلۇبىمۇ مانا شۇ ئامىللار بويىچە شەكىللەنگەن. بىز بۇلارنى تۆۋەندە شائىر ئەلقەم ئەختەمنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ئەمەلىيىتىدىن بىر-بىرلەپ كۆرۈپ باقايلى.

شېئىرىي دېتال — شائىرنى تەسىرلەندۈرگەن ۋە ئۇنىڭدا ھاياجانلىق ئىلھام قوزغىغان ھاياتىي ۋە ھېسسىي ماتېرىياللار بولۇپ، ئۇ شائىرنىڭ شېئىر يارىتىشنىڭ خام ئەشياسى بولىدۇ.

ئادەتتە ئۆز ئۇسلۇبى شەكىللەنگەن شائىرلارنىڭ دېتال تاللىشىدا ئۆزىگە خاس دائىرە ۋە ئادەت، شۇنىڭدەك ئىجادىي ئۆمرى داۋامىدا لىنىيەلەشكەن بىر ئىزچىللىق بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئۇ باشقا شائىرلاردىن ئېنىق پەرققە ئىگە بولىدۇ. شائىر ئەلقەم ئەختەمنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە مۇنداق خاسلىق بار. شائىرنىڭ بارلىق شېئىرلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشۇپ، تەتقىق قىلىپ كۆرسەك، ئۇنىڭ تەبىئەت لىرىكىلىرى ئۈچۈن، لىرىك قەھرىمانىنىڭ دەريا ساھىلىدىكى كېچىلىك تەنها سەيلىسى، قۇش كارتىنىسى، ئايدىڭ كېچىدىكى دالا تەسۋىرى، ياز تەسۋىرى، تاڭنىڭ يورۇشى، تارىم دەرياسىنىڭ لىرىك قەھرىمان بىلەن مۇڭدىشىشى، باراقسان ئۆسۈپ تۇرغان جىگدە دەرىخى قاتارلىق تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى دېتاللىرىنى تاللىۋالغانلىقىنى، مۇھەببەت لىرىكىلىرى ئۈچۈن، يارغا قىلىنغان ۋاپا ئىزھارى ۋە ۋاپاسىزلىققا ئوقۇلغان نەپرەت قاتارلىق ھېسسىي ماتېرىياللارنى ئىشلەتكەنلىكىنى، ئېنتىم لىرىكىلار ئۈچۈن، لىرىك قەھرىمانىنىڭ ئۆز تەقدىرى ۋە تىلەكلىرى ئۈستىدە، كۈن، ئاي، يىللارغا قىلغان لىتورىك خىتابى، غايىۋى سىما — دىلبەرگە بىلدۈرۈلگەن لىرىك ئىزھار، ئاكىدىن سىڭلىگە يېزىلغان خەت، جەڭچىنىڭ سۆيگەن قىزىغا يازغان خېتى، دوستقا يېزىلغان خەت، شائىرغا قىلىنغان تەشەببۇس، يار-بۇرادەرلەرگە قىلىنغان خىتاب، سازەندىگە قىلىنغان خىتاب، يىراقتىكى قان-قېرىنداشلارغا يوللانغان سالام، سىرداش دوستقا قىلىنغان ئىزھار، لىرىك قەھرىمانىنىڭ ئۆز يۈرىكى بىلەن قىلغان سوئال-جاۋابلىرى، لىرىك قەھرىمانىنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا تارتقان ئەلەملىرىنىڭ ئېنتىملىق تەسۋىرى قاتارلىق دېتاللارنى، سىياسىي لىرىكىلار ياكى گراژدانلىق لىرىكىلىرى ئۈچۈن، مىللىي ئىنقىلاب



جەڭچىلىرىنىڭ خەلققە بەرگەن ۋەدىسى، قەشقەر قىزىنىڭ ئىجتىمائىي تەقدىرى، رومانتىكىلاشتۇرۇلغان سىياسىي ئارمانلار، تارىم دەرياسىغا خىتاب قاتارلىق دېتاللارنى، مەرسىيە شېئىرلىرى ئۈچۈن، ل. مۇتەللىپ بىلەن بىلال ئەزىزىنىڭ قەتلى قىلىنىشى، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىگە قىلىنغان تەكرار زىيارەت، سەككاكىنى ۋە تاڭجارىقنى قايغۇلۇق ئەسلەش قاتارلىق دېتاللارنى تاللىۋالغانلىقىنى كۆرىمىز. شائىر بۇ خىل دېتاللاردىن لىرىكىنىڭ قايسى تۈرىنى ياراتمىسۇن، ئۇنىڭدا ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك تارىخىي — ئىجتىمائىي ۋەقەلىكلەرنىڭ ئىخچام بىر يوسۇندا شېئىرلاشتۇرۇلغان ۋاستىلىك تەسۋىرىنى بېرىدۇ. بۇ ۋەقەلەرنى شائىر ئۆز لىرىكىلىرىدا بىۋاستە بەرمەيدۇ، بەلكى ئۇنى ئۆزى ياراتقان شېئىرىي مۇھىتنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆگەنگۈچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىزلىنىشى ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش دائىرىسىگە قالدۇرىدۇ. مەسىلەن، بىز تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆرۈپ باقايلى:

### بىر ئىز

مەن مېڭىپ ئۆتتۈم
دەريا بويىدىن،
كەچقۇرۇن شامدا —
ئايدىڭ ئاخشامدا.
ئېچىلىپ-يايراپ
خۇش بولدى كۆڭلۈم،
ئاڭلا، سەن دوستۇم،

مۇڭ يوق ناخشامدا .

**1**

بۇ ئۇلۇغ دەريا
دولقۇنلار ياساپ ،
داۋالغۇپ ھەردەم
ئۇرار قىرغاققا .
دولقۇنلىرى زور
مۇشۇ دەريانىڭ ،
ياڭراق شاۋقۇنى
كېتەر يىراققا .
دەريانىڭ بويى
يېشىل بوستانلىق ،
ۋادىلىرى كەڭ ،
بۆك ئورمان - توقاي .
شۇ بوستانلىقنىڭ
ئىچىدە ياتتىم ،
نۇر تۆكتى كۈلۈپ ،
ئاسماندىكى ئاي .
سۈرۈلۈپ بۇلۇت ،
يۈز ئاچقان ئاسمان ،
ئاپئاق ۋە ئايدىڭ
يوپيورۇق كېچە .
ئۇنتۇلماس بۇ كۈن ،
ئۇنتۇلماس ھېچبىر ،



كۆڭلۈمدىن چىقماس
ئۆلۈپ كەتكىچە .
شۇ چاغدا ماڭا
ئىلھاملار كەلدى ،
بىراق يېنىمدا
قەغەز يوق ئىدى .
ئىرغىتىپ باشنى
ماڭدىم يولۇمغا ،
ئىستىقبالىمدىن
كۆڭلۈم توق ئىدى .
ئەنە ئۇ دەريا ،
ئەنە توقايلىق ،
ئۇ بوستانلىق باغ
جاندىنمۇ ئەزىز .
كۈلۈپ ۋە ئويناپ ،
قالدۇرۇپ كەتتىم ،
ئەنە شۇ جايدا
مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز .

1944 - يىل ، ماي .

بۇ تەبىئەت لىرىكىسىدا مۇھىت تەسۋىرى ناھايىتى كۆركۈللۈك — ئاسماندىكى ئاي كۈلۈپ تۇرۇپ نۇر تۆكىدۇ ، ئاسمان سۈزۈك ، بۇلۇتسىز ، كېچە يوپيورۇق ، ئاپئاق ئايدىڭ — بۇلار دەريا ساھىلىدا كېچىدە تەنھا ئايلىنىپ يۈرگەن لىرىك قەھرىماننىڭ

كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛ كۆرۈنۈشلەر ئۇلۇغۋار، تەنتەنىلىك — ئۇلۇغ دەريا داۋالغۇپ، دولقۇنلار ياساپ، ئۆزىنى قىرغاققا ئۇرۇپ ئاقىدۇ، ياڭراق شاۋقۇنى يىراق-يىراقلارغا كېتىدۇ. شائىر يەنە دەريا بويىدىكى يېشىل بوستانلىقلارنى، ئورمان-توقايلارنى ۋە كەڭ ۋادىلارنى تىلغا ئالىدۇ. بۇلار ئەلۋەتتە بېشارەتلىك كارتىنا. لىرىك قەھرىمان شۇنداق مۇھىت، شۇنداق كارتىنا ئىچىدە قىلغان كېچىلىك سەيلىسىنى «ئۆلۈپ كەتكىچە كۆڭلۈمدىن چىقمايدۇ»، دەيدۇ، ۋەتەن كۆرۈنۈشلىرىنى «جاندىنمۇ ئەزىز» دەپ تەكىتلەپ، «دەريا ساھىلىدا مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان ئىز قالدۇردۇم» دەيدۇ. پەقەت مۇشۇلارنىلا دەيدۇ، باشقا ئارتۇق گەپ يوق. لىرىك قەھرىماننىڭ كەيپىياتى نېمە ئۈچۈن مۇنچىۋالا كۆتۈرەڭگۈ؟ ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ۋەتەن كۆرۈنۈشلىرى نېمە ئۈچۈن تەنتەنىلىك بىر تۈسكە ئىگە بولغان؟ ئۇ نېمىشقا دەريا بويىنى يالغۇز ئايلىنىپ يۈرىدۇ؟ بۇ كېچىدە ئۇنىڭ ئۇيقۇسى نېمە سەۋەبتىن قاچقان؟ بۇ يالغۇز سەيلە نېمىشقا ئۆمۈرۋايەتلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالىدۇ؟ ئۇ ۋەتەن كۆرۈنۈشلىرىنى نېمە ئۈچۈن جاندىنمۇ ئەزىز دەپ ھاياجانلىنىدۇ؟ بۇلار توغرىلىق شېئىرنىڭ ئۆزىدە ھېچقانداق گەپ يوق. پەقەت شېئىرنىڭ ئاستىغا يېزىلغان 1944-يىل، ماي دېگەن ۋاقىت خاتىرىسى بىزنىڭ تەتقاتىمىزنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىز بۇ ۋاقىت بويىچە ئىككى خىل ئەھۋالنى تەكشۈرىمىز. ئۇنىڭ بىرىنچىسى — ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىت، ئىككىنچىسى شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدىكى بىئوگرافىيىسىگە دائىر ماتېرىياللار، يەنى شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ ئەھۋالى، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى، ئىجادىيەت ئىدىيىسى، روھىي



مەشغۇلاتى ۋە قىزىقىشلىرى قاتارلىقلار. بۇ ئىككى خىل ئەھۋال بىرلەشتۈرۈلۈپ قارالغاندا، شېئىرنىڭ دەۋرىي ئارقا كۆرۈنۈشى ئايان بولىدۇ. بۇ ئارقا كۆرۈنۈشتىن يۇقىرىقى سوئاللىرىمىزنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب چىقىدۇ. 1944-يىل ماي — 1943-يىلى 12-نويابىردا باشلانغان خەلق قوراللىق قوزغىلىڭىغا يېرىم يىل بولغان ۋاقىت، شېئىردىكى كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات مانا مۇشۇ قوزغىلاڭنىڭ ئۇنتۇلماس غەلىبىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۆز ئانا زېمىنىدە ھەممە جەھەتتىن پۈتۈنلەي ھوقۇقسىز قالدۇرۇلغان ۋە زۇلۇم-خورلۇق ئاستىدا قالغان مەزلۇم خەلقنىڭ قولىغا قانلىق كۈرەشلەر ئارقىلىق يوقاتقان نەرسىلىرىنىڭ بىر قىسمى قايتىپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ خوجايىن بولغانلىقىنى كۆرگەندە، بۇ ۋەتەننىڭ ئۆزى ئۈچۈن بولغان قەدىر-قىممىتىنى چۈشىنىپ يېتىش، ئۇنىڭ دەريا-ۋادىلىرىنىڭ جاندىنمۇ ئەزىز بولغانلىقىنى ھېس قىلىش ئەلۋەتتە تارىخ مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولىدۇ. لىرىك قەھرىماننىڭ ھاياجانلىنىشىنىڭ شېئىردا بىۋاسىتە ئېيتىلمىغان سەۋەبى مانا شۇ. بۇ شېئىردىكى لىرىك قەھرىمان — توغرىدىن-توغرا شائىرنىڭ ئۆزى. شائىر ئەلقەم ئەختەم ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىنقىلابقا جانپىدالىق بىلەن قاتناشقان مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان خەلق ئوغلانلىرىدىن بىرى بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ شائىر بولغىنى ھالدا بۇ خەلقنىڭ تەربىيە كۆرگەن، سەۋىيىلىك، ئاڭلىق ئوغلانى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ خەلقنىڭ، ۋەتەننىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ۋەقەلەرنىڭ بېرىشىدىن شادلىنىشى تەبىئىي بىر ئىش. مانا شۇ سەۋەبتىن، ئايدىڭ كېچىدە ئۇلۇغ دەريا ساھىلىدا ئۇيقۇسىز تەنھا سەيلە قىلىشتەك شېئىرىي ھادىسە ۋە بۇ خىل دېتالدىن يۇقىرىقىدەك تېماتىك مەزمۇن ۋە كەڭ ئارقا كۆرۈنۈشنى

ئۆزىدە تۇتقان شېئىر پەيدا بولغان. ئارىدىن توپتوغرا يېرىم ئەسىر ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە قارىساق، بىز بۇ شېئىرنىڭ تارىخىي شېئىر قىممىتىگە ئىگە بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز. تېماتىك مەزمۇن بىلەن شېئىرىي پىكىرنى شېئىردىكى ئوبرازلار بىلەن شېئىرنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىگە چىچۋېتىشتەك بۇ خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودى بىلەن رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودىغا ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلەشكەن شەكلىگىمۇ ئورتاق ئۇسۇل بولۇپ، شائىر ئەلقەم ئەختەمنىڭ بۇ خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ئۆز شېئىرىگە ئۇتۇقلۇق تەتبىق قىلغانلىقىدىن ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سەۋىيىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شېئىرىي شەكىللەر يېقىدىن كۆزەتسەك، شائىرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك شېئىرلىرى بىلەن داستانلىرى ئۈچۈن تاللىۋالغىنى بارماق ۋەزنىنىڭ ئون بوغۇملۇق، بەش بوغۇمدىن بۆلۈنىدىغان ئىككى تۇراقلىق شەكلى. بۇ تۇراق شەكلىگە كۆرە، شائىر بەزىدە ئىككى تۇراقنى بىر مىسرا تۈزۈپ ئون بوغۇملۇق قىلىپ ئىشلەتسە، بەزىدە ئىككى تۇراقنى بۆلۈۋېتىپ ھەر بىر تۇراقنى مۇستەقىل مىسرا قىلىپ ئېلىپ، بارماق ۋەزنىنىڭ بەش بوغۇملۇق شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل تۇراق گۇرۇپپىسىنىڭ فولكلوردا مىسالى بار، جۈملىدىن نىسبەتەن ساپراق تۈركىي تىلىدا شېئىر يازغان ئەخمەت يەسەۋىي، سوپى ئاللايار قاتارلىق تەسەۋۋۇپ شائىرلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدىمۇ بۇ تۇراق شەكلى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن مۇنداق:

ئىتلار قاۋاشۇر / گەدانى كۆرسە،
ئاشىق سۆيۈنەر / بەلانى كۆرسە.



پەرۋانە ئۆزىن / ئۇرار چىراغقا،
نۇرنىڭ يۈزىدە / خۇدانى كۆرسە.

بۇ تۇراق شەكلى شائىر ئەلقەم ئەختەمدە يېپىق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەر بىلەن ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنى كۆڭۈل قويۇپ تاللاپ، مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش ھېسابىغا ئۆزىگە خاس ئاھاڭدارلىقنى ھاسىل قىلغان:

باھارنى تاپماق / مۇشكۈلدۇر دىلدار،
ئەرزىمدۇر دەريا... / مەن قىلدىم پەرياد.
ئاتقان تاڭلاردىن / ياسىلار يىللار،
جەڭلەرنى قىلغان / ئۇنتۇلماس پەرھاد.

— (بۇ پارچە شائىرنىڭ 1945-يىلى 12-فېۋرالدا يېزىلغان «دىلبەر» ناملىق شېئىرىدىن ئېلىندى)

ئىككى تۇراقلىق ئون بوغۇملۇق شېئىر شەكلى بىلەن بىر تۇراقلىق بەش بوغۇملۇق شېئىر شەكلىنى ۋە ئۇلارنىڭ بېيىت تۈرىنى يازما شېئىرىيەتكە قايتىدىن ئەكىرىش ۋە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئىزچىل، ئۆمۈرۋايەتلىك شېئىر شەكلى قىلىپ تاللىۋېلىشىنىڭ ئۆزىدىلا شائىر ئۆزىنىڭ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان خاسلىقىنى ياراتقان. تۇراق گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئېنىق ئايرىلىشىغا، مىسرالارنىڭ بوغۇم سانىغا قاتتىق تەلەپچانلىق بىلەن رىئايە قىلىش ۋە ئۇلارنى راۋان قوللىنىش، قاپىيىلەرنى توق شەكىلدە، ئاھاڭلىق، دولقۇنلۇق سۆزلەردىن ئېلىشمۇ ئۇنىڭ خاس خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى. ئۇندىن تاشقىرى ئادەتتە

ئاز ئۇچرايدىغان تۆت بوغۇملۇق بىر تۇراقلىق، سەككىز بوغۇملۇق ئىككى تۇراقلىق شەكىللەردە ۋە ئۇلارنىڭ بېيىت تۈرىدە يېزىپ، ئۇلارنى بارماق ۋەزىن شېئىرلىرىنىڭ يەنە باشقا ئىككى شەكلى قىلىپ قېلىپلاشتۇرۇشمۇ شائىر ئەلقەم ئەختەمنىڭ يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھەرىكىتىدە ياراتقان مۇھىم تۆھپىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شېئىرىي تىل — شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق قورالى، ئۇنىڭ قانداق كۆلەمدە، قانداق تەرزدە ۋە قانداق سۈپەتتە بولۇشى ئۇنىڭ ئىستېتىك سەۋىيىسىنى ۋە خەلق كۆپچىلىكى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ كەڭ - تارلىقىنى، جۈملىدىن دەل مانا مۇشۇ ئالاقىدا ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنىڭ دەرىجىسىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھەرىكىتى دەۋرىنىڭ شائىرلىرى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسىغا كۆرە، شېئىرىي تىلدا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ياسىدى، يەنى شېئىرىي تىلنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىستېمالدىكى جانلىق شەكلى ئاساسىدا ياراتتى. ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشتا، ئۆزىنى ئەمەس ئۆزگىنى، شەخسىينى ئەمەس، ئومۇمنى نەزەردە تۇتقانلىقى، شائىر تەرىقىسىدە ئۆزلۈك دائىرىسىدىن ھالقىپ، ئۆزلىرىنى پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ھەرىكىتى بىلەن بىر گەۋدە دەپ بىلگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ھالدا مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار بۇ تارىخىي تاللىۋېلىشتا، ئۆزلىرىنىڭ ئومۇمىيەتچىل، ئالىيجاناب، مەسئۇلىيەت-چان بىر مەنىۋى قىياپىتىنى ۋە تەربىيىلىنىش دەرىجىسىنى نامايان قىلغان. لېكىن، بىزنىڭ ئۇلارنى شېئىرىي تىلنى جانلىق تىل ئاساسىدا ياراتتى دېگىنىمىز جانلىق تىلنى شېئىرىيەتكە ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كەلدى دېگەنلىك ئەمەس.



جانلىق تىلنىڭ ئۆز ئورىگىنال ھالىتىدە تېخى شېئىرىي تىل بولمايدىغانلىقى بىزگە مەلۇم. شۇڭلاشقا، ئۇلار شېئىرىي تىل ئۈچۈن جانلىق تىلنىڭ لېكسىكا بايلىقىدىن مەقسەتلىك تاللاش ئېلىپ بارغان. تەتقىقاتلارغا كۆرە، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىنىڭ باشقا يىلتىزداش تۈركىي تىللارغا قارىغاندىمۇ، دەۋر ئۆزگىرىشلىرى ۋە تارىخىي تەرەققىيات سەۋەبىدىن، نىسبەتەن كەڭ ۋە مولراق كۆلەمگە ئىگە بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم بولۇۋاتىدۇ. بىزدە، ئادەتتە بىر ئۇقۇم ياكى بىر ئاتالغۇ ئۈچۈن بىر نەچچە سۆز ئۇچرايدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن قالغان بولسا، بىرى بۇددىزم ئېتىقادى دەۋرىدە سانسكرىتچىدىن كىرگەن، بىرى ئىسلامىيەت مەدەنىيىتى دەۋرىدە ياكى ئەرەبچىدىن ياكى پارسچىدىن ياكى ئوردۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان، يەنە بىرى بولسا، كېيىنكى زامانلاردا ياۋروپا تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن، يېڭىلىرى كىرىپ كەلگەندە، كونىلىرى كۆپ ھاللاردا ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالمىغان، بۇ سۆزلەر ياكى ئۆز ئۇقۇمىدا قالغان ياكى ئۆز ئۇقۇمىدىن ئازراق يۆتكەلگەن. بۇ خىل ھادىسە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ باش قىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئوڭايلا قوبۇل قىلىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشتەك تارىخىي قىزغىنلىقى سەۋەبىدىن بولغان بولسا كېرەك. لېكسىكولوگىيە جەھەتتىكى بۇ خىل ئەھۋال شائىرلارغا كەڭ تاللىۋېلىش ئىمكانىيىتىنى بەرگەن. ئۇلار شېئىرىي تىل ئۈچۈن ئەڭ ئوبرازلىق، ئەڭ ھېسسىياتلىق، ئەڭ تەسىرچان، ئەڭ ئاھاڭدار، ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ساپ ۋە ئەڭ يېقىملىق سۆزلەرنى تاللىۋالغان. مۇنداق سۆزلەر ئادەتتە ئۆزلىرىدە ئىپادىلەنگەن شېئىرىي ھېسسىيات بىلەن ئېستېتىك تەسىرچانلىقنى كىتابخانلار قەلبىگە خۇددى مۇزىكا ئاھاڭلىرى كەبىيات ئۆتكۈزگەندەك ئوڭايلا ئۆتكۈزەلەيدۇ.

ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھەرىكىتى دەۋرىدە يارىتىلغان شېئىرىي تىلنىڭ مۇنداق خۇسۇسىيەتلىرىنى بىز شائىر ئەلقەم ئەختەمنىڭ ئىجادىدا ياققال كۆرەلەيمىز. شائىرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاۋازى باشقا زامانداشلىرىغا يەنە ئوخشىمايدۇ، خۇددى ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ئاۋازى ئوخشىمىغاندەك، شائىر ئەلقەم ئەختەمنىڭ شېئىر-داستانلىرىدا كىتابخانلار بىلەن سەممىي، ئاددىي، ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن تەسىرچان بىر يوسۇندا مۇڭدىشىش كەيپىياتى بار. ئۇندىن تاشقىرى، ئۇ سۆزلەرنىڭ ھېسسىياتچانلىقى بىلەن روشەنلىكى ۋە ئاھاڭدارلىقىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. شېئىرىي كارتىنىلاردا تەنتەنە پەيدا قىلىش بىلەن مەغرۇر ھېس-تۇيغۇلارنى ئايان قىلىشمۇ ئۇنىڭ شېئىرىي تىلىدىكى خۇسۇسىيەتلەردىن بىرى. شائىرنىڭ تىلى كىتابخانغا تەسىر قىلىدۇ ۋە ئۇنى خىيالغا سېلىپ قويىدۇ. مەسىلەن:

ئىسسىق ئۆمرۈم، چەكتىم جاپا،
يوقمۇ ماڭا جاھاندا يار؟
قېنى ۋەدە، نەدە ۋاپا؟
سۆلۈكقۇ بۇ ياسالغان دار؟
...................
مەغرۇر كۈلىدۇ،
قاپقارا بۇ تۈن،
گويا ئالەمنى
ئەسىر ئالغاندەك.
تاغلار خىيالدا،
غەمدە ياتىدۇ،
تۈتقۇن بالىدەك،



ئاسمانغا قاراپ.
ئۈن يوق، يورۇق يوق،
گۆردەك قاراڭغۇ،
باغلار ئارماندا،
گۈللىرى خاراب.

تېماتىك مەزمۇن ئادەتتە شائىرنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شائىر ئەلقەم ئەختەمنىڭ تېماتىك دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، يەنى ئۆزى ياشاپ، ئىجاد قىلىپ ئۆتكەن تارىخىي شارائىتقا كۆرە، ئۇنىڭ دائىرىسى خەلقنىڭ تەقدىرىنى بىۋاسىتە بەلگىلىگەن ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەقەلەر ئىچىدىن ئېلىنغان. شائىر ئۆز شېئىرلىرىنى قايسى خىل لىرىكا تۈرىدە يازمىسۇن، قانداق شېئىرىي ئوبرازلارنى ياراتمىسۇن، ھەممىسىدە خەلق كۆپچىلىكىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى، غەزەپ-نەپرىتى، خۇشاللىقى ۋە قايغۇسى، قارشىلىقلىرى ۋە كۈرەشلىرىنى ۋاسىتىلىك ياكى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرگەن. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا خۇسۇسىي ۋە يەككە مەزمۇنلار يوق، ئەڭ ئاددىيسى دوستى ۋە سەپدىشى، ل. مۇتەللىپنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە يازغان بىر قانچە شېئىرىمۇ ئۆزىدە ئومۇميلىققا ئىگە بولغان بىر تارىخىي پاجىئەنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەشھۇر مائارىپچى، شائىر مەمتىلى ئەپەندى بىلەن مائارىپچى، ژۇرنالىست، شائىر مەرۇپ سەئىدى، ئايۇپ مەنسۇرى، خېلىل ساتتارى، ئەنۋەر ناسىرى قاتارلىق كۈرەشچان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ جاللات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى، شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە بىلال ئەزىزلەرنىڭ

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى يەككە ھادىسىلەر ئەمەس ئىدى. خەلق رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى ئەينى زاماندا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇپ قايتقان ئۈچ يۈز ئوتتۇز نەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ ئىككى يۈزدىن ئارتۇقراقىنىڭ شىڭ شىسەي ۋە ۋۇ جۇڭشىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرۇلۇق توختالغىنىدا: «مۇستەبىت كۈچ ئۆزىنىڭ بىلىملىك دۈشمەنلىرىنى ھاياتلىقىدىن مەھرۇم قىلىش يولى بىلەنلا يوقىتىشقا تىرىشىدۇ. مۇستەبىت كۈچ ئۆزىنىڭ سىياسىي دۈشمەنلىرىنى يوقىتىشتا ئۇسۇلدىن يىرگەنمەيدۇ»، «چۈنكى، ئۇلار...... ئۆز مىللىتىنىڭ ھوقۇق دەۋاچىلىرى ئىدى» دېگەن. ل. مۇتەللىپ تېمىسى شائىرنىڭ 40-يىللاردىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر بولغان ئىجادىيىتىدە ئۇنتۇلمىغان تېما، بۇ تېمىدا شائىر ئۈچ پارچە مەرسىيە شېئىرى، بىر سېكىل ۋە بىر پارچە ئىلمىي ماقالە يازغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى شائىرنىڭ تولۇق توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇندىن تاشقىرى، شائىر ئەلقەم ئەختەم ئۆز ھاياتىدا ل. مۇتەللىپ توغرۇلۇق ئەڭ كۆپ سۆزلىگەن، ئۇنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمىگەن، ئۇنىڭ ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتىدىكى باشلامچىلىق، بايراقدارلىق رولى بىلەن ئىنقىلابىي خاتىرىسىنى ۋە بىئوگرافىك تارىخىنى تىكلىگەن زاماننداش شائىرلاردىن بىرى. شائىرنىڭ جانكۆيەرلىك ۋە باشلامچىلىق بىلەن ئېلىپ بارغان ئىز-دېرەكلىشى ھەم تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە، ئۆز خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ياش جېنىنى قۇربان قىلغان، ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغان ۋە زور تەسىر كۆرسەتكەن بۇ ئۇيغۇر پەرزەنتىنىڭ خاتىرىسى تارىخىمىزدا ئۆتكەن نۇرغۇن تالانت ئىگىلىرى كەبى ئۇزاقلاشقان زامانلارنىڭ قۇملۇق چۆللىرىدە ئىگە-چاقىسىز، نام-دېرەكسىز يوقىلىپ كەتمىدى.



1959-يىلى 6-ئايدا، مەن بۇ ئۇستاز بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان چاغدا، ئۇنىڭ ماڭا ئېيتقان دەسلەپكى سۆزلىرىمۇ ل. مۇتەللىپنىڭ جۇشقۇنلۇقى، ھەرىكەتچانلىقى، دادىللىقى ۋە تارتىنماسلىقى، نۇتقىنىڭ چاقماقتەك تېز ئىكەنلىكى توغرۇلۇق بولغانىدى. مەن بۇ سۆھبەتنى ئەينى ۋاقىتتا كۈندىلىك خاتىرەمگە زور ھاياجان بىلەن يېزىپ قويغانىدىم.

شېئىرىي ئوبراز يارىتىشتا، شائىر ئەلقەم ئەختەمنىڭ ئۆز ئۆزگىچىلىكى بار. ئۇ ئۆزىنى ھاياجانغا سالغان، ئويلاندۇرغان ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە تارىخىي ھادىسىلەرنى ئاۋۋال لىرىك قەھرىماننىڭ ھېس-تۇيغۇلۇق كەيپىياتىغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، كېيىن بۇ كەيپىياتنى تەبىئەتلەشتۈرىدۇ، يەنى تەبىئەتنى ئۇ خىل كەيپىياتنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ماس ھالەتتىكى ئوبرازلىق دېتاللارنى تۇتۇۋالىدۇ. شېئىرىي پىكىرنى ۋە شېئىرىي كەيپىياتنى تەبىئەتلەشتۈرۈش كۆپ شائىرلارغا ئورتاق بولغان ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولسىمۇ، لېكىن قانداق تەبىئەتلەشتۈرۈش ۋە تەبىئەتتىن قايسى كۆلەمدىكى ۋە قانداق دېتاللارنى تاللىۋېلىشتا، ئۇلار ئۆز خاسلىقلىرىنى يارىتىدۇ. شائىر ئەلقەم ئەختەمنىڭ تەبىئەتتىن تاللىۋالىدىغىنى ئۇنىڭ كونكرېت، يەككە ۋە كىچىك دېتاللىرى ئەمەس، بەلكى كۆرۈنۈشلەر ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئومۇمىيلىقى ۋە كەڭلىكلىرى. مىسال ئۈچۈن بىز شائىرنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

## قىش

كۆز ئېچىپ بىر دەم
يولدا ماڭالىتىم،

تاغنىڭ باغرىدا،
چىمەنگە قاراپ.
ئالدىمدا شامال،
ئۈستۈمدە بۇلۇت،
كۈننى قاپلىغان،
چۈشمەيتتى ئاپتاپ.
يوللار بەك ئۇزۇن،
مېڭىشمۇ قىيىن،
سوغدا، دالادا —
يېزىلار ئارا.
كۈنلەر كۆڭۈلسىز
ھەمدە ئېغىر تىن،
ئالدىمدا تۇمان،
سۈرلۈك، قاپقارا.
بۇلۇتلار ئويناپ،
چالۋاقاپ بىردەم،
ئوراپلا ئالدى،
ئۈردى سوغ شامال.
سىلكىندى دەرەخ،
تۆكتى ياپراقنى،
مەنزىلگە يەتمەي،
يۈز بەردى بۇ ھال.
كۆڭلۈم كۆز سېلىپ،
ئەمدى بايقىدى،
بەلكى كەلگەندۇر
دىلغا بۇ ئىش ھار...



ئاق تون كىيگەنلار —
قەۋەت-قەۋەتلەپ —
دېگەندەك قىلىپ،
ياغىدۇ ئۇ قار.
بىر ياقتا بوران،
بىر ياقتا شىۋىرغان،
قارلار ئۇچىدۇ،
تۇرمايدۇ تىنچ.
كۆزۈمنى ئاچسام،
كېلىپ ئۇرىدۇ،
ئاچچىق شاماللىق،
ئاجايىپ بۇ قىش.
باغلار، باراڭلار،
مۈكچىيىپ قاپتۇ،
ئاق قار ئاستىدا،
خۇددى بوۋايدەك.
ئۆيلەرگە تۈندە،
چىراغ يېقىپتۇ،
شولا چۈشكەن جاي،
كۆرۈنەر ئايدەك.

1948-يىل، دېكابىر.

بۇ شېئىردا كەيپىيات ئېغىر، كۆرۈنۈشلەر كۆڭۈلسىز، قىش بوران-شىۋىرغانلىق، سەپەر جاپالىق. «بۇلۇتلار ئويناپ، چالۋاقاپ بىردەم»، «مەنزىلگە يەتمەي، يۈز بەردى بۇ

هال » ، « كۆڭلۈم كۆز سېلىپ، ئەمدى بايقىدى، بەلكى
كەلگەندۇر، دىلغا بۇ ئىش هار... » ، « ئاچچىق شامالىلىق،
ئاجايىپ بۇ قىش » دېگەن مىسرالارغا قارىغاندا، شېئىر
مۇقەررەركى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا
دۇچ كەلگەن تارىخىي تەقدىرىنىڭ، جۈملىدىن دۈشمەننىڭ
قاتمۇقات قورشاۋى، ئىقتىسادىي قامالى، بۆلگۈنچىلىك ۋە
پاراكەندىچىلىك سېلىش ھەرىكەتلىرى نەتىجىسىدە، ئەينى
ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت
خەلقى دۇچ كەلگەن قىيىن شارائىتلارنىڭ سىمۋوللۇق خاتىرىسى.
شېئىرنىڭ ئاخىرىدىكى: « ئۆيلەردە تۈندە، چىراغ يېقىپتۇ،
شولا چۈشكەن جاي، كۆرۈنەر ئايدەك » دېگەن مىسرالار
ئىنقىلابىي خەلقنىڭ ئۆز غەلىبىلىرىنى ھوشيارلىق بىلەن
قوغداۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ شېئىر ماڭا مېنىڭ بالىلىق
ۋاقتىمدىن باشلاپ ھەمراھ. شۇ چاغلاردا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ
3-يىللىق ئوقۇش كىتابىدا بۇ شېئىر بار ئىدى، بىز ئۇنى
يادلىغان. بۇ شېئىر شائىرنىڭ تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان
« ئۈمىد دولقۇنلىرى » ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىمۇ بار بولۇپ،
بۇ توپلامنى مەن تەكرار-تەكرار ئوقۇغانىدىم. شۇڭلاشقا،
بۇ شېئىرنى مەن ھازىرغا قەدەر ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن
ۋە قەدىرلەيمەن.

شائىر ئەلقەم ئەختەمنىڭ ئۆز شېئىرلىرىدا ھېسسىيات
ئىپادىلەش شەكلى مەدەنىيەت پىسخىكىسى يېقىدىن ئۆزى
مەنسۇپ بولغان مىللەت كۆپچىلىكىنىڭ ئادەتتىكى ھېسسىيات
ئىپادىلەش شەكلى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. بۇ شائىرنىڭ
ئۆز شېئىرلىرىنىڭ ئاممىباب ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشىنى
كۆزلىگەنلىكىدىن بولغان. مەسىلەن، ئۇنىڭ « ئېچىنىش »



ناملىق شېئىرىدىن ئۆزۈپ ئالغان مۇنۇ پارچىمىزغا قاراپ
باقايلى:

يازدىم كۆڭلۈمدىن دوستۇمغا مەن خەت،
دىلغا خاتىرە، ئېلىمگە ھۆججەت.
قېنى سەپدىشىم مۇتەللىپ شائىر؟!
يوقالدى دەيدۇ دۇنيادىن ھازىر...
كەلدى بۇ خەۋەر كۈتمىگەن جايدىن،
دىلىم رەنجىدى شۇ كۈن، شۇ ئايدىن.
بولدى مۇسىبەت، ئېگىلدى بېشىم،
يەرگە تۆكۈلدى ئۈنچىدەك يېشىم.
بۇ بولدى بىزگە قايغۇ بىلەن دەرد،
مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئەلەملىك ھەسرەت.
ئوقۇدۇم لەنەت مەشئۇم پەلەككە،
يېتەلمەي كەتتى دوستۇم تىلەككە.
قەلەم سۆزلىدى، قىينالدى بۇ جان،
نەگە كۆمۈلدۈڭ ئەزىز مېھرىبان؟
..........................
..........................

بىز بۇ ئۆزۈندىدە « دىلىم رەنجىدى » ، « ئېگىلدى
بېشىم » ، « يەرگە تۆكۈلدى ئۈنچىدەك يېشىم » ، « ئوقۇدۇم
لەنەت مەشئۇم پەلەككە » ، « قىينالدى بۇ جان » ،
« نەگە كۆمۈلدۈڭ ئەزىز مېھرىبان؟ » دېگەن سۆزلەرگە
دىققەت قىلىمىز. بۇ ئادەتتىكى خەلقىمىز مۇسىبەتكە دۇچ
كەلگەندە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان پىغانلىق سۆزلەر، قايغۇلۇق-ئەلەم-

لىك بىر ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ. ھېسسىيات ئىپادىلەشنىڭ مۇرەككەپ، نازۇك ۋە كۆپ خىل شەكىللەرگە ئىگە بولۇشىغا كەلسەك، بۇ يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ 60-يىللاردىن كېيىنكى يېڭى تەرەققىياتىغا تەۋە ھادىسە. يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ باشلامچى شائىرلىرىغا بىز بۇ تەلەپنى قويساق مۇۋاپىق بولمايدۇ.

شېئىردا ئىستىلىستىك ۋاستىلەر شېئىرىي تىلنى شېئىرىي تىل قىلىدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ بىزدە سۈپەتلەش، سېلىشتۇرۇش، ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش (تەبىئەتنى ئادەملەشتۈرۈش)، سىمۋوللاشتۇرۇش (ئادەمنى تەبىئەتلەشتۈرۈش)، مۇبالىغە، كىچىكلىتىش، لىتورىك سوئال، لىتورىك خىتاب، بېشارەت، ئىشارەت، تەنە، دارىتمىلاش قاتارلىق تەركىبلىرى بار. بىز شائىر ئەلقەم ئەختەمنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىدە بۇ ۋاستىلەرنى شېئىرىيەت نەزەرىيىسىنىڭ كونكرېت تەلەپلىرىگە مۇۋاپىق، ئىلمىي بىر يوسۇندا ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ ۋاستىلەرنى تەتقىق قىلىشتىكى ئىجادچانلىقىدا شائىرنىڭ ئۆز خاسلىقى شەكىللەنگەن. شائىر ئۆز مىسرالىرىدا، كېچىدە يانغان يۇلتۇزنى كۆزدىكى نۇرغا، چىرايلىق ئاسماننى كۆپكۆك دېڭىزغا، كۈننىڭ چىقىشىنى كۈلۈپ چىققان خۇشخۇي قىزغا، قىشتا ئاق قار ئاستىدا مۈكچىيىپ قالغان باغلار-باراڭلارنى بوۋايغا، غەملىك تاغلارنى تۇتقۇن بالىغا ئوخشاتسا، خەت يېزىۋاتقان قەلەمنى كۆڭۈل كارۋىنى دەپ سۈپەتلەيدۇ. ئۇنىڭ سۈپەتلەشلىرىدە، ئاپتاپ ئېدىرلارنى، تاغلارنى ۋە يېشىل باغلارنى خۇددى ئالتۇندەك بويايدۇ، شامال ئەتىردەك ساپ پۇراق بېرىدۇ، يېشىل مايسىدەك زىچ يوپۇرماقلار ئالەمگە



خۇددى كۈندەك نۇر تۆكۈپ تۇرىدۇ، تارىم دەرياسى غەمدە دولقۇنسىز ئاقىدۇ. شائىرنىڭ جانلاندۇرۇشلىرىدا بولسا، يىللار مۇڭغا تولىدۇ، زەئىپلىشىدۇ، تەقدىر بويىنىنى تولغايدۇ، قاپقارا تۈن مەغرۇر كۈلىدۇ، تاغلار خىيالدا غەم بىلەن ياتىدۇ، باغلار خۇشال بولىدۇ، ھايات تەۋرىنىپ، جاھان سىلكىنىدۇ، سەھرالار كەڭ نەپەس ئالىدۇ، دېڭىز خۇشال بولۇپ ئۆركەشلەيدۇ... ۋە باشقىلار.

شېئىرىي پىكىر — يەنى ھېس-تۇيغۇلۇق، تەسىرلىك، ئوبرازلىق، مۇزىكىلىق، گۈزەل ۋە ئىجادىي بولغان سەنئەتلىك پىكىر — شېئىرنىڭ جېنى ۋە يۈرىكى بولۇپ، شېئىر يېزىقچىلىقىدىكى باشقا بارلىق ۋاستىلەر ئۇنى مەيدانغا چىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شېئىرىي پىكىر يارىتىش — شېئىر يېزىشنىڭ ئاساسىي مەقسىتى. ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئۆزىنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسىدا شېئىرىي پىكىرنىڭ ئورنى ۋە ئەھمىيىتىگە بەرگەن تەبىرى شۇنداق. بۇ يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى شېئىرىي پىكىر ئىپادىلەشنىڭ مۇنداق بىر قانچە تۈرلۈك شەكلىنى ياراتقان: ئۇنىڭ بىرىنچى شەكلى — پىكىرنى شېئىرنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇش، پىكىر شېئىردا يارىتىلغان ئوبرازنىڭ تۈگەللىنىش مەزگىلىدە دۇنياغا كېلىدۇ. ئىككىنچى شەكلى — پىكىرنى توغرىدىن-توغرا شېئىرنىڭ بېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇش. ئۇنىڭدىن كېيىن يارىتىلىدىغان شېئىرىي ئوبراز ئۇنى ئىسپاتلاش ۋە تەكىتلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. پىكىر ئىپادىلەشنىڭ ئۈچىنچى شەكلى — ئۇنى شېئىرنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشتۇرۇش. بۇ شەكىلدە شېئىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى شېئىرىي پىكىرنىڭ تۇغۇلۇشىغا شەرت ھازىرلىسا،

كېيىنكى قىسمى ئۇنى ئوبراز يېقىدىن تولۇقلايدۇ ۋە تەكىتلەيدۇ. پىكىر ئىپادىلەشنىڭ تۆتىنچى شەكلى — ئۇنى شېئىرنىڭ بارلىق مىسرالىرىغا چېچىۋېتىش. پىكىر شېئىرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، يەكۈن ۋە چۈشەنچە تەرىقىسىدە كىتابخاننىڭ ئېڭىدا پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ بەشىنچى شەكلى – شېئىردا ئوبرازنى بېرىش، پىكىرنى بەرمەسلىك، پىكىرنى شېئىرنىڭ دەۋرىي ئارقا كۆرۈنۈشىگە تاشلاپ بېرىش. بۇ خىل ئىپادىلەشتە، شېئىرىي پىكىر شېئىردىكى ئوبراز بىلەن ئۇ يېزىلغان ۋاقىتتىكى زامان شارائىتىنى، شائىرنىڭ كەيپىياتى ۋە ئىجادىيەت مۇددىئاسىنى — يەنى شېئىرنىڭ يېزىلىش سەۋەبىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندىن كېيىن، ئاندىن ھاسىل بولىدۇ. شائىر ئەلقەم ئەختەم ئۆز شېئىرلىرىدا بۇ بەش خىل ئىپادىلەشنىڭ تۆتىنچى ۋە بەشىنچى خىل شەكىللىرىنى كۆپرەك ئىشلىتىش بىلەن ئۆز خاسلىقىنى ياراتقان.

پېشقەدەم شائىرىمىز، ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان ھۆرمەتلىك ئۇستازىمىز ئەلقەم ئەختەمنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى خاس ئۇسلۇبى توغرىسىدا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىمىزدىن يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسى بىلەن ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ كۆلەم دائىرىسى بىلەن سەنئەت ئۆلچەملىرىنىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ شېئىرىيەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئەلقەم ئەختەم قاتارلىق ئاساسچىلىرى شېئىرىيەتنى ئالدى بىلەن سەنئەتنىڭ بىر تۈرى ۋە ئىجادىيەت دەپ بىلگەن، ئۇنىڭ سەنئەت ئۆلچەملىرىدە چىڭ تۇرغان ۋە ئىجادىيلىقنى ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان ئاساسىي ئۆلچەم قىلغان. لېكىن بىز بۇ ئۆلچەملەرنىڭ



1958-يىلىدىن 1978-يىلىغا قەدەر بولغان 20 يىل ئىچىدە بۇزۇپ تاشلانغانلىقىنى كۆردۇق. بۇ دەۋردە بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز ئاساسىي جەھەتتىن چۈشكۈنلۈك دەۋرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ دەۋردە يېزىلغان مۇتلەق كۆپچىلىك شېئىرلار مەزمۇنەن سۇنئىي رېئالىزم ۋە تەشۋىقات رېئالىزمىغا خىزمەت قىلغان بولسا، شەكلەن، سەنئەت دائىرىسىدىن چىقىپ، سىياسىي-ئىدىيىۋى تەربىيەنىڭ ۋەزىن-قاپىيىلىك تۈرىگە ئايلىنىپ كەتتى. بۇ ھادىسىنىڭ يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل ئۆلچەملىرى، شۇنىڭدەك، مېتود ئاساسلىرى بىلەن ھېچقانداق نەزەرىيىۋى ئالاقىسى يوق بولۇپ، ئۇنى شۇ دەۋردىكى چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق بىلەن مەتبۇئاتتىكى مەجبۇرلاش ۋاسىتىلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان. جۈملىدىن، بۈگۈنكى شېئىرىيىتىمىزدە يۈز بەرگەن قىممەتسىزلىنىش، كاساتلىشىش ھادىسىسىنىڭمۇ يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھەرىكىتى بىلەن ھېچقانداق ئەنئەنە ۋە ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى يوق. بۈگۈنكى كۈندىكى بۇ خىل ھادىسىنى ئىجادىيلىققا سەل قاراش، تەھرىرلەر قوشۇنىنىڭ ساپاسىزلىشىشى بىلەن تەھرىرلىك - تاللاش ئۆتكىلىنىڭ بوشاپ كېتىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. كۆپەيگەن نەشىر ماتېرىياللىرىنىڭ ھەپتىلىك ۋە ئايلىق بەتلىرىنى شېئىرگە تايىنىپ توشقۇزۇشتەك ۋەزىپە ئۆلچىمى شېئىرنىڭ ئىجادىيلىق ئۆلچىمىنى چەتكە چىقىرىپ قويۇشقا باشلىدى. لېكىن، شۇنداقتىمۇ، گەرچە ئاز بولسىمۇ، ياخالنىڭ ئىچىدە دان، يوپۇرماقنىڭ ئىچىدە مېۋە بار. مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم، شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدا كۆرۈلگەن ۋە كۆرۈلۈۋاتقان يۇقىرىقىدەك ناچارلىقلارنى بىز بىلەن ھېچقانداق ئەنئەنە مۇناسىۋىتى بولمىغان خىرىستىئان

خۇراپاتلىقنى ۋە بۇ خۇراپاتلىق زېمىنىدە پەيدا بولغان چۈشكۈن ئېقىملارنىڭ بۇزۇلغان كۆچۈرۈلمىلىرىنى شېئىرىيىتىمىزگە سۆرەشتۈرۈپ كىرىشنىڭ باھانىسى قىلىۋالساق بولمايدۇ. ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ مېتود ئۆلچەملىرى بىلەن نەزەرىيە سىستېمىسى — بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز ماڭىدىغان ئانا يول. گەپ ئۇنىڭغا قانداق ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى قانداق راۋاجلاندۇرۇشتا. بىز ل. مۇتەللىپ، ئەلقەم ئەختەم قاتارلىق ئاساسچىلىرىمىز كۆتۈرگەن بۇ بايراقنى يەنىلا ئۇلۇغۇشلۇق ھالدا كۆتۈرۈپ كېتەلەيمىز.

1994-يىل 6-ئاينىڭ 3-كۈنى، ئۈرۈمچى



## «تۈگمەس ناخشا» — شېئىر ئەمەسمۇ؟

ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1992-يىللىق 4-سانىدا ئېلان قىلىنغان «تۈگمەس ناخشا» ھەققىدە تەھلىل» ناملىق ماقالىسىنى يېقىندا ئوقۇپ چىقتىم. مەن ئاپتورنىڭ بۇ شېئىر ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى ۋە ئۇ شېئىرغا بەرگەن باھاسىنى ماقۇل كۆرمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەخمەتجان ئوسماننىڭ غەرب مودېرنىزمىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت كۆزقارىشى، پەلسەپە ئاساسلىرى ۋە تەنقىد ئۆلچەملىرىنى، مودېرنىزمغا تەۋە ھەرخىل ئېقىملارنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل ئۆلچەملىرىنى قارا-قويۇق سۆرەشتۈرۈپ كىرىپ، بۇلارغا ئاساسەن، بىزنىڭ رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنىڭ مەھسۇلى بولغان ئەڭ ياخشى لىرىكىلىرىمىزنى قايتىدىن قاراپ چىقماقچى بولغانلىقى ۋە بۇنىڭدىكى غەرەز مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئەخمەتجان ئوسمان شائىر تېيىپجان ئېلىيۇپنىڭ «تۈگمەس ناخشا» نى، تاللىۋېلىپ، ئۇنى مودېرنىزم ئېقىملىرى ئىچىدىكى كىچىككىنە بىر ئېقىم بولغان قۇرۇلمىچىلىق ئېقىمىنىڭ شەكىل ئانالىزى ئۆلچەملىرى بويىچە تەھلىل قىلماقچى ۋە بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئۇنى ئىنكار قىلماقچى بولغان. بۇ ئىنكار ھەرىكىتىدىمۇ ئەخمەتجان ئوسمان غەرب مودېرنىزمىنىڭ ئىنكار ۋە ئىنكارنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق باش كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش ئۇسۇلىنى دورىغان.

شۇڭلاشقا، مەن ئەخمەتجان ئوسماننىڭ بۇ تەھلىلىنى ۋە ئۇنىڭ بۇ تەھلىلدە ئايان بولغان غەرەز بىلەن مۇددىئانى تەنقىد قىلىش كېرەك دەپ قارايمەن.

مېنىڭ بۇ تەنقىدتىكى ئاساسلىرىم تۆۋەندىكىچە:

«تۈگمەس ناخشا» — شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ قىرانلىق دەۋرىدە يازغان ئەڭ ياخشى لىرىكىلىرىدىن بىرى. بۇ لىرىكا 1956-يىلى 8-ئايدا ئېلان قىلىنغان. شېئىرنىڭ تولۇق تېكستى مۇنداق:

ھەر ئاخشىمى ناخشا ئېيتىمەن،
شۇ كوچىنى ئەگىپ كېتەلمەي.
بىر پەللىنى كۆزلەپ ماڭىمەن،
ئاۋارىمەن تېخى يېتەلمەي.
بۈگۈن ئاخشام ئۆتكەنتىم يەنە،
ناخشام بىلەن دېرىزە قېقىپ،
قەيەردىدۇر ئىشىك غىچىلداپ،
كايىپ كەتتى بىر بوۋاي چىقىپ:
— جارقىرايسەن ھەر كۈنى شۇنداق،
ساراڭمۇ سەن ئۇخلىمايدىغان؟
يا ئادەمگە ئۇيقۇ بەرمەيسەن،
قانداق ناخشا بۇ تۈگمەيدىغان؟...
— كايىما بوۋاي،
سەنمۇ بىر چاغدا
ياش ئىدىڭغۇ ئۇخلىمايدىغان.
سەنمۇ ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن،
شۇنداق ناخشا بۇ —
تۈگمەيدىغان!



ئەخمەتجان ئوسمان بۇ شېئىر توغرىسىدا ئۆز تەھلىلىدە مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ شېئىر ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پوئېزىيىسىدە بەلگىلىك بىر پەللە سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ، شۇنداقلا تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرلىرى ئىچىدە ئەڭ يىرىك لىرىكىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.» — بۇ سۆزىدە ئەخمەتجان ئوسمان ئىككى خاتاغا يول قويغان: بىرىنچىسى، ئەدەبىياتشۇناسلىرىمىز ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ بەلگىلىك پەللىلىرى توغرىسىدا ھازىرغا قەدەر تېخى بىرەر تەتقىقات ئېلىپ بارمىدى. بۇ ھەقتە قىلىنغان ئەمگەكنى بىز تېخى كۆرۈپ باقمىدۇق. بۇ پەللىلەر توغرىسىدا بىزدە بىرەرقانداق پىكىر بىرلىكى بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئەخمەتجان ئوسمان ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ بۇ بەلگىلىك پەللە سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ دېگىنى يالغان گەپ. ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ئىككىنچى خاتاسى — «تۈگمەس ناخشا» تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئەڭ يىرىك شېئىرلىرىدىن بىرى ئەمەس، بەلكى ئەڭ ياخشى لىرىكىلىرىدىن بىرى. تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ يىرىك ئەسەرلىرى ئۇنىڭ داستانلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەخمەتجان ئوسمان «تۈگمەس ناخشا» نى قۇرۇلمىچىلىق ئېقىمىنىڭ شەكىل ئانالىزى ئۆلچەملىرىگە چۈشۈرمەكچى بولۇپ، ئالدى بىلەن ئۇنى «ھەر ئاخشىمى، شۇ كوچىدىن ئەگىپ كېتەلمەي، بىر پەللىنى كۆزلەپ مېڭىپ، تۈگمەس ناخشىنى ئېيتىمەن» دەپ ئىخچاملىغان. بۇ ئىخچاملاشتا ئۇ شېئىرنىڭ تولۇق تېكستى ئارقىلىقلا ھاسىل بولىدىغان شېئىرىي مۇھىت، شېئىرىي كەيپىيات، شېئىرىي ھېسسىيات ۋە شېئىرىي پىكىرنى تامامەن چىقىرىپ تاشلاپ، شېئىرنى قەستەن مازاقلاشتۇرۇپ، ئۇنى يۇقىرىقىدەك ئاددىيلا بىر بايان جۈملىگە

ئايلاندۇرۇپ قويغان. بۇ ئەمەلىيەتتە باراقسان كۆكلەپ، ھۆپپىدە چېچەكلەپ تۇرغان بىر تۈپ ياش مېۋە كۆچىتىنى ئۆسۈپ تۇرغان تۇپرىقىدىن قومۇرۇۋېلىپ، ئۇنى گۈزەللەشتۈرۈپ تۇرغان ھەممە نەرسىدىن — شاخ - نوتىلىرى، يوپۇرماقلىرى، چېچەكلىرى — بۇلار ئارقىلىق ئۆزىنى ھاسىل قىلىپ تۇرغان ئوبرازىدىن مەھرۇم قىلىپ، كېيىن ئۇنىڭ قوۋزاقلىرىنىمۇ سويۇپ تاشلاپ، يالىڭاچ بىر تاللا بادرىغا ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى بۇ كۆچەت ئەمەس دەپ دەۋا قىلغاندەك بىر ئىش. بۇ خىل ئاددىي جۈملىگە ئىخچاملاش ئۇسۇلىنى — ئەگەر ئۇنى ئەسەر تەھلىلىدە بىر خىل ئۇسۇل دەپ قوبۇل قىلىدىغان بولساق — ھەممىلا ئەسەرگە تەتبىق قىلىشقا بولىدۇ. ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ئۆزىنىڭ كۆچۈرۈلمە مودېرنىزم مېتودىدا يېزىلغان شېئىرلىرىمۇ بۇنىڭ تېشىدا قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، «مۇمكىنسىز ئولجا» دېگەن شېئىرىنى «مەن — يوچۇن مەخلۇق، ماڭغان ئىزىمدىن سوئال ئۈنىدۇ، يوللار ھەر كۈنى سەھەردە مېنى ئوۋلاشقا چىقىدۇ» دېگەن بايان جۈملىگە ئايلاندۇرۇشقا ياكى ئۇنىڭغا: «چۈنكى مەن ئايغىمنىڭ پاشنىسىغا سوئال شەكلىدىكى تاقا قاقتۇرۇۋالغان» دېگەن سۆزنى قوشۇپ ئۇزارتىشقىمۇ بولىدۇ.

دېمەك، شېئىرلارنى بايان جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى ئۆزى خالىغانچە ياكى ئۆز تەنقىدىگە لازىم بولغان دەرىجىدە ئىخچاملاپ، ئۆزى ئىخچاملىۋالغان ئاددىي جۈملىنى قۇرۇلمىچىلىق تەھلىلى دائىرىسىگە ئېلىپ كىرىپ، بۇ ئارقىلىق پۈتۈن بىر شېئىرگە باھا بېرىشكە ئۇرۇنۇش ئۇسۇلى — غەرەزلىك ئۇسۇل، شېئىرىي ئەسەرلەرگە مۇئامىلە قىلىشتىكى ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز شېئىر قايسى



ئىجادىيەت مېتودىغا مەنسۇپ بولسا، ئۇنى شۇ ئىجادىيەت مېتودىنىڭ ئۆلچەملىرى بىلەن تەكشۈرىمىز، يەنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مىللىي پىسخىك مۇھىتىدا — رېئالىزم ئىجادىيەت مېتودى بىلەن يېزىلغان شېئىرنى غەربىي ياۋروپانىڭ مۇئەييەن تارىخىي شارائىتىدا ۋە ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ مىللىي پىسخىك مۇھىتىدا شەكىللەنگەن، ئۇ يەردىكى دۇنيادىن بىزار بولغان، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن، نېرۋىسى ئىنتايىن ئاجىز بولغان بىر قىسىم زىيالىيلار پەيدا قىلغان، تا بۈگۈنگە قەدەرمۇ ئۆز يېرىدە بازار تاپالمايۋاتقان، نوقۇل شەكىلۋازلىقنى قوغلىشىدىغان مودېرنىزم ئېقىملىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىچىككىنە بىر ئېقىمچاقنىڭ شەكىل ئۆلچەملىرى بىلەن تەكشۈرمەيمىز. بۇمۇ خۇددى چوشقىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئاتقا باھا بەرگىلى بولمىغاندەك بىر ئىش.

ئەخمەتجان ئوسمان ئۆز ماقالىسىدە، تېپىپجان ئېلىيۇپنىڭ بۇ لىرىكىسىنى يۇقىرىقىدەك ھالەتكە كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قارىتا سىنتاكسىسلىق قۇرۇلما تەھلىلى ۋە «تېكىست — ئېپىزوت» تەھلىلى ئېلىپ بېرىپ، بۇ ھەر ئىككى تەھلىلدە «تۈگمەس ناخشا» لىرىكىسىنى «نەسرىي ژانىر قۇرۇلمىسى، شېئىرىي ژانىر قۇرۇلمىسى ئەمەس» دەپ دەۋا قىلىدۇ. بىز ئەخمەتجان ئوسماننىڭ بۇ ئىككى خىل قۇرۇلما تەھلىلىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە توغرا بولغانلىقى ياكى توغرا بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ «نەسرىي ژانىر، شېئىرىي ژانىر» دېگەن بۇ ئاتالغۇلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى. ئەدەبىيات ۋە سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ كەسپىي ئاتالغۇلىرى ھەركىم ئۆزى خالىغانچە ياسىۋالسا بولىدىغان ئاتالغۇلار ئەمەس. ھەر قانداق پەن ئۆز ئاتالغۇلىرىنى ئۆزىنىڭ ئۇزاق

تەرەققىياتى جەريانىدا پەيدا قىلغان ۋە ئۇلارنى مۇقىملاشتۇرغان. بۇ ئاتالغۇلارنى بىر-بىرى بىلەن كەلسە-كەلمەس چېتىپ ئىشلىتىش ئۇقۇم قالايمىقانچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدە نەسرىي ژانىر، شېئىرىي ژانىر دېگەن مۇنداق ئاتالغۇلار يوق. ئەدەبىياتنىڭ نەسرىي ئەسەرلەر، شېئىرىيەت، سەھنە ئەسەرلىرى (كىنو — تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىمۇ بۇ تۈرگە كىرىدۇ) ۋە ئەدەبىي تەنقىدتىن ئىبارەت تۆت چوڭ تۈرى بار. بۇ تۈرلەر ئۆز ئىچىدە ژانىرلارغا بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن، نەسرىي ئەسەرلەر تۈرى رومان، پوۋېست، ھېكايە قاتارلىق ژانىرلارغا، شېئىرىيەت تۈرى لىرىك شېئىر، ئېپىك شېئىر، لىرو-ئېپىك شېئىر، ناخشا تېكىستى، باللادا، داستان قاتارلىق ژانىرلارغا بۆلۈنىدۇ. ئەخمەتجان ئوسمان بۇ يەردە ژانىر دېگەن ئاتالغۇنى چۈشەنمەي ئىشلىتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئانلىرى بىلەن تەڭداش قىلىپ قويغان.

ئەخمەتجان ئوسمان ئۆزىنىڭ سىنتاكتىك (ئۇيغۇرتىلى ئادىتى بويىچە سىنتاكسىسلىق دەپ ئىشلەتكەن بولسا توغرا بولاتتى) قۇرۇلما تەھلىلىدە مۇنداق ئۈچ خاتا دەۋانى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

1. ئۇ: «تۆت كۇپلېت 16 مىسرالىق بۇ تېكىست ئۈچ بىرىكمە جۈملە ۋە بىر رەۋىشتىن ئىبارەت چوڭ مۇرەككەپ جۈملىدىن تەركىبلەنگەن بىر پۈتۈن گەۋدە.» دەيدۇ.

بۇ يەردە شېئىرنىڭ تېكىستى ئۈستىدە سىنتاكسىسلىق تەھلىل يۈرگۈزمەكچى بولغان ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرتىلى سىنتاكسىسىدىن تازا خەۋىرى يوقلۇقى مەلۇم بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرتىلى سىنتاكسىسىدا ئاددىي جۈملە، قوشما بېقىندىلىق جۈملە، مۇرەككەپ قوشما بېقىندىلىق جۈملە دېگەن جۈملە



تۈرلىرى بار، «بىرىكمە جۈملە» «چوڭ مۇرەككەپ جۈملە» دېگەن تۈرلىرى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، چوڭ مۇرەككەپ جۈملە بىرىكمە جۈملىلەر بىلەن رەۋىشتىن تۈزۈلىدۇ دەيدىغان قائىدىمۇ يوق. رەۋىش — ئاددىي جۈملىلەر ياكى جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن تەڭ قاتارلىشىپ كېلىپ «چوڭ مۇرەككەپ جۈملە» ھاسىل قىلىدىغان ئۇنداق تەركىب ئەمەس. ئۇ پەقەت باشقا سۆز تۈركۈملىرى بىلەن قوشۇلۇپ كېلىپ، ئاددىي جۈملە ۋە جۈملە بۆلەكلىرىنى ھاسىل قىلىدىغان سۆز تۈركۈمى. ئۇ جۈملە ۋە جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل ھالدا رول ئوينىيالمايدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەخمەتجان ئوسمان تۇراق-ۋەزىنلىك شېئىرلاردا مىسرالارنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋەتلىرىدە ئۆزى ئېيتقان «بىرىكمە جۈملە» ۋە «چوڭ مۇرەككەپ جۈملە» لەرنى ئورۇنلاشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ. شېئىردىكى جۈملە ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئىككى مىسرادا تاماملىنىدۇ. پەقەت ناگان-ناگاندىلا جۈملىنىڭ تاماملىنىشى ئۈچىنچى ياكى تۆتىنچى مىسراغا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن. ئەگەر جۈملە ساناشقا توغرا كەلسە، تېپىپجان ئېلىيۇپنىڭ بۇ لىرىكىسىدا يەتتە جۈملە بار، ئۇنىڭ بەشى خەۋەر جۈملە، ئىككىسى سوئال جۈملە. شېئىرنىڭ ھەر قايسى مىسرالىرىدىكى پەش، چېكىت، سوئال ۋە ئۈندەش بەلگىلىرىنى شائىر بىكارغا قويۇپ قويمىغان. «بىرىكمە جۈملە» ۋە «چوڭ مۇرەككەپ جۈملە» بولغان بولسا، جۈملىلەر ئارىسىغا چېكىت كەلمىگەن بولاتتى.

2. ئاپتور بۇ تەھلىلىدە شېئىرنىڭ «بىرىنچى كۇپلېتى مۇقەددىمە، قالغان كۇپلېتلىرى بايانىدىن ئىبارەت» دەيدۇ.

خوش، مۇقەددىمە ۋە بايان بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئەخمەتجان ئوسمان شېئىردا مۇقەددىمە ۋە بايان بولسا بولمايدۇ، دېگەن بۇ سەپسەتىنى نەدىن تاپتى؟ ھەر قانداق ئەسەردە مەيلى ئىلمىي ئەسەر ياكى بەدىئىي ئەسەر بولسۇن، ھەرقانداق نوتۇقتا، ئومۇمەن تىل ۋاستىسى بىلەن بولىدىغان ھەر قانداق مۇئامىلىدە ۋە ئۇچۇردا مۇقەددىمە بولىدۇ. شېئىردا مۇقەددىمە تەركىبىنىڭ بولۇشى ئۇنىڭ جىنايىتى ئەمەس. شائىر ئۆزىنىڭ شېئىرىي پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە شېئىرىي ئوبرازىنى راۋان، ئېنىق يارىتىش مەقسىتىدە، ئۆزىنىڭ لىرىك، ئېپىك ياكى لىرو-ئېپىك ماتېرىيالىغا مۇقەددىمە ئورۇنلاشتۇرغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى. ئۇ شۇنداق قىلىشنى لازىم تاپقانىكەن، بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئۇنداق قىلىشىڭىز توغرا بولمايدۇ دەپ ئېيتىشقا ھېچقانداق ئۆلچەم ئاساسىمىز يوق. ئەخمەتجان ئوسماننىڭ مۇشۇ ماقالىسىدىمۇ مۇقەددىمە بارغۇ؟ ئۇ: «مەن بۇ يەردە ھېچقانداق مۇقەددىمىسىزلا تەھلىلىمنىڭ لىنىيىسىگە كۆچىمەن» دېگىنى بىلەن، بۇ سۆزنى ئورۇنلاشتۇرغان دەسلەپكى ئابزاسىنىڭ ئۆزى مۇقەددىمە.

ئەمدى بايان دېگەن دەۋاغا كەلسەك، بايانسىز ئەسەر بولمايدۇ، بايانسىز شېئىرمۇ بولمايدۇ. لىرىك شېئىرلاردا لىرىك بايان، ئېپىك شېئىرلاردا ھەم لىرىك، ھەم ئېپىك بايان بولىدۇ. ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ھەربىر مەشقىدىمۇ مۇنداق بايان بار. مەسىلەن، ئۇنىڭ «شەھۋەت بەندىسى» دە: «تەگرى شەھرىدە شېئىرنى چېچىدىن سۆرەپ خالتا كوچىغا ئېلىپ كىرىپ، ئۇنىڭ نومۇسىغا تەگدىم» دېگەن ئېپىك بايان بار. بۇ يەردە ئەخمەتجان ئوسمان ئۆزلىرى ئېيتىۋاتقان «ئەنئەنىۋى شېئىرلار» غا باسقۇنچىلىق قىلىپ،



ئۇنىڭ رەسۋاسىنى چىقاردۇق دېمەكچى. تەگرى شەھرى دېگىنى ئۈرۈمچىنىڭ سىمۋوللۇق بىر يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى. تەگرى شەھرىنىڭ شېئىرىنىڭ نومۇسىغا تەگكىلى بولامدۇ - بولمامدۇ، ياكى بولمىسا تەگرى شەھرىنىڭ شېئىرى قىز بولماي، يېشىلگەن، ئۇستىخانلىرى قاتقان ئەركەك بولۇپ چىقىپ قېلىپ، ئۆز شەھرىدە ئاللىبۇرۇن نومۇسىنى يوقاتقان بۇ غەرىبلىك چوكانغا چېقىلىپ قويامدۇ؟ بۇنى مۇندىن كېيىن كۆرىمىز.

3. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «سىنتاكتىك قۇرۇلما» تەھلىلىنىڭ ئۆزى «تۈگمەس ناخشا» شېئىرىنىڭ سىنتاكسىلىق تۈزۈلمە ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇ قۇرۇلمىچىلىق تەھلىلدە ئۇنىڭ قىلغان ئۈچىنچى خاتا دەۋاسى — «بۇ قۇرۇلما نەسرىي ژانىر قۇرۇلمىسى، شېئىرىي ژانىر قۇرۇلمىسى ئەمەس» دېگەن يەكۈندۇر. بۇ يەردە ئەخمەتجان ئوسمان «تۈگمەس ناخشا» نى شېئىرىي ئەسەر ئەمەس، بەلكى ئېپىك ئەسەر دېمەكچى بولغان. چۈنكى، ئۇنىڭ دېيىشىچە بۇ ئەسەردە «مۇقەددىمە ۋە بايان» بار، يەنى ئېپىك بايان بار، شۇڭا بۇ نەسرىي ئەسەر، شېئىر ئەمەس. بۇ يەردە، بۇ يەكۈن ئارقىلىق ناھايىتى ئېنىق ئايان بولۇپ تۇرغان، ئەمما ئېيتىلمىغان يەنە بىر يەكۈنمۇ بار: «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پوئېزىيىسىنىڭ بەلگىلىك بىر پەللىسى» بولغان، تېيىپجان ئېلىيۇپنىڭ «ئەڭ يىرىك» شېئىرى بولغان «تۈگمەس ناخشا» شېئىرىي ئەسەر ئەمەس ئىكەن، دېمەك تېيىپجان ئېلىيۇپنىڭ ئۆزىمۇ تېخى شائىر ئەمەس. ئەخمەتجان ئوسمان شېئىردا ئېپىك بايان بولسىلا ئۇ شېئىر بولمايدۇ دېگەن بۇ نەزەرىيىنى

نەدىن ئەكەلگەن؟ ئۇنداق بولسا ئۇ ئېپىك شېئىرلارنى، باللادىلارنى، ئېپىك داستانلارنى، شېئىرىي چۆچەكلەرنى ۋە ئېپوسلارنى قانداق چۈشەندۈرىدۇ؟ ئىنسانىيەت ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات قەدەملىرىدە بارلىققا كەلتۈرگەن بۇ تۈرلەرگە مەنسۇپ شېئىرىي ئەسەرلەر ئەخمەتجان ئوسماننىڭ پىكرىچە «شېئىرىي ژانىر» ئەمەسمۇ؟ مودېرنىزملىق مېتودقا تەقلىد قىلمىغان شائىرلارنى شائىر دېمەيمىزمۇ؟

شېئىرىي ئەسەرلەردىكى ۋەقەلىك (ئېپىك بايان) شېئىرىي ۋەقەلىك بولىدۇ، يەنى شېئىرىي ئوبراز، شېئىرىي ھېسسىيات، شېئىرىي تەسەۋۋۇر، شېئىرىي پىكىر ئامىللىرىغا ئىگە بولغان شېئىرىي تىل ۋە شېئىرىي ئىستىلىستىك ۋاستىلەر ياردىمى بىلەن بايان قىلىنىدىغان، تامامەن شېئىرلاشقان ۋەقەلىك بولىدۇ. مانا مۇشۇ نۇقتىدا، ئۇ ئېپىك ئەسەرلەردىكى ۋەقەلىك ماتېرىيالى بىلەن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ. تېيىپجان ئېلىيۇپنىڭ بۇ شېئىرىدىكى ۋەقەلىك مانا شۇنداق ۋەقەلىك. ئۇ بۇ ئېپىك بايانىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، شېئىرىي پىكرىنى لىرىك بايان ئۇسۇلىدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ بۇ شېئىرى «نەسرىي ژانىر» قۇرۇلمىسىغا ئەمەس، بەلكى «شېئىرىي ژانىر» قۇرۇلمىسىنىڭ لىرو - ئېپىك شېئىرلار تۈرىگە مەنسۇپ، يەنى ئۇ شېئىر، بەلكى ئەخمەتجان ئوسمان دېمەكچى بولغاندەك نەسرىي ئەسەر ئەمەس.

ئەخمەتجان ئوسمان «تېكىست — ئېپىزوت» دەپ ئات قويغان. شېئىر ۋەقەلىكىنىڭ ھەرىكەت قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلىپ كۆرمەكچى بولغان بايانىدىمۇ «تۈگمەس ناخشا» نىڭ «نەسرىي ژانىرلىق خۇسۇسىيىتى» نى ئىسپاتلىماقچى بولۇپ، ئۆزى ئىسپاتلىماقچى بولغان «نەسرىي ژانىر» دېگەن



پىكرىنى ئۇنتۇپ قىلىپ، شېئىرنى بىر دەم سەھنە ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇپ، سەھنە كۆرۈنۈشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرسا، بىر دەم ئېكراننى تىلغا ئېلىپ، ئۇنى كىنو ئەسىرىگە ئايلاندۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، كىتابخان بۇ گەپلەرنىڭ قايسىسىنىڭ راستلىقىنى ئاڭقىرالمايلا قالىدۇ. «تۈگمەس ناخشا» — ئەخمەتجان ئوسماننىڭ پىكرىچە، نەسرىي ئەسەرمۇ، سەھنە ئەسىرىمۇ ياكى كىنو ئەسىرىمۇ؟ ئۇ ھەرىكەت قۇرۇلمىسى بويىچە سەھنە ئەسىرى بولسا، يەنە نېمىشقا كىنو ئەسىرى بولىدۇ؟ ھەم سەھنە ئەسىرى، ھەم كىنو ئەسىرى بولسا، يەنە نېمىشقا نەسرىي ئەسەر بولىدۇ؟ بۇ ئۈچى ئەدەبىياتنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۈچ چوڭ تۈرى تۇرسا! ئەدەبىياتنىڭ ھەممىلا تۈرىگە كىرىدىغان مۇنداق ئەسەرنى كىم كۆرگەن؟

ئەخمەتجان ئوسمان بۇ ھەرىكەت قۇرۇلمىسى تەھلىلىگە «تېكىست — ئېپىزوت» دەپ ماۋزۇ قويغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە بۇ لىرىكىدا ئېپىزوت يوق، تۆت كۇپلېتلىق بۇ شېئىر بىرلا تېكىست، ئېپىزوتلارغا بۆلۈنمىگەن. ئېپىزوت — مەزمۇن بۆلەكلىرىنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان قۇرۇلما تەركىبىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ شېئىردا بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كېلىپ، ئاندىن چېتىشىدىغان ئۇنداق مەزمۇن بۆلەكلىرىمۇ يوق. شۇڭا، ئەسەر ئەمەلىيىتىدە يوق نەرسىنى ئۇنىڭغا چاپلاپ تەھلىل ئېلىپ بارمايمىز. شۇنداق بولغاچقا، ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «تېكىستنىڭ ئۈستقۇرۇلمىسىنى ئېپىزوت تەشكىللىگەن» دېگەن سۆزىنىڭ ھېچقانداق پاكىت ئاساسى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «تېكىستنىڭ ئۈستقۇرۇلمىسى» دېگەن بۇ قانداق گەپ؟ تېكىستتە ئۈستقۇرۇلما بولسا، ئۇنىڭ بازىسى نېمە بولىدۇ؟ بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان «بازىس» ۋە «ئۈستقۇرۇل-

ما » دېگەن بۇ پەلسەپە ئاتالغۇلىرىنى شېئىرغا تەتبىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇستقۇرۇلما قىسمى بىلەن بازىس قىسمىنى ئايرىپ چىققىلى بولامدۇ؟ پەلسەپە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆزى پۈتۈنلەي ئىقتىسادىي بازىس تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئۇستىگە قۇرۇلغان ئۇستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ ھادىسە تۇرسا، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى شېئىردا بازىس بولالتىمۇ؟

ئەخمەتجان ئوسمان ماقالىسىنىڭ « تېكىستىنىڭ مۇناسىۋەتلىرى » ، « تېكىستىنىڭ سىماتىك قۇرۇلمىسى » دېگەن قىسىملىرىدا « تۈگمەس ناخشا » دىكى « زامان مۇناسىۋەتلىرى » بىلەن « ماكان مۇناسىۋەتلىرى » نى ۋە ئۇنىڭدىكى « بوشلۇق » لارنى تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى بولىدۇ. بۇ تەكشۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ چىقارغان خۇلاسىسى مۇنداق: « بۇ تېكىست بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئەتراپىغا بوشلۇق ھاسىل قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ سىنتاكتىك قۇرۇلمىسى تۇراقلىق بىر زاماندىن، مۇقەددىمە ۋە باياندىن ئىبارەت ئەقلىي سىستېمىدىن، تىلنىڭ لۇغەت مەنىسىگە ئاساسەن تەشكىللىنىدىغان ئېپىزوتتىن يارىتىلغان. »

ئەخمەتجان ئوسمان بۇ يەردە ئىشلەتكەن « زامان مۇناسىۋەتلىرى » ، « ماكان مۇناسىۋەتلىرى » ، « بوشلۇق » دېگەن ئۆلچەملەرنى، « ئەقلىي سىستېما » ، « تىلنىڭ لۇغەت مەنىسىگە ئاساسەن تەشكىللىنىدىغان » دېگەن چۈشەنچە ۋە قاراشلارنى نەدىن ئالغانلىقىنى بىزگە راستى بىلەن ئېيتىپ بېرەلەمدۇ؟ ھازىرغا قەدەر ئېيتىپ بەردىمۇ ياكى بۇلارنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى، يېڭىلىقى، ئالاھىدىلىكى، ئىزلىنىشى ۋە ئۆلچەملىرى قىلىۋالدىمۇ؟ ئەخمەتجان ئوسماننىڭ



6-5 يىلدىن بۇيان كىتابخانلارغا ئېيتىپ بەرمىگەن بۇ مەنبەنى ئەمدى ئېيتىپ بېرىشى ناتايىن. شۇڭا، ئاپتورلىرىمىز ۋە كىتابخانلىرىمىز ئارىسىدا كىتاب ئوقۇماسلىق ۋە نەزەرىيە ئۆگەنمەسلىكتىن كېلىپ چىققان گاڭگىراش ھەم چۈشەنمەسلىكلەرگە خاتىمە بېرىش، شېئىرىيىتىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان يوشۇرۇش، يالغانچىلىق ۋە ساختىپەزلىك ھادىسىلىرىنىڭ داۋاملىق يامراپ كېتىشىگە يول قويماسلىق مەقسىتىدە، بۇ مەنبەنى مەن ئېيتىپ بېرەي:

بۇ ئۆلچەم ۋە چۈشەنچىلەر مودېرنىزملىق ئەدەبىياتتىن كەلگەن. بۇ ئالاھىدىلىك، ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىقلارنىڭ كۆچۈرۈلۈش مەنبەسى — غەربىي ياۋروپا بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئەدەبىياتىدا پەيدا بولغىنىغا يۈز يىلغا يېقىن بولغان مودېرنىزم ئېقىملىرى.

ئەسلىدە، كلاسسىزم، رومانتىزم، (ئاكتىپ رومانتىزم ۋە پاسسىپ رومانتىزم)، رېئالىزم، تەنقىدىي رېئالىزم، مودېرنىزم مېتودلىرى، ئۇلارنىڭ پەلسەپە ئاساسلىرىدىكى، مەزمۇن ۋە شەكىل ئۆلچەملىرىدىكى پەرقلەر، ئۇلارنىڭ شەكىللىنىش تارىخى ۋە مەنبەلىرى، جۈملىدىن مودېرنىزم مېتودىغا تەۋە يېڭى ھېكايىچىلىق، ئىپادىچىلىك، سىمۋولىزم، سۇر رېئالىزىم، كېلەچەكچىلىك، ئاڭ ئېقىمى، مەۋجۇدىيەتچىلىك، بىمەنە تىياتىرچىلىق، قارا يۇمۇرچىلىق، قۇرۇلمىچىلىق قاتارلىق ئېقىملارنىڭ قانداق شارائىتتا، نەدە، قانداق پەيدا بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مەزمۇن، شەكىل ۋە تەنقىد ئۆلچەملىرىنى، پاسسىپ ۋە ئاكتىپ تەرەپلىرىنى (يەنى بۇ ئېقىملارنىڭ غەرب ئەدەبىياتىغا كەلتۈرگەن غايەت زور بۇزغۇنچىلىق رولى بىلەن شەكىل جەھەتتىكى ئانچە-مۇنچە يېڭىلاشلىرىنى) ئەدەبىي ژۇرناللار

بىلەن گېزىتلىرىمىزنىڭ ئەدەبىيات بەتلىرى كىتابخانلارغا ۋاقتىدا يورۇتۇپ بېرىشى كېرەك ئىدى، بۇ ئىش بىزدە ۋاقتىدا ئىشلەنمىدى، 5-6 يىللاپ كېچىكىپ قالدى. شۇنداق بولغاچقا، بىزدە غەرب ئەدەبىياتىنىڭ بۇ ئېقىملىرىنى قالايمىقان ۋە قارىغۇلارچە كۆچۈرۈپ كېلىشنى «ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق» دەپ ھېسابلايدىغان، ئۇلارنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل ئۆلچەملىرىنى بىرەر ئاپتورىمىزنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى، ئۇ ئىجاد قىلغان ئۇسۇل دەپ قارايدىغان، بۇ مېتودلارنىڭ ئىجادىيەت قېلىپىدا يېزىپ كۆرۈشكە ئۇرۇنغان شېئىرلارنى «يېڭىچە شېئىرلار»، «يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھادىسىسى» دەۋالىدىغان، ئۇلارنى «گۇڭگا شېئىرلار» دەيمىزمۇ ياكى «تۇتۇق شېئىرلار» دەيمىزمۇ؟ دەپ، يېڭى تۇغۇلغان بالىغا قانداق ئىسىم قويۇشنى تالاشقاندەك تالىشىدىغان ساۋاتسىزلىق يۈز بەردى. ئەگەر بىز بۇنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق بولماي، بەلكى يۈز ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان، قېرىغان ۋە ئاجىزلىغان موماي ئىكەنلىكىنى ۋاقتىدا بىلگىنىمىزدە، مۇنداق ئەخمەقچىلىق يۈز بەرمىگەن، بۇ مېتودتا يېزىلغان ئەسەرنى ئۇ مېتودنىڭ ئۆلچىمىگە سېلىپ تەنقىدلەيدىغان مۇنداق غەلىتە تەھلىللەرمۇ بارلىققا كەلمىگەن بولاتتى.

رېئالىزملىق ئەدەبىيات — ئىنسانىيەتنىڭ رېئاللىقنى تونۇش ۋە ئۇنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئاساسلىق بەدىئىي شەكىل. رېئالىزم مېتودى دۇنيا ئەدەبىياتىدا، جۈملىدىن غەربىي ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئەدەبىياتىدىمۇ ھازىرغا قەدەر ئاساسلىق مېتود بولۇپ، ئۈزلۈكسىز يوسۇندا ئۆزىنىڭ نادىر ۋە ئۆلمەس ئەسەرلىرىنى يارىتىپ كەلدى ۋە يارىتماقتا. رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ پەلسەپە ئاساسى — ئىنكاس



نەزەرىيىسى. ئىنسان ئۆز ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان ماددىي دۇنيانى ئىنكاس قىلىدۇ ۋە بۇ ئىنكاسنى ماددىي دۇنياغا قايتۇرىدۇ. ماددىي (ئىجتىمائىي) رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش — رېئالىزملىق مېتودنىڭ ھاياتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مېتود ئىجتىمائىي رېئاللىق ۋە جەمئىيەتتە بولغان قاراشلىرىنى، جۈملىدىن تەنقىد ۋە قارشىلىقلىرىنى، تەلىپ ۋە ئارزۇلىرىنى، غايە ۋە ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، شەكىل جەھەتتىن كونكرېت ئوبرازلارنى يارىتىشقا تايىنىدۇ. ئۇ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدا، ئەقلىيلىقنى ئاساس قىلىدۇ، يەنى ئەقلىي (لوگىك) تەپەككۇرنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى شەكلى بولغان ئوبرازلىق تەپەككۇرنى ئىشلىتىدۇ. بۇ دۇنيانى ئەقىل بىلەن چۈشىنىش ۋە ئەقىل بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش دېگەن گەپ. چۈنكى ئىنسانىيەتنى باشقا جانلىق مەخلۇقلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان تۈپ ئامىل — ئەقىل - دە! يەنى ئۇنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى ئەخمەتجان ئوسمان ئېيتقاندەك، «ئەقلىي سىستېمىدىن ئىبارەت» بولىدۇ. بۇ مېتود يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئەقلنى ئاساس قىلىدۇكى، تەپەككۇرنىڭ غەيرىي ئەقلىي ئۇسۇللىرىنى ۋە كەيپىياتنى ئاساس قىلمايدۇ. ئۇ رېئال بولمىغان ئوبرازلارنى يارىتمايدۇ، ئوبرازسىز ۋە ۋەقە دېتاللىرىنى ئىشلەتمەيدىغان ئۇسۇل بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارمايدۇ. شەكىلنىڭ مەزمۇنغا بېقىندىلىقى، ئەسەرنىڭ رېئاللىققا بېقىندىلىقى — رېئالىزملىق مېتودنىڭ تۈپ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مودېرنىزملىق مېتودنىڭ پەلسەپە ئاساسى — ئىدېئالىزم ۋە مېتافىزىكا. ئۇنىڭ يادروسى — ئانتى ئەقلىيلىق، يەنى ئەقلنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش. XIX ئەسىرنىڭ

ئوتتۇرىلىرىدا پەيدا بولغان ئەقلىيلىققا قارشى پەلسەپە تەجرىبىچىلىك ۋە ئىرادىچىلىك دېگەن ئىككى تارماققا شاخلىنىپ راۋاجلانغان. ئۇلارنىڭ يىلتىزى كانتتىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەقلىنى كەمسىتىشى پەلسەپىدە دۇنيانى بىلگىلى بولمايدۇ دەپ قارايدىغان، ئەقلىيلىققا قارشى خىلمۇ خىل پەلسەپە ئېقىملىرىغا مەنبە بولغان بولسا، ئۇنىڭ پەلسەپىسىدىكى ئەقلىيلىققا قارشى ئامىللار ئۇنىڭ ئېستېتىكا قارىشىدىمۇ ئەكس ئېتىپ، XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ راۋاجلانغان ئىدېئالىستىك فورمالىزم ئېستېتىكىسىغىمۇ مەنبە بولدى. بۇلار مودېرنىزملىق ئەدەبىياتقا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ «گۈزەللىك — شەكىل دېمەك»، «گۈزەللىك تۇيغۇسى — تېزلىك تۇيغۇسى» دېگەن ئېستېتىكا تەشەببۇسلىرى مودېرنىزملىق ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات ئاساسى بولغان ئېستېتىزم، سىمۋولىزم ۋە فورمالىزم (شەكىلۋازلىق) قاتارلىق ئېقىملارغا مۇھىم نەزەرىيىۋى ئاساس بولۇپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەيدانغا چىققان سۇبيېكتىپ ئىدېئالىستىك پەيلاسوپلارنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىمۇ ئانتى ئەقلىيلىق. كانت پەلسەپەسىدىكى تەجرىبىچىلىك ۋە ئىرادىچىلىك تەركىبى ماخ بىلەن ئاۋېنارىيۇستا تەجرىبە تەنقىدچىلىكىگە، جون دېۋىدا پراگماتىزمغا ئايلاندى، شوپېنخائۇئېردا ئىرادىچىلىك پەلسەپەسى، ھېنرى بېرگسوندا بولسا تۇيغۇچىلىق پەلسەپە سىستېمىسىنى پەيدا قىلدى. بۇلار ۋە سىگمۇند فروئىدنىڭ روھىي ئانالىز تەلىماتى (ئىنسان خاراكتېرىنى ئۈچ قاتلامغا بۆلۈپ چۈشەندۈرۈشى. بىزنىڭ ئىزلەنگۈچىلىرىمىزنىڭ قاتلام دېگەن ئۆلچىمى شۇنىڭدىن كەلگەن)، لاۋرېنسنىڭ مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسى، مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولغان



كىركېگور ۋە نىتسشېلارنىڭ ئېتىكىلىق قاراشلىرى بىلەن سەنئەت قاراشلىرى — مودېرنىزملىق ئەدەبىياتنىڭ ئەقلىيلىقنى ئىنكار قىلغۇچى ماھىيىتىنى بەلگىلىگەن پەلسەپىۋى ۋە ئېستېتىكىلىق ئاساسلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «تۈگىمەس ناخشا» نى «مۇقەددىمە ۋە باياندىن، ئەقلىي سىستېما» دىن ئىبارەت دەپ ياراتماسلىقىدىكى ئۆلچەم ئاساسىمۇ، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، مودېرنىزملىق ئەدەبىياتتىن كەلگەن، يەنى ئەخمەتجان ئوسمان مودېرنىزملىق ئەدەبىيات بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولغان كۆچۈرۈلمە ئۆلچەم.

ئەخمەتجان ئوسمان ئۆز ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان «زامان مۇناسىۋەتلىرى» بىلەن «ماكان مۇناسىۋەتلىرى» ۋە «بوشلۇق» ئۆلچەملىرىمۇ مودېرنىزملىق ئەدەبىياتنىڭ شەكىل ئۆلچەملىرى ۋە بۇ مېتودتا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سېلىشتۇرما قىلىپ كۆرسەك، رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودى ئىنساننى ئوراپ تۇرغان ئوبيېكتىپ بارلىق ۋە تەبىئەتنى سادىقلىق بىلەن تەسۋىرلەشنى، ئۇنى قايتا ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلسا، مودېرنىزملىق ئىجادىيەت مېتودى ئۆز-ئۆزىنى ئىپادىلەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مودېرنىزمچىلار ماددىينى ئىنكار قىلىپ، روھقا ئېتىبار بېرىدۇ. ئۇلاردىكى ئورتاق خاھىش — ماددىي دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرمەسلىك، بەلكى روھنى ئەكس ئەتتۈرۈش. بۇ خىل ئىپادىچىلىك سۇبيېكتىپقا يۈزلىنىش ۋە ئابستراكتلىققا يۈزلىنىشتەك ئىككى ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ رېئالىزملىق مېتودتىكى تاشقى دۇنياغا يۈزلىنىش بىلەن كونكرېت ئوبرازچانلىققا يۈزلىنىشكە نىسبەتەن قارشى قۇتۇپتا تۇرىدۇ. سۇبيېكتىپكە يۈزلىنىشتە، مودېرنىزمچىلار تاشقى دۇنيانىڭ

رېئاللىقنى ۋە چىنلىقنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلار بىرلا خىل رېئاللىقنى، يەنى ئۆزلىرى ئېيتقان «ئىچكى رېئاللىق»، «ئىختىيارلاشقان رېئاللىق» ياكى «پسىخىك رېئاللىق» نى ئېتىراپ قىلىدۇ، روھىي ھالەت، كەيپىيات رېئاللىقنى ئەڭ ئالىي رېئاللىق دەپ بىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئوبيېكتىپ ئامىللار سۇبيېكتىپ ئامىللاردىن ئاجراپ كېتىدۇ. ئابستراكتلىققا يۈزلىنىش — شەكىل مەۋھۇملۇققا بولغان يۈزلىنىش بولۇپ، ئۇنىڭ يادروسى شەكىلگە بولغان چوقۇنۇشتىن ئىبارەت. مەزمۇننىڭ شەكىلدىن ئاجراپ كېتىشى ياكى بىزنىڭ ئىزلەنگۈچىلىرىمىز ئېيتقاندەك شەكىلنىڭ مەزمۇننى بەلگىلىشى بۇ خىل يۈزلىنىشنىڭ خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكى. مودېرنىزمچىلارنىڭ: «ھازىرغا قەدەر، ئەقىل ۋە لوگىكا ھۆكۈمرانلىق قىلمىغان بىرلا زېمىن قالدى، ئۇ بولسىمۇ شەكىل. دۇنيانىڭ ئۆزى قالايمىقان، تەرتىپسىز. شۇنداق ئىكەن، ئۇنى ئىپادىلەشتە تەرتىپلىك شەكىل، ئېنىق لوگىكا ۋە تىل ئىشلەتمەيدۇ، قالايمىقان ۋە تەرتىپسىز بولغان بۇ دۇنيانى قالايمىقان ۋە تەرتىپسىز كۆز قاراشلار بىلەن تەسۋىرلەش كېرەك. سەن شەكىل جەھەتتە قالايمىقاننى تېخىمۇ قالايمىقان قىلساڭ، تەرتىپسىزلىكنى تېخىمۇ تەرتىپسىز قىلىۋەتسەڭ، دۇنيانىڭ ئىپادىسى ئاندىن روشەنلىشىپ، تەرتىپكە چۈشۈپ قالىدۇ» دەيدىغان غەلىتە قارىشى بار. شۇڭا، رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىدىكى زامان ۋە ماكان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئوبرازلارنىڭ شەكىللىنىش ئېھتىياجىغا قاراپ بولىدىغان ئورۇنلىشىشنى مودېرنىزمچىلار رەت قىلىپ، ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا زامان ۋە ماكان مۇناسىۋەتلىرىنى قاتلاملاشتۇرۇپ، كىرىشتۈرۈۋېتىشنى، يەنى قالايمىقان ۋە تەرتىپسىز قىلىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «بوشلۇق» تۇغرىسىدىكى



ئۆلچىمىمۇ فروئىدنىڭ ئاڭنىڭ ئۈچ قاتلىمى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىدىن، ئەركىن باغلانما تەسەۋۋۇرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى رولىنى تەكىتلەپ ئېيتقان تەلىماتىدىن كەلگەن. بۇ تەلىمات ئاڭ ئېقىمى يازغۇچىلىرىغا پسىخولوگىيىلىك ئاساس يارىتىپ بەرگەن.

شۇنداق قىلىپ، ئەخمەتجان ئوسمان «تېكىستنىڭ مۇناسىۋەتلىرى» ۋە «تېكىستنىڭ سىمانتىك قۇرۇلمىسى» تەھلىلىدە، «تۈگىمەس ناخشا» دىكى مودېرنىزملىق ئامىللارنى ئىزلەپ كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن «فونېما سەۋىيىسى» دىكى ئىككى بوشلۇقنى ۋە «ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە ئىككى سوئال» نى بايقىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ئىككى فونېمىنىڭ بىرى «يەللە»، بىرى «ناخشا» ئىكەن. مېنىڭ بۇ يەردە ئەخمەتجان ئوسماندىن: «فونېما» دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىپ ئىشلەتتىڭىزمۇ ياكى بىلمەيمۇ؟ دەپ سورىغىم كېلىۋاتىدۇ. «يەللە»، «ناخشا» دېگەنلەر قانداق فونېما بولىدۇ؟ بۇلار سۆز ئەمەسمۇ! فونېما — ئۈن، تاۋۇش دېگەن گەپ. ئۇ تىلدا بوغۇم ھاسىل قىلغۇچى ئەڭ كىچىك ماتېرىيال، بوغۇملار بولسا بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ سۆز ھاسىل قىلىدۇ. «يەللە» دېگەن سۆزدە ئىككى بوغۇم، بەش فونېما، «ناخشا» دېگەن سۆزدىمۇ ئىككى بوغۇم بەش فونېما بار. مودېرنىزمچىلار ئەدەبىياتتىن ھالقىپ، «فونېتىكا» ئىلمىدىمۇ يېڭى ئۆلچەملەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى قالايمىقان قىلغان بولسا، ئۇنى ئۇقمىدۇق، لېكىن بىز بىلىدىغان فونېتىكا ئىلمىدا فونېما يۇقىرىقىدەك ئۇقۇم بېرىدۇ. «ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە ئىككى سوئال» غا كەلسەك، ئۇ تېخىمۇ ئېلىپ‌ۇپقا تەۋە ئەمەس، ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ئۆزىگە تەۋە.

ئەخمەتجان ئوسمان بۇ ئۇرۇنۇشىدا «تۆگمەس ناخشا» نى مودېرنىزملىق مىسرالارغا ئايلاندۇرۇپ باقماقچى بولغان. بۇنىڭ ئۈچۈن، شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ رەھمەتلىك ھايات بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، شۇنداق قىلىپ باققان بولساق قانداق بولاتتىكىن - تاڭ؟ لېكىن ئاپتورنىڭ ئىجازىتىسىز ئۇنىڭ ئەسىرىنى ھەر ياڭزا قىلىپ بېقىش بۇ ئەسەر ھوقۇقى ئۇقۇمىغا ۋە ئىجادىيەت ئەخلاقىغا ياتىدىغان ئىش ئەمەس.

ئەمدى «تىلنىڭ لۇغەت مەنىسىگە ئاساسەن تەشكىللىنىدىغان» دېگەن بۇ گەپ توغرىلىق ئاز-تولا توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق، تىل بولىدىكەن، ئۇنىڭ لۇغەت سوستاۋىدىكى ھەربىر سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى، يەنى ئەسلىي ئۆز مەنىسى بولىدۇ. رېئالىزم ئىجادىيەت مېتودىدا يېزىلغان ئەسەرلەردە بەدىئىي تىل ئەلۋەتتە سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسىنى ئاساس قىلىدۇ، شۇنداق قىلمىسا، تىلدىكى سۆزلەرنى ئۆز مەنىسى بويىچە چۈشىنىپ ئادەتلەنگەن كىتابخانلارغا يازغۇچى ئۆز مۇددىئاسىنى يەتكۈزەلمەيدۇ. بۇ دائىرىدە قىلىنغان بەدىئىي تىلدىكى، جۈملىدىن شېئىرىي تىلدىكى ئوخشىتىش، سۈپەتلەش، مۇبالىغە، سىمۋوللاشتۇرۇش، تەبىئەتنى ئىنسانلاشتۇرۇش ۋە ئىنساننى تەبىئەتلەشتۈرۈش ئۇسۇللىرىنىمۇ، بۇ ئېھتىياجدىن كېلىپ چىققان بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىگە ياكى سىمۋوللۇق ئوبراز مەنىسىگە يۆتكىلىشىنىمۇ كىتابخانلار قوبۇل قىلالايدۇ ۋە چۈشىنەلەيدۇ. لېكىن مودېرنىزمچىلار تەشەببۇس قىلغان بارلىق سۆزلەرنى لۇغەت مەنىسىدىن پۈتۈنلەي يۆتكەپ، ئۇلارغا ھەربىر شائىر ھەربىر شېئىردا ئوخشاشمىغان سىمۋوللۇق مەنە بېرىپ يېزىش



ئۇسۇلىنى غەربىي ياۋروپادا قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، لېكىن بىزدە كىتابخانلار قوبۇل قىلالمىدى. چۈنكى ئۇلار ئۇ خىل ئۇسۇل بىلەن يېزىلغان شېئىرلارنى ئوقۇپ چۈشىنەلمىدى. چۈنكى، ئۇ شېئىردا ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسىدىن يۆتكەلگەن ئۇقۇمنى ئۇنى يازغان ئادەمدىن باشقا ئىككىنچى ئادەم بىلمەيدۇ-دە. بۇنىڭ ئۈچۈن، ياكى چىغاتاي تىلىدا يېزىلغان كلاسسىك ئەسەرلەرگە لۇغەت قوشۇپ ئېلان قىلغاندەك، ھەربىر شېئىرغا بىر لۇغەت تىزىملىكىنى قوشۇپ ئېلان قىلىش كېرەك (بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇلغان لۇغىتى بولىدۇ.) ياكى بولمىسا، بىر شېئىرگە، شۇ شېئىرنى يازغۇچى، ئۆز شېئىرىنى چۈشەندۈرۈپ، بىر ئىزاھات ماقالىسىنى قوشۇپ ئېلان قىلىش كېرەك. بۇ ھەرگىز ئۆزى تۈزگەن تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى ئۆزىلا بىلىدۇ دېگەندەك گەپ. ئەمەلىيەتتە بۇ تىلنى تېپىشماقلاشتۇرۇش ۋە شىفىرلاشتۇرۇش ھەرىكىتى بولۇپ، بۇ شىفىرلار يەنە كېلىپ نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە ئەمەس، ھەربىر شېئىردا قايتىدىن ئۆزگىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مودېرنىزمچىلارنىڭ شېئىرىي تىل توغرىسىدىكى بۇ خىل يۆتكەش تەشەببۇسى ۋە ئۇنى كۆچۈرۈپ ئىشلىتىش بىزدە قىزىق ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلدى. يەنى نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ بىر لەتىپىسىدەك ھالەت كېلىپ چىقتى. بۇ لەتىپىنى كۆپ ئادەم بىلىدۇ. نەسرىدىن ئەپەندىم كىشىلەرگە موللا قىياپەتلىك بولۇپ كۆرۈنمەكنى بەك ئارزۇ قىلىدىكەن، ئەمما ئۆزى ئوقۇمىغان ئادەم بولۇپ، خەت تونۇمايدىكەن. ئۇ بىر كۈنى تون كىيىپ، سەللە ئوراپ، قوقاندىكى بىر مەسچىتنىڭ دەرۋازا سۈپىسىدا بىر كىتابنى تەتۈر تۇتۇپ ئولتۇرسا، بىلگە

ئارغامچا باغلىۋالغان بىر كۆلال ئۇنى كۆرۈپ يېنىغا كەپتۇ ۋە بىر ئىنىسىنىڭ بۇخاراغا كەتكىنىگە ئۈچ يىل بولغانلىقىنى، ھېچ خەۋەر ئالالمىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئەپەندىمدىن ئۇ ئىنىسىگە بىر پارچە خەت يېزىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. مېنىڭ بۇخاراغا بارغۇدەك ۋاقتىم يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم. ئۇ كىشى: سىلىنى بۇخاراغا بارسىلا دېمىدىم، خەت يېزىپ بەرسىلە دەۋاتىمەن، دېگەنىكەن، ئەپەندىم: ھەي ئەخمەق، مەقسىتىڭنى ئۇقتۇم، مېنىڭ يازغان خېتىمنى ئۆزۈمدىن باشقا ئادەم ئوقۇيالمايدۇ، سېنىڭ ئىنىڭگە خەت يېزىپ بەرسەم، بۇخاراغا ئۆزۈم بېرىپ ئوقۇپ بېرىپ كەلسەم بولىدۇ، دەپتۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، بىزنىڭ ئىزدەنگۈچىلىرىمىزنىڭ مودېرنىزملىق ئۆلچەملەرنى دوراپ يازغان شېئىرلىرىنى ئۆزلىرىدىن باشقا ئادەم چۈشىنەلمەيدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بۇخاراغا ئۆزلىرى بارماي، خەتلىرىنى قانداق ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويۇپ، ئاغىنىلىرىنى ئەۋەتىش يولىنى تاللىۋالدى. يەنى، بىر-بىرىنىڭ شېئىرلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ماقالىلەر ئېلان قىلىشقا باشلىدى. مېنىڭچە، ئانا تىلدىن پايدىلىنىشنى مۇنچىۋالا چىگىشلەشتۈرۈۋېتىشنىڭ بىزگە ھېچقانداق ھاجىتى يوق، ئۇنداق تەلەپ بىلەن، ئەخمەتجان ئوسمان «تۇگىمەس ناخشا» غا قوللانغاندەك تەھلىل ئۇسۇلىنى قوللىنىش تېخىمۇ بىمەنىلىك بولىدۇ. چۈنكى تېيىپجان ئېلىيوپ 1956-يىلى بۇ شېئىرنى يازغان ۋاقىتتا، 30 يىلدىن كېيىن ئۇرۇمچىدە غەرب مودېرنىزمىنىڭ كۆچۈرۈلمە ئۆلچەملىرى پەيدا بولىدۇ دېگەننى ئويلىمىغان-دە!

تىلنى لۇغەت مەنىسىدىن يۆتكەشنى مودېرنىزملىق ئەدەبىياتتا ئالامەتلەشتۈرۈش دەپ ئاتايدۇ. ئالامەتلەشتۈرۈش — سۇبيېكتكە



يۈزلىنىش ۋە ئابستراكتلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. شەكىلگە بولغان چوقۇنۇش ئەمەلىيەتتە ئالامەتلەشتۈرۈشكە بولغان چوقۇنۇش. ئالامەتلەشتۈرۈش — سەنئەتنى بەزى سىمۋوللۇق ئالامەتلەردىن ئىبارەت دەپ بىلىش، ئۇلار ئۇقۇم ۋە تۇيغۇنى بىۋاسىتە ئىپادىلەيدۇ، ئوبراز ۋە ۋەقەلەرنى لازىم قىلمايدۇ دەپ قاراش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مودېرنىزمچىلارنىڭ چۈشەن-دۈرۈشىچە، بۇ ئالامەتلەرنى تەسۋىرىي تىلغا تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىلا ئەھمىيەتكە ئىگە «تىل» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مودېرنىزمچىلار بۇ خىل چۈشەندۈرۈشى بىلەن، «ئەدەبىيات — تىل سەنئىتى، ئەدەبىيات-سەنئەت تەسۋىرلەش ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا، ئوبرازلىق تەپەككۇر كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ» دېگەن كۆز قاراشنى زور دەرىجىدە ئىنكار قىلىدۇ. ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «تىلنىڭ لۇغەت مەنىسىگە ئاساسەن تەشكىللىنىدىغان» دېگەن ئىنكارىنىڭ كۆچۈرۈلگەن مەنبەسى مانا شۇ.

ئەخمەتجان ئوسماننىڭ پىكرىچە، «تۇگىمەس ناخشا» دا، پەرىشانلىقتىن ئىبارەت تۇنجى سېھرىي ئېنېرگىيە، «يېتىپ بولالماس پەللە»، «تۇگىمەيدىغان ناخشا» دىن ئىبارەت ئىككى بوشلۇق بولمىغان بولسا، ئۇ «كىتابخانىنىڭ ئېسىدىن ئاسانلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان» ئادەتتىكى «سۆيگۈ شېئىرى» بولۇپ قالاتتىكەن. بۇ يەردە تەھلىلنىڭ ئاپتورى ماقالىسىنىڭ بېشىدا ۋە ئوتتۇرىلىرىدا تەكرار ئېيتقان «تۇگىمەس ناخشا — شېئىرىي ژانىر ئەمەس، بەلكى نەسرىي ژانىر» دېگەن دەۋاسىنى دەرھال ئۇنتۇپ قالغان. شېئىردا غايە ۋە مەقسەتنىڭ سىمۋوللۇق ئىپادىسى بولغان پەللىنى خاتا ھالدا ماكان دەپ چۈشەندۈرگەن.

شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ ئۆز شېئىرىدە ئوبرازلاشتۇرغان تۇگىمەس ناخشا — بەلكى مۇھەببەت ھەققىدىكى ناخشىدۇر، بەلكى ھاياتتا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تەكرارلىنىپ، يېڭىلىنىپ بارىدىغان، مەڭگۈ يوقالمايدىغان باشقا ھاياتىي چۈشەنچىلەر توغرىسىدىكى ناخشىدۇر. ھاياتتا مۇنداق ئۆلمەيدىغان غايە ۋە ئېتىقادلار، مەقسەت ۋە چۈشەنچىلەر ئاز ئەمەسقۇ! مانا مۇشۇ مەنىدە، بۇ شېئىر ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى، كىتابخانلارنىڭ ئېسىدىن ئاسانلا كۆتۈرۈلۈپ كەتمىدى، ئەكسىچە كەڭ تارقالدى ۋە ناخشا قىلىپ ئېيتىلدى. ناخشا تېكىستى ئۈچۈن، خەلق ئۇنىڭدىن «بىرسىبېرىي ئېنېرگىيە» بىلەن «فونېما» سەۋىيىسىدىكى «ئىككى بوشلۇق» نىلا تاللىۋالغىنى يوق، بەلكى شېئىرنىڭ تولۇق تېكىستىنى تاللىۋالدى.

ئەھۋال يۇقىرىقىدەك بولغاچقا، مېنىڭ خۇلاسەم: «تۈگىمەس ناخشا» — شېئىر، «نەسرىي ژانىر» ئەمەس. ئەخمەتجان ئوسماننىڭ قۇرۇلمىچىلىق تەھلىلى بۇ شېئىرنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن.

1993 — يىل 7 — ئاي، ئۈرۈمچى.



# «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» — رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ مەھسۇلى

مەن يېقىندا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1992-يىللىق 5-سانىدا ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «〈ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ〉 ھەققىدە تەھلىل» ناملىق ماقالىسىنى ئۇچراتتىم. بۇ ژۇرنالنىڭ «ئىزدىنىش، سىناق، يېڭىلىق» سەھىپىسىدىكى ئەسەرلەر، «گۇڭگا شېئىرلار»، «يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھەرىكىتى»، «يېڭى شېئىرىيەتچىلىك ھادىسىسى» توغرىسىدىكى ماقالىلەر بىلەن بىرلىكتە بۇ ماقالىمۇ مېنىڭ قىزىقىشىمنى قوزغىدى. مەن بۇ «يېڭىلىق» لارنىڭ ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق ئەمەسلىكىنى، «ئىزدىنىش» لەرنىڭ دورامچىلىق، «سىناق» لارنىڭ مودېرنىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى كۆچۈرۈش ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. بۇ يەردە غەرب مودېرنىزمىدىن ئالغان نەرسىلەرنى، مەنبەنى يوشۇرۇپ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشتەك غەلىتە ئىش يۈز بەرگەن. ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى بويىچە نەزەرىيىۋى سېلىشتۇرما تەھلىل ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قارىتا مېنىڭدە ھېچقانداق بىر شۈبھە قالمىدى. ئەخمەتجان ئوسمان «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» شېئىرىغا قارىتا غەرب مودېرنىزملىق

ئەدەبىياتىدا سەل كېيىنرەك پەيدا بولغان بىر كىچىككىنە ئېقىمنىڭ ــ قۇرۇلمىچىلىق ئېقىمىنىڭ شەكىل تەھلىلى ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ لىرىكىغا مۇدىرىنىزملىق تۈلچەملەر بويىچە قۇرۇلمىچىلىق تەنقىدى ئېلىپ بارغان. ئەخمەتجان ئوسماننىڭ بۇ شېئىرغا يوشۇرۇنغان ئەيىبلىرى « تۈگىمەس ناخشا » غا يۈكلىمەكچى بولغان ئەيىبلىرى « تۈگمەس ناخشا » غا يۈكلەشكە ئۇرۇنغان ئەيىبلىرىگە ئانچە ئوخشىمايدۇ.

شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ تۇنجى شېئىرى 1961 - يىلى ئېلان قىلىنغان. ئۇ ئەدەبىيات قوشۇنىغا كىرىپ كېلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى 1963 - يىلى 12 - ئايدا بۇ لىرىكىسىنى ئېلان قىلدى. مېنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە، شائىرنىڭ نامىنى كەڭ جامائەتچىلىككە بىراقلا تونۇتقان ئەسەر مۇشۇ لىرىكا بولغانىدى، بۇ لىرىكا بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئوقۇغۇچى شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ داڭقى چىققان، كىشىلەر يېڭى بايقالغان بۇ ياش قەلەم ئىگىسىگە زور قىزىقىش ۋە ئۈمىد بىلەن قاراشقانىدى. ئوسمانجانمۇ دېگەنىدەك كىشىلەرنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدى، ئۇنىڭ كېيىنكى شېئىر ئىجادىيىتى ئۆزىگە خاس يول بىلەن ساپ لىرىزملىق تۈس ئېلىپ راۋاجلاندى ۋە ئۇ كۆپلىگەن ياخشى شېئىرلارنى يازدى.

ئۇنىڭ بۇ لىرىكىسى نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا تەسىر كۈچىگە ئىگە بولغان ۋە نېمىشقا ھازىرغىچە ئوسمانجان ساۋۇت دېگەن نام بىلەن بىللە ياشاپ كەلدى؟ بۇ سوئالغا شېئىرنىڭ ئۆزىدىن ۋە شېئىر يېزىلغان چاغدىكى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىدىن جاۋاب چىقىدۇ.

شېئىرنىڭ تولۇق تېكستى مۇنداق:



قەدەھكە قەدەھتەك شاراب سىغىدۇ،
ئېرىقتا ئاقالماس دەريا كەبى سۇ.
قىل سىغماس ھەقىقەت بولۇپ ئەزەلدىن
كىشلەر قەلبىگە ئورنىغان سۆز بۇ.
ۋە لېكىن ۋەتىنىم سەن باشقا دۇنيا.
مېھرىڭدىن تاشقىمۇ بەردىڭ سەن سەزگۈ.
مەن سېنىڭ پەرۋانەڭ، ئورناتتىڭ ئۆزۈڭ
ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ.

شائىر بۇ شېئىرىدا، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، قەدەھكىمۇ ئۆزىگە لايىق شاراب سىغىدۇ، دەريادا ئاققان سۇ ئېرىقتا پاتمايدۇ، لېكىن ۋەتەن مېنىڭ ئالمىچىلىكلا كېلىدىغان يۈرىكىمگە ئالەمچە بىر سۆيگۈنى سىغدۇرۇپ قويدى دېگەن شېئىرىي پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، شېئىرىي پىكىرنىڭ جەۋھىرى « ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ » دېگەن ئاخىرقى مىسرادا، ئالدىنقى مىسرالارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن سېلىشتۇرما بايان تەرىقىسىدە رول ئوينايدۇ. پىكىر ھەم ئىجادىي، ھەم يېپيېڭى بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلغاچقا، ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ ناھايىتى زور دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ شېئىر ئارقىلىق شېئىرنىڭ ئۆزىدە ئېيتىلمىغان، پەقەت دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى تەھلىلى ئارقىلىقلا بىلىۋالغىلى بولىدىغان يەنە بىر يانداشما ياكى تولۇقلىغۇچى شېئىرىي پىكىرمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ، « سەن ھەر قانچە نامرات بولساڭمۇ، ئاچارچىلىق، قەھەتچىلىك ۋە قاتمۇقات مۈشكۈلاتلار ئىسكەنجىسىدە ئازاب چېكىۋاتقان، بىزگە تويغۇدەك تاماق، ئۈچىمىز ئىللىغۇدەك كىيىم

بىرەلمەيۋاتقان بولساقمۇ، سەن يەنىلا بىزنىڭ ۋەتىنىمىز، بىز ئۈچۈن سۆيۈملۈك، ئالمدەك يۈرەكلىرىمىزدە ئالەمچە مېھرىڭ بار، بىز سەندىن ۋاز كەچمەيمىز» دېگەن پىكىر. بىز بۇ پىكىردىن تۇپتوغرا تۆت يىلغا سوزۇلغان قەھەتچىلىك ۋە ئاچارچىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىش مەزگىلىدە ئېلان قىلىنغان بۇ شېئىرنىڭ قانداق مەقسەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ۋە نېمە ئۈچۈن يېزىلغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. چۈنكى رېئاللىزملىق ئۇسۇلدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، تارىخىي شارائىت، يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئىجادىيەت مۇددىئاسى-دىن ئايرىپ تاشلاپ، يەككە هالدا تەھلىل قىلغىلى بولمايدۇ.

ئەمدى ئەخمەتجان ئوسماننىڭ بۇ شېئىر ئۈستىدە يۈرگۈزگەن قۇرۇلمىچىلىق تەھلىلىنى كۆرۈپ باقايلى:

1. ئەخمەتجان ئوسمان «تۇگىمەس ناخشا» غا ئىشلەتكەن ئۇسۇلنى قوللىنىپ، شېئىرنى مۇنداق بايانغا ئىخچاملايدۇ: «مېھرىدىن تاشقىمۇ سەزگۈ بەرگەن ۋەتەن مېنىڭ يۈرىكىمگە سۆيگۈ ئورناتتى.» بۇ يەردە ئەخمەتجان ئوسمانغا مۇنداق سوئال قويۇشقا توغرا كېلىدۇ: خوش، ئالمدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ ئورناتتى دېگەن شېئىرىي پىكىرنى شەكىللەندۈرگۈچى «ئالمدەك»، «ئالەمچە» دېگەن سۆزلەرنى نېمە ئۈچۈن ئېلىپ تاشلىدىڭىز؟ بۇ پىكىرنىڭ ئالدىدىكى سېلىشتۇرما بايانغا تەۋە مىسرالاردىكى مەزمۇنلار قېنى؟ بىراۋنىڭ ئىجادىيەت مېۋىسىگە مۇشۇنداق خىيانەت قىلسا بولامدۇ؟

بۇنداق ئىخچاملاش نەتىجىسىدە ناهايىتى زور دەرىجىدە قىرقىپ تاشلانغان مەزمۇننى ئەخمەتجان ئوسمان «ئاددىي بىر باياندىن ئىبارەت» دەيدۇ. ئەخمەتجان ئوسماننىڭ پىكىرىچە، بۇ شېئىرنى كىشلەرنىڭ «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى



يېرىك ئەسەر» دەپ تونۇپ قېلىشى خاتا بولغان، ئۇلارنى بۇ خاتا قاراشقا كەلتۈرۈپ قويغىنى شېئىردىكى «ئىستىلىستىك ۋاستىلەر» ئىمىش.

ئەخمەتجان ئوسماننىڭ غەرەزلىك ئىخچاملىشىدىن كېيىن، ئەلۋەتتە مەزمۇن «ئاددىي بىر بايان» بولۇپ قالغان. بۇ ئاددىي بايان ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ئەمەس، بەلكى ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ئۆزىنىڭ بايانى. شېئىرنىڭ ئەسلىي بايانى ئاددىي بايان ئەمەس، بەلكى شېئىرىي بايان — لىرىك بايان. ئۇنىڭ لىرىك تەركىبىنى چىقىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، بىرىنچىدىن، ئۇ ئاددىي بايانغا ئۆزگىرىدۇ، ئىككىنچىدىن، بۇ ئۆزگەرتىشنى ئوسمانجان ساۋۇت قىلمىغان بولغاچقا، بۇ ئاددىي بايانغا ئايلاندۇرۇلغان مەزمۇن ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ئەمگىكى بولمايدۇ. ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ كىشلەرنى ئازدۇرغانلىقىغا كەلسەك، بۇ ئەخمەتجان ئوسمانغا تەۋە سەپسەتە، كىشلەرنىڭ گۇناهى ئەمەس. ئىستىلىستىك ۋاستىلەر — شېئىرىي تىلنىڭ ئاساسلىق قورالى، شېئىرىي تىل بۇ ۋاستىلەر ئارقىلىق شېئىرىي ئوبراز يارىتىدۇ، شېئىرىي ئوبراز ئارقىلىق شېئىرىي پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، شېئىردا ئىستىلىستىك ۋاستىلەر كەم بولسا بولمايدۇ، بەلكى هەر بىر شائىر ئاشۇ ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنى تەتبىق قىلىش ئەمەلىيىتىدە ئۆز ئىجادىيلىقىنى ۋە ئۆز خاسلىقىنى يارىتىدۇ. ئىجادىيلىق بىلەن خاسلىق شائىرنى شائىر قىلىدىغان ئاساسىي ئالاهىدىلىكلەردۇر. شۇنداق بولغاچقا، ئوسمانجان ساۋۇت بۇ شېئىرىدا ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، سۈپەتلەش، سۈرەتلەش، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنى قوللانغان. ئۇ

خاتا قىلغان ئەمەس، بەلكى شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىگە رىئايە قىلغان. شۇڭلاشقا بۇ شېئىر دۇنياغا كەلگەن. كىشىلەرنىڭ بۇ ۋاستىلەرنىڭ ئىجادىي تەتبىق قىلىنىشىغا قاراپ، ئۇنى ياخشى شېئىر دەپ تونۇپ قېلىشىمۇ خاتا بولغان ئەمەس، چۈنكى كىشىلەر شېئىرنىڭ ئىستىلىستىك ۋاستىلەرسىز دۇنياغا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ ئەخمەتجان ئوسماننىڭ شېئىرغا ۋە ئۇنى «خاتا تونۇپ قالغان» كىشىلەرگە ئارتماقچى بولغان بىرىنچى ئەيىبى. بۇنىڭ نەزەرىيە جەھەتتە پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى كۆردۇق.

ئەخمەتجان ئوسمان شېئىرنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىنى ئۇنىڭ «فىزىئولوگىيىلىك (؟) قۇرۇلمىسىدىكى ئارتۇقچە ئورگان» دەپ ئەيىبلەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ شېئىرغا ئارتماقچى بولغان ئىككىنچى ئەيىبى. ئەخمەتجان ئوسماننىڭ پىكرىچە، بىرىنچى كۇپلېت تېكستتە ھېچقانداق رول ئوينىمايدىكەن، «مەنتىقلىق يەكۈن» ئىكەن، «قەدەھكە قەدەھتەك شاراب سىغدىغانلىقى»، «ئېرىقتا دەريا كەبى سۇنىڭ ئاقالمايدىغانلىقى ھەممە ئادەم بىلىدىغان ‹ئەھمىيەتسىز ھەقىقەت› ئىكەن، «ۋە لېكىن» دېگەن سۆزلەرمۇ «زورمۇ زور قۇرۇق ۋاستە» ئىكەن. ھەممە ئادەم بىلىدىغان، ئەمما ئادەتتە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدىغان دېتاللاردىن پايدىلىنىپ شېئىر ئىجاد قىلىش، ھەممە ئادەم بىلىدىغان دېتاللار بىلەن ئۇلار تېخى بىلمەيدىغان دېتاللاردىن بىرلىكتە پايدىلىنىپ شېئىر ئىجاد قىلىش شائىردا بولۇشقا تېگىشلىك بەدىئىي دىت، شائىرانە قابىلىيەت، ئۇنىڭ كۆزىتىش كۈچى ۋە دېتال تاللاش ئىقتىدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىجادىيەت جەريانى. ئوسمانجان ساۋۇت يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، كىشىلەر تېخى



ھېس قىلىپ يەتمىگەن ئالمىدەك چوڭلۇقتىكى يۈرەككە ئالەم چوڭلۇقىدىكى سۆيگۈنىڭ سىغدىغانلىقى توغرىسىدىكى شېئىرىي پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئۇنى كۈچەيتىش، تەكىتلەش ۋە گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، بىرىنچى كۇپلېتتىكى ھەممە ئادەم بىلىدىغان دېتاللارنى سېلىشتۇرما قىلغان. مۇنداق سېلىشتۇرما بايان ئۇسۇلىنى بىز ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا تارىخىي يوسۇندا باغلىنىپ تۇرىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كىچىك ئاسىيا خەلقلىرى ئەدەبىياتىدىن، جۈملىدىن ناھايىتى باي ۋە رەڭمۇ رەڭ بولغان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ناھايىتى كۆپلەپ ئۇچرىتالايمىز. ئەخمەتجان ئوسمانغا ئارتۇق كۆرۈنگەن نەرسە بىزگە ئارتۇق كۆرۈنمەيدۇ، بىرىنچى كۇپلېت شېئىر ئۈچۈن لازىم تەركىب. ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك رولى بولغاچقا، «ۋە لېكىن» مۇ زورمۇ زور قۇرۇق ۋاستە ئەمەس.

ئەخمەتجان ئوسمان ماقالىسىدە: «تېكستنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى ئومۇمەن ئىستىلىستىكا ئىگىلىگەن» دەپ يېزىپتۇ. ئىستىلىستىكا ناھايىتى چوڭ بىر پەننىڭ نامى. پۈتۈن بىر ئىستىلىستىكا ئىلمى بۇ كىچىككىنە لىرىكىغا سىغمايدۇ، ئالدىنقىسى بىر پۈتۈن نەزەرىيە سىستېمىسى، ئۇنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى لوگىكىلىق بولىدۇ، كېيىنكىسى شېئىر، ئۇنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى ئوبرازلىق بولىدۇ، ئەخمەتجان ئوسمان ئىستىلىستىك ۋاستىلەر دېمەكچى بولغان بولسا كېرەك، لېكىن ئىستىلىستىكا دېگەن سۆز بېرىدىغان ئۇقۇم بىلەن ئىستىلىستىك ۋاستە دېگەن سۆز بېرىدىغان ئۇقۇم ئوخشىمايدۇ.

ئەخمەتجان ئوسمان بۇ شېئىردا ئىپادىلەنگەن ۋەتەن سۆيگۈسىنى «كىشىلىك مۇھەببەت، شائىر بىلەن مەھبۇبە

مۇناسىۋىتى » دەپ خاتا چۈشەندۈرۈپتۇ. بۇ يەردە ماقالىنىڭ ئاپتورى سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ مەھبۇبەگە بولغان تۈرىدىن باشقا، ۋەتەن ۋە مىللەتكە بولغان مۇھەببەت، ئاتا-ئانىغا بولغان مۇھەببەت، ئۇرۇق-تۇغقان، يار-بۇرادەرلەرگە بولغان مۇھەببەت، باللار-پەرزەنتلەرگە بولغان مۇھەببەت، تەبىئەت ۋە سەنئەتكە بولغان مۇھەببەت، ھەر خىل كەسىپ ۋە مەشغۇلاتلارغا بولغان مۇھەببەت دېگەندەك كۆپلىگەن تۈرلىرىنىڭ بارلىقىنى ھېسابقا ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ بۇ شېئىردا ئىپادىلىگىنى مەھبۇبەگە بولغان مۇھەببەت ئەمەس، چۈنكى ۋەتەن ئۇنىڭ مەھبۇبىسى ئەمەس، بەلكى ئانىسى ۋە ئەجداد ماكانى. مەن ئەخمەتجان ئوسماننىڭ بۇ شېئىردا ئەكس ئەتكەن سۆيگۈنىڭ خاراكتېرىنىمۇ توغرا پەرق قىلالمىغانلىقىدىن كۆپ ئەپسۇسلاندىم.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ تەھلىلدە ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىرىغا « پەلسەپىۋى تەپەككۇر »، « شائىرنىڭ ھېسسىياتى شەيئىلەرنىڭ پوستى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان، ئۇلارنىڭ ئىچكى ماھىيىتىگە شۇڭغۇپ كىرەلمىگەن »، چۈنكى « شائىر ئۈچۈن ۋەتەنلا ئەمەس، تەبىئەتتىكى ھەر شەيئى باشقا دۇنيا » ئىدى دەپ ئەيىب ئارتماقچى بولغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. « پەلسەپىۋى تەپەككۇر » دېگىنىدە، ئەخمەتجان ئوسمان خاتا قىلغان، شېئىردا ئايان بولغىنى پەلسەپىۋى تەپەككۇر ئەمەس. بەلكى ئوبرازلىق تەپەككۇر، كونكرېتراق ئېيتقاندا، شېئىرىي تەپەككۇر ۋە ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان شېئىرلاشتۇرۇلغان، ئوبرازلاشتۇرۇلغان پەلسەپىۋى پىكىر. ئەمدى « ئىچكى ماھىيەت » ۋە تەبىئەتتىكى ھەر شەيئىنىڭ شائىر



ئۈچۈن باشقا دۇنيا ئىكەنلىكىگە كەلسەك، بۇ چۈشەنچىلەردە ئەخمەتجان ئوسمان بىلەن بىزنىڭ ئۇسۇل جەھەتتىكى ئۆلچەم ئاساسىمىز ئوخشاشمايدۇ. ئەخمەتجان ئوسماننىڭ بۇ ئىككى مەسىلىدە بىزگە تەڭلەۋاتقىنى مودېرنىزملىق كۆچۈرۈلمە ئۆلچەم، مودېرنىزمچىلارنىڭ دۇنيانى، شېئىرنى، شائىرنى، ئىچكى ماھىيەتنى ئۆزىچە چۈشەندۈرۈشى، ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ بۇ شېئىرنى يېزىشتا ئاساسلانغىنى رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى، رېئالىزملىق ئۇسۇلنىڭ دۇنيا بىلەن شائىرنىڭ مۇناسىۋىتىنى، شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈشى مودېرنىزمچىلارغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

مودېرنىزمچىلار ئەدىبلەرنىڭ دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنى مۇنداق دەپ چۈشەندۈرىدۇ: « سەنئەتكارلار ماددىي دۇنيا ئالدىدا كۆزىنى يۇمۇۋېلىشى، نەزىرىنى ئۆز روھىدىكى سۇبيېكتىپ كۆرۈنۈشلەرگە تىكىشى كېرەك... سەنئەت كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى تەسۋىرلەش ئەمەس، بەلكى كۆرگىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىش. بۇ كۆرگىلى بولمايدىغان نەرسىلەر — ئۇلارنىڭ ئۆز سەزگۈسى (بۇ سەزگۈ خاتا سەزگۈلەرنى ۋە خام خىيالنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئەسلىمىلىرى، چۈشى (بۇنىڭ ئىچىدە قارا بېسىشمۇ بار) ۋە تەسەۋۋۇرى قاتارلىقلار. بۇلاردا ھېچقانداق ماددىي ئەمەلىيلىك بولمايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاڭ ۋە يوشۇرۇن ئاڭ كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولىدۇ. » ① « ئۇلار تارىخنىڭ تۈزگۈچىلىرى ئەمەس، دەۋرنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمۇ ئەمەس.

---

① « غەربنىڭ مودېرنىزملىق ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى » دەۋر نەشرىياتى نەشرى. خەنزۇچە 28-، 29-بەتلەر.

ئۇلار پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزى — ئۆزىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى. ئۇلارنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى يەر تەۋرەشنى خاتىرىلەيدىغان ئەسۋابقا ئوخشايدۇ، تەۋرەش، يۆتكىلىش، تىترەشلەرنى خاتىرىلەيدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ سەۋەبىنى تەتقىق قىلمايدۇ. ئۇرۇش، ئىنقىلاب، بوھران، ۋولقانلارنىڭ پارتىلىشى ۋە يەر تەۋرەشلەرنىڭ ھەممىسى مودېرنىزمچىلارغا نىسبەتەن بىر خىل پاجىئە — شەخسىنىڭ پاجىئەسى، روھنىڭ پاجىئەسى. ئۇلارنىڭ روھى بىر چوڭ رويالغا ئوخشايدۇ. ئۇچۇقچىلىققا قويۇپ قويۇلغان بۇ روياللىڭ قاپقىقى ئېچىپ قويۇلغان. شامال، يامغۇر، قار ئۇچقۇنلىرى، كۆزدە دەرەخلەردىن چۈشكەن غازاڭلار، كىچىك باللار ۋە يولدىن ئۆتكەن مەستلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تىللىرىغا تېگىپ ئۆتىدۇ. رويال ئېچىنارلىق ۋە يۈرەكنى ئېچىشتۇرىدىغان قوپال ھەم بوغۇق ئاۋاز بىلەن يىغلاپ، ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئۇ پەقەت سادالا يارىتىدۇ، ئۇ، دۇنيادىكى ھەر خىل، ھەر تۈردىكى سادالارنى جەملەپ، ئۇلارنى نوقۇل بىر ئاۋازغا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئوبيېكتىپ دۇنياغا بولغان مۇتلەق سۇبيېكتىپ ئىنكاس...» ① «مودېرنىزمچىلار دۇنياغا باقمايدۇ. چۈنكى دۇنيا — ئۇلارنىڭ ئۆزى.» ②

مېنىڭچە، بۇ ئۆلچەم ئوسمانجان ساۋۇتقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇ شائىر تەرىقىسىدە دۇنيا بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ھەر خىل شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى كۆزىتىكىنىدە، بىرىنچىدىن، تەپەككۇردىكى ئەقلىيلىقتىن، يەنى دۇنياغا ئەقىل-ئىدراك بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن ۋاز كەچكەن ئەمەس، ئىككىنچىدىن،

① ② «غەربنىڭ مودېرنىزملىق ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى»، دەۋر نەشرىياتى نەشرى. خەنزۇچە 28-، 29-بەتلەر.



ئۇ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىشنى، يەنى خەلقنى، مىللەتنى ئاكتىپ يوسۇندا تەربىيىلەشنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسى قىلغان مەسئۇلىيەتچان بىر شائىر بولۇپ، بۇ نوقتىدا ئۇ رېئالىزملىق ئۇسۇلغا تەۋە قەلەم ئىگىسى، ئۇ ئۆزىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنى دۇنيا دەۋالىدىغان غەرب مودېرنىزمچىلىرىنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىغا ياكى مودېرنىزمنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدا پەيدا قىلىۋاتقان كۆلەڭگىلىرىگە تەۋە شائىر ئەمەس. مىللىي مۇھىتتىن ئايرىلغاندىمۇ، ئۇ خىرىستىئانلار مۇھىتىدا پەيدا بولغان، ھەر تەرەپتىن تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان، شەخسىيەتچىلىك، ھۆكۈمەتسىزلىك، ئۈمىدسىزلىك، نېگىلىزم ۋە شەكىلۋازلىقنى ئالاھىدىلىك قىلغان بىر ئۇسۇلغا تەۋە بولالمايدۇ. ئۇنىڭ مىللىي، دىنىي مۇھىتى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا، ئۇيغۇرلار زېمىنىدا، ھەرگىزمۇ ياۋروپالىقلارنىڭ ئەھلى سەلىپ يۈرۈشلىرىنىڭ تارىخىي ئاقىۋىتى بولغان — ھازىرقى سۈرىيەدىكى خىرىستىئانلاشقان ئەرەبلەرنىڭ ئاسسىمىلاتسىيەلىك مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئەمەس. مۇسۇلمانلارنى خىرىستىئانلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتەك مۇنداق دىنىي قىزغىنلىقنى مەشھۇر ئالىم ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە ئۆز ۋاقتىدا ئەزىز جېنىنى سېلىپ بېرىپ ئۈنۈملۈك ھالدا توسۇپ قالالىغان ئىدى. شۇڭلاشقا، ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىرىنى مودېرنىزملىق ئۆلچەملەر بىلەن تەھلىل قىلىپ كۆرمەكچى بولۇشنىڭ ئۆزىدە ناھايىتى چوڭ بىمەنىلىك بار. مانا مۇشۇ نۇقتىلاردا مەن ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «ئالىمدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» ھەققىدىكى تەھلىللىرىنى تولۇق رەت قىلىمەن.

# شېئىر دېگەن نېمە؟

شېئىر دېگەن نېمە؟ — بۇ سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋاب ئېھتىياجغا كۆرە ھەر خىل كۆلەمدە بولىدۇ. ئۇنىڭغا قىسقىچە تەرىپ بىلەنمۇ جاۋاب بەرگىلى، يىرىك نەزەرىيىۋى ماقالىلەر ياكى پۈتۈن يۈرۈشلۈك لېكسىيىلەر ئارقىلىق ياكى مۇكەممەل تۈزۈلگەن بىرەر قوللانما كىتاب بىلەنمۇ جاۋاب بەرگىلى بولىدۇ. چۈنكى شېئىرىيەت نەزەرىيىسىنىڭ ئۆزى بىر پەن.

شېئىر — بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ بىر چوڭ تۈرى بولغىنى ھالدا ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرى، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەننىڭ تۈرلۈك تارماقلىرىغا ئوخشاشلا ئىنسانلارنىڭ ئاڭ پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىگە مەنسۇپ كاتېگورىيە. ئۇ رېئال دۇنيانىڭ ئىنسان مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى، ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىشى، ئىگىلىشى ۋە ئۆزگەرتىشى ئېھتىياجىدىن تۇغۇلغان ئۆزىگە خاس ئىدېئولوگىيىلىك شەكىل. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ دۇنيانى بىلىش ئۇسۇلىمۇ ئىنسانلارنىڭ بىلىش ھەرىكىتىنىڭ ئورتاق قانۇنىيەتلىرى دائىرىسىدە بولىدۇ.

شېئىر — سەنئەتكە، جۈملىدىن ئۇنىڭ تىل سەنئىتى تارمىقىغا مەنسۇپ بەدىئىي شەكىل. شۇڭلاشقا، ئۇ سەنئەتنىڭ تۈپ قانۇنىيەتلىرىگە كۆرە، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئوبراز ئارقىلىق



ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ دۇنيانى بىلىش ئۇسۇلى ئوبرازلىق تەپەككۇر بولىدۇ.

شېئىر — بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى پەيدا بولۇش بىلەن تەڭلا پەيدا بولغان ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەڭ قەدىمكى ئانا تۈرى، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ باشقا چوڭ تۈرلىرى ئۇنىڭدىن تۆرەلگەن ۋە شاخلانغان. شېئىرنىڭ پەيدا بولۇشى ئەمگەك، ھەرىكەت، ئاھاڭ، تىل رىتىملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئارىدىن يۈز مىليون يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ، كۈچلۈك رىتىم تۇيغۇسى بىلەن ئىنتوناتسىيە، يەنى رىتىم، تۇراق، ۋەزىن، قاپىيىلەردىن ھاسىل بولىدىغان ئاھاڭ گۈزەللىكى، مەزمۇننى گۈزەل سۆز-ئىبارىلەر ئارقىلىق ئىخچام ئىپادىلەش، چوڭ دۇنيانى كىچىككىنە شېئىرىي مۇھىت ئىچىگە سىغدۇرۇش — يەنىلا ئۇنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى بىلەن تەقدىرداش بولۇپ، بىرلىكتە تەرەققىي قىلغان ۋە مۇكەممەللەشكەن، يەنە ئوخشاشلا تەرەققىي قىلىدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ تەرەققىياتى سەنئەت ۋە ئەدەبىياتنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاشلا، جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن قەدەمداش ۋە ئوڭ تاناسىپ بولمايدۇ. بۇ ھادىسىدە ئۇنىڭ تارىخىي ۋارىسلىق قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي، تارىخىي ئامىللارنىڭ تەسىرى رول ئوينايدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇ بىر خىل ئىجتىمائىي، تارىخىي ھادىسە.

شېئىر ئىنسانلار ھاياتىدىكى ئەڭ تۈپ مەسىلىلەرگە قىزىقىدۇ. ئۇ ئادەمنى، ئادەمنىڭ تەقدىرىنى، ئادەمنىڭ ھاياتىنى، ئادەمنىڭ دۇنيا توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى، ئىدىيە

ۋە ھېسسىياتىنى، ئۇنىڭ ئىنتىلىشلىرى ۋە ئارزۇلىرىنى بىلىش، ئەكس ئەتتۈرۈش، تەسۋىرلەش ۋە ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلىدۇ. ئۇ ئىجادىيەت مۇددىئاسى بويىچە، ئىنسانىنى ئېستېتىك تەسىر يولى بىلەن تەربىيىلەيدۇ. ئۇ ئىجادىيەت جەريانى بويىچە، ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك ھېسسىي پائالىيەت بىلەن ئادەتتىن تاشقىرى مول تەسەۋۋۇرنىڭ، شۇنىڭدەك يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەن تەسىرلىك خىيالنىڭ نەتىجىسى. شۇڭلاشقا، كىشىلەرنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى زىلزىلىگە سېلىپ، ئۇلارنى ئۆزى ۋە ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان دۇنيا ھەققىدە ئويلاشقا يېتەكلەپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئېستېتىك تەربىيە مەقسىتىگە ئېرىشىدۇ.

سەنئەتنىڭ باشقا تۈر ۋە تارماقلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۈپ قانۇنىيەتلەر بويىچە ئۇلار بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە بولغاندىن باشقا، شېئىر ئۆزىگە خاس سەنئەت ئۆلچەملىرىگە، ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت قانۇنىيەتلىرىگە ئىگە.

— مانا بۇ شېئىرنىڭ قىسقىچە تەرىپى.

ئەمدى بىز شېئىر ھەققىدە سەل كەڭرەك توختىلىپ باقايلى.

بىز يۇقىرىدا، شېئىرنى ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىگە مەنسۇپ كاتېگورىيە، سەنئەتكە تەۋە بىر خىل بەدىئىي شەكىل. ئۇ دۇنيانى ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ، دېدۇق. ئوبراز — سەنئەتنى ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ باشقا خىللىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان تۈپ ئالاھىدىلىك. ئۇ نېمە ئۈچۈن سەنئەتنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى بولىدۇ؟ سەنئەتنىڭ مەنبەسى زادى نېمە؟ ئۇ قانداق شەكىللەنگەن؟ شېئىرنى تارىخىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ مەسىلىلەر توغرۇلۇق



توختىلىپ ئۆتمەي بولمايدۇ. بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە يەنە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ توختىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇلار توغرۇلۇق بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادا بىر-بىرىگە زىت بولغان ئىككى خىل چۈشەندۈرۈش ۋە ئىككى خىل نەزەرىيىۋى سىستېما بار ۋە بۇ زىتلىق يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆچۈرۈلمە بىر شەكىلدە بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىزگىمۇ كىرىپ كەلدى.

بەدىئىي ئەدەبىياتنى مەخسۇس پەن تەرىقىسىدە ئۆگەنگەن ھەممە ئادەملەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، سەنئەت ئوبراز يارىتىش شەكلى ۋە ئىشلەتكەن ماتېرىياللىرىنىڭ پەرقىگە قاراپ، تەسۋىرىي سەنئەت، سەھنە سەنئىتى، تىل سەنئىتى ۋە ئۇنىۋېرسال سەنئەت دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئوبراز يارىتىش ماتېرىيالى — تىل. چۈنكى تىل ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيادىن ئالغان ئىنكاسلىرىنى، ئىدراك قىلغان بىلىمىنى، ھەممە تەسىراتلىرىنى، پىكىر-چۈشەنچىلىرىنى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىنى شەكىلگە سالىدۇ. شەكىللەرنىڭ بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ قۇرۇلما تەشكىللىشى ئوبرازنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ بىر تۈرى بولغان شېئىرىيەتمۇ تىل سەنئىتىگە كىرىدۇ.

سەنئەت تارىخچىلىرى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ۋە ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىگە دائىر ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، سەنئەتنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. ئۇلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئەڭ دەسلەپكى سەنئەت پائالىيەتلىرى كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پەيدا بولغان. بۇ ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىنىڭ پىشىپ يېتىلگەن دەۋرى بولۇپ، ئىپتىدائىي ئادەملەر ھەر خىل ئاددىي ئەمگەك قوراللىرىنى ياساشنى ئۆگىنىۋالغان. ئۇلار ئورمانلاردا

ۋە ئۆڭكۆرلەردە توپلىشىپ ياشىغان، كوللېكتىپ ئەمگەك قىلغان. بۇ دەۋردە ئىنسانلاردا تىل پەيدا بولغان. سەنئەتنىڭ بۇ دەۋردە پەيدا بولغان ئىپتىدائىي شەكىللىرى ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل، تاش قىيا رەسىملىرى ۋە ئەمگەك- تىرىكچىلىك قوراللىرى ئىدى. بۇ ئىجادىيەتلەر بىۋاستە ھالدا ئۇلارنىڭ ئەمگەك ئەمەلىيىتىدىن كېلىپ چىققان. ئىپتىدائىي ئادەملەر ئەمگەكتە بىر- بىرىگە ماسلىشىش، ئەمگەك سىجىللىقىنى يەڭگىللىتىپ چارچاشنى ئازايتىش، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، رىتىمدىن پايدىلانغان، يەنى مېھنەتنى بەلگىلىك رىتىم تەرتىپى بىلەن ئۇيۇشتۇرغان. ئەمگەك، ھەرىكەت ۋە سادالاردىن پەيدا بولغان مۇنداق رىتىم تىل بىلەن بىرلەشكەندە، ئەڭ بۇرۇنقى شېئىرلار كېلىپ چىققان. دېمەككى، ئىپتىدائىي ئادەملەر ئەمگەك، تىرىكچىلىك ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئەمگەك رىتىمى، ھەرىكەت رىتىمى، ئاھاڭ رىتىمى ۋە تىل رىتىملىرىدىن پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋالغان. دېمەك، سەنئەت ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئوبرازلىق ئىنكاسى سۈپىتىدە ئەمگەكتىن پەيدا بولغان. نەچچە يۈز مىڭ يىللار جەريانىدا، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى، ئۇلارنىڭ جەمئىيىتىنى پەيدا قىلغان ۋە تاكامۇللاشتۇرغان ئەمگەك ئەمەلىيىتى ئۇلارنىڭ سەنئىتىنىمۇ پەيدا قىلغان ۋە راۋاجلاندۇرغان. بۇ — ئېنگېلس، پلېخانوپ، جۇملىدىن بېلىنىسكىي، چېرنىشۋىسكىي، دۇبرولىيۇبوۋ ۋە لۇشۈن قاتارلىق سەنئەت نەزەرىيىچىلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشى. بۇ خىل چۈشەندۈرۈش ئىلمىيلىققا ئىگە، ئىسپاتلانغان ۋە كىشىنى قايىل قىلىدۇ. بىز بۇ خىل چۈشەندۈرۈشنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىياللارنى ئۆز ماكانىمىزدا، ئۆز مىللىتىمىز ئىچىدە ۋە قەدىمكى زامانلاردىن قالغان ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىمىزدىنمۇ ئۇچرىتالايمىز.



يېقىنقى يىللار ئىچىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىر مۇنچە جايلىرىدا قەدىمكى زامانلاردىن قالغان تاش قىيا رەسىملىرى يادىكارلىقلىرى بايقالدى. ئەگەر قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھاياتىدا ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش پائالىيىتى، ھايۋان كۆندۈرۈش ۋە چارۋىچىلىق ئەمگىكى پائالىيىتى بولمىغان بولسا، بۇ تاش قىيا رەسىملىرىدە ئۇلارنىڭ ئوبرازلىق تەسۋىرى بولمىغان بولاتتى. يەنە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، بۇ تاش قىيا رەسىملىرىدە تەسۋىرلەنگەن ھايۋانات تۈرلىرى پەقەت مۇشۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تاغ-دالالىرىدىلا ياشايدىغان تۈرلەر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئافرىقىدا ياشايدىغان ھايۋانلار ياكى ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىرىدا ياشايدىغان ھايۋانلارنىڭ رەسىملىرى يوق. چۈنكى، بۇ رەسىملەرنى ئويغان ئىنسانلار ئۇلارنى كۆرۈپ باقمىغان. بۇ رەسىملەردە ئوۋچىلىق تەسۋىرلىرى بار، دېھقانچىلىق ھاياتىنىڭ، شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ تەسۋىرلىرى يوق. چۈنكى، ئۇ زامانلاردا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تېخى شەھەرلىشىپ، دېھقانچىلىق ئەمگىكىگە ئۆتمىگەن. مىلادىيە III ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدە بەرپا قىلىنغان دەپ قارىلىۋاتقان كۇچا قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىدە تەسۋىرلەنگىنى — بۇددا مەدەنىيىتى، بۇددا دىنى رىۋايەتلىرى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسلامىيەت مەدەنىيىتىگە تەۋە تەسۋىرلەر يوق. چۈنكى ئۇ زاماندا بىزنىڭ خەلقىمىز بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. شۇڭلاشقا، بۇ تەسۋىرلەردە ئۆزلىرى بىلىدىغان نەرسىلەرنى ئىنكاس قىلغان. ئۇلارنىڭ بۇ رەسىملەرنى سىزغان ۋاقتىدىن يەنە 7-8 ئەسىر كېيىن ئومۇملىشىدىغان مەدەنىيەتنى ئىنكاس قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئىنسان ئۆزى كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغان، بىلمىگەن ۋە ئۇچراشمىغان نەرسىلەرنى ھەرگىز ئىنكاس قىلالمايدۇ. يەنە شۇنىڭدەك،

تارىم جاڭگاللىرىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق ئەمەلىيىتى بولمىغان بولسا، خەلق ئارىسىدا تاكى بۈگۈنگىچە قەدەر ياشاپ كېلىۋاتقان ئوۋچىلىقنىڭ ھەرىكەت تەسۋىرى — دولان ئۇسسۇلى بولمىغان بولاتتى. ئەگەر ئەجدادلىرىمىز تاشنى تاشقا ئۇرسا ئاۋاز چىقىدىغانلىقىنى، مېتال قوڭغۇراقلارنى سىلكىسە جىرىڭلايدىغانلىقىنى، بۇ سادالارنى ماسلاشتۇرسا رىتىم پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالمىغان بولسا، بۈگۈنكى چالغۇ ئەسۋابلىرىمىز ئىچىدىكى تاش چالغۇ بىلەن ساپايى، تارىخىي ئۇسسۇللىرىمىزنىڭ ئىچىدىكى قوڭغۇراقلىق ئۇسسۇللار بولمىغان بولاتتى. ئەگەر ئەجدادلىرىمىز گۆش بىلەن ئوزۇقلىنىشنى بىلمىگەن بولسا، قوي-ئۆچكىلەرنىڭ ئىنچىكە ئۈچەيىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن تونۇشالمايتتى، ئۇ ھالدا، ئۈچەيدىن تار ياسىيالمىغان ۋە بۈگۈنكى دۇتارنىمۇ بارلىققا كەلتۈرەلمىگەن بولاتتى.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بىز ئوبدان بىلىمىز. ئىنسانلار ئىپتىدائىي جامائە دەۋرىدىن قەبىلە-ئۇرۇقچىلىق دەۋرىگە، ئۇنىڭدىن قۇللۇق جەمئىيەتكە، قۇللۇق جەمئىيەتتىن فېئوداللىق جەمئىيەتكە، ئۇنىڭدىن كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە قاراپ تەرەققىي قىلغان. ئىشلەپچىقىرىشتا، كوللېكتىپ جامائە ئەمگىكىدىن يەككە ئوۋچىلىققا، ئوۋچىلىقتىن چارۋىچىلىققا، چارۋىچىلىقتىن يېرىم چارۋىچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق ئەمگىكىگە، ئۇنىڭدىن دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئەمگىكىگە، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئەمگىكىدىن سانائەت ئىشلەپچىقىرىشقا قاراپ تەرەققىي قىلغان. بىزنىڭ مىللىتىمىزمۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇشۇ تەرەققىيات باسقۇچلىرىدىن ئۆتكەن ۋە ھەربىر دەۋردە ياراتقان سەنئىتىنىڭ خاتىرىلىرىنى قالدۇرغان.



يۇقىرىقى دەلىللەشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ماتېرىيالىستىك ئىنكاس نەزەرىيىسىنىڭ رەت قىلغۇسىز دەرىجىدە توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئىنكاس نەزەرىيىسى سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى يۇقىرىقىدەك چۈشەندۈرىدۇ، بۇ بىز سۆزلىمەكچى بولغان شېئىرىيەت نەزەرىيىسى سىستېمىسىنىڭ پەلسەپە ئاساسى.

بۇنىڭغا پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى بولغان يەنە بىر خىل چۈشەندۈرۈش ۋە نەزەرىيىۋى سىستېما بىلەنمۇ تونۇشۇپ ئۆتمەي بولمايدۇ. سەنئەتنى بۇ ئېقىمدا چۈشەندۈرگۈچىلەر سەنئەتنىڭ مەنبەسى بىلەن ماھىيىتىنى ئادەمنىڭ تۇغما ئىقتىدارى بىلەن تۇغما خاراكتېرىگە باغلاپ، سەنئەتنى سەنئەتكارلارنىڭ ئۆز قەلبىنى ئىپادە قىلىشى، ئۆز قەلبىنى تەسۋىرلىشى، ئۆزلىرىنىڭ روھىي ھالەت ئۆزگىرىشلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۆز-ئۆزىنى ئىزلىشى، ئۆز-ئۆزىنى بايقىشى دەيدۇ. ئۇلار بۇ كۆز قارىشىنى، ئىنسان بالا ۋاقتىدىن تارتىپلا ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان تۇغما ئىقتىدارغا ئىگە، خۇشال بولغاندا كۈلىدۇ، ئازابلانغاندا يىغلايدۇ، بۇنداق تۇغما ئىقتىدار ئاۋاز، تىل، گەۋدە ئارقىلىق ئىپادىلىگەندە، مۇزىكا، ئەدەبىيات، ئۇسسۇل قاتارلىقلارغا ئايلىنىدۇ دەپ ئىسپاتلايدۇ. بۇ خىل چۈشەندۈرۈشنى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ياۋروپادا ئۆتكەن پسىخولوگىيە ئالىملىرى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار بۇ خىل چۈشەندۈرۈشىدە، ئىنسان نېمە ئۈچۈن يىغلايدۇ، نېمە ئۈچۈن كۈلىدۇ؟ بۇ كۈلكە بىلەن يىغىنى نېمە كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟ ئىنساننىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ھېچقانداق تەسىرى بولمىغان ئەھۋالدا، ئۆز تۇغما ئىقتىدارىغا ئاساسەن، ھېچقانداق سەۋەبسىز ئۆزلۈكىدىن يىغلاپ، ئۆزلۈكىدىن كۈلۈپ كېتىدىغان

چاغلىرىمۇ بولامدۇ؟ دېگەن بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. مۇبادا، بىر ئەركەك پەرياد ئۇرۇپ يىغلىسا، دېمەك ئۇنىڭ بىر يېقىن قېرىندىشى ياكى ئاتىسى، ياكى ئانىسى ئۆلۈپ قالغان بولىدۇ؛ بازاردا، ئادەملەر ئىچىدە بىر موماي تۇيۇقسىزلا ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتسە، ئۇ ياكى پۇلىنى چۈشۈرۈپ قويغان، ياكى بىرسى كېلىپ ئۇنىڭغا ئۇ بازاردا يۈرگەندە ئۆيىگە ئوغرى كىرگەنلىكىنى خەۋەر قىلغان بولىدۇ. مەن بۇ سەۋەبلەرنى پەقەت مىسال ئۈچۈنلا ئالدىم. بۇ سەۋەبلەرسىز، ئەركەك كىشى ھېچنىمىدىن ھېچنىمە يوق، ئۆزۈمنىڭ تۇغما ئىقتىدارىمنى ئىپادىلەيمەن دەپ پەرياد ئۇرۇپ يىغلىسا، مومايىنىڭمۇ بازاردا يۈرگەندە تۇغما ئىقتىدارىنىڭ ئىپادە بولغۇسى كېلىپ كېتىپ تۇيۇقسىزلا ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتسە، ئەتراپتىكى ئادەملەر ئەلۋەتتە ئۇلارنى ئەقلى-ھوشى جايىدا، نورمال ئادەم دەپ ھېسابلىمايدۇ، ساراڭغىلا چىقىرىۋېتىدۇ. يۇقىرىقىدەك چۈشەندۈرۈشنىڭ ئەڭ ئەجەللىك، ئەڭ ئاجىز ھالقىسى مانا مۇشۇ. ئۇلار سەنئەتنى بىئولوگىيە ۋە پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ، نەتىجىنى سەۋەب، ھادىسىنى ماھىيەت دەپ ئىسپاتلاپ، سەنئەتنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىق بىلەن بولغان سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار، ئىنساننىڭ يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان چوڭ مېڭىسى بىلەن سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ئىقتىدارىنىڭمۇ نەچچە يۈز مىڭ يىللىق ئەمگەك ئەمەلىيىتىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى، تەدرىجىي كۆپىيىپ بارغان ئىرسىي خۇسۇسىيەتلەرنىڭ توپلىنىپ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆتۈشىنىڭ ئىنساننى بۈگۈنكى ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ئۇنى سەنئەتنى ياراتقۇچى ماددىي



ئالدىنقى شەرتكە ئايلاندۇرغانلىقىنى نەزەردە تۇتمىغان. بۇ ئېقىمدىكىلەرنىڭ تەلىماتى بىلەن ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇشۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ پەلسەپە ئاساسچىلىرى ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل چۈشەندۈرۈشنىڭ باشلامچى پەيلاسوپى كانت. ئۇ XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن رەڭمۇ رەڭ ئىدېئالىستىك پەلسەپە ئېقىملىرى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەرگۈچى بولدى. بۇ پەلسەپە ئېقىملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى — ئەقلىيلىقنى ئىنكار قىلىش، ماددىي دۇنيانى ئىنكار قىلىش، پەلسەپە تەتقىقاتىنى ھادىسە كاتېگورىيىسى دائىرىسىدىلا چەكلەپ، ماھىيەت ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىنكار قىلىش بولدى. ئۇلارنىڭ ئېستېتىكىدىكى ئىپادىسى ئىدېئالىستىك فورمالىزم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەنئەتنى ماددىي دۇنيا بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، نوقۇل سۇبيېكتىپ روھنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىدى.

بۇ خىل ئېقىمدىكىلەرنىڭ يەنە بىر غوللۇق ۋەكىلى گېرمانىيىلىك فرېدرىخ ۋىلھېلىم نىتسې (1844 — 1900) بولۇپ، ئۇ ياش ۋاقتىدا بونن ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئىلاھىيەت ۋە قەدىمكى تىللار ئىلمىنى ئۆگەنگەن، ئاز ئۆتمەي، ئىلاھىيەتتىن ۋاز كېچىپ، خرىستىئان دىنىدىن چىققان، كېيىن پەلسەپە پروفېسسورى بولغان. 1869 — 1879-يىللىرى ئىتالىيە ۋە فرانسىيىلەرگە كۆچۈپ بېرىپ، مەخسۇس پەلسەپە تەتقىقاتى ۋە يېزىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان. 1888-يىلدىن باشلاپ، قاتتىق روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئاخىرى شۇ كېسەل بىلەن دۇنيادىن ئۆتكەن. ئۇ پەلسەپىدە سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزمچى ئىدى. ئۇ، ئوبيېكتىپ دۇنيانى خىيالىي كۆرۈنۈش دەپ ھېسابلاپ،

ھوقۇق ئىرادىسىنى تەرغىپ قىلدى. ئۇ ھوقۇق ئىرادىسىنى ھەممە شەيئىنىڭ مەنبەسى شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ، ئۇ تەبىئەتنى ۋە جەمئىيەتنى بەلگىلەيدىغان كۈچ دەپ چۈشەندۈردى. ئۇ تەدرىجىي تەرەققىياتنى ھوقۇق ئىرادىسىنىڭ ئۆزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانى دەپ تەكىتلىدى. ئۇ ھوقۇق قوغلاشقان شەخسلەرنىڭ ئىرادىسى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئىلگىرىلەش جەريانىنى بەلگىلەيدۇ، ھوقۇق قوغلاشقان شەخسلەر دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئادەتتىكى ئادەملەر بولسا قۇللار ۋە ھايۋانلار پادىسى بولۇپ، ئۇلار دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەملەرنىڭ ھوقۇق ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدىكى قورالى بولىدۇ، دېدى. شۇڭلاشقا، ئۇ زومىگەرلىك ھوقۇقنى ۋە ئۇرۇشنى ئۇچۇق-ئاشكارا مەدھىيىلىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئەكسىيەتچىل پەلسەپىسى كېيىن فاشىزم ئىدىيىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. نىتسېنىڭ «تراگېدىيىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «زاراتۇسىرا مۇنداق دېگەن»، «شەپقەت ۋە ياۋۇزلۇق قىرغاقلىرى»، «ئېتىكا سىستېمىسى نەزەرىيىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

نىتسىنىڭ ئىرادىچىلىك پەلسەپىسىدە، باشقا بىر خىل نەزەرىيە شەكلى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ ئامىللىرى ھازىرقى زامان مەۋجۇدىيەتچىلىرى بىلەن مودېرنىزمچىلارنىڭ قويۇق قىزىقىشىنى قوزغىغان. بۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھوقۇق نۇقتىئىنەزەرىدىن باشقا، ئاساسەن ئۇنىڭ چۈش ۋە مەستلىك توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ 1872-يىلى يازغان «تراگېدىيىنىڭ كېلىپ چىقىشى»ناملىق ئەسىرىدە، قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى قۇياش تەڭرىسى ئاپوللو بىلەن شاراب تەڭرىسى دىئونىسيۇسنىڭ



ئوبرازى ئارقىلىق ئىسپاتلاپ، سەنئەتتە چۈش ۋە مەستلىكتىن ئىبارەت ئىككى زېمىن بولىدۇ دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ چۈش زېمىنى شەكىل سەنئىتىنى يارىتىدۇ، ئۇنىڭ تەركىبىدە مەۋجۇد بولغان تۇيغۇغا ئەقلىيلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە، مەستلىك زېمىنى ئەقلىيلىقتىن خالىي، قارىغۇلارچە ۋە رەھىمسىز بولۇپ، ئۇ ھازىرقى زامان سەنئىتىنىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلەيدۇ، دېدى. مۇشۇ نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسەن، ئۇ مۇزىكا شەكىل سەنئىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئۇ تاشقى ئالاھىدىلىكلەر ۋە ھادىسىلەرنى كۆچۈرۈشنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، ئۇ ئىرادىنىڭ بىۋاستە يورۇتۇلۇشى، سەنئەتنىڭ ماھىيىتى دەل مۇشۇنداق ئىرادىگە نىسبەتەن بولغان تۇيغۇدا بولىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. نىتسېنىڭ سەنئەت خىللىرى توغرىسىدىكى يۇقىرىقى قاراشلىرى مودېرنىزمچىلارنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى ۋە ئىجادىيەت ئىدىيىسىگە نىسبەتەن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى، مۇئەييەن دەرىجىدە، مودېرنىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت قارىشىنىڭ يادروسى بولغان ئىپادىچىلىك نەزەرىيىسىگە ئاساس سېلىپ بەردى. مودېرنىزمچىلار تىپىكلەشتۈرۈشنى، ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇشنى ۋە شەكىل گۈزەللىكىنى ئىنكار قىلىپ، سەنئەت قانۇنىيەتلىرىنى بۇزۇشنىڭ ھەممىسىدە، ئۇنىڭ بۇ خىل نەزەرىيىسىدىن مەنبە تاپتى.

سەنئەتنى سۇبيېكتىپ ئىدېئالىستىك پەلسەپە نۇقتىئىنەزەرلىرى بىلەن چۈشەندۈرگۈچى ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە يەنە بىر شەخس — ئاۋستىرىيىلىك پسىخولوگ ۋە روھىي كېسەللەر دوختۇرى سىگمۇند. فرېئۇد (1856 — 1939). ئۇ روھىي ئانالىز ئىلمىي ئېقىمىنى بەرپا قىلغۇچى. بۇ ئېقىم فرېئۇدىزم دەپمۇ ئاتىلىدۇ. فرېئۇد ئاۋستىرىيىنىڭ مۇراۋىيە ئۆلكىسىدىكى

فولىنبورگدا باي يەھۇدىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1873-يىلى ۋىنا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تېببىي ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن، ئوقۇشنى تۈگىتىپ ۋىنا دوختۇرخانىسىدا ئىشلىگەن. 1885-يىلى پارىژغا بېرىپ، فرانسىيىنىڭ نېرۋا پاتالوگى جىئان. مارتىن. چاركوتتىن ئۆگەنگەن. 1906-يىلدىن باشلاپ، «ۋىنا روھىي ئانالىز ئىلمىي جەمئىيىتى» نى بەرپا قىلىپ، يىلنامە، ئاخبارات ۋە ژۇرنال تەسىس قىلغان. 1919-يىلى مەخسۇس روھىي ئانالىز ئىلمىگە دائىر كىتاب-ژۇرناللارنى نەشر قىلىدىغان خەلقئارالىق نەشرىيات قۇرغان. بۇ ئادەم كېيىن لوندۇندا ئۆلگەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «چۈشكە تەبىر»، «روھىي ئانالىزغا مۇقەددىمە»، «روھىي ئانالىزغا مۇقەددىمىنىڭ يېڭى نەشرى» قاتارلىقلار بار.

فىرېئۇدنىڭ روھىي ئانالىز نەزەرىيىسىنىڭ مەزمۇنى مەركەزلىك ھالدا ئۇنىڭ ئاڭ قۇرۇلمىسى ئانالىزىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىدە، كۆرۈلىدۇ. فرېئۇد ياشلىق دەۋرىدە، ئاڭنى ئاڭ ۋە دەسلەپكى ئاڭ (ئاڭسىزلىق) دەپ ئىككىگە بۆلگەن. كېيىنچە ئۇ ئاڭنى ئۈچ قاتلامغا بۆلۈپ، ئۈچ قاتلاملىق ئىنسان خاراكتېرى تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئىنساننىڭ خاراكتېرى «ئەسلىي مەن»، «مەن ئۆزۈم»، «ئۆزۈمدىن ھالقىغان مەن» دېگەن ئۈچ قاتلامغا بۆلۈنىدۇ. «ئەسلىي مەن» — ئىنساننىڭ تۇغما ئىقتىدارىنىڭ ئىنتىلىشلىرى ساقلىنىدىغان ئامبار. ئۇ ئاڭسىز قۇرۇلما بولۇپ، ئۈچ قاتلاملىق ئاڭنىڭ ئەڭ تۆۋەنكى قەۋىتىدە تۇرىدۇ. ئەمما ئۇ ھاياتىي كۈچنىڭ ئاساسى، ئاڭ پائالىيىتىنىڭ ئاساسى، ئۇنىڭ ئېنېرگىيىسى ناھايىتى زور، ئۇ تۇتۇق، دۇغ ھالەتتە بولۇپ، قارىغۇلارچە ۋە قوزغىلىپ تۇرىدىغان بولىدۇ. ئۇ، ئەقىلدىن تاشقىرى تۇغما ئىقتىدارنىڭ



ھەيدەكچىلىكىدە بولۇپ، ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى، باشقا ئادەملەرگە چېقىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ ئەمەل قىلىدىغان پرىنسىپ — قانائەت تېپىشنى تەلەپ قىلىش. ئەمما ئۇ ئۆزى خالىغاننى قىلالمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ تەلەپلىرى «مەن ئۆزۈم» نىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. «مەن ئۆزۈم» — ئاڭ قۇرۇلمىسى. ئۇنىڭ ئەمەل قىلىدىغىنى رېئاللىق پرىنسىپى. ئۇ «ئەسلىي مەن» بىلەن تاشقى دۇنيانىڭ توقۇنۇشلىرىنى تەڭشەش، «ئەسلىي مەن» نىڭ ئەقلىيلىكتىن تاشقىرى قوزغىلىشلىرىنى چەكلەش ۋە توسۇش رولىنى ئوينايدۇ. «ئۆزۈمدىن ھالقىغان مەن» — «ۋىجدانلىق مەن» ياكى «ئەخلاقلىق مەن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئاڭ قۇرۇلمىسىنىڭ ئەڭ ئالىي قاتلىمى. ئۇنىڭ ئەمەل قىلىدىغىنى «ئاقلانىلىك» پرىنسىپى. ئۇ «مەن ئۆزۈم» نىڭ «ئەسلىي مەن» نى چەكلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ دەپ ئاساسلىدى. فرېئۇدنىڭ قارىشىچە، «ئەسلىي مەن» — ئەخلاقسىز، «مەن ئۆزۈم» — مۇمكىنقەدەر ئەخلاقلىق بولۇشقا تىرىشىدۇ، «ئۆزۈمدىن ھالقىغان مەن» بولسا دەرىجىدىن تاشقىرى ئەخلاقلىق. ئاڭسىز قاتلامغا تەۋە «ئەسلىي مەن» ئاڭ قاتلىمىدىكى «مەن ئۆزۈم» بىلەن «ئۆزۈمدىن ھالقىغان مەن» نىڭ چەكلىشىدە بولىدۇ. بۇ يەردە چەكلىنىپ تۇرىدىغان تۇغما ئىقتىدار، فرېئۇدنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئاساسلىق جىنسىي ئىقتىدار. فرېئۇد، كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۆزۈن مۇددەتلىك ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا، تۇغما ئىقتىدارنىڭ ئىنتىلىشى بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى «مەن ئۆزۈم» ئارقىلىق

تەرەققىيات قابىلىيىتىگە ئېرىشكەن بولىدۇ، يەنى قايسى ئىشلارغا جەمئىيەتنىڭ رۇخسەت قىلىدىغانلىقىنى، قايسىلىرىغا جەمئىيەتنىڭ رۇخسەت قىلمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىر خىل ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك «مەن ئۈزۈم» ئېڭى شەكىللىنىدۇ. ئەمما بۇ پەقەت ئىنساننىڭ تۇغما ئىقتىدارىنىڭ ئىنتىلىشلىرىنىڭ پەقەت چەكلەنگەنلىكىنىلا كۆرسىتىدۇ، ئەمما ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل تۇغما ئىقتىدار ئىنتىلىشلىرى يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتۈپ، داۋاملىق پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، «يوشۇرۇن ئاڭ» ياكى «جىنسىي يوشۇرۇن ئاڭ» نى شەكىللەندۈرىدۇ، دەيدۇ. ئۇنىڭ تەلىماتىچە، ئادەم «مەن ئۈزۈم» لۈك ئېڭىنى شەكىللەندۈرگەن بولغاچقىلا، نورمال ياشاش قابىلىيىتىگە ئېرىشەلىگەن. ئەمما، «مەن ئۈزۈم» لۈك ئېڭى مۇكەممەل بولىدىغان ئەھۋال كۆپ ئۇچرىمايدۇ. ئادەمدە ھامان دېگۈدەك مۇنداق ياكى ئۇنداق فىزىئولوگىيىلىك كەمتۈكلۈكلەر بولۇپ، روھىي جەھەتتىن تەڭپۇڭسىز ھالەتتە تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ھالەت ئېغىرلاشسا، ھەر خىل پسىخولوگىيىلىك ھالەت ئۆزگىرىشلىرى ۋە كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، چەكلەنگەن تۇغما ئىقتىدارمۇ ئۆزگىچە باشقا چىقىش يولى ئىزلەيدۇ، يەنى چۈش شەكلى ئارقىلىق ئۆزگىچە قانائەت ئىزلەيدۇ، ياكى بۇ خىل ئىقتىدارنىڭ ئىنتىلىشلىرى ئالىيجانابلىشىدۇ، يەنى پەننىي كەشپىياتلار ياكى سەنئەت ئىجادىيىتى قاتارلىق يوللارغا بۇرۇلىدۇ. دېمەك، فرېئۇد سەنئەتنىڭ مەنبەسىنى «يوشۇرۇن ئاڭ» نىڭ ئىقتىدارىغان باغلاپ، سەنئەتنى يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئىنتىلىشلىرىنىڭ شەكلى



ئۆزگەرگەن ئىپادىلىنىشى دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي سەۋەبلىرىنى پۈتۈنلەي چەتكە قېقىپ، سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇنى نوقۇل پسىخولوگىيىلىك ھادىسە، ھەتتا فىزىئولوگىيىلىك ھادىسە قىلىپ قويىدۇ. فرېئۇدنىڭ «پان جىنسىيەت ئىلمى» دەپ ئاتالغان بۇ پسىخولوگىيە تەلىماتى خاتا. ئۇ جىنسىي ئاڭ بىلەن جىنسىي ئىقتىدارنى ئادەمنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرى ۋە بارلىق روھىي ھادىسىلەرنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى دەپ چۈشەندۈرگەن.

فرېئۇدنىڭ ئاڭنى ئۈچ قاتلامغا بۆلۈشى، يوشۇرۇن ئاڭ قاتلىمىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭ شەخسنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئورنىنى تەكىتلىشى مودېرنىزمچىلارنى جەلپ قىلدى. ئۇلار يوشۇرۇن ئاڭ قاتلىمى دېگەن بۇ «مەڭگۈلۈك سۈكۈتتە ياتقان زېمىن» گە قەدەم تاشلىدى. ئۇلار بۇ تەلىماتتىن پايدىلىنىپ، ئەدەبىياتتا ئادەم دېگەن بۇ ئۇقۇمغا يېڭى تەبىر بېرىشكە باشلىدى. غەربنىڭ ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىن بۇيانقى ئەدەبىياتىدا، ئادەم ئىزچىل ھالدا مەدھىيىلىنىش ئورنىدا تۇرۇپ كەلگەن، ئادەمنىڭ ئالىيجانابلىقىنى، ئادەم خاراكتېرىنىڭ چىن، ياخشىلىققا مايىل، گۈزەل بولىدىغانلىقىنى، ئومۇمەن ئادەمدىكى ئەقلىيلىق پرىنسىپىغا ئويغۇن نەرسىلەرنى ئېچىپ بېرىش — سەنئەتكارلار كۆڭۈل بۆلىدىغان ئاساسىي مەسىلە بولغان، يازغۇچىلار مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىجابىي پېرسوناژلار ئەدەبىياتتا مەركىزىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەندى. ئەمما، مودېرنىزمچىلار XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى، بولۇپمۇ XX ئەسىر كىرگەندىن باشلاپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئادەمنىڭ ئوبرازىنى ئۆزگەرتتى.

ئۇلار ئىنسان خاراكتېرىنىڭ ئالىيجانابلىقىنى ئەپسانە دەپ قارىدى. ئۇلار فرېئۇد ئېيتقان يوشۇرۇن ئاڭ قاتلىمىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئادەمنىڭ ھېسسىياتى كەمچىل، قەھرىمانلىق جاسارىتى يوق، كېسەلمەن، رەزىل، قارىغۇلارچە ئىنتىلىشكە ئىگە، ئوي-پىكرى ۋە نىيەتلىرى قالايمىقان ئوبرازىنى يارىتىشقا باشلىدى. فرېئۇدنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ قاتلىمى توغرىسىدىكى تەلىماتى تۈپەيلى، مودېرنىزمچىلار ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. ئۇلار ئالدىنقىلار ياراتقان ئىجابىي ئوبرازلارغا ئىشەنمىدى. ئۇلار، دۇنيادا قەھرىمان يوق، سەنئەتنىڭ شېئىرلاشتۇرۇش دەۋرى، قەھرىمانلاشتۇرۇش دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى ئوينىلىدىغىنى ساپ تراگېدىيەمۇ بولمايدۇ، ساپ كومېدىيەمۇ بولمايدۇ بەلكى تراگېدىيىلىك كومېدىيە بولىدۇ دەپ جاكارلىدى. گەرچە غەرب ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى كېيىن ئۇلار دېگەندەك بولۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ. فرېئۇدنىڭ ئاڭنىڭ ئۈچ قاتلىمى تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، ئۇنىڭ ئاڭنىڭ ئادەم مېڭىسىدە ئەركىن يۆتكىلىپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى، ئەركىن باغلىما تەسەۋۋۇرنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى رولىنى تەكىتلىشى مودېرنىزمچىلارنىڭ ئاڭ ئېقىمى ھېكايىلىرىغا پسىخولوگىيىلىك ئاساس يارىتىپ بەردى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، سەنئەتنى ئىنساننىڭ تۇغما روھىي پائالىيەتلىرىنىڭ مەھسۇلى دەپ چۈشەندۈرگۈچى ئەقلىيلىققا قارشى سۇبيېكتىپ ئىدېئالىستىك ئىدىيىۋى ئېقىملارغا مەنسۇپ بولغان پراگماتىزم (سۈيئىستېمالچىلىق) نىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى بولغان ئامېرىكىلىق جون. دېۋېي (1859 — 1952)، ئىرادىچىلىك



پەلسەپىسى تەرەپدارلىرىدىن بولغان گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ ئارتۇر. شوپېنخائۇئېر (1788 — 1860)، ئىنتۇئىتىۋىزم (تۇيغۇچىلىق) پەلسەپىسنى بەرپا قىلىپ، ئەقلىيلىق بىلەن ئىلىم-پەننىڭ رولىنى جېنىنىڭ بارىچە كەمسىتكەن فرانسىيىلىك پەيلاسوپ ھېنرى بېرگسون (1859 — 1941) قاتارلىق ۋەكىللىرىمۇ بار. كانت، نىتسې، فرېئۇد ۋە يۇقىرىقىلار غەربىي ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا بارلىققا كەلگەن مودېرنىزملىق ئەدەبىي ئېقىمنىڭ پەلسەپە ئاساسچىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مودېرنىزملىق ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىڭ مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان پاسسىپ تەرىپىنىڭ، يەنى ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن شەخسىيەتچىلىك، ھۆكۈمەتسىزلىك، ئۈمىدسىزلىك، ئىنكارچىلىق ۋە شەكىلۋازلىقنىڭ نەزەرىيىۋى مەنبەسى ئاشۇلاردىن كەلگەن. بىزنىڭ ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىنى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشىمىزنىڭ شېئىر دېگەن نېمە؟ دېگەن بۇ مەسىلىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىشىمىزگە، رېئالىزم ۋە رومانتىزملىق شېئىرىيەت ئۆلچەملىرى بىلەن مودېرنىزمنىڭ شېئىر ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرىنى سېلىشتۇرما قىلىپ كۆرۈشىمىزگە پايدىسى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز بۇ پەيلاسوپلارنى ۋە ئۇلارنىڭ مودېرنىزم بىلەن بولغان مەنبەلىك ئالاقىسىنى شۇنىڭ ئۈچۈن تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى لازىم تاپتۇقكى، يېقىنقى 5-6 يىلدىن بۇيان، ئۇلارنىڭ تەلىماتى ۋە مودېرنىزمنىڭ شېئىرىيەت ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرى بىلەن ئۆلچەملىرى ئۈرۈمچىدە چالا-پۇلا ئۆزگەرتىلگەن ۋە يوشۇرۇلغان بىر شەكىلدە پەيدا بولدى. ئەدەبىيات بىلەن ئاز-تولا ئالاقىدا بولۇشنى خالايدىغان بەزى سودىگەرلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشى ۋە تەشكىللىشى بىلەن، ئۈرۈمچىدە فرانسۇز تىلىدا «سالون» دەپ نام قويۇلغان غەيرىي

رەسمىي شېئىر كۇرسلىرى ئېچىلدى. ئۇلاردا سۆزلەنگىنى يۇقىرىقى خىل چۈشەندۈرۈش، ئېغىزدىن چۈشمىگىنى نىتسىي بىلەن فرېئۇد بولدى. لېكسىيە سۆزلىگۈچىلەر كۆپلىگەن ياشلىرىمىز ۋە ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ بىلىم ئىزلەش، يېڭىلىققا ئىنتىلىش قىزغىنلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا مۇشۇ ماللارنى پايدىسى بىلەن ساتتى، بىر مۇنچە ئىقتىدارلىق ئۆگەنگۈچىلىرىمىز-نى ئەتراپىغا توپلاپ، ئۆز يولىغا سېلىپ، بەزى يەرلىك ژۇرناللارنىڭ خېلىلا زور كۆلەمدىكى سەھىپىلىرىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنى «گۇڭگا شېئىر»، «تۇتۇق شېئىر» دەپ ئۆزگەرتىپ نام قويۇۋالغان مودېرنىزملىق چالا مەشقلەر بىلەن توشقۇزۇپ، شېئىرىيەت ساھەسىدە قايمۇقۇش ۋە گاڭگىراشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇلار نىتسىي بىلەن فرېئۇدقا تايىنىپ، بىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق شېئىرىيەت تارىخىمىزنى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بەزى كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىنى ئىنكار قىلماقچى بولدى. بىز بۇلارنى بايقاپ ئۈلگۈرگىنىمىزدە، ۋاقىت يېقىندىن خېلىلا زور دەرىجىدە كېچىككەنىدۇق. لېكىن كېچىككەن بولساقمۇ، ھەرھالدا بىز بۇ خىل كۆچۈرۈلمە ھەرىكەتنى بىلىۋالالىدۇق ۋە مەتبۇئاتتا بۇ ھەقتىكى مۇنازىرىمىزنىڭ دەسلەپكى ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدۇق. مودېرنىزمغا تەقلىد قىلىش قىزغىنلىقى بىزدە خەقنىڭكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، يۈز يىل بۇرۇنقى كونىلىقنى يېڭىلىق دەپ كۆتۈرۈپ چىقىشتەك ئەخمىقانە بىر شۆھرەتپەرەسلىك شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقتى، بۇ «يېڭىلىق»لارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئاشكارا قىلىنمىدى. شۇڭا، بۇ مەنبەنى بىزگە ئاشكارىلاپ بېرىشكە توغرا كەلدى.



شېئىر — بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ بىر تۈرى. بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى تارىختىن بۇيان ھامان نىسپىي بۆلۈپ كەلگەن، شۇنىڭدەك، دۇنيادىكى ھەر قايسى رايونلار ۋە مىللەتلەرنىڭ تۈر بۆلۈش ئۇسۇلى بىلەن ئاساسلىرىمۇ بىر-بىرىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. بىزنىڭچە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نىسبەتەن توغرىراقى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ پروزا، شېئىرىيەت، دراماتورگىيە ۋە ئەدەبىي تەنقىدتىن ئىبارەت تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈنۈشى بولۇپ، بۇ خىل بۆلۈش دۇنيادىكى كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ئەمەلىيىتىگە ۋە ھازىرقى رېئاللىقىغا ئاساسەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ بۇ تۆت چوڭ تۈرى ئۆز ئىچىدە يەنە كىچىك تۈرلەرگە ۋە ژانىرلارغا بۆلۈنىدۇ. ئەدەبىيات تارىخى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر تەرجىمە كىتابلار ۋە دەرسلىك قوللانمىلىرىدا بەدىئىي ئەدەبىيات تۆت ژانىرغا بۆلۈنىدۇ دەپ خاتا ئېلىنغان. ئەمەلىيەتتە تۈر چوڭ، ژانىر كىچىك. ژانىر تۈرنىڭ تەركىبىدە بولىدۇ. بىز پروزا ژانىرى، رومان تۈرى، پوۋېست تۈرى، ھېكايە تۈرى دېمەيمىز، ئەكسىچە، پروزا تۈرى، رومان ژانىرى، پوۋېست ژانىرى، ھېكايە ژانىرى دەيمىز. بۇ تۆت چوڭ تۈرنىڭ ئىچىدىكى دراماتورگىيە ئۇنىۋېرسال سەنئەت خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ زامانىۋى پەن-تېخنىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان كىنو ئەسىرى ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىمۇ ھازىرچە ئۆز تەركىبىگە ئالدى.

ئەدەبىي تۈرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى تارىختا ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا ۋە كەڭلىكىگە قاراپ راۋاجلىنىشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە

خىلمۇ خىل مۇرەككەپلىكلەرگە ئىگە بولۇشى، شۇنىڭدەك، ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىگە بولغان ۋارىسلىق، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنىڭ توپلىنىپ بېرىشى ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولدى. بۇ تۈرلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ بالدۇر پەيدا بولغىنى شېئىرىيەت، شېئىرىيەت باشقا تۈرلەرگە نىسبەتەن ئانا تۈر بولدى، باشقا تۈرلەرنىڭ ھەممىسى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ئەسىرمۇ ئەسىر توپلاپ كەلگەن ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى ۋە راۋاجلىنىپ بارغان ئىجادىيەت قانۇنىيەتلىرى زېمىنىدىن ئوزۇق ئېلىپ كۆكلەپ، شېئىرىيەتتىن ئىبارەت بۇ غول دەرەختىن شاخ ئايرىپ چىقتى. باشقا ئەدەبىي تۈرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، راۋاجلىنىشى ۋە تەرەققىي تاپقان مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق كۆلىمىنى ئىگىلىشىدە شېئىرىيەتنىڭ كۆرسەتكەن تارىخىي تۆھپىسى بار. ئۇ خىل مىللەتلەردە شېئىرىيەت پەقەت بىر تۈر بولۇپلا ساقلىنىپ قېلىپ، ئۆزىگە يارىشا ۋە مۇۋاپىق بولغان كۆلەمدىكى ئورۇننىلا ئىگىلىدى. ئەمما، شېئىرىيەت بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىرەر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق كۆلىمىنى ئىگىلەپ تۇرغان بولسا، بۇ خىل ھادىسىنى تارىخىي ئىلغارلىق دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇ شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تېخى تەرەققىي تاپمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىپتىدائىي زامانلار ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى تەرەققىيات ھالىتىدىن تېخى قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتەلمىگەنلىكىنى، بۇ مىللەتتە ئەدەبىيات تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ تېخى تولۇق شەكىللىنىپ ئۈلگۈرەلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شېئىرىيەتنىڭ ئەدەبىي تۈرلەر ئىچىدە تۇتقان ۋە تۇتىدىغان ئورنىغا قارىتا، بىزدە مۇشۇنداق كۆز قاراش بولۇشى كېرەك. بۇ خىل كۆز قاراش مىللىي



ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىيلىقىغا پايدىلىق بولىدۇ.

شېئىرنىڭ ئۆزىگە خاس تۈر ئالاھىدىلىكىگە خاراكتېر بېرىش ئۇچۇن، ئۇنىڭ ئوبراز يارىتىش، قۇرۇلما ۋە تىل جەھەتتىكى شەكىل ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكلىرىنى باشقا ئەدەبىي تۈرلەرنىڭ شۇ جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن سېلىشتۇرما قىلىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ، شۇندىلا، شېئىرنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان پەرقى روشەنلىشىدۇ. ئەدەبىي تۈرلەر ئىچىدە، پروزا تۈرىدىكى ژانىرلارنىڭ ھەممىسىدە ئوبراز يارىتىش ۋە تېمىنى ئىپادىلەش ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان ۋەقەلىك بولىدۇ. ۋەقەلىك پروزىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئامىل. پروزا ئەسەرلىرىدە يەنە دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بېرىلىدۇ، بۇ ئامىللار ئىچىدە پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت تەسۋىرى، قىياپەت تەسۋىرى ۋە پسىخىك تەسۋىرى بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى يارىتىلىدۇ، ئۇلار پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مۇھىتنىڭ تەسۋىرى بېرىلىدۇ، تەبىئەت ۋە مۇھىت كۆرۈنۈشلىرىدە ئۇلارنىڭ كەيپىياتى بېرىلىدۇ. تىل جەھەتتىن پروزا ئەسەرلىرىدە يازغۇچىنىڭ بايان تىلى، پېرسوناژلار تىلى، يەنى ئۇلارنىڭ دىئالوگ ۋە مونولوگلىرى بولىدۇ، بۇلار ئادەتتە ۋەقەلىكنىڭ پەيدا بولۇشى، راۋاجلىنىشى ۋە ئاياغلىشىشى جەريانىدا كىرىشتۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. پروزا ئەسەرلىرىدە ۋەقەلىك قۇرۇلمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋاقىت ۋە ماكانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، ۋەقەلىكنىڭ راۋاجلىنىشى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىنى يازغۇچىنىڭ خاھىشى يېتەكلەپ ماڭىدۇ. دراماتورگىيە ئەسەرلىرىدە، يەنى دراما،

ئوپېرا، تراگېدىيە، كومېدىيە قاتارلىقلاردا ۋەقەلىك ئۆزىنىڭ جىددىي توقۇنۇشچانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ئادەتتە دراماتىك توقۇنۇش دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر خىل خاراكتېردىكى زىددىيەتلەر پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر توقۇنۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. توقۇنۇش بولمىغان دراماتورگىيە ئەسەرلىرى بولمايدۇ. دراماتورگىيە ئەسەرلىرىدە، ۋەقەلىك قۇرۇلمىسى سەھنە شارائىتى بىلەن قويۇلۇش ۋاقتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، يازغۇچى ئۆز ئەسىرىنى مۇشۇ ئىككى خىل چەكلىمە ئىچىدىكى ئىمكانىيەتلەر دائىرىسىدە يازىدۇ، شۇڭا، ۋەقەلىك زور دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، سەھنىدە ۋەقەلىكنىڭ غول لىنىيىسىلا بېرىلىدۇ، قوشۇمچە لىنىيىلەر ۋە باشقا تەپسىلاتلار پېرسوناژلار تىلى ئارقىلىق بېرىلىدۇ، يازغۇچىنىڭ پېرسوناژلارغا ۋە ۋەقەلەرگە بولغان پوزىتسىيىسى بىلەن باھاسىمۇ پېرسوناژلار تىلى ئارقىلىق بېرىلىدۇ، غول ۋەقەلىكمۇ پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى بىلەن تىلىغا تايىنىپ راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، چۈنكى سەھنە ئەسەرلىرىدە يازغۇچىنىڭ بايان تىلى بولمايدۇ. پەقەت پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگ ۋە مونولوگلىرىلا بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، سەھنە ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلار تىلىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇ ئالاھىدە خاراكتېرلىك بولىدۇ. يەنى ئۇ يۈكسەك دەرىجىدە خاسلاشقان ۋە تولۇق ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە بولغان بولىدۇ، ناھايىتى باب ۋە ناھايىتى ئىخچام بولىدۇ، يەنى سەھنىدىكى پېرسوناژلار ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېرى، سالاھىيىتى، ياش قۇرامى، كەسپى ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتنىڭ تەسىرىگە مۇۋاپىق سۆزلەيدىغان بولىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ تۆت چوڭ تۈرىنىڭ بىرى



بولغان ئەدەبىي تەنقىد باشقا ئۈچ تۈردىن كەسكىن پەرق قىلىدۇ. بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئوبرازلىق تەپەككۇر ئەمەس، بەلكى لوگىكىلىق تەپەككۇر. شۇڭا، ئۇ نەزەرىيە كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ. ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتى باشقا ئۈچ تۈر بىلەن باراۋەر ئەمەس، ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. چۈنكى، ئەدەبىي تەنقىد بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ باشقا ئۈچ تۈرىنى باھالاش، تەكشۈرۈش، يەكۈنلەش، تەشكىللەش ۋە يېتەكلەش رولىنى ئۆتەيدۇ. ئۇ ئۆز مىللىتىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئەسەرلىرى ۋە يازغۇچىلىرى ئۈستىدىلا توختىلىپ قالماستىن، بەلكى شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىدىكى ئەسەرلەر ۋە مەسىلىلەر ئۈستىدە، جۈملىدىن دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى تارىخىي ئەسەرلەر ۋە رېئال مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ ئىش ئېلىپ بېرىپ، بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئورتاق قانۇنىيەتلىرى ۋە يېڭى مەسىلىلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئەدىبلىرىنى تەجرىبە ۋە ساۋاق جۇغلانمىلىرى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت راۋاجىغا ياردەم بېرىدۇ. شېئىرىيەت شەكلەن ھايات رېئاللىقىنى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئەڭ ئىخچام، ئەڭ مەركەزلىك، ئەڭ جانلىق ۋە ئەڭ تەسىرلىك بىر يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل ئەدەبىي تۈر. ئۇنىڭ ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلى پروزا تۈرىدىكى ئەسەرلەر بىلەن دراماتورگىيە تۈرىدىكى ئەسەرلەرگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىگە مەنسۇپ بولغان ژانىرلارنىڭ ئوبراز

يارىتىش ئامىللىرىنىڭ ھەممىسى شېئىرىي خۇسۇسىيەتلىك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئامىللاردىن پايدىلىنىپ ياراتقان ئوبرازى — شېئىرىي ئوبراز بولىدۇ. شېئىرىيەتنىڭ لىرىك تۈرىنىڭ ھەر خىل ژانىرلىرىدا يارىتىلغان ئوبراز لىرىك ئوبراز، ئېپىك تۈرىنىڭ ژانىرلىرىدا يارىتىلغان ئوبراز ئېپىك ئوبراز، لىرو-ئېپىك ژانىرلىرىدا، يارىتىلغان ئوبراز لىرو-ئېپىك ئوبراز بولۇپ، بۇ ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى شېئىرىي ئوبراز دەپ ئاتىلىدۇ. شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ ئوبراز يارىتىش ئامىللىرى شېئىرىي دېتال، شېئىرىي كارتىنا، شېئىرىي پېرسوناژ، شېئىرىي تەپەككۇر، شېئىرىي نوتۇق، شېئىرىي لوگىكا، شېئىرىي قۇرۇلما، شېئىرىي خىيال، شېئىرىي تەسەۋۋۇر، شېئىرىي ھېسسىيات ھەم ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن كەڭرى ۋە زىچ پايدىلىنىدىغان شېئىرىي تىلدىن ئىبارەت بولىدۇ. شېئىرىي ئەسەرلەردە بۇ ئامىللاردىن پايدىلىنىپ يارىتىلغان ئوبراز شېئىرىي پېكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شېئىرىي ئوبراز يارىتىشتىكى مەقسەت شۇ. شېئىرنىڭ ئېستېتىك تەسىرلەندۈرۈش كۈچى بىلەن ئىجتىمائىي تەربىيىۋى رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئاخىرقى ھېسابتا شېئىرىي پېكىرنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدۇ. يۇقىرىقى ئوبراز يارىتىش ئامىللىرى ئەينى ھالدا يەنە شېئىرنىڭ سەنئەت ئۆلچەملىرى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. ئۆلچەم تەرىقىسىدە، بىز ئۇلار ئۈستىدە تۆۋەندە يەنە ئايرىم-ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىدا شېئىرىي دېگەن بىر ئېنىقلىغۇچى بار. بىز ئادەتتىمۇ شېئىرىي ۋە شېئىرلاشقان دېگەن گەپلەرنى كۆپ ئىشلىتىمىز. خوش، بۇ



سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ شېئىرىي دېگىنىمىز نېمە، شېئىرلاشقان دېگىنىمىز نېمە؟ بۇ سۆزلەرنىڭ ئۇقۇمى قايسى دائىرىدىكى مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ بۇ توغرۇلۇق بىزنىڭ ئالدىمىزدا بۇ سۆزلەرگە تەرىپ بەرگەن چۈشەندۈرۈشلەرنى مەن ئۇچرىتىپ باقمىدىم. ئۆزۈمنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەت جەريانىدا ھېس قىلغان بىۋاستە تەجرىبەمگە ئاساسەن، بۇ يەردە مەن بۇ سۆزلەرگە تەرىپ ۋە چۈشەنچە بېرىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرەي، مېنىڭ تەرىپىم توغرىمۇ-خاتامۇ، كەسىپداشلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، كېڭىشىپ باقساق بولىدۇ. مېنىڭچە، شېئىرنىڭ تۈپ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، شېئىرىي دېگەن بۇ سۆزدە، گۈزەل، ھاياجانلىق، تەسىرلىك، خىيالچان، غايىۋى دېگەن بەش سۆزنىڭ مەنىسىنىڭ بىرىككەن ئۇقۇمى بار. شۇنداق بولغاندا، شېئىرىي ھېسسىيات دېگەن سۆزنى گۈزەل، ھاياجانلىق، تەسىرلىك، خىيالغا باي، غايىۋى ھېسسىيات، شېئىرىي تىل دېگەن سۆزنى گۈزەل، ھاياجانلىق، تەسىرلىك، خىيالچان، غايىۋىلىققا ئىگە تىل، شېئىرىي پېكىر دېگەن سۆزنى گۈزەل، ھاياجانلىق، تەسىرلىك، خىيالچان، غايىۋى پېكىر دەپ چۈشەنسەك توغرا بولىدۇ، بۇندىن تاشقىرى، شېئىرىي دېگەن ئېنىقلىغۇچى بىلەن بىللە كەلگەن يۇقىرىقى باشقا سۆزلەرنىڭ ئۇقۇمىمۇ شۇنداق بولىدۇ، ئېنىقلىغۇچى ئۆزىگە بىرىكتۈرگەن ئۇقۇم ئۆزگەرمەيدۇ، ئېنىقلانغۇچى ئۆزگىرىدۇ. شۇنداق بولغاندا، شېئىرلاشتۇرۇلغان دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمىمۇ يېشىلىپ كېتىدۇ، يەنى بۇ سۆز — گۈزەللەشتۈرۈلگەن، ھاياجانلىق، تەسىرلىك، خىياللاشتۇرۇلغان، غايىۋىلەشتۈرۈلگەن دېگەنلىك بولىدۇ، پەقەت بۇ سۆزلەر ئېگىمىزدا بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تەڭلا پەيدا بولسا بولغىنى.

شۇندىلا، شېئىرىيەتنىڭ كۆپلىگەن بەدىئىي ئامىللىرىنى نەزەرىيە يېقىدىن چۈشەندۈرمەك ۋە چۈشەنمەك ئوڭايغا توختايدۇ.

شېئىرىي قۇرۇلما شېئىرىيەتنى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ باشقا تۈرلىرىدىن كەسكىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇھىم بىر شەكىل ئامىلى. شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ قۇرۇلمىسى رىتىملىق، ئاھاڭدار سۆزلەرنىڭ بەلگىلىك تەرتىپ ۋە قانۇنىيەت بويىچە تۇراق-ۋەزىنلىك مىسرالارنى ھاسىل قىلىشى، مىسرالارنىڭ بەلگىلەنگەن جايلىرىدا رىتىم ۋە سادا ھاسىل قىلىدىغان قاپىيەلەرگە ئىگە بولۇپ، كۇپلېت ياكى ئېپىزوتلارنى تەشكىللىشىدىن پەيدا بولىدۇ. رىتىم بىلەن سادا ياكى ۋەزىن بىلەن قاپىيە شېئىرنىڭ تۇغما شەكىل خۇسۇسىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شېئىر ئەڭ ئىپتىدائىي زامانلاردا ئەمگەك ئانىسىدىن تۇغۇلغاندىلا، بۇ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بىللە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ بۇ شەكىل ئالاھىدىلىكى ئارىدىن يۈز مىڭلاپ يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ يوقىلىپ كەتمىدى، بەلكى بارغانسېرى راۋاج تېپىپ، خىلمۇ خىللىشىپ، نازۇكلىشىپ ۋە مۇرەككەپلىشىپ باردى. ئۇزاق تارىخىي ئەمەلىيەت ئارقىلىق، بۇ خۇسۇسىيەتلەرسىز شېئىرنىڭ روشەن تاشقى شەكىلگە ئىگە بولالمايدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. شېئىرنى ۋەزىندىن ۋە قاپىيىدىن خالاس قىلىشقا ئۇرۇنۇش ئۇنى بەدىئىي ئەدەبىياتتا يەنە باشقا بىر تۈرگە، يەنى نەسرگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ، ئۇنى نابوردا شېئىرغا ئوخشاش مىسرالارغا ئايرىپ تىزىپ كۆرسەتكەن بىلەنمۇ شۇنداق. بىزدە يېقىنقى بەش-ئالتە يىلدىن بۇيان مۇنداق ئۇرۇنۇشمۇ بولدى. بىز ئۇلارنى شېئىر دېمەيمىز، بەلكى نەسىر دەپ ئاتايمىز، چۈنكى نەسرمۇ ئۆزىنىڭ سەنئەت



ئۆلچەملىرى بويىچە شېئىر بىلەن ئوخشاش كېلىدۇ، پەقەت شەكىل قۇرۇلمىسى جەھەتتىنلا ئوخشىمايدۇ. سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە شېئىرغا، شەكىل قۇرۇلمىسى بويىچە نەسرىي ئەسەرلەرگە ئوخشايدىغان بۇ خىل تۈر بىزدە تارىختا بولغان. بىز ئۇنى ئاق شېئىر دەپ ئاتايمىز، ھازىر نەسىر دەپ ئاتايدىغان بولدۇق. شۇڭلاشقا، يۇقىرىقىدەك ئۇرۇنۇش بىر خىل ئىجادىيەت ياكى يېڭىلىق ئەمەس، بەلكى بىزدە بولغان ۋە ھازىرمۇ بار نەرسە. تارىختىكىسىنى ئاق شېئىر، ھازىرقىسىنى نەسىر دەيمىز، ئەمەلىيەتتە ئىككىسى بىر گەپ، ئىككى خىل تۈر ئەمەس. نەسىر خەنزۇ ئەدەبىياتىدا بىز يۇقىرىدا دېگەندەك ئۇقۇمنى بەرمەيدۇ، ئۇنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ۋە خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا كۆرە، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ بىر چوڭ تۈرى بولۇپ شەكىللەنگەن. ياۋروپا ئەدەبىياتىدا بۇ تۈر نەسرىي شېئىر دەپ ئاتالغان، ئەرەبلەر، پارسلار ۋە ئايرىم تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتىمۇ بۇ تۈرنىڭ مىسالى بار. ئەمما ئۇ خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى نەسرگە بەكلا ئوخشاپ كەتمەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ مەن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئاق شېئىر تۈرى. بۇ تۈر بىزنىڭ ئاپتورلىرىمىز بۈگۈنكى كۈندە يېزىۋاتقان لىرىك نەسىر ۋە ئېپىك نەسرلەرنىڭ دەل ئۆزى. شۇڭلاشقا، نەسىر بىزگە سىرتتىن كىرگەن شەكىل ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆزىمىزدە يۇقىرىقىدەك ئەنئەنىلىك ئاساسى بار.

شېئىرىيەت ئۆز ئىچىدە مەزمۇن ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكى ۋە قۇرۇلما تەركىبىدىكى ماتېرىيال ئامىللىرىنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن، لىرىك شېئىرلار، ئېپىك شېئىرلار ۋە لىرو-ئېپىك

شېئىرلار دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئۈچ تۈرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەپسانە، رىۋايەت ۋە خىيالىي دېتاللارنى ماتېرىيال قىلىدىغان رومانتىك شەكلى بىلەن مەسخىرە دېتاللىرىنى ماتېرىيال قىلىدىغان ساتىرا شەكلى بار.

شېئىرىيەتنىڭ لىرىك تۈرى ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى روھىي ھادىسىلەر بىلەن شائىر خاراكتېرىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ئۆزىگە ئىجادىيەت ماتېرىيالى قىلىدۇ. يەنى بۇ تۈر تاشقى ئوبيېكتىپ دۇنياغا مەنسۇپ بولغان مۇرەككەپ تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىغا مەنسۇپ بولغان روھىي ھادىسىلەرگە — ئىدىيە، ھېسسىيات، خىيال، تەپەككۇر، روھىي ھالەت ئۆزگىرىشلىرىگە ھەمدە شائىرنىڭ خاراكتېر ئىندىۋىدۇئاللىقىغا — يەنى ئۇنىڭ ئويلىنىشلىرى، باھاسى، پوزىتسىيىسى، خىتابى، چاقىرىقى ۋە چۇقانلىرىغا، جۇملىدىن خۇشاللىقى، قايغۇسى، مۇھەببىتى، نەپرىتى، ياقتۇرۇشى ياكى يات كۆرۈشى، ئۇلۇغلاشلىرى ياكى سۆكۈشىگە ئايلاندۇرۇپ، شېئىرىي تەپەككۇر ۋە شېئىرىي نۇتۇق ياردىمى بىلەن بىۋاستە ئىپادىلەيدۇ. لىرىك تۈردە يارىتىلغان شېئىرىي ئوبراز ئىچكى دۇنيانىڭ تاشقى شەكلىگە ئىگە بولغان ئوبرازى بولىدۇ. بۇ خىل ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلىدا ئىنساننىڭ خاس روھىي چوڭقۇرلۇقىغا يوشۇرۇنغان، كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان، مەۋھۇم، شەكىلسىز نەرسىلەر كۆرگىلى ۋە ھېس قىلغىلى بولىدىغان كونكرېت شەكىللىك نەرسىلەرگە ئايلىنىدۇ. لىرىك دېگەن سۆز لىرىكىلىق دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى. لىرىكىلىق دېگەن سۆز قەدىمكى گرېك تىلىدىكى لىروس دېگەن سۆزدىن كەلگەن. لىروس — گرېك رىۋايەتلىرىدە سەنئەت ۋە شېئىرىيەت ئىلاھىنىڭ نامى. بۇ نام تارىخنىڭ سىلجىشلىرىدا، شېئىرىيەتنىڭ



ئۆزىگە ئۆتۈپ، ئۇنى سۈپەتلىگۈچى تەرىپكە ئايلىنىپ، كۆچمە مەنىگە ئىگە بولۇپ قالغان. بۇ سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى. بىزنىڭ تىلىمىزدا تەخمىنەن گۈزەل ھېس-تۇيغۇلۇق دېگەن ئۇقۇمنى بېرىدۇ. ھېس-تۇيغۇ — روھىي ماتېرىيال، ئىنساننىڭ سۇبيېكتىپ ئىچكى دۇنياسىغا تەۋە ھادىسە. لېكىن، ھېس-تۇيغۇ بولسىلا لىرىك شېئىرلارنىڭ ماتېرىيالى بولىۋەرمەيدۇ. ئۇ تاشقى دۇنيا رېئاللىقىنىڭ تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان كەچۈرمىشلىرى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلاپ ئۆزىگە ئايلاندۇرغان گۈزەل، ھاياجانلىق، تەسىرلىك ھېس-تۇيغۇ بولۇشى كېرەك.

شېئىرىيەتنىڭ لىرىك تۈرى قۇرۇلما ھەجمىگە، ئوبراز ماتېرىيالىنىڭ تۈرىگە ۋە ئوبراز يارىتىش ۋاستىلىرىنىڭ خىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ناخشا تېكىستى، تەبىئەت لىرىكىسى، ئىنتىم لىرىكا، گراژدانلىق لىرىكىسى (سىياسىي لىرىكا)، مۇھەببەت لىرىكىسى، قەسىدە، مەرسىيە، لىرىك داستان قاتارلىق ژانىرلارغا بۆلۈنىدۇ. مەن بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۈستىدە ئايرىم توختىلىپ ئولتۇرمايمەن بۇ ئىشنى باشقا ئايرىم ئەمگەكلەردە ئورۇنلاش نىيىتىم بار، پەقەت بۇ خىل تۈردىكى شېئىرلارنىڭ لىرىك تەركىبىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى دىققەتكە سازاۋەر قىلىش ئۈچۈن، بىر قانچە شېئىرنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىپ تەبىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتىمەن:

**چائادايېۋغا!**

مۇھەببەت ۋە ئۈمىد، تىنچ شان-شۆھرەت،

ياسالماس كۆڭۈلنى ئەمدى كۆپ زامان.
ئويۇن ۋە كۈلكىسى ئۆتتى ياشلىقنىڭ،
گويا چۈش، گوياكى تاڭدىكى تۇمان.
رەھىمسىز سەلتەنەت زۇلمى ئاستىدا،
يەنىلا ئارزۇلار ياندۇ ئويغاق.
يۈرەكنىڭ تەلپۈنۈپ سوقۇشلىرىدا،
ۋەتەن دەۋىتىگە سالىمىز قۇلاق.
كۈتىمىز مۇقەددەس ھۆرلۈك پەيتىنى،
خورلۇقتا، ئازابتا بولۇپ سەۋرىچان.
مىسالى ياش يىگىت ۋىسال دەمىنى
زارىقىپ، ئەندىكىپ كۈتكەندەك ھامان.
دىللاردا لاۋۇلدار ئوتى ئەركىنىڭ،
يۈرەكتە ئۆلمىگەن تېخى شان ھېسسى.
ئاھ، دوستۇم، ۋەتەنگە تەسەددۇق بۇ جان،
پەيدادۇر ئۇنىڭغا كۆڭۈل تۇيغۇسى.
دوستۇم سەن ئىشەنگىن: كۆرىمىز شەكسىز،
نۇر چېچىپ بالقىغان تاڭ يۇلتۇزىنى،
مۇقەددەس ئويغىنىش كۈتمەكتە بىزنى.
ھاكىمى مۇتلەقلىق خارابىسىگە،
بېزىشار شۆھرەتلىك ناملىرىمىزنى!

1818 - يىل.

بۇ رۇس شائىرى ئا. س. پۇشكىننىڭ شېئىرى، سىياسىي لىرىكا. پۇشكىن بۇ شېئىرىنى دېكابرىستلارنىڭ چارپادىشاھى



نىكولاي I گە قارشى ئۇيۇشتۇرغان مەخپىي تەشكىلاتى — «بەخت ئىتتىپاقى» نىڭ ئەزاسى، مۇھاپىزەتچى ئاتلىق ئەسكەرلەر كورپۇسىنىڭ ئوفىتسېرى چائادايېۋغا ئاتاپ يازغان. بۇ شېئىر ئەينى چاغدا دېكابرىستلار ئىچىدە غايەت زور تەرغىباتچىلىق رولىنى ئوينىغان.

## نويال[1]

ھۇررا! ساياھەتتىن قايتىپ بىر زالىم،
كەلمەكتە ئۇچقاندەك روسىيە تامان.
ئازابلىق يىغلايدۇ ئەيسا پەيغەمبەر،
ۋە ئەلمۇ قايغۇلۇق ئۆكسۈيدۇ شۇ ئان.
ئەيسانى ئالدىراپ قورقۇتار مەريەم:
ئالۋاستى — رۇس شاھى كەلمەكتە قارا.
ئۇخلىغىن جان قوزام، كۆزلىرىڭنى يۇم!
پادىشاھ كىردى ۋە ئەيلىدى جاكا:
ئەي دوستلار، سىلەرمۇ ئۇقۇپ قېلىڭلار،
دۇنيادا ھەممىسى ئۇققان زور ئىشنى:
خالىدىم ئۆزۈمگە ئاۋىستىرىيىچە
ۋە پىروسسىيىچە فورما تىكىشنى.
مەن ساغلام، سېمىز، توق، تەبرىكلە خەلق،
ھەر كۈنى ئۇلۇغلار گېزىتچىلىرىم.
ئىچىمەن ۋە يەيمەن، ۋەدە بېرىمەن،
تالمايدۇ ھەر ئىشتا مېنىڭ بۇ تېنىم.

---

[1] فرانسۇز تىلى. مەنىسى — روژدېستۋو قەسىدىسى.

نىملەر قىلمەن بۇنىڭدىن كېيىن،
قوشۇمچە سۆزۈم بار، قىلىڭلار ئاڭلاپ:
رافىلوۋ ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلىنار،
سوسنى ساراڭخانىغا قويمەن قاماپ؛
گورگولنىڭ ئورنىغا بېرىمەن قانۇن،
ئىنسانلىق ھوقۇقى ئاتا قىلمەن،
بۇ مېنىڭ سىلەرگە قىلغىنىم شەپقەت،
كۆڭلۈمدىن ئۇرغىغان خالىس بىر نىيەت.

بۇ جاكار تۆپەيلى غايەت شاد بولۇپ،
كارىۋاتتىن قوزغىلىپ سەكرىدى بوۋاق:
ئېيتقىنا، ئېيتقىنا، راستىمدۇر ئاپا،
بۇ شاھنىڭ ئېيتقىنى ئەمەستۇر چاقچاق؟
— ئۇخلىغىن جان قوزام، ئۇخلاش ۋاقتى بۇ،
دەپ ئېيتار ئانىسى بوۋاقنى بەزلەپ.
قۇلاق سال، سەن ئۈچۈن پادىشاھ بوۋاڭ،
بىر گۈزەل چۆچەكنى بەرمەكتە سۆزلەپ.

— 1818-يىل

بۇمۇ ئا. س. پۇشكىننىڭ شېئىرى، سىياسىي لىرىكا، ئەمما سىياسىي لىرىكىنىڭ ساتىرا شەكلى. خرىستىئانلارنىڭ «يېڭى ئىنجىل» دېگەن كىتابىدا ئەيسا پىراۋېسلاۋنى بۈۋى مەريەم ئانا غايىبتىن ھامىلدار بولۇپ تۇغقان، دېگەن خاتىرە بار. شۇڭا، خرىستىئانلار بۈۋى مەريەمنى ئىلاھىي



ئانا دەپ، ئەيسا پەيغەمبەرنى بولسا خۇدا دەپ بىلىدۇ. پۇشكىن دەل مۇشۇنىڭدىن دېتال ئېلىپ، يۇقىرىقى شېئىرىدا ئەيسانى بالىغا، بۈۋى مەريەمنى ئۇنى بەزلەپ تۇرغان ئانا ئوبرازىغا ئايلاندۇرغان. بۇ شېئىر ئۆزى يېزىلغان ۋاقىتتىكى رۇسىيە پادىشاھىنىڭ ياۋروپادىكى سىياسىي پائالىيەتلىرىنى، ئۇنىڭ دىپلوماتىك باردى-كەلدىلىرىنى، خەلققە بېرىۋاتقان يالغان ۋەدىلىرىنى مەسخىرىلىگەن. بۇ شېئىردا شائىر بۈۋى مەريەم ۋە ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق، چارپادىشاھى نىكولاي I نى ئاۋام تۇرماق خۇدانىمۇ ئالدىيالايدىغان ساختىپەز دېگەن شېئىرىي پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، نىكولاي I نىڭ ئۆزىنىڭ شېئىردىكى ئوبرازىنى ئانىلار بالىلىرىنى ئادەتتە ئالۋاستى كەلدى، ئۇخلا! دەپ قورقىتىپ ئۇخلىتىدىغان چاغدا پايدىلىنىدىغان ئالۋاستىنىڭ ئوبرازىغا باراۋەر قىلىپ قويىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى مىسال سىياسىي لىرىكا ياكى گراژدانلىق لىرىكىسى دەپ ئاتىلىدىغان ژانىرنىڭ شېئىرىيەت تۈرلىرىدە ئەزەلدىن بار ئىكەنلىكىنى، بىۋاستە سىياسىي مەزمۇنلاردا يېزىلىدىغان شېئىرلارنى شېئىر ئەمەس دەپ تونۇۋېلىشنىڭ دەۋا ئاساسى يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. گەپ — سىياسىي مەزمۇننى قانداق شېئىرلاشتۇرۇشتا. يەنى بىز سىياسىي مەزمۇننى ئاۋۋال ھېسسى ۋە ئىندىۋىدۇئال شېئىرىي دېتاللارغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، ئاندىن ئۇلاردىن شېئىرىي ئوبراز يارىتالىساق ۋە بۇ ئوبراز ياردىمى بىلەن سىياسىي پىكىرنى ئىجادىي شېئىرىي پىكىرگە ئايلاندۇرۇلساق، سىياسىي لىرىكا يېزىش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز. سىياسىي لىرىكىمۇ شېئىرنىڭ

بىر شەكلى بولغاچقا، ئۇنىڭ بەدىئىيلىكىنى تەكشۈرۈشتە، شېئىرنىڭ سەنئەت ئۆلچەملىرى يەنىلا ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. ئەمما بىزدە، ئۇزۇندىن بۇيان ئۇنىڭ كېيىنكى تەرىپىگە سەل قارىلىپ كەلدى، شۇڭا، كىشىلەردە بىزار بولۇش كەيپىياتى كېلىپ چىقتى.

## كەچ كۈزدىكى خىيال

كەچ كۈز...
ئايلاندىم كەڭ كوچىلارنى مەن،
تۆكۈلگەن يوپۇرماق،
سارغايغان ئورمان،
ئۆمرۈمنىڭ كۈزىنى سېلىپ ئېسىمگە،
بىردىنلا قەلبىمنى قاپلىدى پىغان...
قېنى ياشلىق باھارىم؟
قېنى گۈل پەسلىم؟
قېنى شوخ بۇلبۇللار
سايرىغان خەندان؟
ئېيتتىم مەن قانچە يىل ياشلىق كۈيىنى
نەۋباھار چاغلىرىم بولمىدى ئايان...
ھەسرەت بىلەن دېدىم: «ئەلۋىدا!»
كۆز يېشىم گوياكى بولدى بىر قىيان.
ئەسلىسەم ئۆمۈرنىڭ جەننەت پەسلىنى
يانىدۇ يالقۇنلاپ يۈرەكتە ئارمان.



بۇ شائىر ئابدۇرۇسۇل ئۆمەرنىڭ شېئىرى، 1991-يىل نويابىردا يېزىلغان، ئىنتىم لىرىكا. ئىنتىم لىرىكا بۇ مۇشۇ خىل لىرىكىنىڭ ئىلمىي نامى، مەنىسى شەخسىي لىرىكا دېگەنلىك بولىدۇ. يەنى شەخسلەرنىڭ ئۆز تۇيغۇلىرى، ئۆزى توغرىسىدىكى ئوي-پىكىرلىرى، ئۆز تەقدىرى توغرىسىدا يېزىلىدىغان لىرىكا. بۇ خىل لىرىكىلاردا شائىرنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى ئاساسلىق ئوبراز ماتېرىيالى بولىدۇ. لېكىن شائىر دۇنيادا يەككە-يېگانە ياشىمايدۇ، ئۇ ئادەملەر توپى ئىچىدە ياشايدۇ، يەنى شۇ ئىجتىمائىي توپنىڭ بىر ئەزاسى بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، شەكلەن ئۇنىڭ شەخسىيگە تەۋەدەك كۆرۈنگەن دېتاللار، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭلا بولمايدۇ، بەلكى پۈتۈن بىر ئىجتىمائىي توپقا تەۋە بولىدۇ. بۇ يەردە ئورتاقلىق شەخسىي تەۋەلىك ئىچىدە كۆرۈنىدۇ، تىپىكلىك ئىندىۋىدۇئاللىق ئىچىدە نامايان بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئىنتىم لىرىكىدا يارىتىلغان ئوبرازنى دەل شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ ئوبرازى، ئۇنىڭدا سۈرەتلەنگەن تەقدىرنى دەل شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ تەقدىرى دەپ قاراش خاتا بولىدۇ. بۇ خىل لىرىكىلاردا شائىر باشقا كۆپلىگەن «مەن» لەر ۋە شەخسىي تەۋەلىكلەرنىڭ ئۆز ئوبرازىنى يارىتىشىغا ۋاستە بولۇپ بېرىدۇ، خالاس. بىز بۇنىڭدىن ئىنتىم لىرىكىنىڭ باشقا تۈر ۋە ژانىرلارغا ئوخشاشلا بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش، يىغىنچاقلاش، تىپىكلەشتۈرۈش قانۇنىيىتىگە رىئايە قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. يۇقىرىقى شېئىردا ئالدى بىلەن تاشقى ئوبيېكتىپ دۇنيا شائىرنىڭ سۇبيېكتىپىغا — ئۇنىڭ كەيپىياتىغا، ھېس-تۇيغۇسىغا ۋە روھىي كەچۈرمىشلىرىگە ئايلاندۇرۇلغان، ئاندىن بۇ روھىي ھادىسىلەر راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ھاياجانلىق زىلزىلە ھاسىل قىلىپ، ئاخىرىدا

شېئىرىي پىكرىنىڭ تراگېدىيىلىك خاراكتېر ئالغان شەكلى بىلەن ئايىغلاشقان. مەن بۇ يەردە ئېيتقان تاشقى دۇنيا — كەچ كۈز، تۆكۈلگەن يوپۇرماق، سارغايغان ئورمان. بۇ كۆرۈنۈش لىرىك قەھرىمان «مەن» نىڭ ئۆزىنىڭ ئۆمرىنىڭمۇ كۈز پەسلىگە كىرىپ قالغانلىقىنى ئېسىگە سېلىپ قويىدى، تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرىگە ماس ھالدا ئۇنىڭدا پىغانلىق كەيپىيات پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن روھىي زىلزىلە باشلاندى. «قېنى ياشلىق باھارىم، قېنى گۈل پەسلىم، قېنى شوخ بۇلبۇللار، سايرىغان خەندان؟» شۇنداق، ئۇلار ئەمدى يوق، مەڭگۈ قايتماس بولۇپ ئۆتۈپ كەتكەن، ئىنسان ئۆمرىنىڭ ئۇ جەننەت پەسلى ھەممىلا ئادەمنىڭ ئۆمرىدىن شۇنداق ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ شۇنداق قايناق، شۇنداق جۇشقۇن، شۇنداق گۈزەل، شۇنداق ئارزۇلۇق بىر پەسىل، ئەمما ئۆمرى بەكمۇ قىسقا. ئىنسان يەنىلا ئۇنىڭغا تارتىشىدۇ، ئۇنىڭ ئارمانلىرى يۈرەكتە يەنىلا يالقۇنلاپ كۆيۈپ تۇرىدۇ، ئەمما ئۇ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ — دەل مانا مۇشۇ نۇقتىدا تراگېدىيە پەيدا بولىدۇ، يەنى ئىنسان ئۆمرىنىڭ، ئۇنىڭ ئىنتىلىشلىرىنىڭ تراگېدىيىسى. ئۇنىڭ ئىنتىلگەن، ئارمان قىلغان، تارتىشىپ تۇرۇۋاتقان نەرسىسى ناھايىتى گۈزەل، يالقۇنلۇق، ئەمما ئۇنىڭغا ئەمدى مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدۇ. بۇنى لىرىك قەھرىمان «مەن» ئازاب بىلەن چۈشىنىپ يېتىدۇ، كۆز ياشلىرى قىياندەك قۇيۇلىدۇ ۋە «ئەلۋىدا!» دەيدۇ. «ئەلۋىدا» دېگەن بۇ سۆز بىزنىڭ تىلىمىزدا پەقەت ئىككى خىل ھالەتتىلا ئېيتىشقا بولىدىغان خوشلىشىش سۆزى، ئۇنىڭ بىرىنچىسى ئۆلۈم، بىز ئۆلۈپ كەتكەنلەر بىلەن خوشلاشقاندا ئەلۋىدا! دەيمىز، يەنە بىرى گەرچە ئۆلمىگەن بولسىمۇ، شۇ خوشلاشقىنىچە



تاكى ئۆلۈپ كەتكىچە قايتا كۆرۈشەلمەيدىغان ئادەملەر. بۇ خىل ئايرىلىش ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۆلگەن بىلەن باراۋەر، شۇڭا ئۇلارمۇ ئەلۋىدا، دەپ خوشلىشىدۇ. بۇ شېئىرىدا لىرىك قەھرىمان «مەن» مۇ ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىق پەسلى بىلەن ئەلۋىدا! دەپ خوشلاشقان. شۇنىڭ بىلەن شېئىردا مەن يۇقىرىدا ئېيتقاندەك تراگېدىيىلىك شېئىرىي پىكىر ۋە تراگېدىيىلىك شېئىرىي كەيپىيات پەيدا بولغان. ئەلۋىدا دېگەن سۆزنىڭ مىسالى شېئىردا سۆزلەرنى باب ئېلىشنىڭ ئۆزىدىمۇ ناھايىتى روشەن ئوبراز تۇغۇلدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## ئا. پ. كېرنگ !

ئېسىمدىدۇر ئۇ جىلۋىلىك گۈزەل پەيت:
سەن ئالدىمدا بولغان ئىدىڭ نامايان.
كۆرۈنگەنتىڭ يىراق، مەۋھۇم خىيالدەك،
نازاكەتلىك پاك پەرىدەك ئېسىل جان.
قىينالغاندا چەكسىز قايغۇ-ئازابتا،
ئاڭلاپ تۇردۇم سېنىڭ شېرىن ئۈنۈڭنى.
مەشئۇم خىيال تۇتقان چاغدا قىيناقتا،
چۈشلىرىمدە كۆردۈم ئوماق يۈزۈڭنى.
بورانلاردا ئۇچۇپ ئۆتتى كۆپ يىللار،
ھاياتىمدىن غايىب بولدى خىيالىڭ.
ئۇنتۇپ قالدىم يۇمشاق، شېرىن ئۈنۈڭنى،
ۋە يوقالدى پەرىشتىدەك چىرايىڭ.
چەت ئۆلكىدە تۇتقۇنلۇقتا ياشىدىم،
ئاي-يىللىرىم ئۆتتى جىمجىت زۇلمەتتە.

نه ئىلاھ بار، نه كۆز يېشى، نه ئىلھام،
مەن بولمىدىم سۆيگۈدە ۋە مېھنەتتە.
روھىم مېنىڭ بۇگۈن يەنە ئويغاندى،
سەن ئالدىمدا بولدۇڭ يەنە نامايان.
پەيدا بولدۇڭ يىراق، مەۋھۇم خىيالدەك،
نازاكەتلىك پاك پەرىدەك ئېسىل جان.
قەلبىم مېنىڭ چۇقان سېلىپ ئويغاندى،
شاد-خۇراملىق چۇلغىۋالدى ھەم ئۇنى.
قايتتى ماڭا ئىلاھ، ئىلھام، كۆز يېشى،
تاپتىم يەنە ھاياتنى ۋە سۆيگۈنى.

بۇ مۇھەببەت لىرىكىسى، ئا. س. پۇشكىننىڭ شېئىرى، 1825-يىلى يېزىلغان. شائىر بۇ لىرىكىسىدا سۆيگۈدىن مەھرۇم بولغان ھايات — ھايات بولمايدۇ دېگەن شېئىرىي پىكرىنى ئىلگىرى سۇرۇپ، مۇھەببەتنىڭ ئىنساننىڭ ھاياتىدا، ئۇنىڭ ھېسسىياتى، ئېتىقادى، مېھنىتى ۋە تەقدىرىدە تۇتقان مۇھىم ئورنىنى تەكىتلەيدۇ. ئاننا كېرن پۇشكىن يىگىرمە ياشقا كىرگەن يىلى تونۇشۇپ قالغان ۋە كۆڭۈل بەرگەن بىر قىزنىڭ نامى، ئەمما ئەينى چاغدا 19 ياشقا كىرگەن بۇ قىز 52 ياشلىق بىر گېنېرالغا ياتلىق قىلىۋېتىلگەن بولۇپ، بۇمۇ تراگېدىيىلىك بىر سۆيگۈ بولغانىدى. ئالتە يىلدىن كېيىن، يەنى 1825-يىلى پۇشكىن ئاتا-ئانىسىنىڭ مۈلكى — مىخايلوۋىسكى يېزىسىدا نەزەربەنتتە يۈرگەندە، ئانناكېرن بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالىدۇ، ئۇ قوشنا ئۇچتاغ يېزىسىغا تۇغقان كۆرگىلى كەلگەنىكەن. بۇ ئۇچرىشىش شائىرنىڭ يۇقىرىقى شېئىرىنى يېزىشقا سەۋەب بولغان.



## تۇل ئايال

بۇ ئىشىكنىڭ ئىچىدە تۈنەر،
نەق سەككىز يىل قوغلانغان سېغىنىش.
ئىچكىرىدە ئېرى يوق جۇۋان
ئۇخلاپ ياتار، تۇل بېشى تىنچ.
تۆكۈلۈپ چۈشكەن ئۆينىڭ سۇۋىقى،
بۇ جۇۋاننىڭ مىتىن سەۋرىدىن.
سەككىز يىلكى، كېلىپ سۆيمەيدۇ،
كىمدۇر ئۇنىڭ قۇرغاق لىۋىدىن.
ئاسمان بولسا — قارارسىز ئاسمان،
كۆزلىرىگە كېلىپ پاتمايدۇ.
سەككىز يىلكى، ئۇنىڭ كۆكسىگە
قۇياش پاتىدۇ،
ئەمما،
تاڭلار ئاتمايدۇ...

بۇمۇ مۇھەببەت لىرىكىسى، تاجىكىستانلىق ياش ئۆزبېك شائىرى ئەلشىر نەرزۇللانىڭ شېئىرى. شېئىرنىڭ پىكرى: «سەككىز يىلكى، ئۇنىڭ كۆكسىگە، قۇياش پاتىدۇ، ئەمما، تاڭلار ئاتمايدۇ...» دېگەن مىسرالارغا جايلاشقان. بۇ جۈپتىسىز قالغان ئايالغا نىسبەتەن ھاياتنىڭ كېچىسىلا بار، كۈندۈزى يوق دېگەن گەپ. بۇ لىرىكىمۇ مۇھەببەتنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئورنىنى تەكىتلەپ كۆرسەتكەن.
مۇھەببەت لىرىكىلىرىدا شائىر ئۆز ماتېرىيالىنى ئىنساننىڭ

سۆيگۈ تەقدىردىكى روھىي كەچۈرمىشلىرىدىن، بۇ روھىي كەچۈرمىشلەر ئىچىدىكى نازۇك، مۇرەككەپ، دولقۇنلۇق، ئۆزگىرىشچان، ھاياجانلىق، تەسىرلىك ھادىسىلەردىن ۋە تەپسىلاتلاردىن تاللىۋالىدۇ. ئەمما شەرت، بۇ خىل ھادىسە ۋە تەپسىلاتلار تىپىكلىك ئەھمىيىتىگە ۋە ئىستېتىك تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان دېتاللاردىن بولۇشى كېرەك. مۇھەببەتكە دائىر ئۇچرىغانلا ھېس-تۇيغۇ ۋە كەچۈرمىش مۇھەببەت لىرىكىلىرىنىڭ ماتېرىيالى بولۇۋەرمەيدۇ. تاتار شائىرى ھادى تاقتاشنىڭ: «مۇھەببەت ئۇ كونا نەرسە، ھەربىر يۈرەك ئۇنى يېڭىلار» دېگەن ئىككى مىسرا شېئىرى بار. مۇھەببەت لىرىكىلىرى ھەر بىر شائىردا مانا مۇشۇ يېڭىلاشلاردىن كېلىپ چىقىدۇ ھەم ئىجادىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

تەبىئەت لىرىكىلىرىدا، ئىچكى دۇنيا ھادىسىلىرىنى تاشقى شەكىلگە ئىگە قىلىش ئىشى ئوبراز دېتاللىرىنى تەبىئەتتىن ئېلىش ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ. تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى، ئۇنىڭ ئومۇمىيلىقى ۋە كەڭلىكلىرى، مەسىلەن، تاغلار، دېڭىزلار دەريالار، ئورمانلار، تۈزلەڭلىكلەر، جاڭگاللار، چۆللەر، دەشتۇ باياۋانلار، ئاسمان-زېمىن قاتارلىقلار، ئۇنىڭ كونكرېتلىقى، مەسىلەن، ياكى بىر تۈپ دەرەخ، ياكى بىر تال چېچەك، قۇملۇقتا قالغان كېيىكنىڭ ئىزى، قار ئۈستىدە ياتقان ئۆلۈك قۇش، يار گىرۋىكىدە يېرىم يىلتىزى ئېچىلىپ قالغان كۆكات، چېچەكلەپ تۇرغان كۆك يانتاق، كېسىلگەن توغراق دېگەندەك سانسىز-ساناقسىز يەككە دېتاللار تەبىئەت لىرىكىسى ئۈچۈن ئوبراز ماتېرىيالى بولىدۇ. كېلىمات ۋە پەسىل ئۆزگىرىشلىرى، يەنى تۆت پەسىلنىڭ ئۆزگەرگەن كۆرۈنۈشلىرى، شامال،



بۇلۇت، تۇمان، يامغۇر، ئاپتاپ، مۆلدۈر، قار، شەبنەم، قىراۋ، مۇز، ئەگىز، كەلكۈن، ھەتتا ئېقىندىن چاچراپ چىقىپ يوپۇرماقتا توختاپ قالغان بىر تامچە سۇمۇ تەبىئەت لىرىكىسى ئۈچۈن ئوبراز دېتالى بولالايدۇ. بۇ خىل رەڭمۇ رەڭ تەبىئەت دېتاللىرىدىن يارىتىلغان شېئىرىي ئوبرازلاردا شائىرنىڭ كەيپىياتى ۋە ئىدىيىۋى ھالىتى ئەكس ئېتىدۇ. شائىر تەبىئەت دېتاللىرىنى ئۆزى ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان كەيپىياتقا، ھېس-تۇيغۇغا ۋە خاھىشقا ماس رەۋىشتە تاللىۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغىنى خۇشال، روھلۇق، كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات بولسا، ئۇ ھەرگىز تۇتۇق، كۆڭۈلسىز ئاسماننى، ئادەمنى غەمكىنلىككە سالىدىغان ھاياتسىز چۆللەرنى تەسۋىرلەپ ئولتۇرمايدۇ. ئەمدى شائىرنىڭ ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان كەيپىياتى بىلەن ھېس-تۇيغۇسىدا بولسا رېئال دۇنيادىن ئېلىنغان كونكرېت تېماتىك مەزمۇن ۋە ئېنىق خاھىشچانلىقى بولغان ئىدىيىلەر يوشۇرۇنۇپ ياتقان بولىدۇ. بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى تەبىئەت لىرىكىلىرىدا شېئىرىي ئوبرازلارنىڭ غۇۋا، سىمۋوللۇق ۋە بېشارەتلىك بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. سىمۋوللۇق ئىپادىلەش بىلەن شېئىرىي غۇۋالىق ئۇنىڭ ئوبراز يارىتىشتىكى بىر خىل خاراكتېرلىك خۇسۇسىيىتى. بۇ يەردە ئېيتىلغان شېئىرىي غۇۋالىق شېئىرنىڭ ھەرقانداق تۈرىدە بولىدۇ، لېكىن تەبىئەت لىرىكىلىرىدا كۆپرەك نىسبەتتە ۋە چوڭراق كۆلەمدە بولىدۇ. ئۇ تارىختىن بۇيان شۇنداق بولۇپ كەلگەن. شېئىردا مەلۇم دەرىجىدىكى شېئىرىي غۇۋالىقنىڭ بولۇشىنى ئۇنىڭ رېئال دۇنيانى ۋە ھايات ھادىسىلىرىنى ئىنتايىن ئىخچام ۋە يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ ئىپادىلىشى كېرەك ئىكەنلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان. يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ ئۆزى شېئىردا ھەممە

نەرسىنىڭ ئىنىق ۋە تەپسىلىي بولۇشى لازىم ئەمەسلىكىنى بەلگىلىگەن. دېمەك، تەبىئەت لىرىكىسى «ئەقلىغا ئىشارە، نادانىغا جۇۋالدۇرۇز» دېگەن ئۇيغۇر خەلق ماقالىدىكى ئەقلىغا ئىشارە باسقۇچىدىلا توختىلىنىدۇ، نادانىغا جۇۋالدۇرۇز پرىنسىپى تەتبىق قىلىنمايدۇ. بۇ يەردە تەكىتلەنگەن شېئىرىي غۇۋالىق مودېرنىزمچىلار ئېيتقان گۇڭگىلىق ئەمەس، ئىككىسى ئىككى خىل چۈشەنچە. بىز ئېيتقان غۇۋالىق ئىچىدىكى نەرسىلەرنى كۆرگىلى، بىلگىلى ۋە چۈشەنگىلى بولىدۇ. مودېرنىزمنىڭ گۇڭگىلىقىنى بولسا، بۇ ئۇسۇلدا يېزىلغان شېئىرنىڭ مۇئەللىپى ئۇنىڭ شۇ شېئىر ئۈچۈن ئۆزى تۈزگەن، ئۆزىلا بىلىدىغان سىمۋول لۇغىتىنى ۋە ئىما-ئىشارەتلەرنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆزى تاپشۇرۇپ بەرمىگىچە، ئۇنى بىلگىلى ۋە چۈشەنگىلى بولمايدۇ. بۇ خىل گۇڭگىلىق ئۆزى تۈزگەن تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى پەقەت ئۆزىلا تاپالايدىغان، بەزىدە ھەتتا تېخى ئۆزىمۇ تاپالمايدىغان گۇڭگىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇنداق دېگىنىم، بىرەر گۇڭگا شېئىرنىڭ ئاپتورىدىن، ئۇ شېئىرىدا نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى سورىسىڭىز، ئۇ سىزگە بىر نېمە دەپ بېرەلمەيدۇ، شېئىر دېگەن شۇنداق نەرسە، ئۇ ھېچنېمە دېمەيدۇ دەپ تۇرۇۋالىدۇ.

تەبىئەت لىرىكىلىرى ئۈچۈن ئىككى مىسال:

## تاغلار قوشىقى

قارلىق چوققا ئاسماندا ئاقىرىدۇ،
پارقىرايدۇ مۇز تاجى كۈمۈش بولۇپ.
ئەسىر كۆرگەن ھاڭ تاشلار ئاق ۋە ھاۋارەڭ،
ئۇزاق تاغلار ياتىدۇ دولقۇنلۇنۇپ.
كۆك دېڭىز ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلگەن،
دېڭىز گويا شۇ پېتى قالغان قېتىپ.
تاغ قاتمۇ قات، ياتىدۇ تۆپىلىكلەر —
ئالتۇن رەڭلىك چۆللەرگە غۇلاچ ئېتىپ.
تۇمان كۆكۈچ، داۋانلار ئېگىز-پەستە،
گويا ئىسيان كۆتۈرگەن زېمىن - ئاسمان.
قاراڭغۇلۇق قوينىدا تەسكەي يارلار،
جىلغىلارنى ئۆتكۈنچى بۇلۇت باسقان.
قارلىقلارنىڭ ئېتىكى چەكسىز سەھرا،
ئېدىرلىقلار ياتىدۇ زەنجىر بولۇپ.
قەد كۆتۈرگەن سايلاردا تەنھا تاغلار،
قىيا جەڭدە — ئاسمانغا خەنجەر ئۇرۇپ.
سەل غەزەپلىك، ئاقىدۇ جۇشقۇن دەريا،
بۇ تاغلاردا ئۆلمىگەن تېخى ھايات.
كېيىك توپى ئىچكىرى جىلغىلاردا،
ھاڭلار بويلاپ قاقىدۇ بۈركۈت قانات.
قىلىچلىق بوۋىلارنىڭ جەستى — تاغ،
كۆتۈرۈلگەن سۆڭەكلەر يۈكسەك بولۇپ.
ئەسىر كۆرگەن ھاڭ تاشلار ئاق ۋە ھاۋارەڭ،
ئۇزاق تاغلار ياتىدۇ دولقۇنلۇنۇپ...

1967-يىل 4-ئاي.

بۇ — مېنىڭ شېئىرىم. شېئىرنىڭ دېتالىنى تەڭرى تاغلىرىنىڭ تەبىئىي كۆرۈنۈشىدىن ئالدىم، جانسىز ۋە جانلىق

كۆرۈنۈشلەرنى ئۆزئارا كىرىشتۇردۇم، شېئىرنى سۈرەتلەش ۋە شېئىرنى مۇبالىغە ياردىمى بىلەن جانسىز كۆرۈنۈشلەرنىمۇ جانلاندۇرۇپ، ھەرىكەتتە، تەۋرىنىشتە ۋە دولقۇنلۇنۇپ تۇرغان ھالەتتە قىلىپ تەسۋىرلىدىم. مېنىڭ مۇنداق قىلىشتىكى مۇددىئايىم «بۇ تاغلاردا ئۆلمىگەن تېخى ھايات»، «قىلىچلىق بوۋىلارنىڭ جەسىتى — تاغ، ئۇزاق تاغلار ياتىدۇ دولقۇنلۇنۇپ» دېگەن مىسرالارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان شېئىرىي پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە بۇ پىكىرنىڭ تۇغۇلۇشىغا مۇناسىپ كېلىدىغان شېئىرىي مۇھىت يارىتىش ئۈچۈن بولغان.

قىلىچلىق بوۋىلارنىڭ جەسىتىدىن پۈتكەن بۇ تاغلار دولقۇنلۇنۇپ، تەۋرەپ تۇرۇۋاتىدۇ، تىنچ ياتالمايۋاتىدۇ... نېمىشقا؟ بۇ يەردە مەن يۇقىرىدا ئېيتقان شېئىرىي غوۋالىق بار. بۇ نېمىشقىنىڭ جاۋابى شېئىرنىڭ يېزىلغان چېغى خاتىرىلەنگەن 1967-يىل 4-ئاي دېگەن ۋاقىت خاتىرىسىدىن چىقىدۇ. بۇ غوۋالىقنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئەينى يىللاردا بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلەرنى، شېئىرنىڭ دەۋرىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئېنىقلاش كېرەك. شۇنىڭدەك، مېنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىدىيەۋى كەيپىياتىمنىمۇ ئېنىقلىماي بولمايدۇ. چۈنكى بۇ شېئىردا، ماڭا تەسىر كۆرسەتكەن ئىجتىمائىي-سىياسىي ۋەقەلەر كەيپىياتقا، كەيپىيات بولسا تەبىئەتكە ئايلاندۇرۇلغان.

## يورۇق يۇلتۇز

كۆلەڭگۈسى ئۇزاردى تېرەكلەرنىڭ،
چۆلدىن قايتتى پادىلار، چوپان ھارغان...
كۈن سۇناقتا ھالسىراپ، پەقەت ئۇنىڭ —



بۇلۇتلاردا ئالتۇن رەڭ ئەكسى قالغان.
تاغ يارىدار، ئاسمانغا قان چاچرىدى،
گۈگۈم تۇتتى قارىلىق قىزىل قانغا.
كۆتۈرۈلدى دەريادىن كەچكى سالقىن،
سوغۇق تىترەك ئولاشتى سۇۋادانغا.
ئۇچۇپ چىقتى شەپەرەڭ ئەسكى تامدىن،
يوشۇرۇنغان چېكەتكە چىرىلدايدۇ.
بوستانلارغا تۈن چۆكتى خىرە-شىرە،
قاراڭغۇلۇق مەخمەلدەك جىملدايدۇ.
يالغۇز ئاققۇ ئۇچىدۇ ئېگىزلىكتە،
ئۇ ئاداشقان ۋە ئەنسىز ۋارقىرايدۇ.
يورۇق يۇلتۇز كۆك ئارا بولدى پەيدا،
ئۇ دىلدىكى ئۈمىدتەك پارقىرايدۇ...
ئۇ چاقنايدۇ كۈن نۇرى ئەكس ئەتكەن —
زۇلپىقارنىڭ قويۇچ بىسلىق يۈزى بولۇپ.
ئۇ چاقنايدۇ چۆللەردە تېنەپ قالغان —
سەيياھنىڭ يول ئىزلىگەن كۆزى بولۇپ...

1967-يىل 5-ئاي.

بۇمۇ تەبىئەت لىرىكىسى، مېنىڭ شېئىرىم. مەن بۇ شېئىردا، 1967-يىلى — يەنى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلىنىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ماڭا ئوخشاش سانسىز-ساناقسىز ئادەملەرنىڭ روھىي چوڭقۇرلۇقىدا پەيدا بولغان نارازىلىق، غەمكىنلىك، ۋەھىمە، تېنەش، گاڭگىراش، يول ئىزلەش ۋە ئۈمىدكە تەلپۈنۈشتەك مۇرەككەپ كەيپىياتنى

ئوبرازلاشتۇردۇم. كۈن ئولتۇرۇپ، گۈگۈمنىڭ قاپلاپ كېلىشىنى: «تاغ ياردار، ئاسمانغا قان چاچرىدى، گۈگۈم تۈتتى قارلىق قىزىل قانغا» دەپ تەسۋىرلىدىم. ھەممە يەرنى قاپلاپ تۇرغان ۋەھىمىنى «سوغۇق تىترەك ئولاشتى سوۋادانغا» دەپ سىمۋوللاشتۇردۇم، بۇ ئۆزەكى قارىغاندا، سوۋادانىڭ شامالدا شىلدىرلىشىدەكمۇ كۆرۈنىدۇ. ئۇمۇمىي تېنەش ۋە گاڭگىراشنى «يالغۇز ئاققۇ ئۇچىدۇ ئېگىزلىكتە، ئۇ ئاداشقان ۋە ئەنسىز ۋارقىرايدۇ» دەپ ئوبرازلاشتۇردۇم. يوشۇرۇن غەزەپنى قىلىچنىڭ بىسىدا يالتىراپ تۇرغان كۈن نۇرىغا ئوخشىتىپ، ئۇنى دەسلەپ پەيدا بولغان يورۇق يۇلتۇز بىلەن باغلىدىم. يورۇق يۇلتۇزنىڭ چاقنىشىنى دىلدىكى ئۈمىدكە ۋە چۆلدە ئادىشىپ قالغان سەيياھنىڭ كۆزىگە ئوخشىتىپ، ئۈمىد ۋە يول ئىزلەش كەيپىياتىنى ئىپادىلىدىم. بۇنىڭدىن، تەبىئەت لىرىكىسىدا ئىشلىتىلگەن ھەر بىر دېتالنىڭ ئۆز رولى ۋە ئۆز ئەھمىيىتى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. شېئىردا ئادەتتە مىسرا توشقۇزۇش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇق گەپ ۋە ئارتۇقچە گەپلەر بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، نوقۇل تەبىئەتنى سۈرەتلەش ئۈچۈنلا يېزىلىدىغان تەبىئەت لىرىكىلىرىمۇ بولمايدۇ.

شېئىرىيەتنىڭ ئېپىك تۈرى مەزمۇننى ئېپىك دېتاللار بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىدىغان ئاساسىي ماتېرىيال — ئېپىك ماتېرىيال بولىدۇ. ئېپىك دېگەن سۆزنىڭ بىزنىڭ تىلىمىزدىكى مەنىسى ۋەقەلىك دېگەنلىك بولىدۇ. ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ ھەممە تۈرى، جۈملىدىن دراماتورگىيە تۈرىدىكى ئەسەرلەرمۇ ۋەقەلىك ئارقىلىق ئوبراز يارىتىدۇ. شېئىرىيەتنىڭ ئېپىك تۈرى ئوبراز يارىتىش ماتېرىيالىنىڭ شەكلى بويىچە، يۇقىرىقى ئىككى تۈردىكى



ئەسەرلەرگە ئوخشايدۇ، ئەمما بۇ ماتېرىيالنىڭ خاراكتېرى بويىچە، ئۇلاردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرق شۇ يەردىكى، بىرىنچىدىن، ئېپىك شېئىرلاردا ئىشلىتىلگەن ۋەقەلىك شېئىرىي ۋەقەلىك بولىدۇ، يەنى ئۇ گۈزەل، ھاياجانلىق، تەسىرلىك، خىيالغا باي ۋە غايىۋىيلاشقان ۋەقەلىك بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈش ۋە يىغىنچاقلاش ئۇسۇلىنىڭ تەلىپىگە كۆرە، ئەڭ ئىخچام ۋە ئەڭ كىچىك شەكىلدە ئېلىنىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ۋەقەلىك ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ باشقا تۈرلىرىدەك ئىزچىل ھالدا، تولۇق ۋە مۇكەممەل شەكىلدە ئېلىنمايدۇ، ئۇنىڭ باشلىنىش، راۋاجلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش ئارقىلىق پەيدا بولىدىغان تولۇق گەۋدىسى بەزىدە كۆرۈنمەيدۇ، بەلكى بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدىكى ئايرىم دېتاللار — ۋەقەلىكنىڭ يا بىر پارچىسى، يا بىر كۆرۈنۈشى، ئۇنىڭ باشلىنىشىدىكى بىرەر نۇقتا، ياكى ئاخىرلىشىش ئالدىدىكى بىرەر ھالىتى، ياكى راۋاجىدىكى بىرەر قىسقا ھالقا تۇتۇپ ئېلىنىدۇ. ئۇ شېئىرىي پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى ۋاستە، باھانە ياكى سەۋەب بولۇپ قالىدۇ-دە، شېئىرىي مۇھىت شۇ نۇقتا ياكى شۇ ھالقىنى چۆرىدەپ ھاسىل قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شېئىرىي ۋەقەلىكنىڭ بۇ خىل دېتاللىرى شائىردا تاشقى دۇنيانىڭ ئىچكى دۇنياغا ئايلىنىشىدەك بىر ئىجادىيەت جەريانىدىن ئۆتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇ لىرىك ئامىللارغا تولۇق تويۇنغان بىر ھالەتتە ئوبراز ھاسىل قىلىدۇ. سېلىشتۇرما قىلىپ كۆرسەك، شېئىرىيەتنىڭ لىرىك تۈرىدە ئىچكى دۇنيا تاشقى شەكىل ئالىدۇ، ئېپىك تۈرىدە تاشقى دۇنيا ئىچكى دۇنياغا ئايلىنىدۇ. لىرىك شېئىرلار ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى بىۋاستە

ئىپادىلەيدۇ، ئېپىك شېئىرلار ئۇنى ۋاستىلىك ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ ۋاستىسى — ئېپىك ماتېرىيال، يەنى شېئىرىي ۋەقەلىك دېتاللىرى. ئوبراز ھاسىل قىلىش ۋە شېئىرىي پىكىرنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، بۇ تۈرمۇ لىرىك تۈرگە ئوخشاشلا، شېئىرىيەتنىڭ بارلىق سەنئەت ئۆلچەملىرىگە رىئايە قىلىدۇ.

مىسال كەلتۈرەيلى:

## ئادەم ئىزى

چېكىندى دۈشمەن —
قالدى يەر يالىڭاچ، تاش-شېغىل ئارا —
ئوت بىلەن ئۆرتەلگەن بىر قاقاس بوشلۇق،
كۆكەرگەن ئوت-چۆپ يوق، ياۋا گۈللەر يوق،
ئاجايىپ چۆلدەرەپ قالغان كەڭ سەھرا...
پەقەت ئۇ ئادەمسىز يولنىڭ بويىدا
بىر نەچچە تۈپ دەرەخ قاپتۇ ساقلىنىپ،
لىڭشىتىپ تۇرىدۇ شامال ئۇلارنى،
تەۋرەنگەن يوپۇرماق ۋە شاخلار ئارا،
تارقىلار بىر ئىغىر ھەسرەتلىك سادا...
بۇ كىچىك دەرەختە
كۆل رەڭ بىر شاختا
ئىسلىپ تۇرىدۇ ئادەم ئىزى
قان بىلەن بولغىنىپ، قىزغۇچ يالتىراپ.
بىر قانلىق كىيىمگە ئوخشاش كېتەر ئۇ،
تىتىلغان ھالەتتە ئىسلىپ تەتۈر،



ئۇ شاختا،
غىرىبلىق باسقان بۇ كەڭرى زېمىنگە
تارقىتىپ تۇرىدۇ چوڭقۇر بىر ئازاب...
ئۇ ئىزە
جۇڭگولۇق ئايالدىن شىلىۋېلىنغان...
بىچارە ئايال!
زەمبىرەك ئوقلىرى ئەيلىدى ۋەيران،
ئۇنىڭ ئائىلىسىنى، ئۆسكەن يېرىنى،
ئۆلتۈردى بالىلىرى بىلەن ئېرىنى،
ھاياتى باغلىنىپ تۇرغان ھەممىسى
يوقالدى،
چەيلەندى،
قىلىندى پايمال!
ئۇ يول قويمىغان
ئىپپەت-نومۇسىنىڭ بۇلغىنىشىغا،
ئېھتىمال،
قەيسەر بىر ھالەتتە قىلغان قارشىلىق،
نومۇسچان دىل بىلەن ساقلاپ قەدرىنى.
ئۇنى
ئۆلتۈرگەن دۈشمەن،
كېيىن ئىزىسنى شىلىشىپ ئېلىپ،
شىلىشىپ ئېلىپ
مەدەتكارى يوق
جۇڭگولۇق ئايالنىڭ ئۇ ئىزىسنى،
ئېسىشىپ قويۇشقان دەرەخ شېخىغا،

قورقۇتماق بولۇشۇپ جۇڭگو خەلقىنى.
ساناقسىز چېۋىن
بۇ قانلىق تېرىگە ئاپتۇ توپلۇنۇپ.
تېرە ئاستىدا
قان-گۆشلەر ۋە پاتقاق ئارىلىشىپ كەتكەن،
تۇرىدۇ سېسىغان بىر دۆۋە بولۇپ...
شامالدا
كۈل رەڭلىك چاڭ-توزان بىلەن قوشۇلۇپ،
تارقىلار دۆۋىدىن چىرىگەن پۇراق،
كېتىدۇ تارقىلىپ يىراق ۋە يىراق...
ئەي جۇڭگولۇق،
بۇ ئادەم تېرىسىنى
قىل بۈگۈن بايراق!
ئېسىپ قوي ئۇنى،
ئەڭ ئېنىق خاتىرەڭدە ساقلا ياخشىراق.
ئەبەدىي ئەسلىتىپ تۇرسۇن ئۇ ساڭا،
تۇرغىن سەن ئەسلەپ:
بۇ جۇڭگو يېرى،
جۇڭگولۇقلار
مۇھەببەت-نەپرەتتە، قان بىلەن ياشنا،
ھاياتى ۋە ياكى ئۆلۈمى بىلەن
كۆكەرتكەن، گۈللەتكەن ۋە ئاچقان تۇپراق!
تۇرغىن سەن ئەسلەپ،
قاراقچى فاشىستلار — ياپون قوشۇنى



ئۆتكەن بۇ تۇپراقنى چەيلەپ ۋە دەسسەپ.
باستۇرۇپ كىرگەن،
ياپوننىڭ قولىدا قالغان بۇ زېمىن.
يۈرگۈزگەن ياپونلار جۇڭگو خەلقىگە
تارىختا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان
ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈش،
بۇلاش ۋە تالاش،
ئاياللار-قىزلارنى خورلاش ۋە قىرغىن!

1938-يىل 3-ئىيول.

بۇ شائىر ئەي چىڭنىڭ شېئىرى، ئېپىك شېئىر. شېئىرنىڭ باش قىسمى — «ئۇ تېرە» دېگەن مىسراغا قەدەر لىرىك تەركىب — شېئىرىي سۈرەتلەش؛ «ئۇ تېرە» دېگەن مىسرادىن «قورقۇتماق بولۇشۇپ جۇڭگو خەلقىنى» دېگەن مىسراغا قەدەر ئېپىك تەركىب، شائىر تەرىپىدىن بايان قىلىنغان ئەڭ ئىخچام تۈردىكى قىياسەن ۋەقەلىك، بۇ ۋەقەلىك شائىرنىڭ شېئىرىي تەسەۋۋۇرى بىلەن يۇغۇرۇلغان ھالەتتە بېرىلگەن. ئۇندىن كېيىنكى ئېپىزوت يەنە لىرىك تەركىب — شېئىرىي سۈرەتلەش. «ئەي جۇڭگولۇق» دېگەن مىسرادىن باشلىنىپ شېئىر تاماملانغانغا قەدەر بولغان قىسمى يەنە لىرىك تەركىب — لىنتورىك خىتاب. شېئىرنىڭ بۇ قىسمىدا شائىرنىڭ غەزەپ، ئەلەم ۋە چوڭقۇر خىيال بىلەن ياراتقان شېئىرىي پىكرى جايلاشقان. بۇ شېئىردىن ئېپىك شېئىرلارنىڭ قاپىيە، ۋەزىنلىك ھېكايە ئەمەسلىكىنى، ۋەقەلەرنىڭمۇ ئۇنىڭدا مۇپەسسەل ۋە تەپسىلىي بېرىلمەيدىغانلىقىنى، لىرىك ئامىللارنىڭ

ئېپىك دېتال بىلەن باشتىن-ئاياغ بىللە ماڭىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شېئىرىيەتنىڭ لىرىك تۈرى ۋە ئېپىك تۈرى، ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بىلەن تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ لىرو-ئېپىك تۈرىگە تەرىپ بەرمەك ۋە ئۇنى چۈشەندۈرمەك بىزگە تەسكە توختىمايدۇ. بۇ تۈرنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا نەزەرىيە ساھەسىدە بۇرۇن كىشىلەر ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىگەن. شېئىرىيەتنى لىرىك تۈر ۋە ئېپىك تۈر دەپ ئىككىگىلا بۆلۈپ، لىرىك شېئىرلاردا ئېپىك تەركىب، ئېپىك شېئىرلاردا لىرىك تەركىبمۇ بولىدۇ، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىر-بىرىگە ئۆتۈشىدۇ دەپ، ئاددىيلا چۈشەندۈرگەن. بۇ چۈشەندۈرۈشتىكى ئېپىك شېئىرلاردا لىرىك تەركىبمۇ بولىدۇ دېگەننى يۈزەكى قارىغاندا خاتا دېگىلى بولمايدۇ، ئۇ شۇنداق بولىدۇ. لېكىن مېنىڭچە، ئەڭ توغرىراقى، ئېپىك شېئىرلاردا لىرىك تەركىب باشتىن-ئاياغ بىللە ماڭىدۇ، ئېپىك ماتېرىيال لىرىك ئامىللار بىلەن يۇغۇرۇلغان بولىدۇ، تاللىۋېلىنغان ئېپىك دېتالنىڭ ئۆزىمۇ تەبىئىي قويۇق لىرىك خۇسۇسىيەتلىك بولىدۇ، شۇنداق بولۇشى شەرت، شۇڭلاشقا، ئېپىك دېتال بولغان ۋەقەلىك ۋە ۋەقەلىك ئامىللىرىنى بىز شېئىرىي ۋەقەلىك دەپ ئاتايمىز دېگەن تۈزۈكرەك. بۇ خىل شېئىرلاردا ئېپىك ئامىل يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان بولغاچقىلا، ئۇلار ئېپىك شېئىر دەپ ئاتالغان. ئەمدى يۇقىرىقى خىل تەبىردىكى لىرىك شېئىرلاردا ئېپىك تەركىبمۇ بولىدۇ دېگەننى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ لىرىك شېئىرلاردا ئېپىك تەركىبمۇ بولسا، ئۇلارنى قانداق قىلىپ ساپ لىرىزملىق شېئىرلارغا مەنسۇپ قىلغىلى بولىدۇ؟ بىز ئىچكى دۇنيانىڭ تاشقى شەكىل



ئېلىشى لىرىك تۈرنىڭ ئوبراز يارىتىشتىكى ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى دېدۇق، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلىدا تاشقى دۇنيادىن بىۋاسىتە شەكىل ئېلىش ئارىلىشىپ كەلسە، يۇقىرىقى ئالاھىدىلىك ئۆلچىمى ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتمامدۇ؟ شۇڭا، كېيىنكى مەسىلىنى ئىككى تۈرگە ئايرىش دائىرىسىدە چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. دەل مانا مۇشۇ نۇقتىدا شېئىرىيەتنىڭ 3-خىل تۈرى شاخ ئايرىپ چىقىدۇ. ئۇ بولسىمۇ لىرو-ئېپىك تۈر. بۇ تۈر ئەمەلىيەتتە مەۋجۇد. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆگىنىش جەريانىدا، دۇنيادىكى كۆپلىگەن شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئانالىز قىلىپ كۆردۈم، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە خاسلىقلىرىنى ئېنىقلىدىم، ئۆگەنگەن، چۈشەنگەنلىرىمدىن خاتىرە يېزىپ ماڭدىم، بۇ جەرياندا مەن لىرو-ئېپىك تۈرنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بايقىدىم ھەم ئۇ تۈردە يېزىلغان شېئىرلارنىڭ كۆپلىگەن مىساللىرىغا دۇچ كەلدىم. يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ 60 يىللىق ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، بىزدە بۇ تۈردە يېزىلغان شېئىرلارنىڭ خېلىلا زور سالماقنى تەشكىل قىلىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. مەن ئۆزۈممۇ شېئىرىيەتنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىن بۇرۇن، بىرمۇنچە شېئىرلىرىمنى مۇشۇ تۈردە يېزىپتىمەن، بۇنى مەن كېيىن چۈشەندىم.

مېنىڭچە، شېئىرىيەتنىڭ لىرو-ئېپىك تۈرىدە، بۇ ئىككى تۈرنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى ئالاھىدىلىكلەر بىرلىشىپ، بىر-بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ، ئىچكى دۇنيانىڭ ئۆز تاشقى شەكىل ئېلىشى بىلەن تاشقى دۇنيانىڭ ئۆز ئوبرازىنى ھاسىل قىلىشى بىر گەۋدىگە ئايلىنىدۇ. ئوبراز ماتېرىياللىرىنىڭ ئارىلىششى بويىچە، شېئىرىي قۇرۇلما لىرىك قۇرۇلمىمۇ بولمايدۇ،

ئېپىك قۇرۇلمىمۇ بولمايدۇ، بەلكى لىرو-ئېپىك قۇرۇلما بولىدۇ. شېئىرىي ئوبرازدا لىرىك ئامىل يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئېپىك ئامىل يېتەكچى ئورۇندىن ئەگەشكۈچى، بويسۇنغۇچى ئورۇنغا ئۆتىدۇ، يەنى بۇرۇنقىلار چۈشەندۈرگەندەك، لىرىك ئامىللار ئىچىدە ئېپىك ئامىللار بولىدۇ. شېئىرىيەتنىڭ بۇ خىل تۈرىمۇ يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە ئۆزىگە خاس مۇستەقىل تۈر ئالاھىدىلىكىنى ھاسىل قىلغان. بۇ، تەجرىبىلەر-دىن قارىغاندا، ناھايىتى ئىمكانىيەتلىك بىر تۈر بولۇپ، بۇ تۈردە يېزىلغان شېئىرلار يا لىرىك شېئىرلارغا، يا ئېپىك شېئىرلارغا ئوخشىمايدۇ، ياكى ئۇ ئىككى خىل شېئىرلارنىڭ ئاددىي ھالدىكى شەكلەن بىرىكىشىمۇ ئەمەس. ئىككى تۈرنىڭ ئارىلىشىشىدىن ھەر ئىككىلىسىگە ئوخشىمايدىغان ئۈچىنچى بىر تۈر كېلىپ چىققان.

مىسال:

### بۆرە

تاغ ئۈستىدە نۇر چاچقاندا يېڭى ئاي،
ھەسەت بىلەن تۇمانلاشتى ئۇپۇقلار.
ئېغىز ئېچىپ قوغلاپ كەلدى كەينىدىن،
پادا-پادا ئىتتەك قارا بۇلۇتلار.
ئاشۇ پەيتتە ئايان بولدى بىر ئادەم،
يەر يۈزىدىن كۆككە قەدەر بولۇپ تىك.
بۈيۈك تەڭرى تاغلىرىدەك ئۇلۇغۋار،
خانتەڭرىدەك مەڭگۈ قەددى-قامەتلىك.
سەللىسىگە ئۈنچە تاقمىش يۇلتۇزدىن،



قوللىرىدا ئالەمشۇمۇل كىتابى.
بۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ! دېدىم ئىچىمدە،
بولدى شۇ دەم ماڭا مۇنداق خىتابى:
— ئەنسىرىمە يېڭى ئايدىن! ئۇ — بۆرە...
ئۇنى تەڭرى بۆرە قىلغان... قوللايدۇ.
ئارقىسىدىن ھاۋشۇمىسا مىڭلاپ ئىت،
ئۇنداق بۆرىنى بۆرە دەپمۇ بولمايدۇ...
ئويغا پاتتىم... ۋە ياستۇققا قويدۇم باش،
ئۇزاق خىيال سۈرۈپ ياتتىم شۇ كېچە.
ئۇخلاپ قالدىم... بۆرە بىلەن ئىتلارنى —
چۈشەپ چىقتىم تۈن نىسپىدىن تاڭغىچە.
...ھالاكەتلىك قارا جىلغا... ئەتراپى —
خەنجەرسىمان تىك تاغلاردا توسالغان.
تۈمەن خەلق تەمتىرەيدۇ يول ئىزلەپ،
يات قوۋملەر زەربىسىدە قاپسالغان.
ئۆلۈم-يىتىم... يىغا-زارە... ۋە ئاچلىق...
جىلغا ئىچى قاپقاراڭغۇ ۋە يولسىز.
پەيدا بولدى كۆك يايىللىق بىر بۆرە،
بۇ نائىلاج ئەل ئالدىدا تۇيۇقسىز.
نۇر چاقنىتىپ كۆك تەڭرىنىڭ نۇرىدەك،
يول باشلىدى، ئەل يول تاپتى بۇ نۇردىن.
باشلاپ چىقتى ئاخىر يورۇق ئوتلاققا،
ئېلىپ ئۆتۈپ بىر قاراڭغۇ ئۆڭكۈردىن.
يېشىل ئوتلاق، ئاققان سۇلار، ساپ ھاۋا،
يەنە ھايات، يەنە كۈلكە ۋە بۇۋاق...
يەنە نېسىپ بولدى ۋەيران بۇ ئەلگە،

تاغنىڭ يېشىل چۆپلىرىدەك ئۇلغايماق...
شۇڭا خەلق بۇ بۆرىنىڭ بېشىنى
ئالدى زەڭگەر تۇغلىرىغا كەشتىلەپ.
ئاستى بۆرە ئوشۇقنى بۆشۈككە،
سانسىز ئانا ئۆز نەسلىگە قۇت تىلەپ.
غايىب بولدى يول باشلىغان ئۇ بۆرە،
قانداق پەيدا بولغان بولسا شۇنداق تېز.
ھەۋەس قىلغان، ھەسەت قىلغان مىڭلاپ ئىت
غىڭشىپ، ھاۋشىپ قوغلاپ كەتتى ئىزمۇ ئىز...
بۆرە دېگەن شۇنداق نەرسە، كۆپ چاققان،
ھەممە مەخلۇق ئەيمەنگۈدەك سۈرى بار.
چېچەن، سىرلىق، خاسىيەتلىك ۋە قابىل،
شۇڭا، خىلۋەت ئورمانلاردا بۆرە بار...
مەن ئويغاندىم... كۆزلىرىمگە كۆرۈندى،
شۇ ئوشۇقنى ئويناپ گۆگراپ ياتقىنىم...
مىڭلاپ ئىتنىڭ ھاۋشىشلىرى بولدىمۇ،
شۇڭا مېنىڭ ئۆمرۈم بويى تارتقىنىم؟...
يېڭى قۇياش چىقتى يەنە تاغلاردىن،
يەر-يۈزىگە تارتىپ ئالتۇن يىپلارنى.
كۆردۈم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغان
قىزىل يۈگلۈق پاخماق-پاخماق ئىتلارنى.
ئۇمۇ بۆرە! ئۆز نەسلىدىن چىقتى ئىت...
ئويلاپ قالدىم تەئەججۈپتە مەن ئاز-پاز.
بۇ قىسمەتمۇ؟ نېمشقا بۇ دۇنيادا
ھاۋشىپ يۈرگەن ئىتلار كۆپۈ، بۆرە ئاز؟

1989-يىل، ئىيون.



بۇ مېنىڭ شېئىرىم، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان، قۇرۇلما تەركىبى ۋە ئوبراز دېتاللىرى بويىچە لىرۇ-ئېپىك شېئىر. بۇ شېئىردىن لىرۇ-ئېپىك شېئىرلارنىڭ مەن يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن تۆر ئالاھىدىلىكلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەن بۇ شېئىردا ئىنسانىيەتنىڭ ھايۋانلىق دەۋرىدىن مىراس قالغان، مىجەز-خۇلقىدىن زادى يوقالماي كەلگەن بىر تارىخىي ئىللىتىنى — ھەسەتخورلۇق ۋە قىزغانچۇقلۇقنى مۇناسىپ ھايۋان تۈرىدە، يەنى ئىتلاردا، ئۇلارنىڭ بۆرىگە بولغان ئۆچمەنلىكىدە ئوبرازلاشتۇردۇم. بۆرە رىۋايىتىدىن، بۆرە تۇتىمىدىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۆرە توغرىلىق ئېيتقانلىرىدىن دېتال تەرىقىسىدە پايدىلىنىپ، بۆرىنى گۈزەللەشتۈردۈم، ئىلاھىيلاشتۇردۇم ۋە ئۇلۇغلىدىم. ئۇنى شېئىردا قابىل، تالانتلىق، نەتىجىلىك شەخسلەرنىڭ، ئەلگە ۋە خەلققە نىسبەتەن يېتەكچىلىك ئىقتىدارىغا ئىگە پايدىلىق ئادەملەرنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى قىلىپ ئالدىم. قاراڭغۇ ئۆڭكۈردە قاپسىلىپ قالغان ئەلنى يېشىل ئوتلاققا باشلاپ چىققان، ئۇلارنى ئومۇمىي ھالاكەتتىن قۇتقۇزغان كۆك بۆرىنىمۇ مىڭلاپ ئىتلار قوغلىغان دەپ مۇبالىغە قىلدىم. ئەمەلىيەتتە بۆرە رىۋايىتىدە مۇنداق تەپسىلات يوق. يېڭى چىققان ئاينى ئوراپ كەلگەن كەچكى بۇلۇتلارنى قارا يۈڭلۈق پادا-پادا ئىتلارغا، ئەتىگەندە چىققان كۈنگە ئەگەشكەن بۇلۇتلارنى بولسا قىزىل يۈڭلۈق پاخماق-پاخماق ئىتلارغا ئوخشاتتىم. چۈنكى، ئىتلار مېنىڭ بۇ شېئىرىمدە ھەسەتخور، قىزغانچۇق ئىنسانلارنىڭ، ياكى ئىنسان تەبىئىتىدىكى ھەسەتخورلۇق بىلەن قىزغانچۇقلۇقنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى ئىدى. مېنى بۇ شېئىرنى يېزىشقا ئېلىپ كەلگەن ئويلىنىش

ھەسەتخورلۇق ۋە قىزغىنىش پىسخىكىسىنىڭ ئىنسانىنىڭ ئىنسانغا كەلتۈرىدىغان بەختسىزلىكلىرىنىڭ ئىچكى مەنبەسى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ مىللەتنىڭ تارىخىنى زەھەرلەپ كەلگەن، ئۇنى روناق تاپقۇزمىغان بىر ئىچكى مەنبە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانلىقتىن كېلىپ چىققان ئويلىنىش ئىدى.

شېئىرىيەتنىڭ لىرو-ئېپىك تۈرىدىمۇ باشقا ئىككى تۈردىكىگە ئوخشاشلا ژانىرلارنىڭ تاكى داستانغا قەدەر بولغان ھەممە شەكلى بار. جۈملىدىن، رومانتىك شەكىلمۇ لىرو-ئېپىك تۈردە بۇ تۈرنىڭ ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە يېزىلىدۇ.

مىسال:

## پەيغەمبەر

مەن روھىي چاڭقاقلىق دەردىنى تارتىپ،
قاراڭغۇ سەھرادا كېزەتتىم سەرسان.
ئۇچراتتىم پەرىشتە — ئالتە قاناتلىق،
ئۇ كېسىك يول ئارا بولدى نامايان.
ئۇ يەڭگىل ئۇيقۇدەك بارماقلىرىنى
كۆزۈمگە تەگكۈزدى ۋە ئۆتتى سىلاپ.
مىسالى چۆچۈگەن ئانا بۈركۈتتەك،
ئېچىلدى كۆزلىرىم ئەقىللىق چاقناپ.
ئۇ يەنە سىلىدى قۇلاقلىرىمنى،
قۇلىقىم لىق تولدى ئۈن ۋە ساداغا:
ئاڭلىدىم ئاسماننىڭ تىترەشلىرىنى،
پەرىلەر ئۇچاتتى ئۆرلەپ ھاۋاغا.
قۇرتلار ئۈزەتتى دېڭىز تېگىدە،



ۋە پىلەك سۈرەتتى ئۈزۈم جىرادا.
جىنايى تىلىمنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن،
ئۇ يەنە ئېڭىشىپ كەلدى ئالدىمغا.
سۇغۇردى ھىيلىگەر ۋە قۇۋ تىلىمنى،
ئەقىللىق يىلاننىڭ ماھىر تىلىنى،
ئورناتتى شۇ ھامان جانسىز ئاغزىمغا.
كۆكسۈمنى پارىلاپ خەنجىرى بىلەن،
تىترىگەن قەلبىمنى ئالدى ئۇ يۇلۇپ.
ئورنىغا ئورناتتى كۆمۈر چوغىنى،
ئوتلۇق چوغ ئورناشتى يۈرەكتەك ئۇرۇپ.
مەن گويا جەسەتتەك ياتتىم سەھرادا،
شۇ ھامان تەڭرىدىن كەلدى بىر سادا:
— تۇر، قارا، پەيغەمبەر، قۇلاق سال ئەمدى،
ئىرادەم ئاستىدا قىلغىن ھەممىنى.
سەپەر قىل زېمىن ۋە دېڭىزلار تامان،
تىل بىلەن يالقۇنلات ئەلنىڭ قەلبىنى!

1826-يىل.

بۇ ئا. س. پۇشكىننىڭ شېئىرى رومانتىك شېئىر. پۇشكىن بۇ شېئىرىنىڭ ماتېرىيالىنى «كونا ئىنجىل» نىڭ 6-بابىدىن ئالغان. ئۇنىڭدا: «شاھ ئۇشىيا گۇمران بولغان يىلى مەن يۈكسەك تەختتە ئولتۇرغان تەڭرىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ تونىنىڭ پەشلىرى يېيىلىپ چۈشكەن بولۇپ، پۈتۈن قەسرىنى قاپلىغانىدى. تەڭرىنى پەرىشتىلەر ھىمايە قىلىپ تۇراتتى. ئۇلار ئالتە قاناتلىق بولۇپ، ئىككى قانىتىدا تەڭرىنىڭ يۈزىنى، ئىككى

قانىتىدا ئاياغلىرىنى يېيىپ، ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچۇشۇپ تۇراتتى... بىر پەرىشتە مېنىڭ ئالدىمغا ئۆچۈپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا يېنىپ تۇرغان كۆمۈر بار ئىدى. ئۇ كۆمۈرنى لاخشىگىر بىلەن پىچتىن سۇغۇرۇپ ئالغان. پەرىشتە كۆمۈرنى مېنىڭ ئاغزىمغا ياقتى ۋە ماڭا: ‹ قارا، بۇ كۆمۈر سېنىڭ لەۋلىرىڭگە يېقىلدى، ئەمدى سەن گۇناھدىن ساقىت بولىسەن، سېنىڭ گۇناھىڭ ئەپۇ قىلىندۇ › دېدى. مەن يەنە تەڭرىنىڭ: ‹ مەن كىمنى ئەۋەتسەم بولىدۇ؟ كىم بىز ئۈچۈن بېرىشنى خالايدۇ؟ › دېگەن ئاۋازىنى ئىشىتتىم. مەن: ‹ مەن بۇ يەردە، مېنى ئەۋەتسىلە › دېدىم... » دېگەن بىر بايان بار. پۇشكىن بۇ تەپسىلاتنى ئەينەن ئالغان ئەمەس، بەلكى ئۆز ئېھتىياجىغا كۆرە، ئۇنىڭ ئايرىم دېتاللىرىدىنلا پايدىلانغان. پۇشكىننىڭ ئۇنىڭدىن ئالغىنى ئالتە قاناتلىق پەرىشتە، كۆمۈر چوغى ۋە تەڭرىنىڭ ئاۋازى. قالغانلىرىنى ئۆزى بەدىئىي توقۇلما قىلغان. پۇشكىننىڭ بۇ شېئىرىدا ئىلگىرى سۈرگەن پىكرى — شائىرنىڭ سۈپىتى، سالاھىيىتى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدا. ئۇ، بۇ شېئىرىدا شائىرنىڭ ئەقىل-ئىدرىكىنىڭ، سەزگۈ ئىقتىدارى بىلەن كۆزىتىش كۈچىنىڭ ۋە تىلىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقىنى ئوبرازلاشتۇرغان ھەمدە شائىرنىڭ خەلق ئالدىدىكى بۇرچىنى تەكىتلىگەن.

يەنە بىر مىسال:

## يۈز يىللىق تارمار

ئالەمنىڭ كەڭ بوشلۇقلىرىدا،



بولۇپ تۇرىدۇ دائىم پارتىلاش.
پەيدا بولۇپ قارا ئۆڭكۈرلەر،
يۇلتۇزلارنى يۇتۇپ بىر-بىرلەپ،
قىلار خامتالاش.
غۇلاپ كەتتى قارا ئۆڭكۈرگە،
بىر گۈزەل يۇلتۇز،
چاچراپ كېتىپ سامانيولىدىن،
بىر قېتىملىق زور پارتىلاشتا.
قاراڭغۇلۇقنىڭ
قارا تۇتۇندەك ئەجدىھالىرى،
ئاچ شىرلىرى — ھۆركىرەپ تۇرغان،
قانلىق چىشى، قارا يايلى بار،
يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنىڭغا،
قويدى تالاشتا.
يۈز يىل بولدى،
يۈز يىللىق تارمار
مەھرۇم قىلدى ئۇنى نۇرىدىن،
ئايرىۋەتتى سامانيولىدىن.
لېكىن ئالەمدە بولغان مەۋجۇدات،
يوقالمايدۇ پات.
ئۆلمەيدۇ ئوڭاي،
لەيلەپ چەكسىز قاراڭغۇلۇقتا،
چىدام بىلەن كەچۈرۈپ ھايات.
ھېلىمۇ بار ئۇ گۈزەل يۇلتۇز،
قارا ئۆڭكۈردە،
سۆرەشتۈرۈپ يارىدار جىسمىنى،

ئىزلەپ يۈرىدۇ ئۆزىنىڭ نۇرىنى.
كۆرۈپ تۇرىدۇ،
يېقىنلا يەردە
نۇرلىنىپ تۇرغان سامانيولىنى.
تارمارىغا بولمايدۇ قايىل،
ئۇ كۈتىدۇ،
بولىدۇ دەپ يەنە پارتلاش.
ئۇ ئويلايدۇ،
پارتلاشلار سالسا زىلزىلە،
ئۇنى يەنە سامانيولىغا
تارتىپ ئېلىپ كېتىدۇ قۇياش.
نېسىپ بولىدۇ،
ئۆز هاياتىدا يەنە يالتىراش...

× ×

دۇنيادا بار مۇنداق تاغلارمۇ،
ئاسمان-پەلەك، چەكسىز قاتمۇ قات.
بۆلىنىدۇ ئىككى دۇنياغا،
ئۇنىڭ گەۋدىسى بىلەن كائىنات.
تاغمۇ تاغلار ئىچىدە بارمىش،
تاشنى تېشىپ چىققان بىر بۇلاق.
ئۇنى كېپىكلەر يوقىتىپ قويغان،
يۇقاتقىنىغا بولدى كۆپ ئۇزاق.
شۇنداق سۈزۈك ئىدى ئۇ بۇلاق،
ئەتراپلىرى چېچەكلىك ئوتلاق.



خىلۋەت بىر جىلغا،
تېخى ئىنسان قەدەم باسمىغان،
ئەتراپى تاغ، ئۈستىدە ئاسمان،
دۇنيادىن يىراق.
يىرتقۇچلارمۇ يوق ئىدى ئۇندا،
يا باشقا تۇزاق.
قېچىپ چىققان ئۇندىن كېپىكلەر،
ۋە تېنەپ قالغان،
قار كۆچكۈنى بولغان بىر زامان.
هازىرغىچە ئېسىدە تېخى،
غايىب بولغان ئۇ پېشىل ماكان.
باياۋاندا يۈرسىمۇ ئوتلاپ،
ئاچچىق ئوت يەپ،
خالىماي ئىچىپ،
توختاپ قالغان يامغۇر سۈيىنى،
قارلىق تاغلارغا ئۈمىدلىك قاراپ،
بىرى ئۆلسە جېكىپ بىرسىگە،
بوۋىلىرى ئۆز نەۋرىسىگە،
يۈز يىلدىن بۇيان،
ئۇ بۇلاقنى ئىزلەيدۇ هامان.
بولسىمۇ گەرچە،
چەكسىز تاغۇ دەشتلەر ئىچىدە،
ئۇرۇنۇپمۇ يول تاپالمىغان.
تارمارىغا بولمايدۇ قايىل،
ئويلايدۇ ئۇلار،
تاغلار باركى، ئۇ جىلغىمۇ بار.

كۆچكەن قار ۋە قاتقان مۇزلارنىڭ
تەكتىدە قالدى،
بىز يوقىتىپ قويغان
ئۇ قاينار بۇلاق ۋە يېشىل دىيار.
ئىزلەيلى دەيدۇ،
بولغاندىمۇ جىلغا ساناقسىز،
ۋە تاغلار ئېگىز،
ئاڭا يەتمەك ئەمەس كۆپ يىراق...

× ×

مەن ئىشىنىمەن،
يۇلتۇز قايتىدۇ سامانيولىغا،
كېپىكلەرنىڭ بولىدۇ بۇلاق.
تارماردا بار تولغاق ئازابى،
تارمار — ئانا،
ئۈمىدمىش بوۋاق!

1993 - يىل 2 - ئاي.

بۇمۇ رومانتىك شېئىر، مېنىڭ شېئىرىم. بۇ شېئىردا ئەپسانە ياكى رىۋايەت ئاساسى يوق. شېئىرنىڭ ماتېرىيالى ساپ بەدىئىي توقۇلما. ياراتقان ئوبرازى خىيالىي ئوبرازلار، يەنى ئالەمدىكى قارا ئۆڭكۈرگە غۇلاپ كەتكەن يۇلتۇز، قار كۆچكۈندە تېنەپ كېتىپ ئۆز بۇلىقىنى ۋە ئوتلىقىنى يوقىتىپ قويغان كېپىكلەر. بۇ ئىككى خىل ئوبراز تەركىبى شېئىرنىڭ



ئاخىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان يەكۈن خاراكتېرلىك شېئىرىي پىكىر، يەنى: «مەن ئىشىنىمەن، يۇلتۇز قايتىدۇ سامانيولىغا، كېپىكلەرنىڭ بولىدۇ بۇلاق، تارماردا بار تولغاق ئازابى، تارمار ئانا، ئۈمىدمىش بوۋاق...» دېگەن ئېپىزوت ئارقىلىق بىر - بىرى بىلەن ئورگانىك هالدا بىرلىشىپ، بىر گەۋدىلىك قۇرۇلما هاسىل قىلىدۇ. شېئىرنىڭ بەزى دېتال ئامىللىرى رېئاللىقتىن ئېلىنغان، مەسىلەن، ئالەمدە بولىدىغان قارا ئۆڭكۈر هادىسىسى، پارتلاشلار، سامانيولى، تاغلاردا بولىدىغان قار كۆچكۈنى، باياۋاندا يۈرگەن كېپىكلەر قاتارلىقلار. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئوبراز مۇناسىۋىتى رومانتىكلاشتۇرۇلغان، ئىلگىرى سۈرۈلگەن شېئىرىي پىكىرمۇ ئۈمىدنىڭ قۇدرىتى، هاياتىي ئېقتىدارى ۋە تارىخىيلىقى توغرىسىدا بولۇپ، رېئال مەقسەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى شېئىرنىڭ مىسالىدىن، رومانتىك شېئىرلارنىڭمۇ رېئاللىقتىن ئېلىنىپ رېئاللىققا قايتىدىغانلىقىنى، رومانتىك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ پەقەت ئۇ خىل شېئىرلارنىڭ شەكىل ئالاهىدىلىكى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بىز شېئىر دېگەن نېمە؟ دېگەن بۇ سوئال ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، شېئىرنىڭ ئېستېتىك ئۆلچەملىرى مەسىلىسىگە، يەنى ئۇ بەدىئىي جەهەتتىن قايسى-قايسى ئۆلچەملەرگە ئۇيغۇن كەلسە شېئىر بولۇپ تۆرەلگەن بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىگە دۇچ كېلىمىز. بىز بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرمەكچى بولغىنىمىزدا، ئالدى بىلەن ئىجادىيەت مېتودى مەسىلىسىگە تاقىشىمىز. چۈنكى شېئىرنىڭ ئېستېتىك ئۆلچەملىرى هەر قايسى مېتودلاردا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ ياكى بىر - بىرىدىن ئاز - تولا پەرق قىلىدۇ.

بەدىئىي ئەدەبىيات تۇرمۇشنى بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەدىبلەر رېئاللىقنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئوبرازنى قانداق يارىتىشتا بەلگىلىك پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىدۇ. تۇرمۇشنى ئەسەردە مۇئەييەن كۆز قاراش ۋە ئۇسۇل بويىچە ئەكس ئەتتۈرىدىغان بۇ خىل ئاساسىي پرىنسىپنى بىز ئىجادىيەت مېتودى دەپ ئاتايمىز. مۇئەييەن بىر خىل ئىجادىيەت مېتودى مۇئەييەن دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ. دۇنيا قاراش كىشىلەرنىڭ دۇنيا، تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى توغرىسىدىكى تۈپ قارىشى بولۇپ، ئۇ يازغۇچىنىڭ پەلسەپە قارىشى، سىياسىي قارىشى، دىنىي قارىشى، ئەخلاق قارىشى ۋە ئېستېتىك قارىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشقا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى بىلەن سەنئەتكە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسىنى بەلگىلەيدۇ. ئۆز ئىجادىيىتىدە قايسى خىل ئىجادىيەت مېتودىنى قوللىنىش بىلەن ئۇنى قانداق قوللىنىشمۇ يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، مېتودلارنىڭ تەتبىق قىلىنىشىمۇ ھەر بىر يازغۇچىدا مۇناسىپ ئۆزگىرىش ۋە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

ئىجادىيەت مېتودى ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەت، يەنى ئەسىرمۇ ئەسىر، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تەجرىبە يارىتىپ، بۇ تەجرىبىلەردىن جۇغلانما ھاسىل قىلىشىنىڭ مەھسۇلى، تارىخىي ھادىسە.

ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا، بۇ ئەدەبىياتنىڭ خىلمۇ خىل دەۋرلەردىكى، خىلمۇ خىل مىللەتلەردىكى خىلمۇ خىل نەمۇنىلىرىنى ئۆگىنىپ كۆرسەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا دېگۈدەك چىنلىقنى بىۋاستە ئىپادىلەش، چىنلىقنى ئۆز ئارزۇسى



بويىچە غايىۋىلاشتۇرۇپ ئىپادىلەش ۋە بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنى بىرلەشتۈرۈپ ئىپادىلەشتەك ئۈچ خىل ئاساسىي ئۇسۇلنى قوللانغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئۈچ خىل ئاساسىي ئۇسۇل تارىخىي تەرەققىيات نەتىجىسىدە ئۈچ خىل ئىجادىيەت مېتودى بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ ئۈچ خىل ئۇسۇلنىڭ ئەمەلىيىتى ئەدەبىيات پەيدا بولغاندىن تارتىپلا بار بولغان، ئەمما ئۇلار توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى يەكۈن كېيىن پەيدا بولدى. چۈنكى، ھەر قاچان ئەمەلىيەت بالدۇر، نەزەرىيە كېيىن بولىدۇ. نەزەرىيە ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئەمەلىيەتنى تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش، يەكۈنلەش ۋە سىستېمىلاشتۇرۇش ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ. تەتقىق قىلىنىدىغان، مەۋجۇد بولغان ئەمەلىيەت ۋە تەجرىبىلەر جۇغلانمىسى بولمايدىكەن، نەزەرىيىمۇ بولمايدۇ. بۇ ئۈچ خىل ئۇسۇلنىڭ ئۈچ خىل ئىجادىيەت مېتودى دەپ قارىلىپ نەزەرىيىلەشتۈرۈلۈشى XVIII — XIX ئەسىرلەرگە كەلگەندىلا، ئالدى بىلەن ياۋروپادا ئوتتۇرىغا چىقتى.

1-خىل ئۇسۇل — چىنلىقنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرۈشنى دەسلەپ قىلىپ گېرمانىيىلىك شىللېر رېئالىزم دەپ ئاتىدى. بۇ نام ئەدەبىياتتا شۇندىن باشلاپ پەيدا بولدى. ئۇ 1794 — 1796-يىللار ئارىلىقىدا يازغان ئېستېتىكا ئىلمىگە دائىر «ساددا شېئىرلار ۋە مىسكىن شېئىرلار توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە، يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئۇسۇلنىڭ ئىچىدىكى ئالدىنقى ئىككى خىل ئۇسۇلنى تۇنجى قېتىم بىر قەدەر سىستېمىلىق يەكۈنلىدى. ئۇ بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈردى. ئۇ رېئالىزملىق شېئىرلارنى ساددا شېئىرلار دەپ ئاتاپ، ئۇ خىل شېئىرلارنى رېئاللىقتا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تولۇق تەقلىد قىلىدۇ دېدى. رومانتىزملىق شېئىرلارنى

« مىسكىن شېئىرلار » دەپ ئاتاپ، ئۇلارنى رېئاللىقنى غايىگە كۆتۈرىدۇ ياكى غايىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە كۆرسىتىدۇ دېدى. ئۇ بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ، ئالدىنقىسى تەبىئىيلىك، ھېسسىي چىنلىق، جانلىقلىق، رېئاللىق بىلەن كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ، كېيىنكىسى كۆز قاراش بولۇپ، شائىر شەيئىلەر ئۈستىدە قاتتىق ئويلانغاندا پەيدا بولغان تەسىرات ئارقىلىق كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ دېدى. شىللېر بۇ ئەسىردە رېئالىزم دېگەن بۇ ئاتالغۇنى غايىۋىلىككە يەنى ئىدېئاللاشتۇرۇشقا نىسبەت قىلىپ، بۇ ئۇقۇمدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئالغان. غايىۋىلاشتۇرۇش XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ياۋروپادا رومانتىزم دەپ ئاتالدى. بۇ مەزگىلگە كەلگەندە، ياۋروپا ئەدەبىياتىدا رومانتىزم ھەرىكىتى قوزغالغان بولۇپ، بۇ نام فولكلورنىڭ ياۋروپادا ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن بىر خىل تۈرىنىڭ « رومان » دېگەن نامدىن كەلگەن. بۇ يەردە ئىشلىتىلگەن « رومان » دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ بىزنىڭ تىلىمىزدىكى مەنىسى « رىۋايەت » دېگەنلىك بولىدۇ. شۇندىن باشلاپ، غايىۋىلاشتۇرۇلغان، خىيالىيلاشتۇرۇلغان ئەدەبىيات رومانتىزم ئەدەبىياتى دەپ، ئىجادىيەتتىكى بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولسا رومانتىزم مېتودى دەپ ئاتالدى.

رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى تۇرمۇشنى تەسۋىرلەشنىڭ كونكرېتلىقى بىلەن ئوبيېكتىپلىقى بولۇپ، رېئالىزملىق ئەسەرلەر ھاياتنى ئەسلىي قىياپىتى بويىچە قايتا ئىپادىلەيدۇ، ھاياتتا مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان ياكى تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى



مۇمكىن بولغان شەيئىلەرنى تەسۋىرلەيدۇ. رېئالىزملىق ئەسەرلەرنىڭ يازغۇچىلىرى ئۆز غايىلىرى بىلەن خاھىشلىرىنى تۇرمۇش ۋە ئوبرازنىڭ قانۇنىيەتلىك جەريانىغا تەبىئىي بىر يوسۇندا سىڭدۈرۈۋېتىدۇ، ئادەملەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ھايات شارائىتلىرىنى ھەقىقىي ھالدا ۋە پەدەزسىز تەسۋىرلەيدۇ. بۇ خىل مېتودتا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئوبراز ماتېرىيالى بىۋاسىتە چىنلىق، بەلكى يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن بەدىئىي چىنلىق. رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنىڭ يەنە بىر خىل ئالاھىدىلىكى بولسا — تۇرمۇشنى كەڭ تۈردە ئومۇملاشتۇرۇش، تىپىك ئوبرازلارنى يارىتىش — بۇ ئالاھىدىلىك رېئالىزم مېتودىدا يېزىلغان شېئىرلارغىمۇ مېتود ئۆلچىمى بولىدۇ. ئەمدى يۇقىرىقى ئاساستا تىپىك مۇھىت ۋە تىپىك پېرسوناژلارنى يارىتىش بولسا ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ مېتود ئۆلچىمى، بۇ كېيىنكى ئۆلچەم رېئالىزملىق شېئىرلارنىڭ شەرتى ئەمەس، چۈنكى ئۇنى ھەجىم ۋە خاراكتېر ئېتىبارى بىلەن شېئىرلاردا ئورۇنلاپ كەتكىلى بولمايدۇ.

رومانتىزممۇ رېئالىزمغا ئوخشاشلا كەڭ ئىمكانىيەتلىك ۋە ئىلغار ئىجادىيەت مېتودى بولۇپ، ئۇنىڭ رېئالىزملىق مېتودتىن پەرقى شۇ يەردىكى، ئۇ ھايات غايىلىرىنى، رېئال تۇرمۇشنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، فانتازىيە ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئىپادىلەيدۇ. رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودىدا يېزىلغان ئەسەرلەردە، يازغۇچى ئۆزى ئەڭ ياخشى، ئەڭ مۇۋاپىق ۋە ئەڭ گۈزەل دەپ تونۇغان، ئۆزى ئىنتىلگەن غايىۋى ھايات بىلەن غايىۋى تىپ تەسۋىرلىنىدۇ. غايىۋى (ئىدېئال) ئوبرازلار يارىتىلىدۇ. شۇڭا، غايىۋىلىك رومانتىزمنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى. كۈچلۈك، قىزغىن سۇبيېكتىپ ھېسسىياتنىڭ ئىزھار

قىلىنىشى — رومانتىزمنىڭ يەنە بىر ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى. بۇ خىل پەۋقۇلئاددە بولغان خىيالىي ۋە ھېسسىي قىزغىنلىقنى بۇ خىل مېتودتا يېزىلغان ئەسەرلەردە يارىتىلغان غايىۋى دۇنيا كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. رومانتىك ئەسەرلەردىكى بۇ خىل قىزغىنلىق پەۋقۇلئاددە ئېستېتىك تەسىر پەيدا قىلىدۇ. رومانتىزمنىڭ ئىپادىلەيدىغىنى رېئال تۇرمۇشتا تېخى مەۋجۇد بولۇپ باقمىغان ياكى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇد بولۇپ كېتەلمىگەن غايىۋى ھايات ۋە غايىۋى، خىيالىي ئوبرازلار بولغاچقا، ئاپتور ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆز ئارزۇسى ۋە ئۆز پەرىزى بويىچە ئورۇنلاشتۇرىدۇ، رېئالىزمدىكىدەك، تۇرمۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە ئىچكى قانۇنىيەتلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، بۇ مېتودتا ئەسەر يازىدىغانلار فانتازىيىنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىدۇ ۋە غەيرىي رېئال بولغان مۇبالىغە ئۇسۇللىرىنى قوللىنىدۇ. شۇڭا، دادىل خىيالىيلىق (فانتازىيە)، خىيالىي ۋەقەلىك ياكى دېتاللار، ئاجايىپ مۇبالىغە ۋە قويۇق رىۋايەتلىك تۈس — رومانتىزملىق ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى بولۇپ شەكىللەنگەن.

رومانتىزمنىڭ ماھىيىتى غايىۋىلىك بولغاچقا، غايىنىڭ خاراكتېرى رومانتىزمنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭ تارىختا ياۋروپا ئەدەبىياتىدا پاسسىپ رومانتىزم ۋە ئاكتىپ رومانتىزم دەپ ئىككىگە ئايرىلىشى مۇشۇ سەۋەبتىن بولغان. بۇ خىل ھادىسە ياۋروپا ئەدەبىياتىدىلا مەۋجۇد بولۇپ قالماي، دۇنيادىكى باشقا رايونلار ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ ئوخشاشلا ئۇچرايدۇ. ئەگەر غايە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى ۋە خەلق كۆپچىلىكىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، ئالغا قاراش



ۋە ئىلغارلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولسا، بۇ خىل غايىۋىلىكنى تېما قىلغان ئەسەرلەر ئاكتىپ رومانتىزمغا تەۋە بولىدۇ. ئەگەر غايە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىلەش قەدەملىرىگە تەتۈر بولۇپ، ئۆلگەن، يوقالغان زامانلارغا قاراپ ئىنتىلسە، جەمئىيەتنىڭ ھالاك قىلىنغان تۈزۈملىرى بىلەن ھالىتىنى تىرىلدۈرۈش خاھىشىدا بولسا، بۇ خىل خاراكتېر ئالغان غايىۋىلىكنى تېما قىلغان ئەسەرلەر پاسسىپ رومانتىزمغا تەۋە بولىدۇ. رومانتىزمنىڭ بۇ ئىككى خىلىنى ئايرىشنىڭ چەك-چېگرىسى شۇ.

ئاكتىپ رومانتىزم رېئاللىققا نىسبەتەن ئاكتىپ پوزىتسىيىدە بولىدۇ. مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان ئىجتىمائىي تەرتىپكە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنى ئىنكار قىلىپ، يېڭى ئىجتىمائىي غايىلەرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ياشاش، قارشىلىق قىلىش ۋە ئىلگىرىلەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىدۇ. ئۇ گەرچە غايىۋىلىكنى مەزمۇن قىلسىمۇ، دەسسەپ تۇرغان مەيدانى يەنىلا رېئاللىق بولىدۇ. ئۇ رېئال ئېھتىياج ۋە رېئال مەقسەتلەرنى ئۆزىگە چىقىش نۇقتىسى قىلىدۇ. بىز ئادەتتە ئېيتىدىغان رومانتىزم مېتودى مۇشۇ خىل رومانتىزمنى كۆرسىتىدۇ. رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودى تارىختا شېئىرىيەتتىمۇ غايەت زور تەسىر قوزغىغان ئۆلمەس ئوبرازلارنى ياراتقان. شېللېنىڭ پرومېتى، شىللېرنىڭ قاراقچى كارىل، لېرمونتوۋنىڭ «موناخنىڭ شاگىرتى» ناملىق داستانىدىكى بالا موناخنىڭ ئوبرازى، ئا. س. پۇشكىننىڭ داستانلىرىدىكى ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاكتىپ رومانتىزمنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. رومانتىك ئوبرازلار بىزنىڭ فولكلورىمىز، يەنى خەلق داستانلىرى ۋە ئېپوسلىرىمىزدا، ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئىچىدىمۇ كۆپلەپ ئۇچرايدۇ.

ئەلشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە» سى تەركىبىدىكى داستانلارمۇ خاراكتېر ئېتىبارى بىلەن رومانتىك داستانلارغا كىرىدۇ.

پاسسىپ رومانتىزم زاۋاللىققا دۇچ كەلگەنلەرنىڭ تۇرمۇش پوزىتسىيىسى بىلەن ئىدىيىۋى كەيپىياتىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇلار جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆتمۈشى بولۇپ قالغان، ئۆز ۋاقتىدا گۈللەنگەن دەۋر بولغان مەلۇم باسقۇچلىرىغا روشەن باغلىنىپ تۇرىدۇ، مەنىۋى جەھەتتىن ئۇنىڭدىن ئىلھام ۋە خۇشاللىق تاپىدۇ، مەۋجۇد دەۋر ئۇلارنى قايغۇ-ھەسرەتكە سېلىپ قويغان، كەلگۈسى بولسا ئۇلاردا ۋەھىمە پەيدا قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى روھىي جەھەتتىن باغلىنىپ تۇرغان شۇ زامانلارنى سېغىنىدۇ ۋە ئەسەرلىرىدە ئۇنى گۈزەللەشتۈرۈپ كۆرسىتىدۇ، تارىخنىڭ ئارقىغا چېكىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي ئاقىۋىتىدىن ئۈمىدسىزلىك ھېس قىلىدۇ ۋە قايغۇرىدۇ. شۇڭا، كونىنى سېغىنىش بىلەن رېئاللىقتىن چەتلەش — پاسسىپ رومانتىزمنىڭ خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالغان. پاسسىپ رومانتىزم كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى رېئاللىقتىن يۆتكەپ، ئۇلارنىڭ شەخسەن ئۆزلىرىگىلا قارىتىپ قويۇپ، ئۇلارنى ھاياتنىڭ نائېنىق سىرلىرى، مۇھەببەت، ئۆلۈم، قەبرىلەر، ئۆزى ۋە ئۆزىنى ئىزلەش توغرۇلۇق ئويلاشقا يېتەكلەيدۇ، قۇرۇق، بىمەنە خىيال ۋە تىلسىماتچىلىق خاھىشىنى قوغلىشىدۇ. ئۇ ئېنىق ئوبرازلارنى ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي دېگۈدەك سېھىرگەرلىكنى ئۆزىگە قۇرۇلما ئاساسى قىلىدۇ. چۈشكۈنلۈك، تەركىدۇنياچىلىق، ۋە قايغۇ-ھەسرەتلىك روھىي ھالەت — پاسسىپ رومانتىزملىق شېئىرلارنىڭ ھېسسىي دېتاللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پاسسىپ رومانتىزمنىڭ يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلىرى مودېرنىزم ئېقىملىرىنىڭمۇ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئانا-بالىلىق



مۇناسىۋەت بار، يەنى مودېرنىزملىق ئىجادىيەت مېتودى تارىختا ئۆتكەن پاسسىپ رومانتىزمنى ئۆزىگە ئەدەبىيات ئەنئەنىسى قىلىپ تاللىۋالغان ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى بويىچە شۇ زېمىندىن ئۈنۈپ شاخلاپ چىققان.

رېئالىزم بىلەن رومانتىزم دۇنيانىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئىككى خىل ئاساسلىق ئىجادىيەت مېتودى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ئۆتۈشۈشى ۋە بىرلەشتۈرۈلۈشىدىن ئۈچىنچى خىل ئاساسلىق مېتود — رېئالىزم بىلەن رومانتىزم بىرلەشتۈرۈلگەن ئىجادىيەت مېتودى كېلىپ چىققان. بۇ خىل بىرلىشىش ئۆزىنىڭ يىراق تارىخىي يىلتىزىغا ئىگە. ئۇلارنىڭ بىرلىشىشىدە تارىخىي رېئال ئاساسمۇ بولغان. بۇ ئاساس — رېئاللىق بىلەن غايىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش ئەمەلىيىتىدە دائىم بىرلىشىپ كەلگەنلىكى ئىدى. مەۋجۇد رېئاللىق كىشىلەرنىڭ گۈزەل غايىگە بولغان ئىنتىزارلىقىنى قوزغايدۇ، تەلپۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، غايە بولسا ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارنى مەۋجۇد رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە يېتەكلەيدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخى بۇ ئىككىسىنىڭ دائىمىي بىرلىشىش ۋە دەۋر قىلىش تارىخىدىن ئىبارەت. رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بىلەن رومانتىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنىڭ ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكلىرىنى بىر ئەسەر ئىچىدە بىرلەشتۈرگەن، تىپىك سۈرەت بىلەن غايىۋى مەنزىلنى بىر ئەسەر ئىچىدە تاۋلىغان مۇنداق مىساللار تارىختا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل بىرلەشتۈرۈش ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ۋە ئوخشاش بولمىغان كۆلەمدە بولغان. بەزى ئەسەرلەردە رېئالىزم ئاساس قىلىنغان بولسا، بەزىلىرىدە رومانتىزم ئاساس قىلىنغان. بۇلارنى قانداق دەرىجىدە بىرلەشتۈرۈش يازغۇچىلارنىڭ دەۋر شارائىتى،

شەخسىي ھايات كەچۈرمىشلىرى، ئىجادىيەتتىكى خاسلىقى ۋە ئۇسلۇبى قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، شۇنداقلا ئۇلار تاللىۋالغان تېما بىلەن ئەسەر شەكلىمۇ بۇ خىل بىرلەشتۈرۈشنىڭ سالمىقىغا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ خىل ئىجادىيەت مېتودىدا يېزىلغان ئەسەرلەردە، پېرسوناژلارنى ۋە ئۇلارنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەسۋىرلەش جەريانىدا، ئۇنىڭغا غايىۋىلىك بىلەن ھېسسىي قىزغىنلىق سىڭدۈرۈلىدۇ. بۇنىڭدا، كېيىنكىسى رومانتىك تەركىب. ئۇندىن تاشقىرى يەنە، بۇ خىل ئەسەرلەردە غايە، خاھىش بىلەن چىنلىقنىڭ بىر يۆنىلىشتە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ — بۇ ئاكتىپ رومانتىزمنىڭ خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكى. غايە ۋە ئاكتىپ ئىنتىلىش قىزغىنلىقى بۇ خىل ئەسەرلەردە رومانتىك كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ. رېئالىزم بىلەن رومانتىزم بىرلەشتۈرۈلگەن ئىجادىيەت مېتودىغا، بۇ خىل مېتودنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا مەۋجۇد بولۇپ كەلگەنلىكىگە نەزەرىيە ساھەسىدە دەسلەپ دىققەت قىلغان شەخس يەنىلا شىللېر بولغان، ئۇندىن كېيىن، بۇ مېتود توغرۇلۇق سىستېمىلىق ۋە ئەتراپلىق توختالغان، ئۇنىڭ نەزەرىيە ئاساسىنى تۇرغۇزغان يازغۇچى ماكسىم گوركىي بولدى.

تارىختىن بۇيان ئۆتكەن ئەدىبلەرنى ئاددىي ھالدىلا رېئالىزمچى، رومانتىزمچى ياكى رېئالىزم بىلەن رومانتىزم بىرلەشتۈرۈلگەن ئىجادىيەت مېتودىنى قوللانغۇچى دەپ ئايرىغىلى بولمايدۇ. مۇتلەق كۆپچىلىك ئەدىبلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا، رېئالىزملىق مېتودنىمۇ، رومانتىزملىق مېتودنىمۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلەشكەن شەكلىنىمۇ قوللىنىدۇ، بەزى ئەسىرىنى ئۇ مېتودتا يازسا، بەزى



ئەسىرىنى بۇ مېتودتا يازىدۇ، يەنە بەزى ئەسەرلىرىنى بولسا بىرلەشكەن مېتودتا يازىدۇ. بۇ مېتودلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدە ئىگىلىگەن سالمىقى ئوخشىمايدۇ، خالاس. بۇنىڭدىن، بۇ ئۈچ خىل ئىجادىيەت مېتودىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا يېتەكچىلىك قىلغان ئاساسلىق، غول ئىجادىيەت مېتودلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ مېتودلار ھاياتىي ئىقتىدارى بويىچە ئاقار دەرياغا ئوخشايدۇ. بۇ ئۈچ دەريا تارىختىن بۇيان ئېقىپ كەلگەن، ھازىرمۇ ئېقىۋاتىدۇ، بۇندىن كېيىنمۇ ئاقىدۇ، جۈملىدىن، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ ئەدەبىياتىدىمۇ شۇنداق.

ئەمدى، يۈز يىلغا يېقىن بولدىكى، ياۋروپا بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئەدەبىياتىدا يەنە بىر خىل ئىجادىيەت مېتودى پەيدا بولدى. ئۇ كەلكۈن پەيدا بولغاندا، تاغدىن چۈشۈپ ئاقار دەرياغا قويۇلۇپ، ئۆز رەڭگى بويىچە ئارىلاشماي بىللە ئاققان كىچىككىنە لايقا ئېقىنغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى يۈز يىلدىن بۇيان پەقەت شۇنچىلىكلا بولدى، ئۇنىڭدىن كېڭىيىپ كېتەلىگىنى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ خىل ئىجادىيەت مېتودىنىڭ پەيدا بولۇشى ياۋروپا بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئەدەبىياتىدا شىددەتلىك مۇنازىرىلەرنى قوزغىدى، بۇ مۇنازىرىلەر تاكى بۈگۈنگە قەدەر داۋام قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ مۇنازىرىنىڭ شىددەتلىك دەرىجىسى بىلەن كۆلىمى بۇرۇن ئەدەبىيات تارىخىدا ھەرگىز كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس. بۇ مېتودنىڭ نامى – مودېرنىزملىق ئىجادىيەت مېتودى. مودېرنىزم دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئىنگلىز تىلىدىكى مودېرەن دېگەن سۆزدىن كەلگەن، مەنىسى مودا، يېڭىلىق دېگەنلىك بولىدۇ، بىزنىڭ تىلىمىزغا ياۋروپا تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن مودا دېگەن

سۆز بىلەن لېكسىكا جەھەتتە بىر مەنبەلىك سۆز، مەنىسى ئوخشاش.

مودېرنىزمۇ بىر خىل تارىخىي مەھسۇلات، ئۇ سەۋەبسىزلا ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان ئەمەس.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، كاپىتالىزم ئەركىن رىقابەت باسقۇچىدىن مونوپولىيە باسقۇچىغا، يەنى جاھانگىرلىك باسقۇچىغا كىردى. ھەر قايسى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ دۇنيانىڭ زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىپ ئېلىپ بارغان پۈت تېپىشىشلىرى ئاخىرى 1-دۇنيا ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ئۇرۇشتا 8 مىليون ئادەم ئۆلدى، بىر تىرىليون 860 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىلىق مال-دۇنيا زەمبىرەك ئوتلىرىدا كۆلگە ئايلاندى. بۇ دۇنياۋى ئۇرۇش غەربلىكلەرنىڭ روھىدا كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلدى. ئۇرۇش ئوخشاش دىنغا — يەنى خرىستىئان دىنىگە ئىشىنىدىغان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا بولدى. خرىستىئان دىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان «ھەققانىيەت»، «مېھرىبانلىق»، «ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچ» قاتارلىق قىممەت قارىشى نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان غەرب جەمئىيىتىنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولۇپ كەلگەنىدى. غەربلىكلەر ئۇرۇشتا بۇ خىل مۇقەددەس ئېتىقادنىڭ كىشىلەرنى بىر-بىرىنى قىرىشقا چاقىرىدىغان قورالغا ئايلانغانلىقىنى كۆردى. ئۇرۇشتىن كېيىن يازغۇچى بولۇپ يېتىشكەن بىر مۇنچە زىيالىيلار بۇ قېتىمقى تالان-تاراجغا قاتناشتى ۋە ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇلار ئۇرۇشتا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇلارنىڭ ئېرىشكىنى پەقەت ئېتىقادنىڭ بەربات بولۇشى بولدى. بۇ خىل بەربات بولۇش تۇيغۇسى، كاپىتالىزم جەمئىيىتى ۋە



ئەقلىلىككە نىسبەتەن بولغان ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىلا بىر قىسىم زىيالىيلارنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولغانىدى. ئەمما، بۇ خىل تۇيغۇ بىلەن كەيپىياتنىڭ زىيالىيلارغا بەرگەن زەربىسىنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسى ۋە ئۇنى ساقايتقىلى بولماسلىق بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىنلا تولۇق ئىپادىلىنىپ چىقتى. ئىككىنچى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى، ئۇرۇشتىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرى، يېڭى تىپتىكى قىرغۇچى قوراللار ۋە قىرىش ئۇسۇللىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى، ئىككى دانە ئاتوم بومبىسىنىڭ پارتلىشى، ئۇرۇشتىن كېيىنكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشنىڭ تەھدىتى ۋە ئىجتىمائىي كېسەللىكلەرنىڭ يامراپ كېتىشى قاتارلىقلار 1-دۇنيا ئۇرۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان، تېخى ساقىيىپ كەتمىگەن روھىي يارىلارنىڭ ئۈستىدە يەنە يارا پەيدا قىلىپ، ئۇرۇشتىن كېيىنكى بىر ئەۋلاد كىشىلەردە روھىي بوھران پەيدا قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئېتىقاد بوھرانىغا كىرىپ قالدى. ئۇلارغا نىسبەتەن ئۇلار بۇرۇن ئېتىقاد قىلغان ھەممە نەرسە بەربات بولغان، يېڭى ئېتىقاد بولسا تېخى تىكلەنمىگەنىدى. گاڭگىراش ۋە ئازابلىنىش — مانا شۇ خىل ئېتىقاد بوھرانىنىڭ پسىخىكىلىق ئىنكاسى بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يەككە، يېتىم، تايانچىسىز ۋە ئازابلىق بىر روھىي دۇنيادا تۇرۇۋاتقانلىقىنى: «تەڭرى ئۆلدى، كۆللى مەۋجۇدات ۋەيران بولۇۋاتىدۇ، دۇنيا تۈۋرۈكسىز قالدى» دەپ تەسۋىرلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھېس قىلىشى بويىچە، ھازىرقى زامان كاپىتالىزم جەمئىيىتىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىنى «دەشت-باياۋان» غا ئوخشاتتى. مانا مۇشۇ نۇقتىدا، ئۇلار «گاڭگىرىغان ئەۋلاد» بولۇپ شەكىللەندى.

مودېرنىزمچى يازغۇچىلار ۋە مودېرنىزملىق ئىجادىيەت

مېتودى مانا مۇشۇ گاڭگىرىغان ئەۋلاد ئىچىدىن يېتىشىپ چىقتى.

مودېرنىزمچىلار ئىپادىلىگەن ئىدىيىۋى كەيپىياتنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى — ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان سانائەت مەدەنىيىتى، ئۇرۇش ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى جەمئىيەت رېئاللىقى، بولۇپمۇ كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىۋاتقان ياتلىشىش ھادىسىگە بولغان نارازىلىقى بولدى. ئۇلار، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنى تېگىشلىك ئورنىمىزدىن، مۇستەقىللىقىمىزدىن ۋە روھىي جەھەتتىكى تەڭپۇڭلۇقىمىزدىن مەھرۇم قىلىپ، خاسلىقىمىز ۋە قىممىتىمىزنى تارتىۋالدى دەپ ھېسابلىدى. مودېرنىزمچىلارنىڭ رېئال دۇنياغا بولغان پەۋقۇلئاددە قارىشى ئۇلارنىڭ بۇ خىل سىياسىي پوزىتسىيىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، جەمئىيەتنىڭ ئوبرازى — گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈۋاتقان، قالايمىقان، غالجىرانە ۋە غەلىتە شەكىللىك بىر ئوبراز بولدى.

ئۇلار مەۋجۇد جەمئىيەت ۋە مەۋجۇد مەدەنىيەتنى ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەدەبىياتتىكى جەمئىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ئەنئەنىۋى شەكلى بولغان رېئالىزم مېتودىنىمۇ ئىنكار قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن بۇرۇنقى پۈتۈن ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىمۇ ئۇلارنىڭ ئىنكار قىلىش دائىرىسىگە كىردى. ئۇلار بۇرۇنقى ئەدەبىياتنى ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپتىكى رېئاللىققا بولغان قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرەلمەيدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى ۋە ئىدىيىۋى كەيپىياتىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرەلمەيدۇ دەپ ھېسابلىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەتراپتىكى رېئاللىق ياكى رېئال دۇنيا ساختا، غەيرىي ئەقلىي، قالايمىقان ۋە بىمەنە ئىدى. ئۇلارنىڭ ھالىتى ۋە ئىدىيىۋى كەيپىياتى ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇش، ئۆزلىرىنىڭ



بۇرمىلانغان ۋە شەكىل ئۆزگەرتكەن ھالىتىنى ھېس قىلىش بولۇپ، ئۇلار بۇ خىل قاراش ۋە بۇ خىل كەيپىياتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىر خىل بەدىئىي شەكىل ئۈستىدە ئىزلەندى. ئۇلار بۇ خىل شەكىل ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت بوھرانى دەۋرىگە بولغان كۈچلۈك تەسىراتلىرىنى، بولۇپمۇ ئۆزلىرىنىڭ يېتىم قالغان، قىيىنلىۋاتقان ۋە ئۈمىدسىز كەيپىياتىنى ئىپادىلىمەكچى بولدى. ئۇلار باشقا مېتودلاردىكى رېئاللىقنى ئوبراز ئارقىلىق تونۇش ۋە سىرتتىدىن تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنىڭ تەتۈرسىچە، ئەڭ ياخشى شەكىل رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى سۇبيېكتىپ تۇيغۇ ئارقىلىق ھېس قىلىش ۋە ئۇ توغرۇلۇق بىۋاستە بېشارەت بېرىش دەپ ھېسابلىدى. ئۇلار دۇنياغا ئوتتۇرا ۋە كىچىك بۇرژۇئازىيىنىڭ نەزىرى بىلەن قارىغانىدى. ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىگە بولغان بوھران ھېسسىياتى، كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىۋاتقان ياتلىشىش يۈزلىنىشىدىن ۋەھىمە ھېس قىلىش ۋە چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىنىڭ بېسىمى بىلەن، ئۇلار، دۇنيانىڭ ئۆزى بىر يامان چۈش، قارا باسقانلىق، ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئۆزى ئەسلىدىن بىمەنە، ئەقىلدىن تاشقىرى، شۇنداق ئىكەن، ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئەقلىيلىق نۇقتىسىدىن تۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرىدىكەنمىز؟ دەپ قارىدى. دەل مانا مۇشۇ تونۇش ئاساسىدا، ئۇلار رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ھاياتى قىلغان رېئالىزم مېتودىنى ئىنكار قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە، ئۇنىڭ ئورنىغا سەنئەتنىڭ ئوبيېكتىپ نىشاندىن ئاجراپ كېتىشى بىلەن، شەكىلنىڭ مەزمۇندىن ئاجراپ كېتىشىنى دەسسەتتى. بۇ خىل ئاجرىتىۋېتىش دەل مودېرنىزملىق ئەدەبىياتنىڭ تۈپ ئالامىتى بولۇپ قالدى. ئىدىيىۋى مەزمۇن ئۇلاردا سەنئەتنىڭ

ئىپادىلەش ئوبيېكتى بولۇشتىن قالدى، ئىچكى تەسىراتلار ۋە كەيپىياتنىڭ يۈگەنسىز شەكىللىرىنى ئىپادىلەش بەدىئىي ئىزلىنىشنىڭ مۇھىم نىشانى بولدى.

بىز يۇقىرىدا پاسسىپ رومانتىزمنى مودېرنىزمنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئەنئەنە ئاساسى بولدى دەپ ئېيتقاندۇق. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، غەرب ئەدەبىياتىدا بۇ مېتود بويىچە ئىدىيىۋىلىك جەھەتتىن غەيرىي ئەقلىيلىققا، بەدىئىي جەھەتتىن ساپ شەكىلۋازلىققا قاراپ راۋاجلىنىشتەك بىر خىل يۈزلىنىش كېلىپ چىققانىدى. پاسسىپ رومانتىزمدا بولغان ئېستېتىزم (نوقۇل گۈزەللىك مەسلىكى) 1860-يىلدىن 1866-يىلغىچە شەكىللەنگەن بارناسچىلار ئېقىمىدا، بودلېر، ۋارت، مالامې قاتارلىقلارنىڭ ئېستېتىزم، تەسىراتچىلىق ۋە سىمۋولىزم ئىدىيىۋى ئېقىملىرىدا ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىياتقا ئېرىشتى. رومانتىزمنىڭ ئىلھامغا، تەسەۋۋۇرغا ۋە تۇيغۇغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى، پاسسىپ رومانتىزمنىڭ رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى ۋە سىرلىقلاشتۇرۇش خاھىشى سىمۋولىزمدا ۋە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى غەيرىي رېئالىزملىق رەڭمۇ رەڭ ئەدەبىيات ئېقىملىرىدا تېخىمۇ راۋاجلاندى. بۇ ئەھۋال ۋە ناتۇرالىزم مېتودىنىڭ ئادەمنىڭ بىئولوگىيىلىك ئىقتىدارى بىلەن جەمئىيەتنىڭ غەلىتە شەكىللىك كېسەللىكلىرىنى تەسۋىرلىشى غەيرىي رېئالىزملىق ئەدەبىيات ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئوزۇقلاندۇردى. بۇ خىل ئەدەبىيات ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ بودلېرنىڭ ئەدەبىيات ئىدىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار. «خۇنۇكلۇك چېچكى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئاپتورى بولغان بۇ ئەدىب باغلىما تەسەۋۋۇرنى، سەزگۈ



ئەزالىرى بىلەن روھنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىنى ۋە سۇبيېكتىپ ھالەت كۆرۈنۈشلىرىنى ئىجاد قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. بودلېر يۇقىرىقى ئەدەبىيات ئىدىيىۋى ئېقىمىنى مۇدېرنىزم (ھازىرقى زامانچىلىق) قا قاراپ يېتەكلەپ ماڭغان مۇھىم شەخس. ئۇنىڭ تەسىرى ئاستىدا، سىمۋولىزم ئېقىمىدىكىلەر بىلەن كېيىنكى تەسىراتچىلار ئېقىمىدىكىلەر ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە روھىي ھالەت ۋە شەكىلگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. بۇنىڭغا XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى پەلسەپە ساھەسى بىلەن پسىخولوگىيە ساھەسىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئەقلىيلىققا قارشى ئىدىيىۋى ئېقىم ۋە باشقا تۈرلۈك ئامىل ۋە شەرتلەرنىڭ رول ئوينىشى قوشۇلۇپ مودېرنىزمنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مودېرنىزمنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەبلەر ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇش جەريانى يۇقىرىقىدەك بولدى. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىدا تايانغان پەلسەپىۋى ئاساسلار توغرىسىدا بىز باشتا توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق.

مودېرنىزملىق ئەدەبىياتنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىدا مۇنداق ئىككى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك بولدى: ئۇنىڭ بىرى — ئۆز دەۋرى سىۋىلىزاتسىيىسىنىڭ بوھرانىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، يەنە بىرى — ئادەمنىڭ ياتلىشىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، كاپىتالىستىك مەدەنىيەتنىڭ بوھرانى ئادەمنىڭ روھىي بوھرانىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. روھىي بوھراننىڭ ئىپادىسى غايىنىڭ بەربات بولۇشى ۋە ئېتىقادنىڭ يىمىرىلىشى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان دۇنيا ۋە كىشىلىك ھاياتقا قارىتا بولغان مۇتلەق ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىدا كۆرۈلدى. مودېرنىزمچىلار دۇنيانى ساراڭ بولدى دەپ ھېسابلىدى. ئۇلاردىن بۇرۇنقى ۋە ئۇلاردىن باشقا بولغان

ئەدەبىيات دۇنياسىنىڭ ياخشى بولۇپ ئۆزگىرەلەيدىغانلىقىغا، ئادەملەرنىڭ ساغلام ۋە ئالىيجاناب بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، شۇڭا، مۇئەييەن دەرىجىدە ئۈمىدۋارلىق كەيپىياتىنى ئىپادىلەيتتى. مودېرنىزمچىلار ئۆز ئەدەبىياتىدا بۇلارنى پاك-پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلىدى. ئۇلارنىڭ يازغىنى پۈتۈنلەي خانىۋەيرانچىلىق ۋە كۆل-توزانلا بولدى.

بەرباتلىق كەيپىياتى ئالدى بىلەن ئېلىيوتنىڭ داستانى «دەشت - باياۋان» دا ئىپادىلەندى. بۇ داستاندا دەشت-باياۋان — ھازىرقى زامان كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى بولدى. سۇندۇرۇلغان، پارچە-پارچە قىلىنغان مەبۇدلار، قۇرۇپ كەتكەن دەرەخلەر، تاش - شېغىللار، ئاقىرىپ ياتقان سۆڭەكلەر، گۆمۈرۈلۈپ چۈشكەن تاملار، ئۇزاق ۋاقىت يامغۇرسىز قالغان تۈزلەڭلىكتە تىزىلىپ ياتقان بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەت بوھرانى سەزگۈسىنىڭ ئېلىيوتنىڭ كاللىسىدا پەيدا قىلغان ئوبيېكتىپ تەگداش نەرسىلىرى ئىدى. ئۇ داستانىدا ئادەمنىمۇ يازغان، ئەمما ئۇنىڭ يازغىنى ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئەرۋاھى بولماستىن، بەلكى پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىدىغان «تىرىك ھالەتتىكى ئۆلگەنلەر» ئىدى. بۇ خىل ئادەم كېيىنكى مودېرنىزملىق ئەسەرلەردىكى ئادەم ئوبرازىغا بىر مودېل تىكلەپ بەردى. مودېرنىزملىق ئەسەرلەردە جانلىق ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى ئۇچراتماق تەس. «دەشت - باياۋان» 1922-يىلى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدىن ييگىلا بولۇپ ئۆتكەن دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ روھىي يارىلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئېلىيوت بۇ داستانىدا، روھىي جەھەتتىن چىقىش يولى ئىزلەپ دىنىي خاھىشقا يۈزلەندى ۋە ئۆزىمۇ 1928-يىلى ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت دىنىغا



ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئېتىقادتا پەيدا بولغان بوشلۇقنى دىن ئارقىلىق توشقۇزماقچى بولغانلار يالغۇزلا ئېلىيوت ئەمەس. ئامېرىكىنىڭ جەنۇب ئەدەبىياتىغا تەۋە بولغان بەزى يازغۇچى-شائىرلارمۇ ئېلىيوتنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئىجادىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۇنىڭ يولىغا ماڭدى. ئۇلار ئۆز شېئىرلىرىدا بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلارغا خىرىستىيان دىنىدىن چىقىش يولى تېپىپ بەردى. ئەمما، مۇتلەق كۆپچىلىك مودېرنىزمچىلاردا ئېلىيوتتەك دىنىي خاھىش بولمىغاچقا، ئۇلار ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىغا ناھايىتى چوڭقۇرلاپ كىرىپ كەتتى ۋە بۇ كەيپىياتتىن قۇتۇلۇپ چىقالمىدى. ئۇلار «كونا تەڭرى ئۆلدى، پەن ۋە ماددىيزم ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ» دېيىشتى. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، غەرب زىيالىيلىرىدىكى بەرباتلىق كەيپىياتى مودېرنىزمنىڭ يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن بەزى ئېقىملىرىدا، مەسىلەن، بىمەنىچىلىك تىياتىرى، يېڭى ھېكايىچىلىق، قارا يۇمۇرچىلىق قاتارلىقلاردا، كۆپەيسە كۆپەيدىكى، ئازايمىدى. بۇ ئېقىملاردىكىلەر نورمال دۇنيا ۋە ئىنسان ھاياتى پەقەت ئەسلىمىلەردىلا ساقلىنىپ قالدى، رېئاللىقتىكىسى بولسا غەلىتە شەكىللىك، پارچە-پۇرات ۋە پاچاقلانغان دەپ ھېسابلىدى.

ياتلىشىش — ماركس ئىشلەتكەن بىر ئۇقۇم. ماركسنىڭ ئېيتقىنى ئەمگەكنىڭ ياتلىشىشى، توغرىراقى ياللانما ئەمگەكنىڭ ياتلىشىشى، كاپىتالىستىك تۈزۈم ئاستىدا ئەركىن ئەمگەكنىڭ تاۋارلىشىشى، كاپىتالىستلارنىڭ ئىشچىلارنىڭ ئەمگىكىنى تالان-تاراج قىلىشى، ئەمگەكچىلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە ئىنسانىي خاراكتېرىنى تارتىۋېلىشى ئىدى. مودېرنىزمچىلار ياتلىشىش ھادىسىسىگە ھەممىدىن بەكرەك دىققەت قىلدى. ئۇلار

ياتلىشىشنىڭ ناھايىتى كۆپلىگەن سەھىپىلىرىنى تەسۋىرلىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ چىقىش نۇقتا قىلغىنى سىنىپتىن ھالقىغان، دەۋردىن ھالقىغان «خاراكتېر نەزەرىيىسى» بولۇپ، ئۇلار ياتلىشىشنى مەڭگۈ مەۋجۇد ھادىسە، بارلىق ئىجتىمائىي تۈزۈم ياتلىشىشنى پەيدا قىلىدۇ دەپ قارىدى.

ياتلىشىش مودېرنىزملىق ئەسەرلەردە دائىم دېگۈدەك ئىنساننىڭ ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ قويۇشى بولۇپ ئىپادىلەندى. مودېرنىزمچىلارنىڭ قارىشىچە، ئۆزلۈكتىن مەھرۇم بولۇشنى ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ ئىنساننىڭ ماھىيىتى ۋە خاراكتېرىنى بۇرمىلىغانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇرمىلاش — ياتلىشىشنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسى. ئۇ ئاساسەن مۇنۇ تۆت تەرەپتە، يەنى ئادەم بىلەن جەمئىيەت، ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن ئادەم ۋە ئادەم بىلەن ئۇنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ بۇرمىلىنىشىدا كۆرۈلىدۇ. بۇرمىلىنىش يېتىمسىرەش ھېسسىياتىنى، ئىچى سىقىلىش ھېسسىياتىنى، يەكلىنىپ قېلىش ھېسسىياتىنى، ئېزىلىش ھېسسىياتىنى، ۋەھىمە ھېس قىلىشنى ۋە ئەسلىي جىنايەت ھېسسىياتىنى پەيدا قىلىدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ياتلاشقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، مودېرنىزملىق ئەدەبىياتتا بىر خىل ئۆزىنى ئىزلەش تېمىسى پەيدا بولدى. مودېرنىزملىق ئەسەرلەردە، بۇ ئەسەرلەرنىڭ باش قەھرىمانلىرى ئۆز-ئۆزىدىن: مەن كىم؟ دەپ سورايدىغان، مەن ئۆزۈمنى چۈشىنەمەنمۇ؟ مەن ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىمدىن گۇمانلىنىۋاتىمەن، مەن — مەن ئۆزۈممۇ-ئەمەسمۇ؟ ئۇقالمىدىم دەيدىغان بولدى. مودېرنىزملىق يازغۇچى ئوۋنېرنىڭ «تۈكلۈك مايمۇن» دېگەن ئەسىرىدىكى ماتروس يانكى ھايۋاناتلار باغچىسىغا بېرىپ،



ئۇ يەردىكى ياۋايى ھايۋانلار سولاپ قويۇلغان تۆمۈر قەپەسلەر ئىچىدىن ئۆزىنى ئىزلىدى؛ ئېرىسنىڭ «كۆرۈنمەس ئادەم» دېگەن ئەسىرىدىكى نېگىر باش قەھرىمان يەر ئاستى ئۆيىدە مىڭ دانە لامپۇچكا يېقىپ ئۆزىنى ئىزلىدى... ۋە باشقىلار.

مودېرنىزمچىلارنىڭ ياتلىشىش كۆزقارىشىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر ئىپادىسى ماددىنىڭ دۇنياغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئىنساننىڭ ئۇنىڭغا قارىتا بولغان ئىنكاسى بولدى. كافكا «ھەممىگە قابىل ماشىنا ئادەم» دېگەن ھېكايىسىدە، ئىنسان ئەقلىنىڭ ئەڭ ئالىي نەتىجىسى بولغان ماشىنا ئادەمنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىلىشىنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كەلگەن ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتلىرىنى تەسۋىرلىدى. مودېرنىزمچى يازغۇچى يونېسكۇ ماددىنىڭ ھەيۋىسىنى ۋە ئۇ پەيدا قىلغان پىسخىكىلىق ئىنكاسىنى مۇنداق دەپ تەسۋىرلىدى: «تۈن قاراڭغۇسى كۆتۈرۈلۈشى بىلەنلا، ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان بىر تام مەن بىلەن دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىدا، مەن بىلەن مەن ئۆزۈمنىڭ ئوتتۇرىسىدا توغرىسىغا تۇرۇۋالىدۇ. ماددا ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلارغا تىقىلىپ كەتكەن، ھەممە بوشلۇقلارنى ئىگىلىۋالغان. ئۇنىڭ قۇدرىتى بارلىق ئەركىنلىكنى بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ، ئۇپۇقنى قۇچاقلىۋالىدۇ، دۇنيا ئادەمنىڭ نەپەسنى بوغىدىغان زىندانغا ئايلىنىدۇ...»

مودېرنىزملىق سەھنە ئەسەرلىرىدىمۇ ماددىنىڭ ئالەمگە تىقىلىپ كەتكەنلىكى، ئادەمنى قورشىۋالغانلىقى، ئادەمنى سىقىپ چىقىرىۋاتقانلىقىدەك كۆرۈنۈشلەر تەسۋىرلەندى. مودېرنىزمنىڭ مەۋجۇدىيەتچىلىك ئېقىمىغا تەۋە يازغۇچى كانتىنىڭ ئەسەرلىرىدە، ئىنساننىڭ ماددىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان ئىنكاسى كۈچلۈك دەرىجىدىكى بىزار بولۇش بولدى.

«كۆڭۈل ئاينىش» ناملىق ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى لوگىنىدىن مەلۇم شەھەردىكى گۈلزارلىق ئىچىگە كىرىپ ئۆزىگە ئارام ئىزلىمەكچى بولىدۇ. گۈللەر، ئۆسۈملۈكلەر ئىچىدە ئۇنى بىر خىل تەمتىرەش كەيپىياتى كونترول قىلىۋالىدۇ. ئۇ، «نوقۇل ئۆسۈملۈك خاراكتېرلىك مەۋجۇدىيەت» نىڭ ئۆزىنىڭ ئەتراپىنى قىستاپ كەلگەنلىكىنى، ئۇنى قورشىۋالغانلىقىنى، ئۆزىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىدۇ. بۇ سەزگۈ ئۇنىڭ بېشىنى قايدۇرىدۇ، كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدۇ ۋە بىزار قىلىدۇ. ئەمدى مەۋجۇدىيەتچىلەردىن كېيىن، ماددىزمنى تەرغىپ قىلغان يېڭى ھېكايىچىلىق ئېقىمىغا تەۋە يازغۇچى ئاللىن. روبرېت. گالىيادا بولسا، ماددىغا بولغان بىزارلىق ماددىغا بويسۇنۇشقا ئۆزگىرىدۇ، ئىنسان ماددىنى يېڭەلمىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تىز چۆكىدۇ، ئۇنىڭ نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

مودېرنىزمچىلار ياتلىشىش ھادىسىسىنى يازغاندا، پەقەت يەككە ھالەتتىكى ئادەمگىلا قىزىقتى، ئەمما ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىقىغا كەلگەندە بولسا، قەدىمىنى توختىتىۋالدى. ئۇلار ئادەمنىڭ ۋە ئائىلىلەرنىڭ تەقدىرىنى يازغاندا، قەلىمى ئادەم ۋە ئائىلىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇناسىۋەت پاكىتلىرىغا تاقاشقان ھامان، بۇ پاكىتلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، مەۋجۇدىيەتچىلىك قېپى ئىچىگە كىرىۋالدى. مودېرنىزمنىڭ بىر ئېقىمى بولغان مەۋجۇدىيەتچىلىككە تەۋە يازغۇچىلار، ئادەم دۇنيادا بەختسىز، بۇ خىل بەختسىزلىكنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئادەمنىڭ بەختسىزلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبنى رېئال جەمئىيەت ۋە كونكرېت مۇناسىۋەتلەر دېگەندىن كۆرە، ئادەم بىلەن قارىمۇ قارشى بولغان، مۇتلەق، چۈشەنگىلى بولمايدىغان، رېئاللىقتىن ھالقىغان



مەلۇم بىرخىل كۈچ دېگەن ياخشىراق. بۇ خىل كۈچكە نىسبەتەن، ئادەمنىڭ بىردىنبىر قىلالايدىغىنى — رېئاللىق بىلەن مۇرەسسە قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ بەختسىز ئەھۋالىغا رازى بولۇش دەپ قارىدى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتىكى، دۇنيانى ئىدېئالىستىك ۋە مېتافىزىكىلىق كۆز قاراشلار بىلەن كۆزىتىدىغان مودېرنىزمچىلارغا نىسبەتەن، ياتلىشىش — بىر خىل كونكرېت تارىخىي جەريان بولماستىن، بەلكى بىر خىل مەڭگۈلۈك ۋە ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ھادىسە. مەۋجۇدىيەتچىلەر بارلىق ئىجتىمائىي تۈزۈم ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئايلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، ھەممىسى ئادەمنى ئېزىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەيلۇت: «جاھاندىكى ئىنقىلابلارنىڭ يۈزلىنىشى ئادەمنىڭ قىممىتىنى ئازايتىپلا كەلدى»، دېدى. ئۇ بۇ گەپنى ئۆزىنىڭ 1935-يىلى يازغان «ئەدەبىيات ۋە ھازىرقى زامان دۇنياسى» دېگەن ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان. مودېرنىزمچىلار پەقەت ياتلىشىشنىڭ مەۋجۇدلۇقىنىلا ھېس قىلغان، ياتلىشىش ھادىسىسىنى مۇئەييەن دەرىجىدە تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ياتلىشىشنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرەلمىدى، ياتلىشىشتىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى بولسا تېخىمۇ تاپالمىدى. بۇ ئەھۋال مودېرنىزمچىلارنىڭ ئىدىيىسى بىلەن بەدىئىي ئىزلىنىشلىرىنى تۇيۇق يولغا كىرگۈزۈپ قويدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار ئۆزلۈككە يۈزلەندى، كانتنىڭ ئەركىن تاللىۋېلىش نەزەرىيىسىنى قورال قىلىپ، رېئاللىقتىكى ياتلىشىش كۈچىگە قارشىلىق قىلغىلى بولمايدۇ دېگەن قاراشنى چىقىش نۇقتا قىلدى. بۇ يەردە، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرىنىڭ ساختا ھاكاۋۇرلۇقى رول ئوينىدى. بۇنىڭ بىلەن، مۇتلەق ئۈمىدسىزلىكنى (بولۇپمۇ ئۆلۈمنى) گۈزەللەشتۈرۈش كېلىپ چىقتى. مودېرنىزمچىلار كىرىپ قالغان يەنە بىر تۇيۇق

يول — شەكىلگە يۈزلىنىش بولدى. ئۇلار جەمئىيەتكە بولغان بىزارلىقى سەۋەبىدىن جەمئىيەتنى ئىنكار قىلىپ، شەكىل ئىچىگە باش چۆكۈرۈپ كىرىپ، شەكىل ئىچىدىن كەيپىياتىغا تەسەللى ۋە روھىغا قانائەت تاپماقچى بولدى.

مودېرنىزمچىلارنىڭ ياتلىشىش كۆز قارىشى ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى كۆپلىگەن پاسسىپ ئامىللار — شەخسىيەتچىلىك، ھۆكۈمەتسىزلىك، ئۈمىدسىزلىك، ئىنكارچىلىق ۋە شەكىلۋازلىق (فورمالىزم) نىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مۇھىم نەزەرىيىۋى مەنبە بولدى.

مودېرنىزم بىلەن مەۋجۇد بولغان ۋە مەۋجۇد بولۇۋاتقان بىر خىل ئەدەبىيات ھادىسىسى سۈپىتىدە تونۇشۇپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت قارىشى بىلەن بەدىئىي ۋاسىتىلىرى ئۈستىدىمۇ توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، رېئالىزم ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت ۋە تەبىئەتنى سادىقلىق بىلەن تەسۋىرلەشنى، ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىش ۋە قايتا ئىپادىلەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مودېرنىزم ئۇنىڭ تەتۈرسىچە، ئۆز-ئۆزىنى ئىپادىلەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلار: «ئىپادىلەش — ھەممە دېمەكتۇر» دەپ قارايدۇ، ئۇلار ماددىي دۇنياغا ئەمەس، بەلكى روھقا ئېتىبار بېرىدۇ. مودېرنىزمچىلارنىڭ روھقا ئېتىبار بېرىدىغان ئىپادىچىلىك نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بولغان ئەدەبىيات-سەنئەت قارىشىنىڭ ئىككى مۇھىم ئالاھىدىلىكى بار. ئۇنىڭ بىرى سۇبيېكتىپقا يۈزلىنىش، يەنە بىرى ئابستراكتلاشتۇرۇش. بۇ رېئالىزمنىڭ ئوبيېكتىپقا يۈزلىنىشى ۋە كونكرېت ئوبرازچانلىقى بىلەن قارىمۇ قارشى.

سۇبيېكتىپقا يۈزلىنىش ئالدى بىلەن مودېرنىزمچىلارنىڭ



رېئاللىق قارىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. مۇتلەق كۆپچىلىك مودېرنىزمچىلار-غا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دۇنيا تەرتىپسىز، مۇقامسىز بىر شەكىلدە نامايان بولىدۇ. ئۇنىڭدا قانۇنىيەتلىك كەمچىل. شۇڭا، ئۇلار بۇ دۇنيانى تەسۋىرلەشنى رەت قىلغان. ئۇلار دىققەت كۆچىنى سەنئەتكارنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىغا، ئىچكى دۇنياغا قاراپ بۇرىغان. بۇنىڭ بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئوبيېكتىپ دۇنيا مودېرنىزمچىلارنىڭ نەزىرىدىن غايىب بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئوبيېكتىپ تاشقى دۇنيانىڭ رېئاللىقىنى ۋە چىنلىقىنى زادىلا ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇلار پەقەت بىرلا رېئاللىقنى، يەنى «ئىچكى رېئاللىق»، «پسىخىكىلىق رېئاللىق» دەپ ئاتالغان رېئاللىقنىلا ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇلار ئۇنى «چوڭقۇر چىنلىق»، «ساپ چىنلىق» ياكى «ئەڭ ئالىي چىنلىق» دەپ ھېسابلايدۇ.

بۇنىڭ بىلەن، ئوبيېكتىپ ئامىللار سۇبيېكتىپ ئامىللاردىن ئاجراپ كېتىدۇ. بۇ رەسىمدە، «ئەسلىي شەكىلدىن ئاج-راش»، «ئانا تېمىلاردا بۆسۈش ھاسىل قىلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاجراش، ئايرىلىش ۋە بۆسۈش مودېرنىزملىق سەنئەتكارلارغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار، ھازىرقى زامان سەنئىتى، ھەقىقىي سەنئەت دەل مانا مۇشۇ ئاجراش، ئايرىلىش ۋە بۆسۈشلەرنىڭ ئىچىدە بولىدۇ، دەيدۇ. مودېرنىزمچىلارنىڭ بۇ خىل ئىجادىيەت ئىدىيىسى ئۇلارنىڭ پەلسەپە ئۇستازلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىدىن كەلگەن. پەيلاسوپ ئارتۇر. شوپېنخائۇئېر (1788 — 1860): «ئادەم قۇياشنىمۇ بىلمەيدۇ، زېمىننىمۇ بىلمەيدۇ، پەقەت قۇياشقا قارايدىغان كۆزلىرى بىلەن، زېمىنگە تېگىدىغان قولىنىلا بىلىدۇ» دېگەنىدى. مودېرنىزمچىلار، سەنئەت

ئىنكاس قىلمايدۇ، سەنئەتكار ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ ئىچكى كەيپىياتى بىلەن تەسىراتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىپادىلەش مەقستى قىلسىلا بولدى، بىر سەنئەت ئەسىرى مەلۇم كەيپىياتنى ئويغاتسا، مەلۇم تۇيغۇغا بولغان تەسەۋۋۇرنى قوزغىسىلا، ئۇ ئۆزىنىڭ مەقستىگە يەتكەن بولىدۇ، دەپ قارىدى. شۇنداق قىلىپ، مودېرنىزمچىلار يازىدىغان «مەن» دۇنياغا باقمايدىغان، ئۆزىنى دۇنيا دەپ ھېسابلايدىغان «مەن» بولدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان بۇ سۇبيېكتىپقا يۈزلىنىش — سەنئەت ۋە سەنئەتكارنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ، ئابستراكتلاشتۇرۇش بولسا شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئابستراكتلاشتۇرۇشتا، كونكرېت ئېيتقاندا، شەكىل مەزمۇندىن ئاجراپ كېتىدۇ، شەكىل مەزمۇننى بۆسۈپ چىقىپ، مەزمۇنغا بولغان تايىنىشتىن ئازاد بولىدۇ ۋە مۇستەقىل مەۋجۇدىيەتكە ئايلىنىدۇ. شەكىلنىڭ ئەھمىيىتى كونكرېت مەزمۇنغا بولغان تايىنىش مۇناسىۋىتىدە ئايان بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ ئۆزىدە بولىدۇ.

مودېرنىزمچىلارنىڭ ئابستراكتلاشتۇرۇشىنىڭ يادروسى — شەكىلگە بولغان چوقۇنۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ۋارد (1856 — 1900): «شەكىل — ھەممە دېمەكتۇر، ئۇنىڭدا ھاياتنىڭ سىرلىرى يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ»، «ئەگەر سىز شەكىلگە چوقۇنۇشنى چىقىش قىلسىڭىز، ئۇ ھالدا سەنئەتنىڭ ھەر قانداق سىرى سىزگە ئايان بولىدۇ»، دېگەنىدى. پىكاسو: «شەكىل ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن، سەنئەتمۇ شۇ شەكىلنىڭ ئىچىدە مەۋجۇد بولۇپ كېتىۋېرىدۇ»، دېدى. كۆپلىگەن مودېرنىزمچىلار، سەنئەتنى مەزمۇن ۋە شەكىل دەپ ئىككىگە ئايرىشنىڭ ئاساسى يوق، شەكىلنىڭ ئۆزى



مەزمۇن، دەپ قارىدى. ھانسلىك بۇ خىل قاراشقا مۇزىكىدىن دەلىل كەلتۈرمەكچى بولۇپ، مۇزىكا ھېچقانداق كونكرېت ئوبرازنى ئىپادىلىمەيدۇ، ئۇنىڭدا ئالدىن بەلگىلەنگەن مەزمۇن بولمايدۇ، مۇزىكىدىكى ئاھاڭلارنىڭ قانۇنىيەتلىك ھالدا بىرىكىشىنىڭ ئۆزى مۇزىكىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، دېمەك، شەكىلنىڭ ئۆزى مەزمۇن، دەپ دەۋا قىلدى. ئامېرىكا ئېستېتىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھاشىشىن ئۇسسۇل توغرۇلۇق توختىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلارنىڭ بەزى ئىختىيارىي ھالەتلىرىنى كۆزىتىپ، ئاستا سۈرئەت، جىددى بولمىغان ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ۋە ئايلىنىش نىشانىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدىن، مەلۇم كۈچنىڭ كونترول قىلىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدىغان بۇ ئالاھىدىلىكلەردىن بىر خىل ھەسرەتلىك كەيپىيات پەيدا بولىدىغانلىقىنى سەزگەنلىكىنى ئېيتىپ، ۋەقە ۋە ئىشلارنى تەسۋىرلىمىسىمۇ، شەكىل ھەرىكىتى بىلەن ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزىلا مەزمۇن ۋە ھېس-تۇيغۇ ئەھمىيىتىگە ئىگە بولىدۇ، دېدى. ئەنگلىيىنىڭ ئېستېتىكا ئالىمى بېر بۇنى «مەنىدار شەكىل» دەپ ئاتىدى. شېئىر ساھەسىدە، شەكىلگە چوقۇنۇشنىڭ مىساللىرىمۇ كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. كېيىنكى سىمۋولىزمنىڭ شېئىر ساھەسىدىكى ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ۋالېرى: «مەزمۇن شەكىلگە بويسۇنۇشى كېرەك، شەكىل ئۈچۈن مەزمۇننى قۇربان قىلىش لازىم» دېگەن سەنئەت تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەنگلىيىنىڭ ھازىرقى زامان شائىرى مىكىل شېئىرنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ: «شېئىر ھېچنېمىنى چۈشەندۈرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىلا چۈشەندۈرۈش» دېدى.

تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، مودېرنىزمنىڭ شەكىلگە

چوقۇنۇشنى يادرو قىلغان ئابستراكتلاشتۇرۇش (مەۋھۇملاشتۇرۇش) خاھىشى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى، بولۇپمۇ 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى غەرب زىيالىيلىرىنىڭ ئۈمىدسىز روھىي ھالىتى ۋە كەيپىياتىنىڭ سەنئەتتىكى ئىنكاسى ئىدى. ئۇلار، بۇ دۇنيا قانچە قورقۇنچلۇق بولۇپ ئۆزگەرسە، سەنئەتمۇ شۇنچە ئابستراكتلىشىپ بارىدۇ، توختىماي داۋاملىشىۋاتقان ئابستراكتلاشتۇرۇش — روھىي جەھەتتىكى قېينىلىشنىڭ ئىپادىسى، دېيىشتى. رېئال دۇنياغا بولغان غەزەپ ۋە مۇتلەق ئۈمىدسىزلىك نەتىجىسىدە، ئۇلار ئۆزلىرىنى رېئاللىقتىن قاچۇرۇپ، سۇبيېكتىپقا يۈزلىنىش بىلەن شەكىلگە يۈزلىنىشتىن چىقىش يولى ئىزلىدى. ئۇلار رېئال دۇنيادا مەۋجۇد بولمىغان بىر خىل تەرتىپنى ئورناتماقچى بولدى، «كېسەل يۇققان، ساراڭ بولغان، كونتروللۇقنى يوقاتقان بۇ بىمەنە دۇنيادىن» ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر ھاياتلىق زېمىنى ھازىرلىماقچى بولدى، ئۇ بولسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ رېئاللىققا بولغان مۇئامىلىسىنىڭ ئابستراكت شەكىللەر بىلەن ئىپادە قىلىنىدىغان زىيالىيلارچە سۇبيېكتىپ ئىنكاسى ئىدى.

بۇ خىل ئىنكاس ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن ئىككى خىلغا بۆلۈندى، ئۇنىڭ بىر خىلى شەكىل گۈزەللىكىگە ئېتىبار بىلەن قارىدى، يەنە بىر خىلى شەكىل گۈزەللىكىگە ئېتىبار بەرمىدى. شەكىل گۈزەللىكىنى قوغلىشىشتىن قۇرۇلمىچىلىق ئېقىمى، ئۇنىڭغا ئېتىبار بەرمەسلىكتىن ئىپادىچىلىك ئېقىمى شەكىللىنىپ چىقتى. قۇرۇلمىچىلىق ئېقىمدىكىلەر ئابستراكت ئىپادىلەش خالىغانچە بولۇۋەرسە بولمايدۇ، گۈزەللىك ئامىلىنى، ئادەمدە گۈزەللىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىشنى ئويلىشىش كېرەك، بۇ خىل تۇيغۇ ئالاھىدە شەكىلدە بىرىككەن مۇناسىۋەتلەر ۋە قۇرۇلما ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ، دېدى. قۇرۇلمىچىلىق



ئېقىمدىكىلەر ئىچىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك شەخس — بىرىت. موند. رېئان مودېرنىزملىق سەنئەتنى «مۇقىم مۇناسىۋەتلەر سەنئىتى» دەپ ئومۇملاشتۇرۇپ چۈشەندۈردى. ئىپادىچىلىك ئېقىمدىكىلەر ئۇلارغا ئوخشىمىغان ھالدا، گۈزەللىك ئۇقۇمىنى ئىجادىيەتنىڭ پرىنسىپى ۋە چىقىش نۇقتىسى قىلمىدى. ئۇلارنىڭ چىقىش نۇقتا قىلغىنى «ئىچكى ئېھتىياج» بولدى. ئۇلار، سەنئەتكار ئىچكى كەيپىياتىنى ئىپادىلىسىلا بولدى، شەكىل جەھەتتىن گۈزەل بولامدۇ-بولمامدۇ، ئۇنى ئويلىشىشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ ھېسابلىدى. بۇ ئېقىمدىكىلەرنىڭ ئىجادىيىتىدە ئەقىلدىن تاشقىرىلىق ۋە يوشۇرۇن ئاڭ خاراكتېرى تېخىمۇ كۆپ بولدى. ھالقىغان رېئالىزم ئېقىمدىكىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ بۇ ئالاھىدىلىك ئەكس ئەتتى. ئىپادىچىلىك ئېقىمى ئوبيېكتىپ ئوبرازدىن تېخىمۇ يىراقلاپ كەتتى، ئۇنىڭ سەنئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىنكار قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشى تېخىمۇ زور بولدى، سۇبيېكتىپچانلىقى تېخىمۇ كۈچلۈك بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ مودېرنىزمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى تېخىمۇ روشەن ئەكس ئەتتۈردى.

مودېرنىزمنىڭ سۇبيېكتىپقا يۈزلىنىشى بىلەن ئابستراكتلاشتۇرۇشنىڭ بىر مۇھىم ئىپادىسى ئالامەتلەشتۈرۈش بولدى. شەكىلگە بولغان چوقۇنۇش، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئالامەتلەشتۈرۈشكە بولغان چوقۇنۇش بولۇپ قالدى. ئالامەتلەشتۈرۈش دېگىنىمىز — سەنئەتنى بەزى سىمۋوللۇق ئالامەتلەردىن ئىبارەت، ئۇلار ئۇقۇمنى ۋە ھېسسىياتنى بىۋاسىتە ئىپادىلەيدۇ، ئوبراز ۋە ۋەقەلەرنى كېرەك قىلمايدۇ، دېگەنلىك. باشقىچە ئېيتقاندا، ئالامەتلەرنى تەسۋىرىي تىلغا تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىلا بىر خىل مەنىدار تىل، دېگەنلىك

بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، مودېرنىزم مېتودىدا، ئەدەبىيات — تىل سەنئىتى، ئەدەبىيات-سەنئەت تەسۋىرلەش ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇر كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولىدۇ، دېگەن نۇقتىئىنەزەر زور دەرىجىدە ئىنكار قىلىندى.

ئابستراكتلاشتۇرۇشنىڭ توختىماي داۋام قىلىشى نەتىجىسىدە، ئالامەتلەشتۈرۈش ئاساسىدا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60 — 70-يىللىرىغا كەلگەندە، مودېرنىزمدا «ئۇقۇم سەنئىتى» پەيدا بولدى. بىر رەسسام بەش مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كۋادرات شەكىللىك لاتىنى قارا رەڭدە بوياپ چىقىپ، ئۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇ بىر قارا رەڭلىك رەسىم، باشقا نەرسە ئەمەس»، دېدى. «ئۇقۇم سەنئىتى» نىڭ تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقان بىر ئەمەلىيەتچىسى تۆت مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تېگى قارا رەڭلىك رەختكە يېزىقلارنى لۇغەتنىڭ تىزىلىش تەرتىپى بويىچە ئۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن، سەنئەتنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇر كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان پەن بىلەن پەرقى بولماي قالدى. يېڭى ھېكايىچىلىق ئېقىمىغا تەۋە يازغۇچى روبرت. گالليا «ئەكسى قايتقان ئۈچ نۇرنىڭ خىيالى» دېگەن ھېكايىسىدە «ئۇقۇم سەنئىتى» نى ئىپادىلىدى.

ئابستراكتلاشتۇرۇش ئاخىرى بېرىپ ماتېماتىكىدا توختىدى. بەزىلەر ماتېماتىكىدىن بەكمۇ يىراق بولغان سەنئەتنى ماتېماتىكا بىلەن ئۇرۇق-تۇغقان قىلىپ قويدى. كاندىنىسكىي: «بارلىق سەنئەتنىڭ ئاخىرقى ئابستراكتلىشىشى ماتېماتىكىدا ئىپادىلىنىدۇ»، دېدى. قۇرۇلمىچىلىق ئېقىمىغا تەۋە يازغۇچى سولېر ئۆزىنىڭ «ساناق» دېگەن ھېكايىسىدە، ماتېماتىكىلىق ۋە گېئومېترىيىلىك ئۇقۇملاردىن بىر ئويۇن تۈزۈپ چىقىپ، ئۇلارنى



ئاخىرىدا بىر فورمۇلىغا يىغىپ، بۇ فورمۇلا ئارقىلىق ھېكايىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ (ئەمەلىيەتتە مەزمۇنىنىڭ) ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىدى. ئۇ فورمۇلا مۇنداق: $(1+2+3+4)^2 = 100$

مودېرنىزم ئەدەبىياتى راۋاجلىنىپ كېلىپ، «ئۇقۇم سەنئىتى» نى ئوتتۇرىغا چىقارغاندىن كېيىن، يەنە باشقا ھۈنەرلەرنى چىقىرالماي قالدى. بۇ ئەمەلىيەتتە، سەنئەتنى بىكار قىلىشتىن، سەنئەتنى ۋەيران قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

توغرا، مودېرنىزمچىلار سەنئەتتە، جۈملىدىن شېئىرىيەتتىمۇ ئىزلىنىش ئېلىپ باردى. لېكىن ئىزلىنىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقىدىغىنىمۇ، مەغلۇپ بولىدىغىنىمۇ بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن بۇ خىل ئىجادىيەت مېتودىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئاخىرى نەگە بېرىپ توختىغانلىقىنى ۋە توختايدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

مودېرنىزملىق ئىجادىيەت مېتودى دېگىنىمىز مانا مۇشۇ. مودېرنىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى مۇنداق بولدى:

## 1. سىمۋول

سىمۋول — مودېرنىزملىق ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان ۋاسىتىلىرىدى بىرى. ئالدى بىلەن ئۇنى سىمۋولىزم ئېقىمىدىكىلەر كەڭ قوللانغان. بۇ ۋاسىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان قاراش مۇنداق: — دۇنيادىكى ھەرخىل شەيئىلەر ئارىسىدا باغلىنىش ۋە ئوخشاشلىق بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بىرەر شەيئى ياكى ئىدىيىنى ئىپادىلىگەندە، ئۇ توغرۇلۇق بىۋاسىتە توختالماي، ئۇنىڭ بىلەن مەلۇم

باغلىنىشتا بولغان ۋە ئوخشاپراق كېتىدىغان باشقا بىر شەيئى ئارقىلىق ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ياكى ئۇ توغرۇلۇق بېشارەت بېرىشكە بولىدۇ. بۇ بودلېر ئېيتقان «ماسلىششچانلىق» نىڭ دەل ئۆزى. ئۇ، دۇنيادىكى تۈمەن مىڭ شەيئىلەر ئىچىدە ناھايىتى كەڭ ماسلىششچانلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم. شۇڭلاشقا، تەبىئەت دۇنياسىنى شەيئى بىلەن شەيئى ئوتتۇرىسىدا ئۇچۇر ئۆتكۈزىدىغان «سىمۋول ئورمىنى» دېيىشكە بولىدۇ، دېگەن. كېيىنكى سىمۋولىزمنىڭ دەسلەپكى ۋەكىلى تۇ. س. ئەليوت «ئىدىيە ئۇچۇن ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئوبيېكتىپ شەيئىنى ئىزلەش» دېگەن نەزەرىيىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئابستراكت ئىدىيىدە بىر خىل ئوبراز ھېسسىياتىنى پەيدا قىلىپ، ئۇنى تۇيغۇلاشتۇرۇشنى، ھېس قىلغىلى، تۇتقىلى بولىدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇشنى، بۇ ئارقىلىق شېئىرنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەمما، سىمۋولنىڭ بۇ تەرىزدە ۋە كۆپلەپ قوللىنىلىشى، كۆپىنچە، بىر شېئىر توغرۇلۇق بىر قانچە خىل چۈشەندۈرۈش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، شېئىرنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇقۇمى چېگراسىز كېڭىيىپ كېتىدىغان، شېئىرنى خاتا چۈشىنىدىغان، ئۇنىڭ ئۇقۇمىنى چەكسىز ھالدا ھەرخىل پەرەز قىلىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىپ، شېئىردا سىرلىقلاشتۇرۇشنىڭ خىلمۇخىل تۈرى ۋە شېئىردا نېمە دېيىلگەنلىكىنى ئۇققىلى بولماسلىق ئاقىۋىتى پەيدا بولدى. سىمۋول چۈشەنچىسى ئۆزگەردى — ئالامەتلەشتۈرۈش، ماس نەرسىلەرنى ئەمەس، بەلكى زىت نەرسىلەرنى سىمۋوللاشتۇرۇش، ئۆزئارا ئالاقىسىز نەرسىلەرنى ئەركىن جۈپلەش تەكىتلەندى.



## 2. ئاڭ ئېقىمى

بۇ — روھىي ھالەت تەسۋىرىدە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ۋاسىتە. ئۇمۇ سىمۋولغا ئوخشاشلا، مودېرنىزملىق ئەدەبىياتتا (ئالدى بىلەن ئاڭ ئېقىمى يازغۇچىلىرىنىڭ ھېكايىلىرىدا) كەڭ قوللىنىلدى. بۇ ۋاسىتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى — ۋاقىتنىڭ لوگىكىلىق تەرتىپىنى قالايمىقان قىلىش، ۋاقىتنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ۋە ئاستىن-ئۈستۈن قىلىش ئارقىلىق، ئادەمنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى چەكلىمىگە ئۇچراتماي ئەركىن ئاققۇزۇش.

ئاڭنىڭ بۇ خىل ئاپتوماتىك ھەرىكەت قىلىشى، مودېرنىزملىق مېتودتا، باشقا مېتودلاردىكى ۋەقەلىك قۇرۇلمىسى نۇقتىئىنەزىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ، باش پېرسوناژنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى دەۋر قىلىپ، ئەسەرنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغا ئۆتىدىغان ۋەقەلىك تەرتىپىنى بۇزدى. بۇنىڭ بىلەن، مودېرنىزملىق مېتودتا ۋەقەسىز ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى.

ئاڭ ئېقىمى يەنە ئاڭ قاتلاملىرىنىڭ چەك-چېگرىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى، سەنئەت ئىجادىيىتىنى ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ قاتلىمىدىكى پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلەشكە يېتەكلىدى. بۇنىڭ بىلەن، ئۇ باشقا مېتودلاردىكى ئادەمنىڭ روھىي ھالىتىنى ئەقلىيلىقنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ سۈرەتلەش ئۇسۇلى بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى ئۇقۇم بولۇپ قالدى.

ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلى پەۋقۇلئاددە كىشىلەر (مەسىلەن، روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار، مەجنۇن سۈپەت ئادەملەر ۋە پسىخىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىغانلار، يەنى مىجەز-خۇلقى

بىردىنلا ۋە تويۇقسىز ئۆزگىرىش ياسىغان ئادەملەر) نىڭ روھىي پائالىيەت ھالەتلىرىنى تەسۋىرلەشكە بابراق كېلىدىغان بولغاچقا، مودېرنىزمنىڭ پسىخىكىلىق ھېكايىلىرى بىلەن پسىخىكىلىق سەنئىتىگە مۇھىم شەرت بولۇپ بەردى.

ئەمما، ئاڭ ئېقىمى ئەسەرلىرىنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى يوشۇرۇن ئاڭ تۈسىنى ئېلىشى، ئەقلىيلىقنى ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇرنى چەتكە قېقىشى — ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ نورمال قانۇنىيەتلىرىنى بۇزۇشقا ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئىلگىرىلەش قەدەملىرىنى ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ كەلدى. رەسىمدە ۋە كىنو سەنئىتىدە، ئاڭ ئېقىمى دائىم دېگۈدەك، سىرلىق، ۋەھىمىلىك ۋە بەتقىلىق رەسىملەر بىلەن ئىكران كۆرۈنۈشلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا نەزەرىيىۋى ئاساس بولۇپ بەردى.

## 3. ۋاقىتداشلىق

بۇ — مودېرنىزملىق ئەدەبىيات دائىم ئىشلىتىدىغان بىر خىل قۇرۇلما (كومپوزىتسىيە) ئۇسۇلى. ئۇنىڭ ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى — ئوخشاش بولمىغان ۋاقىت ۋە ئوخشاش بولمىغان بوشلۇقلاردىكى ھېچقانداق لوگىكىلىق باغلىنىشى بولمىغان شەيئىلەرنى بىللە قويۇپ، ئۇلارنى بىرلا ۋاقىتتا يۈز بېرىۋاتقاندەك قىلىپ ئىپادىلەش، بىر ئادەمگە ياكى بىر نەرسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى يان تەرەپلىرىنى بىر تۈزلۈك ئۈستىگە قويۇپ، بىرلا ۋاقىتتا بىللە ئىپادىلەش.

ۋاقىتداشلىق ۋاستىسىنى ئىشلىتىشنىڭ مودېرنىزمچىلارنىڭ



چۈش ئېڭىنى تەكىتلىشى بىلەن چوڭ مۇناسىۋىتى بار. مودېرنىزمچىلار، ياتلىشىش ھادىسىسى كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ كېتىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئادەمدە پات-پاتلا، «بۇ مەنمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟» دېگەن سېزىم پەيدا بولىدۇ، ھايات ئۆزىنىڭ لەيلىمە ھالىتىنى ئايان قىلىدۇ، ئادەم ئۇنى ئۇقالمايدۇ. بۇ سەنئەتتە ئىپادىلەنگەندە چۈشتىكى ھالەتتەك بىر خىل نەتىجە ھاسىل بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل ئىپادىلەش ۋاستىسىنىڭ مىساللىرى يېڭى ھېكايىچىلىق ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، بىر تال قېرىنداش بىر باغلام شوينىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، بىر ئەركەك كىشى بىردىنلا بىر قىزچاققا ئۆزگىرىپ قالىدۇ. بۇ ئېقىمغا تەۋە يازغۇچى چاۋئىنىسنىڭ «يورىشىز» دېگەن ئەسىرىدە، XX ئەسىردىكى بېرلىن شەھىرىنىڭ كوچىلىرى تارىختىن بۇرۇنقى يارلىقلارغا، ئۇنىڭ قەبرىستانلىقى ھادىسىنىڭ يەر ئاستى ئۆردىسىغا، ئۇنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرى باش-ئۇچى يوق تۈزلەڭلىككە ئايلىنىدۇ، تارىخ بىلەن رىۋايەت بىرگە بىرىكىدۇ. ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى يۈز بەرگەن كۈن — 1904-يىلى 6-ئاينىڭ 16-كۈنى «پۈتۈن دۇنيانىڭ ئورتاق دەۋرىنىڭ بىر كۈنىگە» ئايلىنىدۇ.

ۋاقىتداشلىق ۋاستىسىدىن پايدىلىنىش ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەۋاتقان ۋاقىتنى توختىتىپ، قاتۇرۇپ قويىدۇ. ھايات تارىخ خاراكتېرىدىكى ياكى ۋاقىت بويىچە ئىزچىللىق خاراكتېرىدىكى جەرياندا ئىگەللەنمەي، پەقەت بىر خىل ئورتاقلىق يۈزىدىلا كۆزىتىلىدۇ ۋە سۈرەتلىنىدۇ. بۇ خىل ۋاستە راۋاجلىنىۋاتقان، ئۆزگىرىۋاتقان ۋە ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان

ئىدىيىلەرنى ئىپادىلەشكە پايدىسىز، ۋاقىت ئۇقۇمىنى يوق قىلىپ تاشلايدىغان بولغاچقا، ۋەقەمۇ مەۋجۇدلۇقىنىڭ ماددىي قېپىدىن مەھرۇم قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال تۇيغۇغا تەۋە ۋە يوشۇرۇن ئاڭغا تەۋە نەرسىلەرنىڭ ئەسەرلەردە يامراپ كېتىشىنى شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 4. سوغۇق مۇئامىلە قىلىش

بۇ ئاپتور بىلەن پېرسوناژلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ، بىر خىل بايان قىلىش ئۇسۇلى ۋە تەلەپپۇز. مودېرنىزمچىلار، ئاپتور پېرسوناژلار بىلەن كىتابخانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا توغرىسىغا تۇرۇۋېلىپ، ئىزاھلىغۇچى، چۈشەندۈرگۈچى بولۇۋېلىپ، پېرسوناژلارغا ۋاكالىتەن گەپ قىلىپ، كىتابخانلار ئۈچۈن مەسىلە ھەل قىلىپ بېرىپ، پېرسوناژلارنى ئۆزىنىڭ ئاۋاز كارنىيىغا ۋە قورچىقىغا ئايلاندۇرۇۋالسا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۆزىنى كىتابخانلارنىڭ بالا باققۇچىسى قىلىۋالسا بولمايدۇ. ئەكسىچە، كىتابخانلار پېرسوناژلارنىڭ ئىچىگە خۇددى تۆگمەنگە كىرگەندەكلا ئۇدۇل، بىۋاستە كىرىپ كېتىشى لازىم، دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ مەسىلىدە، مودېرنىزمچىلار چېخوۋنىڭ: «يازغۇچىنىڭ پوزىتسىيىسى قانچە ئوبيېكتىپ بولسا، پەيدا بولغان تەسىراتمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ» دېگەن سۆزىگە ئىنتايىن ئېتىقاد قىلىدۇ.

بۇ ۋاسىتىدە، يازغۇچى - سەنئەتكارلار ئۆزىنى ئەسەرنىڭ تېشىدا تۇتۇپ، بايان ۋە تەسۋىرلەردە ناھايىتى سوغۇق بىر خىل تەلەپپۇز قوللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى كۆرۈنۈشلەر ۋە پېرسوناژلار قانچە بىمەنە ۋە قانچە ۋەھىملىك بولغانسېرى، ئۇلار ئۆزلىرىنى شۇنچە بىپەرۋا ۋە ئادەتتىن تاشقىرى خاتىرجەم تۇتىدۇ.

مودېرنىزمچىلارنىڭ بۇ خىل سوغۇق ۋە تىنچ قاراپ تۇرالايدىغان ئىستىلى كافكانىڭ ئىجادىيىتىدە ناھايىتى تىپىك ھالدا ئەكس ئېتىدۇ. كافكانىڭ ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئىنتايىن بىمەنە ۋە غەيرىي نورمال ئىشلارنى بايان قىلىۋاتقان چېغىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى بولغان تەلەپپۇزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يۈز بېرىۋاتقان، ئادەملەر ئاڭلاپمۇ، كۆرۈپمۇ باقمىغان ئىشلارنى سۆزلىگەندە، ئۆزىنى ئۇلار بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتەك تۇتىدۇ. ئۇ، كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ئىشلارنى كۈندىلىك رېئال تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمى قىلىۋېتىپ، ئۇلار ئەتراپىمىزدىكى دۇنيادا ئەسلىدىنلا بار ئىشلارغۇ، ئەجەبلەنگۈدەك نېمىسى بار؟ دېگەندەك قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. سوغۇق مۇئامىلە بىلەن ئوبيېكتىپ بايان قىلىش تەلەپپۇزى ئەسەرلەردە ياكى ئەسەرنىڭ بەزى ھالقىلىرىدا مەنە يېقىدىن قاتلام پەيدا قىلىپ، كۆپ خىل چۈشىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەمما بۇ خىل ۋاسىتىنى ھەددىدىن ئارتۇق قوللىنىش — ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىدىيىسىز، ھېسسىياتسىز، چۈشىنىش تەس بولغان بىر نېمىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

## 5. بىمەنىلىك

بۇمۇ مودېرنىزمچىلار ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن ۋاستە،

بىمەنە تىياتىرچىلىق ئېقىمىدىكىلەردىن تاشقىرى، بۇ ۋاستىنى ئىپادىچىلىك، سىتېرئوچىلىق، مەۋجۇدىيەتچىلىك، يېڭى ھېكايىچىلىق، قارا يومۇرچىلىق ۋە سېھىرىي رېئالىزم قاتارلىق ئېقىملاردىكى يازغۇچى - سەنئەتكارلار ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە كەڭرى قوللاندى.

بىمەنىلىك دېگىنىمىز — ماس كەلمەسلىك، نورمال رېتىمنى يوقىتىش دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ ياكى غەيرىي شەكىلدە، پارچىلىنىشتا، ئوبيېكتىپنى سۇبيېكتىپ نىيەت ۋە ئۇقۇم بويىچە قايتىدىن بىرىكتۈرۈشتە، ياكى ھەرىكەت بىلەن تىلنىڭ غەلىتىلىكىدە، غەيرىي نورماللىقىدا، مۇھىت ۋە ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ قالايمىقان، تەرتىپسىزلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مودېرنىزملىق سەنئەت — غەيرىي شەكىللىك سەنئەت. غەيرىي شەكىلدە، مودېرنىزمچىلارنىڭ باشقا ئىجادىيەت مېتودلىرىدىكى «مۇكەممەللىك»، «ماسلىشىشچانلىق» تىن ئىبارەت ئىجادىيەت پرىنسىپى ئېغىر دەرىجىدە ئىنكار قىلىنىدۇ. غەيرىي شەكىل — رېئال تۇرمۇشتىكى قۇرۇلما تەرتىپىنى قالايمىقان قىلىش، بۇ خىل قۇرۇلما تەرتىپىنىڭ سەنئەت چىنلىقىنىڭ ئاساسىي ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىق، دېگەن گەپ. مودېرنىزمچىلار: «ئادەملەر قالايمىقانچىلىقنى تەرتىپكە ئىگە قىلىدۇ، مەن بولسام تەرتىپنى قالايمىقان قىلىمەن» دەيدۇ. ئۇلار چىنلىقنى بىر پۈتۈن، تەرتىپلىك رېئاللىق ئىچىدە دەپ ئەمەس، بەلكى ئۇنى سۇبيېكتىپ توقۇلما ئىچىدە دەپ بىلىدۇ ھەم ئۇنى بىر خىل ئەرۋاھقا ئوخشايدىغان، غەيرىي شەكىللىك چىنلىق دەپ ھېسابلايدۇ. غەيرىي شەكىلدىن غەرب زىيالىيلىرى ئىككى



قېتىملىق جاھان ئۇرۇشىدا يوقاتقان روھىي تەڭپۇڭلۇقىنى تاپقان. ئەمما، شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مودېرنىزملىق سەنئەتنىڭ رېئاللىقنى غەيرىي شەكىللەشتۈرۈشى نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئادەم ۋە دۇنيا بىزنىڭ تونۇشىمىزدىن ۋە بەھىرلىنىش ئادىتىمىزدىن بەكمۇ يىراقلاپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى نەرسىلەرنى كىتابخانلار ھەر قانچە ئويلىغان بىلەنمۇ چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ ئۆزى ئاپتورلارنىڭ كۈندۈزى ئۇخلىماي كۆرگەن چۈشى ۋە پسىخىكىلىق ھالەت ئۆزگەرتىشلىرىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، غەيرىي شەكىلنى قوغلىشىش نەتىجىسىدە، مودېرنىزملىق ئەسەرلەر بارغانسېرى خەلقتىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئاز سانلىق ئەدىبلەرنىڭ دۇنيانى ئويۇنچۇق قىلىپ ئوينايدىغان، كىشىلىك ھاياتنى مازاق قىلىدىغان قورالىغا ئايلىنىپ، ئاخىرى بۇ سەنئەتكارلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىنىڭ قۇرۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

مېنىڭ يۇقىرىقى تەتقىقاتىم 1994-يىلى 8-ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە غۇلجا شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن شېئىرىيەت مۇھاكىمە يىغىنىدا قىسقارتىلغان شەكىلدە ئوقۇپ ئۆتۈلگەن. مېنى يىغىن تەييارلىغۇچىلار مۇشۇ ئەمگەكنى ئىشلەشكە ئۇيۇشتۇرغان ۋە يىغىندا ماڭا سۆزلەشكە ئىككى سائەتلىك ۋاقىت بەرگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا، يىغىن ۋاقتىنىڭ قىستاپ كېلىشى بىلەن، مەن «شېئىر دېگەن نېمە» دېگەن بۇ تېمىدىكى تەپسىلىي تەتقىقاتىمنىڭ تىزىسلىرىدىكى ئەسلىدە ئۆزۈم پىلانلاپ

ئالغان ۋە تەييارلىق قىلغان ئاخىرقى مەزمۇنلىرىنى، يەنى رېئالىزم مېتودى، رومانتىزم مېتودى ۋە رېئالىزم بىلەن رومانتىزم بىرلەشتۈرۈلگەن مېتودتىكى شېئىرنىڭ ئېستېتىك ئۆلچەملىرى بولغان شېئىرىي قۇرۇلما، شېئىرىي خىيال، شېئىرىي تەسەۋۋۇر، شېئىرىي ھېسسىيات، شېئىرىي لوگىكا، شېئىرىي غۇۋالىق، شېئىرىي تىل، شېئىرىي سۈرەتلەش، شېئىرىي مۇھىت، شېئىرىي ئوبراز، شېئىرىي نوتۇق، شېئىرىي تەپەككۇر، شېئىرىي پىكىر قاتارلىقلارغا ۋە شېئىرىيەتنىڭ ئىجادىيەت جەريانىغا تەۋە بولغان شېئىرىي دىت، شېئىرىي ئىلھام شېئىرىي دىتال، شېئىرىي كەيپىيات قاتارلىق ئامىللارغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا نەزەرىيە جەھەتتىن تەبىر بېرىش، ئۇلارنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇلار ئۇچۇن ئېلىنغان ئۆلگىلىك مىساللارنى ئانالىز قىلىش ئىشىنى قەغەز يۈزىدە ئورۇنلىيالماي قالغانىدىم. بۇلاردىن تاشقىرى مەن بۇ ئەمگىكىمدە يەنە، چەت ئەل شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرى مەسىلىسى، شېئىرىيەتتە ئىزلىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئېلىپ بېرىشنىڭ چىقىش يولى، مىللىي ئەنئەنە بويىچە ۋارىسلىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە كۆپ كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرى، مەتبۇئاتتا شېئىرلارنى تاللاش ئۆتكىلى ۋە مۇھەررىرلەرنىڭ ساپا ئۆلچىمى، شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەر قاتارلىقلار ئۈستىدىمۇ تەرتىپلىك توختالماقچى بولغانىدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈستىدە ماتېرىيال ۋە ئانالىز تەييارلىقىم بار ئىدى. لېكىن، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك، ۋاقىتنىڭ قىستاپ قىلىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇنچىۋالا



كەڭرى مەزمۇندىكى ئىلمىي ئەمگەكنى تولۇق ئېلان قىلىشقا ۋاقىت بېرىلمەيدىغانلىقى سەۋەبلىك، بۇ مەزمۇنلارنىمۇ ماقالىلەشتۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمەي قالغانىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن، مەن باشقا ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، بۇ ئەمگەكنىڭ ئاخىرقى قىسمى بولىدىغان يۇقىرىقى مەزمۇنلار يېزىلماي تاشلىنىپ قالغان. بۇ قېتىم نەشرىيات مېنىڭ بۇ بەش تومluق تاللانغان ئەسەرلىرىمنى نەشرگە تەييارلىغاندىمۇ، ۋاقىت يېقىندىن بۇ مەزمۇنلارنىڭ تەتقىقاتىنى ماقالىلەشتۈرۈشكە يەنىلا ئۈلگۈرەلمەي قالدىم. ئاخىرى، مەن يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتكەن ئورۇنلىنىپ بولغان تەتقىقاتىمنى ئاۋال ئېلان قىلىپ تۇرۇش، ئۇنىڭ داۋامى بولىدىغان، تېخى ئورۇنلانمىغان مەزمۇنلارنى بۇنىڭدىن كېيىن ۋاقىت چىقىرىپ، ئايرىم-ئايرىم تېمىلاردىكى ئىلمىي ماقالىلەردە ئورۇنلاش نىيىتىگە كەلدىم. شۇڭا، بۇ ئەھۋالنى كەڭ كىتابخانلارغا ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى.

ئومۇمەن، شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ۋە شېئىرىيەت نەزەرىيىسى ساھەسىدىكى تەتقىقات بىزدە ھازىرغا قەدەر بىر بوشلۇق بولۇپ كەلدى. مېنىڭچە، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىدىكى شېئىر توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشلەر بەكمۇ ئاددىي، بەكمۇ چولتا بولۇپ، تېخى شېئىرىيەت نەزەرىيىسى بولۇپ شەكىللەنمىگەن. بۇ چۈشەندۈرۈشلەر بارماق ۋەزنى، ئارۇز ۋەزنى، سىياسىي لىرىكا، مۇھەببەت لىرىكىلىرى، تەبىئەت لىرىكىسى، ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرىلىرى ۋە شېئىر تۈرلىرى دېگەن دائىرىدىلا چەكلىنىدۇ. بۇلار تېخى قىسمەن، ئىنتايىن تار دائىرىدىكى شەكىل

ئۇقۇملىرىلا بولۇپ، ئۇلاردا شېئىرىيەتنىڭ ماھىيەتلىك ۋە خاراكتېرلىك نەزەرىيە ئاساسلىرى يورۇتۇپ بېرىلمىگەن. شۇڭا، مەن يۇقىرىدا ئىزاھلاپ ئۆتكەن سىستېمىنى ئورۇنلىماي بولمايدۇ. شۇندىلا، بىز پەن تەرىقىسىدىكى سىستېمىلىق شېئىرىيەت نەزەرىيىسىگە ئېرىشەلەيمىز. مۇنداق سىستېمىنىڭ بولۇش-بولماسلىقىنىڭ ناھايىتى چوڭ رولى بار. بىز ئۆگەنگۈچىلەرنى نىسبەتەن مۇكەممەل بولغان نەزەرىيە ئاساسلىرىغا ئىگە قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇلار ئاللىبۇرۇن ئۆز ۋەتەنلىرىدە تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان مودېرنىزملىق شېئىرىيەتنى ئەينەن كۆچۈرۈۋېلىپ، ئۇنى «بىز يېڭىلىق ياراتتۇق، بىز ئىجاد قىلدۇق، بىز ئىزلىنىۋاتىمىز» دەپ ساختىلىق قىلىۋاتقان شەخسلەرنىڭ شېئىر ھەققىدىكى ھەر خىل بىمەنە چۈشەندۈرۈشلىرىگە ئوڭاي ئىشىنىپ قېلىشتىن، بىلىم ۋە ساۋات يېقىدىكى ئاقىلىق تۇپەيلى، شېئىر دېگەن شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ. دەپ چۈشىنىپ قېلىشتىن ساقلىنالايدۇ.

1998-يىل 1-ئاي، ئۈرۈمچى.



# زۇھۇرى غەزەللىرىدىن نەسرىي يەشمە

## 1

1. سىرلىق بولغىنى شۇكى، ھەر كىشىنىڭ بېشىغا بىر سەۋدا سېلىپسەن، بۇ سەۋدالار ئىككى ئالەم بازىرىدا يۈزلەپ غەۋغالارغا سەۋەب بولۇپتۇ.

2. بىر «ئەين» (ع) ئىككى «لام» (ل) ئارىسىغا كىرىپ «لەئل» (لەۋ) بولۇپ، جان بەخش قىلغۇچى سۈپىتىدە قۇياش يۈزۈڭگە چۈشكەن خال بىلەن قوشۇلۇپ، ھۆسنۈڭنى مىڭ ھەسسە گۈزەللەشتۈرۈۋېتىپتۇ.

3. بىر بىچارىنى ھەممە ئامانەتكە قويۇپ، خاتىرجەم قىلىپ، ئۇنى زالىم ۋە نادان دەپ بىلىپ، ئىشقىڭدا شەيدا قىلىپسەن.

4. قىرىق ئىشىكلىك زۇلۇماتنىڭ بارىنى ئىشغال قىلماي تۇرۇپ، ئاللا ئاتا قىلغان ئىلمىدە دانا بولىمەن دېيىش تولىمۇ نادانلىقتۇر.

5. ئامانەت بېرىلگەن ئەقىدىنى جىنىمنىڭ ئىچىدە

شۇنداق ئاسرىدىمكى، بۇنىڭ نەشەككۇرى ساڭا خاس، بۇنىڭغا ھەممە شەيئىلەر گۇۋاھ بولغاي.

6. كۈنپېتىشتىكىلەر جۇدالىق كېچىسىدە غەمگە پېتىپ، ئاي يۈزۈڭنى كۆرسەك دەپ، ئىسكەندەرگە ① ئوخشاش ئەينەك تۇتۇشۇپتۇ.

7. ئەگەر سۇلتان ئۆزىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بىر جەندىنى كىيىۋالسا، گادايىنىڭ قۇراق تونى ئىچىدىكى بۇ شاھنى كىممۇ بىلەلەيدۇ؟!

8. جاھاندا ھەممە كىشىگە ئۆز يارى ھەمراھدۇر، لېكىن مېنىڭ يارىم كىشىلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغانۇ، نازلىرىنى كۆرۈپ تۇرىمەن.

9. زۇھۇرى دائىم سېنىڭ زاتىڭغا شۇ قەدەر مەشغۇل بولسۇنكى، ئۆزلۈكىنى② يوقىتىپ، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق نام ۋە سۈپەتلەر قالمىسۇن.

## 2

1. ئەي جان، قۇياشنىڭ نۇرلىرىدىن زەررە بولسىمۇ نېسىپ قىلغىن، ئەي رىزىق بەرگۈچى، ۋەھدەت③ شارابىدىن بىر تامچە بولسىمۇ تېتىتقىن.

2. جۇدالىق قايغۇسى بىلەن تىلىم گەپكە كەلمەي



قالدى، كۆڭلۈمگە يوشۇرۇنغان دەردلەردىن ۋاقىپ بولغۇچى دانا سەن ئۆزۈڭ.

3. قارا چاچلىرىڭنىڭ خىيالى بىلەن قارا تۈنلەردە قالدىم، يولۇمنى تاپالماي، دەيدىغىنىم: «ئىگەم ماڭا توغرا يول كۆرسەتكىن» دېگەندىنلا ئىبارەت بولۇپ قالدى.

4. ئىشقىڭنىڭ كاپىرى ئارىسىدا مەنسۇر④ غا ئوخشاش زەپەر قۇچاي، دار ئالدىدا «مەن ھەقمەن» دەپ پەرياد ئۇرۇپ، گاھىدا سەندىن مەدەت تىلەي.

5. جەلالىددىن رۇمىغا⑤ نۇرۇڭدىن جۇلا بەرگىنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاشىقلار ئىچىدە شەرەپ ۋە ئىززەتكە ئېرىشىپ، پىر-ئۇستاز بولدى.

6. لېۋىڭ ياقۇت، بويۇڭ زىبا، كۆزلىرىڭ شوخ، ئۆزۈڭ رەناسەن، سېنىڭ سۈپىتىڭنى تەرىپلەشكە لايىقىدا سۆز تاپالمىدىم، نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟

7. ئىلاھا، بۇ زۇھۇرىنىڭ كۆڭلىدە ئۆزۈڭنى پەيدا قىل، ئۇنى ئۆزلۈكىدىن جۇدا قىلغىنىكى، ئۇنىڭ جېنىغا جەننەت مۇقەررەر بولسۇن.

## 3

1. سېنى ماختاشقا ھەددىم يوق، پەقەت ساڭا

سانىقسىز تەشەككۇرلا ئېيتالايمەن، مەندە لايىقىدا سۆز بولمىسا، سېنى قايسى تىل بىلەن تەرىپلەيمەن؟

2. ۋاپاغا جاپا قىلغۇچى ئاسىي قۇلمەن، سەن ئەپۇ-كەچۈرۈم دەرياسىسەن، غەمكىن قۇلۇڭنىڭ ئوقۇيدىغان دۇرۇتى: « ئەي تەڭرىم، بىز ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلغۇچىلار بىز » دېيىشتىنلا ئىبارەت.

3. ئىنسانلارنىڭ ياخشىسىنىڭ مىراسىدىن مەندەك مىراسخورنى مەھرۇم قىلما، ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا سىرلارنىڭ خەزىنىسى ئەمەسمۇ؟

4. ئۇلارنىڭ زاتىغا ئىشقىڭ ئوتىنى ھۇرۇپ، تىلىنىڭ مەخپىي سىرلىرىنى يوشۇرماستىن، جاپا-مۇشەققەت سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ، تۇپراق ئۈستىدە بىر بۇلۇڭدا قالدۇردۇڭ.

5. ئوت، ھاۋا، سۇ ۋە تۇپراقنى شۇ قەدەر كامال تاپقۇزدۇڭكى، ياراتقۇچىلىق قۇدرىتىڭ بىلەن ئۇنى ئۆز بايلىقىڭ ئۈچۈن خەزىنە قىلىپ بىنا قىلدىڭ.

6. سەھەر پەيتىدە سوققان يېقىملىق شامال ئىشقىڭنىڭ ئوتىنى ئۇلغايتىۋەتتى، مەن بۇ ئوتتا كۆيسەم، كۈلۈمنى سورۇپ، ئىشقىڭنىڭ كوچىسىدا يوق قىلغىن.

7. كىمكى سېنىڭ ھىجرانىڭنىڭ زەھىرىدىن ئازراقلا تېتىپ قالسا، ۋەسلىڭنىڭ تەرياكى (زەھەر قايتۇرغۇچى دورىسى)



بولمىسا، لوقمان ھەكىممۇ ئۇنىڭغا داۋا قىلالمايدۇ.

8. جېنىمنىڭ قۇشى « ۋەتەن مۇھەببىتى » نى ياد ئېتىپ پەرياد چەكمەكتە، غەم زىندانى ئىچىدە تەندە ئەلەم، جاندا ئازابلارنى كۆرمەكتە.

9. زۇھۇرى ۋەسلىڭ توغرىسىدا قانچە سۆزلىسىمۇ، ھەممە سۆزى جايىغا چۈشمىدى، بۇ ئاجىز بىچارىنىڭ ھالىنى كۆرمەمسىلەر؟ ئۇنىڭغا ئىشق سەۋداسى تېگىپتۇ.

## 4

1. ئەي، سەن ئادەم باللىرى ئىچىدە يېگانە گۆھەر بولۇپ يارىلىپسەن، دېڭىزدىكى ھەرقانداق سەدەپتىن مەرۋايىت تېپىلىۋەرمىگەندەك، ئادەملەر ئىچىدىمۇ سېنىڭدەكنى تاپقىلى بولمايدۇ.

2. ئىشق دېڭىزىنىڭ دولقۇنلىرىدىن تامچىلار ئۈزۈلمەي چاچراپ تۇرىدۇ، دەجلىدەك ⑥ ئۇلۇغ دەريادىمۇ سېنىڭدەك تامچە تېپىلمايدۇ.

3. سەن ئالەم گۈلشىنىنىڭ خۇشناۋا بۇلبۇلىسەن، « رەببىڭ ساڭا سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى » .

4. ساڭا ئەگەشكەنلىكىدىن مەسىھمۇ ⑦ پەلەكتە ماكان

تۇتتى، ئۇنىڭ يۈكسەكلىكىمۇ «ئاللا بىلمىگەننى بىلدۈردى» دېگەن ئايەت بىلەن بولدى.

5. ئاشۇ ئارزۇ بىلەن ئىشىكىڭگە يۈزۈمنى سۈرەي دەپ قۇياشمۇ پەلەك يۈكسەكلىكىدىن ئالەمگە يۈزلىنىپ، غەم قاراڭغۇلۇقىغا چۈشتى.

6. يەلدا ⑧ كېچىسىنى نېمانچىلا قارا بولۇپ كەتتىكىن دېسەم، سېنىڭ جۇدالىقىڭ تۈپەيلىدىن ماتەم تۇتۇپ، قارا كىيىم كىيىۋالغانىكەن.

7. سېنىڭ ئىسمىڭ مۇھەببەتتىن نىشان كەلتۈرگۈچى ئەھمەدتۇر، بۇ «ھا، مىم» ⑨ ئايىتىدىن مەلۇمكى، ئالەمدە ئۇنىڭدىن باشقا نىشان يوق.

8. بارلىق شاھلارغىمۇ، پەيغەمبەرلەرگىمۇ شاھ بولۇپ يارىتىلىپسەن، خۇددى ئۈزۈكنىڭ كۆزىگە ئوخشاش، باشقىلار تەن بولسا، سەن ئۇنىڭغا جانسەن.

9. توغرا يول تۇتقانلار سېنىڭ شەپقىتىڭگە ئېرىشىپ، پاك كۆڭۈل دوستلاردىن بولۇپ قالدى، نادانلار بولسا سېنىڭ مەۋجۇدلۇقۇڭدىن غەمگە پاتتى.

10. قۇياشنىڭ نۇرى زەمزەم قۇدۇقىغا چۈشكەندەك، يۈزۈڭنىڭ ئەكسىمۇ كۆڭلۈمگە چۈشسە، ئۇنىڭ بىلەن قەلبىمنى روشەن قىلسام دەيمەن.



11. زۇھۇرى سېنىڭ ئىتلىرىڭدىن مېنى ئۆز توپۇڭلارغا قېتىۋالساڭلار نېمە بولىدۇ؟ دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ.

## 5

1. سېنىڭ چاچلىرىڭ جان گۈلشىنىمدىكى ساپ ئەمبەردۇر، يۈزۈڭنىڭ ئەكسى كۆڭلۈم بېتىدىكى بېزەكتۇر.

2. جامالىڭ بىلەن چاچلىرىڭ مېنى شەيدا قىلدى، خۇددى كېچە - كۈندۈز، ئەتىگەن-ئاخشام سايرايدىغان بۇلبۇلغا ئوخشاپ قالدىم.

3. گوياكى ھىندى بىلەن رۇمى يارىشىپ ئۆتكەندەك، چاچلىرىڭ بىلەن يۈزۈڭ كۆڭلۈمدە بىللە ئورۇن تۇتتى.

4. ۋىسالىڭنىڭ سەھەرى شاملىقلار ⑩ غا نېسىپ بولغاچقا، سەمەرقەندلىكلەر بىلەن بۇخارالىقلار غەم قاراڭغۇلۇقىدا قالدى.

5. ئەگەر سېنىڭ جامالىڭ بۇ دۇنيادا جىلۋىلەنمىگەن بولسا، ئىسكەندەر بىلەن دارا ⑪ نېمىشقا بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلاتتى؟!

6. مېنىڭ ئۇ لەيلى سۈپەتلىكىم بۇ چىمەندە پەيدا بولۇشى بىلەنلا، ھەممە كىشىنى مەجنۇنغا ئوخشاش ئەقلىدىن ئاداشتۇردى.

7. نازۇك بەدىنىڭنىڭ ئىچىدە باغرىڭنىڭ تاشتىن ئىكەنلىكىنى كۆردۈم، ئەينەك قەدەھنىڭ ئىچىدە تاش تۇرغاننى كىم كۆرگەن؟!

8. جان قۇشۇم بۇ يەردە قانات قاقسا، پەرىشتىلەر بىلەن ھۆرلەر جەننەتتە ناغرا چېلىشىدۇ.

9. ئۇنىڭ شېرىن لەۋلىرى سەن ئۈچۈن ئەزگۈ سۆزلەرنى تۆككەندە، سۆز سىرلىرىنى بايان قىلىشتا، پەرھاد بىلەن خۇسراۋدا ماجال قالامدۇ؟!

10. ئەگەر ئاشىقلارنىڭ مۇقامى قۇلىقىغا يەتسە، زۆھرە (يۇلتۇزى) ئاسماندا ئۇسسۇلچى بولۇپ پىرقىراپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ.

11. زۇھۇرى سېنىڭ جامالىڭنى كۆرگەندە، ۋامىقتىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ، ئۈزرا بولسا، باغدا ھۆسنۈڭنىڭ گۈلىدىن ئۆزرە سورايدۇ.

## 6

1. جامالىڭنىڭ نۇرى جېنىمغا نەقىش چېكىۋېدى، قارا چاچلىرىڭدىن ئىمانىمغا پەرىشانلىق چۈشتى.

2. باغدا سورۇن تۈزگەنلەر گۈلدىن گەپ ئېچىپ كۆڭلىنى خۇش قىلسا، مەنمۇ كۆزۈمدىن ئاققان قانلىق ياشلارنى گۈلنىڭ مىسالى دەپ بىلىمەن.



3. ماڭا كەلگەن ئېغىرچىلىقلارغا تاغ-دەريالارمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، جىسمىمنىڭ بۇ خارابىسىغا شۇنچىۋالا ئاپەت كەلگەن بارمۇ؟!

4. ھىجراننىڭ بارلىق قارىمۇ قارشىلىقىنى بىر يەردە قىلىپ قويغان يەردە، ۋىسالنىڭ قانداق قىلار؟ مېنىڭ ئاھۇ پىغانلىرىمدىمۇ ئوت بىلەن سۇ قوشۇلغاندۇر.

5. ئاھ، قاشلىرىڭنىڭ خىيالى بىلەن قامىتىم يادەك پۈكۈلۈپ، گويا غەم قوشۇنلىرىنىڭ قىلىچى قالقىنىمغا ئۇرۇلغاندەك بولدى.

6. يۈزۈمنىڭ ئاي يۈزۈڭگە قارىغۇدەك ئەھۋالى يوق، چۈنكى، چىڭگىلىك چاچلىرىڭ جىسمىمنىڭ ھەشقىپېچىكىگە چىرمىشىۋالدى.

7. سەندىن قانچىكى غەم-قايغۇلار يۈزلەنسە، ئۇ ئاشىق ئۈچۈن خۇشاللىقتۇر، ساڭا ئاشىق بولغىنىمدىن بېرى ماڭا كۆرمىگەننى كۆرسەتتىڭ.

8. جانانىم گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ سارىيىمغا كىرىپ كەلسە، ئۇ جېنىمنىڭ جانانىسىغا مىڭلاپ جېنىم بولسىمۇ پىدا قىلغان بولاتتىم.

9. زۇھۇرى بۇلبۇلغا ئوخشاش نالە-پەرياد قىلىپ: بۇ

بوستاندا ساڭا ئوخشاش بىر گۈلنى كۆرمىگەنىدىم، دەيدۇ.

## 7

1. سېنىڭ بويۇڭ جان گۈلشىنىدە ئۆسكەن سەرۋىمۇ؟ بويۇڭغا ياراشقان يۈزۈڭ ئېچىلىپ تۇرغان قىزىل گۈلمۇ؟

2. قىپقىزىل لەۋلىرىڭ ھۆسنۈڭدىكى ياقۇتمۇ ياكى يالقۇنىڭ ئىچىدىكى چوغمۇ؟

3. كۆكلۈگىدە يورۇپ تۇرغىنى ياقۇت لەۋلىرىڭنىڭ شولىسىمۇ ياكى ئىشقىڭنىڭ ئوتىدىن تۇتاشتۇرۇلغان ئىسرىقدانمۇ؟

4. چاچلىرىڭنىڭ ھىدى پۈتۈن ئالەمنى ئۆزىگە شەيدا قىلدۇ، ئۇ خوتەننىڭ ئىپارىمۇ ياكى ئەمبەرىمىدۇر؟

5. ئىككى قۇلىقىڭدا كۆرۈنگىنى مەرۋايىت ھالقىمۇ ياكى ئاينىڭ ئىككى يېنىدىكى يۇلتۇزلارمۇ؟

6. كۆكلۈمگە چۈشكىنى كۆزۈڭ بىلەن كىرپىكلىرىڭنىڭ سۈرىتىمۇ ياكى ئۇلارغا قادالغان خەنجەر بىلەن نەيزىمىدۇر؟

7. بۇ ماڭا كۆز تاشلاپ ناز قىلغىنىڭمۇ ياكى ماڭا تۈيۈقسىز سانجىغان نەشتىرىڭمۇ؟



8. ئاشىقلارنىڭ رەسمىدە دەرد تارتىشنىڭ ئۆزى ئارزۇ دېيىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ جۇدالىقتا ئاققۇزغان ياشلىرى مەرۋايىتمىدۇر؟

9. كىشىلەر زۇھۇرىنى ئىشق-مۇھەببەتتىن لاپ ئۇردى دېيىشىدۇ، ئەي جان، سەن بۇنداق لاپقا ئىشىنەرسەنمۇ؟

## 8

1. مېنىڭ تېز يۈرەر يارىم ئاتلىنىپ چىقىپ كەلسە تۇپا-چاڭدا قالمىسۇن دەپ، كۆزلىرىم ئۇنىڭ يوللىرىغا ياش تۆكۈپ، ئىنتىزار بولۇپ قاراپ تۇرىدۇ.

2. ئۇنىڭ جامالىغا زار بولۇپ، چىمەنلىكتە ئۇنى كۈتۈپ تۇرغۇچمەن، گۈل يۈزى تامان كۆز تىكىپ، كىرپىكلىرىم ئاڭا تىكەن بولدى.

3. ئۇنىڭ نازۇ كەرەشمىلىرىنى كۆرۈڭ، چېچىنىڭ چىگىلىكلىرى روھىمنى تۇزاققا چۈشۈرۈپ، مېنى ئۇنىڭغا زار قىلىپ قويدى.

4. ھىجرانى بىلەن كۆڭۈلنى سۇندۇرۇپ، ۋىسالىنىڭ يادى بىلەن يەنە ئۇلىدىمىكىن؟ ئۇنى ئۇلاغ قىلىپ مىنەمدىكىن؟

5. بۇ چاچلار ئۇنىڭ ئۈچۈن گويا باھارنىڭ سۇمبۇلى بولۇپتۇ، ئۇنى يېپىپ سايە تاشلىسا، گۈپۈلدەپ تۇرغان

پۇرىقىدىن دىماغلار يېرىلىدۇ.

6. ئۇ تېز يۈرەر ئېتىنى بۇ باغلار ئىچىگە چاپتۇرۇپ كىرسە، ئىككى كۆزۈمنى ئېتىنىڭ تۇياقلىرى ئاستىغا چاچقۇ قىلىپ چاچقان بولاتتىم.

7. يارى ئۈچۈن زۇھۇرى بېشىدىن كەچسە، ئۇنىڭ نېمە ئەيىبى بار؟ بار-يوقىنىڭ ھەممىسىنى پىدا قىلسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن يۈز قېتىملاپ ئىپتىخار ئەمەسمۇ؟!

## 9

1. مەن كۆزلىرىمنى شۇنداق بىر ئارزۇ بىلەن قۇدۇققا ئايلاندۇرسام، سەن بۇ قۇدۇققا كەنئانلىق يۈسۈپتەك ⑫ چۈشۈپ كەلمىدىڭ.

2. بۇ زۇھۇرى سېنىڭ جامالىڭنىڭ ھېيتى ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىپ، ئۇنى سېنىڭ ئاشىقلىرىڭغا نەزىر قىلدۇ.

## 10

1. ئەي ساقىي، بىر ئاي يۈزلۈك ئۈچۈن مېنى شارابخور قىلىۋەتكىن، ئۇ جاڭگىلىنى مەن سەۋدايى ئۈچۈن ماكان قىلغان.

2. ئەي نەسىھەتچى، مېنى دىن تەرەپكە تەكلىپ



قىلىپ تولا سۆزلىمە، چۈنكى، بۈگۈنكىدەك تۆۋە كۈنىدە مەن مەستە بولۇپ يۈرۈپتىمەن.

3. ئەي سوغۇق نەپەس شەيخ، مېنى كۆرگەندە بۇرنۇڭنى تۇتما، تەقدىر شارابى مېنى مەست قىلىپ قويدى.

4. ماڭا يارىمنىڭ قوشۇما قاشلىرىدىن كۆپ زەخمەتلەر كەلدى، ئۇ، زەخمىلەرنىڭ دەردىگە ئۈزۈلدۈرمەي شاراب ئىچ دېگەن ئوخشايدۇ.

5. مېنى مەيخانىدا ساقىي بىلەن سازەندە شارابخور قىلىپ، قەدەھ بىلەن ئاجرالماس قىلىپ باغلاپ قويدى.

6. ئۇ شوخ پەرى، چاقنان دىلبەر كىرىپ كېلىپ، شەيخلەرنىڭ بەزمىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى.

7. زۇھۇرى، سەن بۇ ئىككى يۈزلىمچى شەيخلەرنىڭ يولىغا كىرمە، مەيخانىچى سېنى بىرلا قەدەھ بىلەن مەست قىلغۇسى.

## 11

1. قەددى نازۇك بۇ يىگىت مېنىڭ جېنىمدا كۆكلەپ تۇرغان سەرۋ كۆچىتى، ئۇ يىگىت كۆڭلۈمگە ئوت سالدى ۋە ئوتلۇق كۆڭلۈمگە ئىبراھىم خەلىلۇللا ⑬ دەك كىردى.

2. ھۆسنىنىڭ گۈلزارلىقىغا كىرىپ، گۈللىرىنى پۇرىسام، ئۇ كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان يىگىت گۈل ھىدى بىلەن مەست قىلىپ قويۇپ، مەندىن قاچتى.

3. ھىجرانىدا ئۇنىڭغا ۋامىق ⑭ قا ئوخشاش ھەرقانچە زار بولسامۇ، بۇ ئۇزرا ⑮ غا ئوخشايدىغان يىگىت خۇددى غۇنچىدەك كۆزلىرىدىن نىقابىنى ئالمىدى (ماڭا قاپىقىنى ئېچىپ قاراپمۇ قويمىدى).

4. ئۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان يىگىت مەن دىۋانىگە خۇددى پەرىزاتتەك جىلۋە كۆرسىتىپ، ھەرقاچان كۆڭلۈمنى ئۆتۈۋالىدۇ.

5. ئۇ پەرىشتىگە ئوخشايدىغان يىگىت سېھرىي نەپەس ئىدى، جىسمىمغا ھۇرۇپ قويۇۋېدى، ماڭا ئۇنىڭ ئاجايىپ يۈكلىرى يۈكلىنىپ قالدى.

6. ئۇنىڭ سېھرى بىلەن ھەر كۈنى ئۈچ گۇرۇھ لەشكەر باستۇرۇپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرى جاللاتقا ئوخشىسا، لەۋلىرى جان بېغىشلايدۇ.

7. مەن ئۆتەر يولىدا ئۆزۈمنى تۇپراققا ئايلاندۇرۇپ ئۆلۈپ ياتسام، بۇ يىگىت ئۈستۈمدىن شاش ئېتىنى دەسسىتىپ ئۆتەرمۇ؟

8. ھىجرانىدا، كېچە-كۈندۈز زار بولۇپ، كۆزلىرىمدىن قان تۆكسەممۇ، بۇ بىپەرۋا يىگىت مېنىڭ ھالىمغا زادىلا پەرۋا قىلمىدى.



9. ھەر تاڭ پەيتىدە ئۇيقۇنى تەرك قىلىپ، سانسىز ئاھۇ پەريادلار چەكسەڭمۇ، ئەي زۇھۇرى، بۇ مىرزا يىگىت ساڭا نېمىشقا رەھىم قىلمايدىغاندۇر؟

## 12

1. مەن بىچارىنى ئۆزۈڭنىڭ ئىشقىدا زامان ئەھلى ئالدىدا رەسۋا قىلىپ، بار-يوقۇمدىن ئايرىپ، ۋەيران قىلۋەتكىن.

2. جىگەر قانلىرىم دەريا بولۇپ ئاقتى، ئوقلىرىڭنى جېنىمغا ئېتىپ، قېنىم بىلەن ئۇنى سەرۋىگە ئوخشاش سۇغارغىن.

3. كۆكرىكىمنى ئوقلىرىڭغا نىشان قىلىپ تۇتۇپ بەردىم، قوشۇما قاشلىرىڭنى ئۇنىڭغا كامان قىلغىن.

4. جان قۇشۇم پەرۋاز قىلماقنى تىلەيدۇ، ئۇنى چەكسىز بوشلۇقتا پەرۋاز قىلدۇرغىن.

5. بار-يوقۇمنىڭ ھەممىنى ساڭا چاچقۇ قىلىۋېتەي، ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ ئېلىپ، يەنە جېنىمنى ئالماقنىڭ قەستىدە بول.

6. مېنى تاكى قىيامەتنىڭ تاڭلىرىغا قەدەر مەست قىلىپ، ئاشۇ كۈنى كۆزۈڭ نۇرى بىلەن مەستخۇش قىلغىن.

7. زۇھۇرى خىيالىڭدىن بىر دەم خالىي بولىدىغان بولسا، كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپلا (ئۇنى ئۆلتۈرگىن-دە) قوللىرىڭنى قان قىلغىن.

## 13

1. مەۋجۇدلۇقتىن باشقا ئۇنىڭ ئاشكارا بولغان بىرەر سۈپىتى يوق، كۆرۈنمەيدىغان ھەر قانداق زات ئۇنىڭ سۈپىتى بولالمايدۇ.

2. ئىشق دېڭىزى دولقۇنلىنىپ قەترىلەر بۇلۇتنى پەيدا قىلدى، شۇ سەۋەبتىن، كائىناتمۇ ئۆز كۆرۈنۈشىنى يوشۇرۇپ، كۆزدىن غايىب بولدى.

3. مەن غەپلەتتە قاپتىمەن، ئەمما سەگەك كىشىلەر دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇد نەرسىلەرنىڭ پەرياد كۆتۈرگەنلىكى توغرۇلۇق گۇۋاھلىق بېرىشتى.

4. ياراتقۇچى خەتتات بۇ دۇنياغا جان بېغىشلىغۇچى بىر گۈزەل سۆز يېزىپ قويۇۋىدى، ئاسماندىن دېڭىزغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق جانلىقلار ھاياتلىققا ئېرىشتى.

5. بىزنى سەرگەردان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھۆسنىنى يوشۇردى، كۆڭۈللىرىمىزنى ئەينەك قىلىپ، ئۇنىڭغا جامالىنىڭ سۈرىتىنى چۈشۈردى.

6. مېنىڭ بۇ قاراڭغۇ كۆڭلۈمگە كېلىپ تەگكەن ئوقلىرى



خۇددى جۇدالىق توغرۇلۇق خەت يازماقچى بولغان قەلەمنى قارا سىياھ توشقۇزۇلغان دۈۋەتكە چىلاپ قويغانغا ئوخشايدۇ.

7. كۆزۈمنىڭ قارىچۇقىنى قارا سىياھ قىلىپ، خەت يازسام، سەھەرلەردە چەككەن ئاھلىرىمدىن چىققان شاماللار قانات بولۇپ، خېتىمنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ بېرەر.

8. ھەرقاچان جېنىمنى پىدا قىلسام، ئۇ ناز قىلىدۇ، ئۇ جېنىمنى جۇدالىقتىن قۇتۇلدۇرغان بولسا ئىدى، كاشكى.

9. زۇھۇرىغا پەقەت يارنىڭ دەردىلا لەززەت بېرەلەيدۇ، ھەسەل بىلەن قەنت-ناۋاتمۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا تېتىمايدۇ.

## 14

1. ئەي خۇدا، سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ شەھرىنى ئامان قىلغىن، ھەممە ئاشىقلىرىڭنى چېچەن، سۆزمەن قىلغىن.

2. كۆڭلۈمگە سۈپۈرگە بەرگىن، ئۇنى ھەممە ئوي-خىياللاردىن پاك ئەيلە، ئۇنىڭدا پەقەت ئۆزۈڭلا ماكان تۇت.

3. مېنى دائىم ئۆزۈڭنىڭلا كويىدا يۈرىدىغان تىلەمچىگە ئايلاندۇرۇپ، ماڭا دوستۇڭنىڭ سۆزلىرىدىن نىشان كۆرسەتكىن.

4. تولا بويۇن تولغاپ، يۈزى قارىلىق قىلدىم، ماڭا قارا

يۈزلەرنىڭ بەلگىلىرىنى ئايان قىلىپ بەرگىن.

5. دوستۇڭنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى، مېنى ئەپۇ قىلىپ، ماڭا رەھىم قىل، سۈپەتلىرىڭنى بايان قىلىپ بەر.

6. كىمكى سېنىڭ رەھىمىتىڭگە سازاۋەر بولىدىغان بولسا، زۇھۇرىنى ئۇنىڭغا يولداش قىلغىن.

## 15

1. ئەي كۆڭۈل، يار باشقىلارنىڭ بەزمىسىگە بېرىلىپ كەتتى، قان-ياشلىرىڭنى تۆككىن، ئىككىمىزگە ھىجران دەردىلا نېسىپ بولۇپتۇ.

2. ۋەسىل بەزمىسىدە سازەندە سازىنى چېلىپ، ناۋا تۈزدى، ئاھ، يارنىڭ لەۋلىرىگە ئۇ ئېرىشتى، مەن بولسام، جۇدالىق تۇپرىقىدا خارلاندىم.

3. ئۇنىڭ ئىزىنىڭ توپىسىنى كۆزۈمگە سۈرمە قىلاي دەپ ھەرقانچە تەلمۈرسەممۇ، ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا-چاڭ كۆزۈمنىڭ ئەتراپىغا قونمىدى،

4. مۇبادا بىر ئاقىل جاھاندىن ماڭا ئوخشاش شەيدا بىلەن ئۇ ياردەك بەڭۋاش مەستنى ئىزلەيدىغان بولسا، ھەرگىز تاپالمايدۇ.



5. ئەي ساقىي، ئەمدى ماڭا مەستلىكتىن باشقا چارە قالمىدى، مەن مەيپەرەس بولدۇم، مەيخانا ئەھلىگە بۇ توغرۇلۇق خۇش خەۋەر يەتكۈزگىن.

6. مەي دېڭىزى ئىچىدە غەرق بولۇپ يوقىلاي، مەندىن نىشانمۇ قالمىسۇن، ئەي زاھىد، ئۇ مەينىڭ كۆپۈكى مېنىڭ سەللەم بولسۇن.

7. ئەي زۇھۇرى، ئەگەر مەزھەرى ساڭا يار-يۆلەك بولسىلا، ماھارىتىڭ بىلەن ئىبادەتگۇيلارنى مەغلۇپ قىلالايسەن.

## 16

1. نېمىدېگەن قارا قايغۇ بۇ؟ سىرداش دوستۇم ماڭا جەبىر قىلدى، ئەي كۆڭلۈم، غەمنىڭلا دوستى بولغىنا، مۇندىن كېيىن ھەرگىز دوست تۇتما.

2. ئاھ، مەن بىچارىگە دائىم دوستتىن ئازار يەتمەكتە، شۇڭا كۆڭلىرىم ئەل ئىچىدە ھەر كېچە يىغلاش بىلەن ئۆتسە، نېمە ئەيىب؟!

3. ئۇنىڭ ۋىسال بېغىدىن گۈل ئىزلىسەم، جۇدالىق مېنى خار قىلدى، مېنىڭ خار بولۇشۇمغا گۈلنىڭ تىكەن بىلەن دوست بولۇشى سەۋەب بولدى.

4. ھەر كېچە قىلىۋاتقان نالەمدىن باشقىلارغا ئۇيقۇ يوق، شۇنچە دەردمەن بولدۇم، دوست يەنىلا ئويغانمىدى.

5. دوستلار بەزمىدە مەي كۈپىنىڭ تۈۋىدىن ئورۇن ئېلىپ، چالا بوغۇزلانغان قۇشتەك پىرقىراپ يۈرسەم، بۇنىڭدىن دۈشمەنلىرىم كۈلسە، نېمە ئەيىب؟!

6. ئەي مەزھەرى، ماڭا دوست بولۇپ، قولۇمنى تۇت، كىمكى ساڭا ئوخشاش دوستقا ئېرىشسە، پۈتۈن ئالەم دۈشمەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا نېمە غەم؟!

7. ئەي زۇھۇرى، بۇ دۇنيانىڭ مېھرىگە باغلىنىپ قالما، ئۇ ھېلىگەر دۈشمەن ھېچكىمگە دوست بولۇپ باقمىغان.

## 17

1. ئۇنىڭ قامىتى جېنىمدا سەرۋىدەك ماكان تۇتسا، كۆڭلۈمدە قىيامەت قايىم بولىدۇ.

2. سەن جېنىمنى پىدا قىلدىم دەپ تولا مەغرۇرلانما، چۈنكى ئۇ قامىتى كېلىشكەن يار ساڭا زۇلۇم قىلىشتىن قىلچە ئەپسۇسلانمايدۇ.

3. ئۇ مەپتۇنكار كۆز جاھانغا ئاجايىپ توپىلاڭلارنى سالدى، بۇ توپىلاڭلاردىن ئۇنىڭ ئۆز قامىتى ئامان بولغاي.



4. ئۇنىڭ چەك-چېگرىسىنى كۆرمەكنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرەلمەيمەن، ئۇنىڭ ئاخىرى كۆرۈنمەيدۇ، ئۇنىڭغا نە كۆزۈم يېتىدۇ، نە كۆڭلۈم؟

5. زۇھۇرى، ئۇنىڭ قامىتىنى ئارزۇ قىلساڭ، جاپاكەش بول، ئۇنى جاپادا قارار تاپىدۇ، دېيىشىدۇ.

## 18

1. ئۇ بىپەرۋا قاتىل يەنە ناز بىلەن كۆرۈنۈپ، جان بىلەن كۆڭۈل مەملىكىتىمنى چاققانلىق بىلەن ئالدى.

2. جانىنى ئۇنىڭغا پىدا قىلغان كۆڭلۈم ئۇنىڭ قانچىلىك زالىم، قاتىل ۋە ھەۋەسمەن دىلبەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالدى.

3. ئىچەرمەنلەر ئەقلىنىڭ پىرىگە دەخلى يەتكۈزدى، ئۇ ئەقىللىق يىگىت بەزمىدە بولغان بولسا ياخشى بولاتتى.

4. ئىپپەتلىكلەر ئۇنىڭ ۋىسالىنى ھەۋەس قىلدى، لېكىن بۇ يىگىت پاكلارنىڭ ماكانىدىن ئۆزىنى پاك تۇتتى.

5. ياقىلىرى يىرتىلغان، ئۆزى ھاياسىز، بېلىگە زۇننار ⑯ ئاسقان ئۇ يىگىت كۆڭلىنى پاراكەندە قىلماقچى بولۇپ ياقىسىنى يىرتىۋاپتۇ.

6. ساڭا دەرد-ئەلەم يەتسە يەنە شۈكۈر قىل، چۈنكى، كۆڭۈل غەملىرىدىن بۇ يىگىت ئاجايىپ خۇشال بولىدۇ.

7. ئەي زۇھۇرى، بۇ يىگىت توغرىسىدا سۆزلىسەڭ تۈگىمەيدۇ، ئۇنىڭ چاچلىرىنىڭ ئۆزى بىر قىيامەتتۇر.

## 19

1. ئۇنىڭ جاللات كۆزلىرى ئاجايىپ ئوقيا ۋە قىلىچلارنى ئېسىۋالغاچقا، ئوق يامغۇرىنىڭ غېمىدە، جان توغرىسىدا قىلغۇدەك گەپمۇ قالمىدى.

2. ئەگەر جانان جانغا موھتاج بولغان بولسا، ئۇنى ئايايدىغان يېرى يوق، ئەگەر پادىشاھدىن پەرمان بولسا، ئۇنى رەت قىلىشقا پۇقرانىڭ نېمە ھەددى بولسۇن؟

3. بەڭگى دىۋانە نانىنىڭلا گېپىنى قىلغاندەك، ھاياتلا بولسام، ئۇنىڭ ئىشقى توغرىسىدىلا گەپ-سۆز قىلىمەن.

4. تەلۋىلەرنىڭ سورۇنىدا ئاقىل بەكمۇ يات بولۇپ قالىدۇ، يات ئاقىلدىن گەپ سورىغىنىڭكى، نادانلاردىن ھەرگىز سورىما.

5. ئەي زۇھۇرى، جانان ئۇچۇن جىسمىڭ بىلەن جېنىڭنى ئاسرا، جاناندىن گەپ-سۆز كېلىۋېدى، تېنىڭگە جان كىرىپ قالدى.



## 20

1. مېنىڭ مەست بولۇشۇمغا ئۇ كۆزلىرى مەي رەڭلىك گۈزەل سەۋەبچى بولدى، ئۇنىڭغا باغلىنىپ قېلىشىممۇ لەۋلىرىنىڭ سېھرىدىن بولغان.

2. گۆدەكلەرنىڭ تاش ئېتىشىغا مەجنۇنلۇق سەۋەبچى بولىدۇ، شۇنداق ئىكەن، پەلەك بېشىمغا تاش ياغدۇرسا، مەندە نە ئەيىب؟

3. ماڭا غەم كەلسە ئەجەبلەنمەڭ، چۈنكى مېنىڭ تەلىيىم شۇنداق، «سۆيۈملۈك ۋەتەن» دەپ كېلىشىمگە مۇشۇ غەمكىنلىك سەۋەبتۇر.

4. بۇ جاھاندا مەي ئىچىشكە مەيلىم يوق ئىدى، مېنىڭ شوخ قىلغۇچى ئۇ شارابنى ئىچىشىمگە ئۇ كېلىشكەن ساقىي سەۋەبكار.

5. نېمە ئىش ئىكىن، ئۇ يارىم بەزمىدە چالغۇچىلارنى يىغىۋاپتۇ، چۈنكى، مېنىڭ يامان كۆڭلۈمنى ئالدىغانغا ياخشى ئاھاڭلار سەۋەبچى بولىدۇ.

6. يارنىڭ ھىجرىندا، مىڭلاپ-تۈمەنلەپ ئەپسانىلەرنى سۆزلىسەم، ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، خەلق ئىچىدە پەرىنى

بەند قىلىش ئۈچۈن ئەپسۇن ئوقۇيدىغان ئادەت بارغۇ؟

7. زۇھۇرى، رەقىبىڭنىڭ قىلغانلىرى ئېيتقانغا تۈگىمەيدۇ، مېنىڭ ھىجران ئىچىدە قېلىشىمغا شۇ لەنىتى سەۋەبچى بولدى ئەمەسمۇ!

## 21

1. جانىنىڭ قۇلىقىغا ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن شېرىن سۆز يېتىپ كەلدى، قۇلاقلار بۇ يوسۇندىكى ياخشى سۆزلەرنى ھېچقاچان ئاڭلىغان ئەمەس.

2. ئەي ساقىي، ئىشرەت مەينى تۇتقىن، ئەي چالغۇچى سازىڭنى چال، بەزمىمىزدە بىردەم غەمكىن سۆزلەر بولمىسۇن.

3. ئەي ناخشىچى، بىردەم غەزەلخانلىقىڭنى يەنىمۇ كامالىغا يەتكۈزگىن، بۇ يەردە خالايىق-پالايىق دېگەنلەردىن گەپ-سۆز بولۇنمىسۇن.

4. ئەي زاھىد، ئاغزىڭنى يۇم، مەن دىنسىزلىقتا ھەددىمدىن ئاشتىم، مۇسۇلمان كاپىر بىلەن سۆزلەشسە قانداق بولىدۇ؟

5. ئەي نەسىھەتچى، باھار شامىلى چىقماي تۇرۇپ قۇيۇن تۇپراقنى ئۇچۇرغاندەك، سەنمۇ كۆز بويايدىغان گەپلەرنى قىلما.



6. مەن ئەسلىدە كۇپۇرلۇقتىن بىزار بولساممۇ، يەنىلا كۇپۇرلۇق ئەقىدىسىدىن ۋاز ئېيتىپ كەتتىم، دىنىنى تونۇمايدىغان كىشىلەر ئالدىدا، تازىمۇ تەكەببۇرانە گەپلەرنى سۆزلەپ تاشلىدىم.

7. ئەي زۇھۇرى، قانچىلىك سۆز تاپساڭ، ئۇنى مەزھەرىڭگە يوللاپ بەرگىن، ئۇ سېنىڭ بۇ نەزمەڭگە ھەرقاچان ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.

## 22

1. كۆڭلۈمدىكى ئۆتكۈر ئارزۇ-ئىستەكلەرنىڭ ئوتى يالقۇن بىلەن ۋە لالەرەڭلىك مەينىڭ ئۇنىڭ چىرايلىق يۈزىدە لاۋۇلداپ تۇرغان تەپتى بىلەن بەسلىشىپ كۆيۈۋاتىدۇ.

2. خۇددى جاللات ئۇنىڭ جان ئاتا قىلغۇچى ياقۇت لېۋى بىلەن بەسلەشكەندەك، ئۇنىڭ سۆزلىرى جان بېغىشلىسا، كۆزلىرى جاللات بولۇپ جېنىمنى ئالىدۇ.

3. ئىشق ياسىدىن ئېتىلىپ يۈرەككە كېلىپ تەگكەن ئوقنىڭ كۆپلۈكى جۇدالىقنىڭ يەلدا تۈنىدە يۇلتۇز بىلەن بەسلىشىدۇ.

4. مەشۇقنىڭ ھىجرانىدا مېڭەمگە قان قۇيۇلدى، ئۇ

كىرپىكلىرىنى نەشتەر قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى داۋالايدۇ.

5. جامالىڭنىڭ نۇرى كۆڭۈل ئەينىكىگە چۈشسە، يول باشلايدىغان چاغدا، ئۇ تولۇن ئاينىڭ نۇرى بىلەن بەسلىشىدۇ.

6. ھىجران كېچىسى يەلدا تۈنى بىلەن جېدەل قىلسا، جۇدالىق كۈندۈزىمۇ قىيامەت كۈنى بىلەن دەتالاشقا چۈشىدۇ.

7. ئۇنىڭ قەددى باغنىڭ ئىچىدىكى سەرۋىنىمۇ بېسىپ چۈشتى، ئۇ جەننەتنىڭ باغلىرىدىكى ئارچا بىلەنمۇ بەسلە-شەلەيدۇ.

8. مەزھەرى بىلەن ئۇنىڭ ماھارىتى دائىم بەسلەش-كەندەك، بۇلبۇل بىلەن تۇتىمۇ ئۇنىڭ تاتلىق لەۋلىرىنى تالىشىۋاتىدۇ.

9. ئەي زۇھۇرى، جېنىڭ قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدا قالدى، سېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن يۇسۇپ خەنجەر بىلەن بەسلەشمەكتە.

## 23

1. نېمىشقا جاھان خەلقىگە ھەممىلا سىرىڭنى پاش قىلىدىغانسەن؟ كىم ساڭا دوست بولغان بولسا، ئۇنىڭمۇ يەنە دوستى بار ئەمەسمۇ!

2. ھىيلە-مىكرنى مەيگە ئوخشىتىپ بەرسە، ئىچىپ



سالما، ئىچىپ قويساڭ، بىر كۈن ساراڭ قىلسا، ئۈچ كۈن كېسەل قىلىدۇ.

3. ھەقىقەت مەيلىرى توغرۇلۇق ئازراقلا خەۋەر تېپىپ قالساڭ، تەقۋادارلىق، زاھىدلىقنى تاشلاپ، مەيخانا ئەھلى تەرەپكە بار.

4. شاراب ئالىدىغانغا سەندە پۇل بولمىسا، بۇ زۇھۇرىنىڭ سەللىسىنى گۆرۈگە قويساڭ بولىدۇ.

## 24

1. نېمە ئۈچۈنكى، بۇ باغرى تاش مېنى ھىجران ئىچىگە تاشلاپ قويدى، ئۇ قۇياشىم غەملىرىمنىڭ بۇ كېچىسىدە مېنىڭ بېشىمنى ئايلاندۇرۇپ قويدى.

2. ھىجران تۈنلىرى بېشىمغا يۈزمىڭلاپ بالا تاشلىرى ياغدى، بۇ تاشلارغا كۆز ياشلىرىم قان بولۇپ ئاقسا، قانلار ئىچىمدىن ياش بولۇپ تۆكۈلىدۇ.

3. ئەگەر سەن ئۇ شوخنىڭ چاچلىرىنىڭ چەۋگانىدا ئىككى توپىنى كۆرگەن بولساڭ، ئۇنىڭ بىرى غەمنىڭ قاتتىق تېشى، يەنە بىرى مېنىڭ سەرگەردان بېشىم.

4. جېنىمنى ئالغىن دەپ يالۋۇرسام، ئۇ جانانىم بەكلا

ناز قىلىۋاتىدۇ، ئۇ، ئالمايمەن دەيدۇ، مەن، ئالسەن دەيمەن، بۇ ئىككى ئارىدا جېنىم تالاشتا قالدى.

5. ئۇ يارنى سېنى تاشلاپ باشقىلار بىلەن كېتىدۇ دېمەڭلار، مۇنداق دېيىشمىگە ئۇنىڭغا بۇرۇندىنلا قىلغان پەرۋىشىم سەۋەب بولالايدۇ.

6. بىر باغۋەننىڭ بېغىدا، بىر ئېرىقتا قوشۇلۇپ ئاققان سۇ بولغانىدىم، ھىجراننىڭ كۆز پەسلى يېتىپ كەلگەندە، مېنى سارغايتقان ئاشۇ باغدىشىمدۇر.

7. كۆڭلۈمگە يوشۇرۇلغان يارنى جاھان خەلقىگە ئاشكارىلاپ قويغىنى ئوتلۇق ئاھىم بىلەن سىرىق يۈزۈم ھەم كۆز ياشلىرىمدۇر.

8. ئىشقىنىڭ دەشتىدە، مېنى ئىتلار قاۋاپ توسقاندا، ئۇلار مېنىڭ مىسكىن قاياشلىرىم، ساڭا زەرەر يەتكۈزمەيدۇ، دېگەن نىدا كەلدى.

9. مېھرابىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ كۆڭلۈمدە ئۇ شوخنى كۆرگىنىمدە، ئۇ: بۇ ساڭا ئايان بولغىنى كۆز ۋە قاشلىرىم دېدى.

25

1. تامچە-تامچە ياشلاردىن ئىككى دەريا پەيدا بولدى،



بۇ ئىككى دەريا ئىچىدە مەرۋايىت ۋە گۆھەرلەرمۇ پەيدا بولدى،

2. ھىجرانىڭ غېمىدىن كۆز ياشلىرىم دائىم قان بولدى، يۈزۈم سارغايغانچە، ئىككى مەڭزىم ئانار چېچىكى رەڭگىگە كىرىپ قالدى.

3. ئاشىقلارنىڭ مۇھەببەت رىشتىسى بولغان قارا چاچلار ئۇلارنىڭ بوينىغا ھالقا، بېلىگە زۇننار بولىدۇ.

4. بارچە ئەل دەۋا ئىستىسە، ئاشىقلار دەرد ئىستەيدۇ، ئاھ، ئاشىقلارنىڭ دەردىنى بىللە تارتىشىدىغان دىلدارى بولسا ئىدى!

5. دەردسىزلەرگە تىرىكلىك سۈيىدىن ئىچۈرسىمۇ، ئۇلار بىر كېسەككى، ھېچ قەيەردىن خېرىدار چىقمايدۇ.

6. دەردلىكلەرنىڭ داۋاسى يارنىڭ جامالىدۇر، دەردسىزلەر خۇددى شاھمات ئويۇنىدىكى رۇخ (توپ) نى مات قىلىشقا ئۇرۇنغان شاھتۇر.

7. مېنىڭ ئۇ قۇياشىمنىڭ ئايان بولۇشى بىلەن، ئۇنىڭ جامالىنىڭ ۋەسلىدىن يۈزلەپ نۇرلار پەيدا بولسا، ھىجراندىن مىڭلاپ دوزاخلار بەرپا بولىدۇ.

26

1. ئۇنىڭ ئاي يۈزىگە قاراپ، قاشلىرىدا ئىككى ئوقيا

كۆردۈم، ئاتسۇن دەپ كۆكسۈمنى نىشان قىلىپ تۇتۇپ بەرسەم، ئۇ ناز قىلدى.

2. ئىككى يا تارتىپ بىر ئوق ئاتماق ھېچقانچە مۇشكۈل ئىش ئەمەس، يار بىر ئوقنى ئاسانلا ئېتىپ، جاننى ئارام تاپقۇزىدۇ.

3. يىلاننىڭ دەم تارتىشىدىن قۇشقاچلار ۋىچىرلاشقاندەك، جان قۇشىنى سېھىرلەيدىغانغۇ ئۇنىڭ ئىككى ئەجدىھاسى بار.

4. ئۇنىڭ چاچلىرى تۇزاق، خالى دان، يۈزى ئوۋچى بولغاچقا، جان گۈلشەنىدە قۇشلار ھەر تەرەپتىن غوۋغا كۆتۈرىدۇ.

5. جېنىم ئۇ شوخ زالىمنىڭ قولىدىن قۇتۇلمايدىغان ئوخشايدۇ، جېنىمنى ئۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەر بىر ئېيىدا (قېشىدا) بىردىن ئورغىقى بار ئىكەن.

6. جاننى كۆرمەك بۇ ئالەمدە ھەممىگىلا يۇسۇن ئەمەس، جاننىڭ تەن ئىچىدە ماكانى تۇرسا، ئۇ نېمە ئۈچۈن يوشۇرۇنمىسۇن!

7. ئۇ ئاي ئۆزىنىڭ يۈزىنى قاشلىرى، خالى ۋە چاچلىرى ئىچىگە يوشۇرغاچقا، كارۋانلار ئاي قاراڭغۇسىدا يولدىن ئېزىپ كەتتى.



8. ئىشق ئېتىغا مىنمىگۈچە يولنى بېسىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، چۈنكى بۇ يولنىڭ تىكەنلىرى بىلەن قىرلىق تاشلىرى بار.

9. ياردىن بۇ دۇنيادا نام-نىشانە بولمىسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنى بىلمەيدىغان لاچىنلار ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىدۇ؟

## 27

1. ئۇ يارىمنىڭ مەندىن ئايرىلىپ سەپەرگە چىقىپ كەتكىنىگە ئۇزاق بولدى، ئۇ كۆزۈمدىن قانچە غايىب بولغانسېرى، كۆڭلۈمدىن شۇنچە چىقمايۋاتىدۇ.

2. ئۇنىڭ كويىدا، ھەر تەرەپكە مەجنۇنغا ئوخشاش باش قويسام، بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش بولمايدۇ، چۈنكى مېنىڭ ئۇ لەيلىمنىڭ چىرايى قۇياشقا ئوخشاش ھەممە يەردە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

3. ھەمىشە ۋىسال سەھىرىنىڭ ئۈمىد بۇرجىكىگە تەلمۈرىمەن، بىراق ئۇ قۇياشىم شەرقتىن كۆتۈرۈلمەي، نېمە ئۈچۈن بىر جايدا تۇرۇۋالىدىغاندۇر؟

4. ھىجراننىڭ بۇ كېچىسىدە، سىردىشىم دەرد، ئۈلپىتىم غەم بولدى، جۇدالىقنىڭ زەربىسىنى سۆزلەپ كەلسەم، ئۆمرۈم قىسقىلىق قىلىدۇ.

5. ئەي تەڭرىم، مېنىڭ ھىلالىمنى پارلاق ۋە تولۇن قىلغىن، چۈنكى، قۇياش كېچە-كۈندۈز سېنىڭ يولۇڭدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

6. ئىبراھىم خەلىلۇللا كۆيگەندەك، بارلىق مۇلازىملار سېنىڭ پىراقىڭنىڭ ئوتىدا كۆيدى، ئۇلار يەنە مەنسۇر ھەللاجدەك سورۇلۇپ كەتسە، ئۆزلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ.

7. بىر كەمتەرىن خادىم ئۇنىڭ تەرىپىنى بايان قىلىپ تۈگىتەلمەيدۇ. ئۇ ئەبۇلمەنسۇر شۇجائىددىن بولۇپ، پەيغەمبەرنىڭ يوليورۇقلىرىنى چۈشەندۈرۈشتە ناھايىتى ماھىر.

8. ئەي تەڭرىم، شاھ ئەمىرتىمورنى دۇنيادا تەڭداشسىز قىلغاندەك، شاھ يۈسۈپكىمۇ ئادالەتنىڭ تەختىنى ئاتا قىلغىن.

9. ۋىسال كۈنلىرىدە شادلىق مەيدىن بىر قەدەھ نېسىپ ئەتكىن، ھىجران دەردىدىن زۇھۇرىنىڭ كۆڭلى بەكمۇ ئازار يېدى.

## 28

1. دىلبەر مېنى ھەيرانلىقتا سېلىپ، جۇدالىق تېغىغا تاشلىدى، ئۆزى بولسا، باغلاردا خۇشال-خۇرام، راھەت-پاراغەتتە ئۆتمەكتە.



2. مېنى كاككۇكتەك تاغۇ دېڭىزلاردا زارلىتىپ قويۇپ، ئۇ گۈزەل سەۋرى ئۆزى زەينەپكە ئوخشاش باغنىڭ ئىچىدە سايراپ يۈرىدۇ.

3. چېنىمنىڭ قۇشى بۇ قەپەسنىڭ ئىچىدە پەرياد قىلسا ھېچ ئەجەب ئەمەسكى، ئۇ، چېنىمنىڭ بۇ تۇتىسىغا قىزىل لەۋلىرىدىن شېكەرنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويغان.

4. ئۇ لەۋلىرى سېھىرلىك يامان كۆڭلۈمنى ئالغاچ كەتتىيۇ، كېسەل جېنىمنى ئالمىدى، مەندەك بىر بىچارىگە رەھىم قىلمىدى.

5. جۇدالىقنىڭ زەربىدىن كۆڭلۈمگە غەم تېغى ئورنىشىپ قالسا، بۇ تاغنى ئۇ پەرى سۈرەتلىك ئۆزىنىڭ تىل مېتىنى بىلەن پەرھادقا ئوخشاش يارىدۇ.

6. ئۇنىڭ ئاي يۈزى كۆڭلۈمدە كۆرۈنگەندە، گويا ئاينىڭ ئەتراپىدا يۇلتۇزلار بالقىغاندەك ياش تۆكمەن.

7. ئەي زۇھۇرى، سېنىڭ ئىشقىڭ كامالەتكە يەتمىگەن بولسا، راستچىل مەزھەرى نېمە ئۈچۈن سېنىڭ پەيدا بولغىنىڭنى كۆرۈپ، ساڭا ئاشىق بولۇپ قالدۇ؟

## 29

1. ھۆسن بېغىدا ئېچىلغان بىر رەنا گۈلمۇسىز ياكى

كۆك ئاسمان گۈمبىزىدە جاھاننى كەزگۈچى ئايمۇ؟

2. دىدارىڭىزنى كۆرەلمەستىن، كۆزۈم قارىغۇ، ئەقلىم ھەيران بولدى، سىز ئۇلۇغ ئالەم كۆكىدىكى نۇر چاچقۇچى قوياشمۇسىز؟

3. باغنىڭ ئىچىدە، سىزگە ئوخشاش گۈزەل ۋە نازۇك گۈلدىن يەنە باشقا بىرنى كۆرمىدىم، سىز جاننىڭ ئىچىدە كۆكلەپ تۇرغان سەرۋى ئۈستىدە ئېچىلغان قىزىل لالەمۇ؟

4. ھۆسن بېغىدا سىزدەك گۈل ۋە نازلىق سەرۋى بارمىكىنە؟ سىز سەرۋىدە ئېچىلغان نەغەز گۈلمۇ ياكى، ئۆ سىزنىڭ شەھلا كۆزلىرىڭىزمۇ؟

5. مۇنچىۋالا ئۆزىڭىزگە تارتىپ ھەممىنى مەجنۇن قىلىپ قويغىنىڭىز نېمىسى؟ ئۆزىڭىز چاققان، دىلىڭىز تاش، شېكەر لەۋلىك يارمۇسىز؟

6. ئىشق كامالەتكە يەتسە، ئاشىق بىلەن مەشۇقنى ئايرىۋالغىلى بولمايدۇ، سىز باغدىكى گۈلمۇ ياكى شەيدا بۇلبۇلمۇ؟

7. مەن سىزنى دائىم مەسچىتتىنمۇ ئىزلىدىم، مەيخانىدىنمۇ ئىزلىدىم، تاپالمىدىم، ئۇ يەردىمۇ يوق، بۇ يەردىمۇ يوق، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان زاتمۇسىز؟



8. ئالەمدىن ئىزلەپ تاپالمىدىم، ئەمدى يوقلۇق ئىچىدىن ئىزلەي، جاھاننى بېزىگۈچىمۇسىز ياكى پەرىزاتمۇسىز؟

9. بۇ زۇھۇرى يارىنىڭ چۇۋۇلۇپ تۇرغان چاچلىرىغا دەيدۇكى، ماڭا ئوخشاش ھەر تەرەپكە تاشلىنىپسىز، سىزمۇ مەندەك ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟

## 30

1. نازۇك قەددىڭىز ھەممە ئالەمنى يېشىللىققا پۈركەپ، بەرىكەت ۋە مولچىلىقنى ئايان قىلدى.

2. كىشىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرغۇچى غۇنچىلارنى كۆرسىتىپ، گۈلىستاننى خۇرسەن قىلدىڭىز، گۈل ئارزۇسى بىلەن بۇلبۇلنى شەيدا قىلدىڭىز.

3. بەزەن، ھەر تۈگۈن (غۇنچە) گە تاڭ شامىلىنى يەتكۈزۈپ، رەڭمۇ رەڭ گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇپ، خۇش پۇراقلارنى پەيدا قىلدىڭىز.

4. ئالەمگە ئىشقى-مۇھەببەتنىڭ ئۇرۇقىنى چاچماقچى بولۇپ، بىرنى ساقىي، بىرنى مەجنۇن، بىرنى لەيلى قىلدىڭىز.

5. ئېنىق بولمىغان سۆيگۈنى بىر سۈرەت ھالىتىگە

كەلتۈرۈپ، ئاشىق-مەشۇقلارنى پەيدا قىلىپ، سۆيگۈنىڭ سىرلىرىنى ئاشكارىلاپ بەردىڭىز.

6. مۇنچىۋالا ئىشلارنى كۆرسىتىپ قويۇپ، ئۆزىڭىزنى يوشۇرغىنىڭىز نېمىسى؟ سىز باشقىلار كۆرۈۋالمىسۇن دەپ جانىنىڭ ئىچىدە ماكانلاپ ئالدىڭىز.

7. ۋەسلى مەملىكىتىدە، «مەن — خەزىنە ...» دېگەن ھەدىسنىڭ سىرىنى كامالەتكە يەتكەن كىشىلەرگە ئاشكارىلاپ، بىزدىن يوشۇردىڭىز.

8. يارنىڭ قەدرىنى بىلمىگەندە بىلدۈرۈپ قويىسىز، ئەمدى نېمىشقا مېنى جۇدالىقتا تاشلاپ، ئالەمدە رەسۋا قىلىسىز؟

9. بۇلارنى ئاڭلاپ يارىم ئېيتىدۇكى، ئەي زۇھۇرى، نېمىشقا ھىجرانىمدىن قورقۇپ، ۋەسلىمنى ئارزۇ قىلىسىز؟

## 31

1. ئەگەر سىزگە يار كېرەك بولسا، ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭ يولىدا گاداي قىلىڭ، غەيرىي كىشىلەردىن ئۈمىد كۈتمەكتىن ئۆزىڭىزنى تىزگىنلەڭ.

2. ئۇ قاپىقىنى تۈرگەن ھامان، قاشلىرىدا ھەسەن-ھۈسەنـ گە ئوخشايدىغان ئوقيا پەيدا بولىدۇ، ئاتماق بولۇپ نىشان



ئىزلىسە، جېنىڭىزنى پىدا قىلىڭ.

3. ئەگەر ئۇ كىرپىك ئوقلىرىنى جېنىڭىزغا قاتار قىلىپ قادىسا، بۇ ئوقلارنى جاراھەتنىڭ دورىسى دەپ بىلىپ، جېنىڭىزغا داۋا قىلىڭ.

4. كىمكى فەنا ⑰ شارابىنى ئىچىپ مەڭگۈلۈك تاپقان بولسا، ئۇنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ، جان دەپ ئۇنى ئۆزىڭىزگە يول باشلىغۇچى قىلىڭ.

5. ھەممە ئۆتكەللەردىن ئۆتكەندىن كېيىن، ۋەسلىگە ئېرىشمىكىڭىز گۇمانسىز بولىدۇ، ۋەسلىنى تاپقان ھامان، ئۆزىڭىزنى ھەممىدىن جۇدا قىلىڭ.

6. سۆيگۈنىڭ ئازارى ۋە بەختسىزلىكلىرىدە ھەر خىل ھادىسىلەر كۆرۈلىدۇ، ھەممە خەق ئۇلاردىن قاچسا، ئۇنىڭ ھەممىسىنى ماڭا قىلىڭ.

7. نەزمە پۈتمەن دەپ زۇھۇرى كېچە-كۈندۈز لاپ ئۇرىدۇ، ئەي مەزھەرى، سىز ئاشۇ چاغدا ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ قويۇڭ،

## 32

1. نېمىشقا مۇنداق ۋاپاسىزلىق قىلىدىغانسىز؟ مېنى چەتلەشتۈرۈپ، كۆزدىن يوقاتماقچى بولىسىز.

2. ۋىسالىڭىزنى ئىستەپ جېنىمنى پىدا قىلسام، يۈزلەپ ناز بىلەن گەپ قىلىۋاتىسىز.

3. بىچارىلىق بىلەن يالۋۇرۇپ جانانغا دەيمەنكى: يا جېنىمغا جان بېرىڭ، يا جېنىمنى ئېلىڭ.

4. هارارەتتىن قىزىپ تۇرغان كۆكرىكىمنى دائىم ئېچىپ بېرەي، سۆيگۈ ئوقياسىدىن قانچىلىك بولسا، ئېتىۋېرىڭ.

5. مېنى هىجران چۆللىرىدىن قۇتۇلدۇرماي تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا يۈزلەپ جەبىر-جاپالارنى قىلماقچى بولسىز؟

6. ئەگەر مەن كۆرمىگەن بولسام، ۋىسالىڭىز پەيتلىرىنى كۈتمىگەن بولاتتىم، سىز نېمىشقا ئۆزىڭىزنى بىر كۆرسىتىپ قويۇپلا، مېنى تاشلاپ كېتىسىز؟

7. زۇهۇرى ۋاپادىن ئازراقلا تەلەپ قىلغان تۇرسا، نېمىشقا مۇنداق ۋاپاسىزلىق قىلىسىز؟

## 33

1. بۇلبۇل كۈز پەسلىدە گۈل بىلەن گۈلزارىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك، مەن بىچارىمۇ نەۋباهار كۈنلىرىدە يارسىز قالدىم.

2. قايسى باغقا كىرسەم، ئۇنىڭ گۈللىرى جېنىمغا ئوت



بولۇپ تۇيۇلدى، ئۇ گۈل يۈزلۈك سەرۋىدىن ئايرىلىپ قالسام، ماڭا باغمۇ جەهەننەم بولىدىكەن.

3. ئەي ساقىي، شارابىڭ خۇمارىدىن جېنىم تۇمشۇقۇمغا كېلىپ قالدى، هاياتلىق سۈيىدىن ئاغزىمغا بىر تامچە تامغۇزۇپ قويسىڭىز.

4. خۇمار بولماي تۇرۇپ، زادىلا شارابقا مۇيەسسەر بولمىدىم، ۋىسال ئىستىگىنىدە، كىم يارنىڭ دەردىنى تارتماي تۇرۇپ داۋا تاپالىغان؟

5. هىجراننىڭ زەهرىنى ئىچمەي تۇرۇپ، ۋەسلىنىڭ زەهەر ياندۇرغۇچى دورىسىنى كىم تاپالايدۇ؟ كىم قايسى گۈلشەنىدە گۈللەرنى تىكەنسىز كۆرۈپتۇ؟

6. جاهان گۈزەللىرىدە ئىشەنچ يوق، ئۇلاردىن ئۈمىد ئۈزگىن، نەشتەرسىز داۋا، ئازارسىز خۇشاللىق بولمايدۇ.

7. يار ۋەسلىگە يېتىشكەنىدە ئۇنىڭ چېچىنى بوينۇمغا زەنجىر قىلىپ ئېسىۋالسام دەيسەن، ئەي ئەقىلسىز، كىممۇ بۇتخانىغا ساڭا ئوخشاش زۇننارسىز كىرىدۇ؟

8. يارىمغا يىغلاپ تۇرۇپ ئەهۋالىمنى بايان قىلسام، ئۇ كۈلىدۇ. زۇهۇرى بولسا: «ئەجەبمۇ بىر دىلدارسىز» دەيدۇ.

## 34

1. قىزىل ياقۇتتەك مەي پىيالىمىز ئەجدىھانىڭ ئاغزىدا بولغاچقا، بۇ مەيخانىمىز جاپا-مۇشەققەت ئوتلىرى بىلەن يورۇپ كەتتى.

2. كۆز ياشلىرىمىزنىڭ تامچىلىرىنى سۈمكىن دەپ، لاچىنلار ئۇچۇپ كەلدى، ئىسىت، تەلەيىنىڭ يۇقىدىن بۇ مەرۋايىتلىرىمىز سۇغا ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ.

3. كىچىك بالىدەك بۇ كۆڭلۈم ئوينا-ئوينا ئاخىرى ئوتقا چۈشتى، سۆيگۈ ئوتىدىن گويا پۈتۈن جىسمىمىز ئاتەشخانىغا ئايلاندى.

4. دىۋانە كۆڭلۈم جىسمىم زەنجىرىگە باغلىنىپ قالغانىدى، تۇتقۇنىدىن ئازاد بولۇپ، ئەمدى بۇ دىۋانىمىز ھوشيار بولۇپ قالدى.

5. مەن جېنىمنى پىدا قىلىشنى خالاپ، ئۇنىڭ ۋىسالىدىن تەمە قىلغانىدىم، ئۇ جانان چىلىمغا ئوت سالغانىدەك، ھىجراننىڭ ئوتىنى بېشىمغا سېلىپ قويدى.

6. بەزم ئارا، ئۇ قۇياش ھۆسنىلىك كۆزگە كۆرۈنمەي، كۆزۈم تېشىلدى، بۇ جان كۆيگەن پەرۋانە بولۇپ، تازىمۇ قارا كۈنلەرنى يورۇتۇپ ئۆتتى.



7. ۋىسالغا يەتكەندە شۈكۈر دېگەنلىرىمىز ئاز بولغان بولسا، ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتىپ يەنە شۈكۈر دېيەلىسەم، ھىجراننىڭ بۇ غېمى قانچىلىك ئىدى؟

8. مەن ئۇنىڭ ۋەسلىنى ئىزدىسەم، ئۇ، مەنىسىز يات بول، دېدى، ئۆزىدە ماڭا دوستلۇق يوق، ئۆز ئارا يات ئىكەنمىز.

9. ئەي زۇھۇرى، ئۇنىڭ ۋەسلىگە يەتكەندە، گەپ-سۆزلىرىمىز ئەلنىڭ قۇلىقىغا يېتىشتىن بۇرۇن، ھەر كۈنى شۈكۈر قىل.

## 35

1. ئىشق ئوتى چۈشۈپ، بۇ كۆڭلۈمنى ئوت چاچقۇچى قىلىپ قويدى، غەم كېچىلىرىدە تارتقان ئاھىم شامال بولۇپ، بۇ ئوتنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

2. مېنى ئىشق ئوتى كۆيدۈرسە، ئۇنىڭ شامالىرى كۈلۈمنى ھەر تەرەپكە سورۇيدۇ، ئىشق ئەھلىگە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئىپار پۇرايدىغان شامال بولمايدۇ.

3. مەن ۋىسال بېغىنىڭ باھارىنىڭ يېقىملىق شامالىرىنى كۆزلىسەم، ئۆمرۈم دەرىخىنىڭ شاخلىرىغا يوپۇرماقلارنى تۆكۈدىغان كۈز شامىلى كېلىپ تەگدى.

4. خۇمار دايىما مەندە راھەت شارابى ئىچىش ئىستىكىنى قوزغايدۇ، لېكىن غەم تاشلىرى شادۇ خۇراملىقىمىنىڭ بۇ قەدەھىنى پارچە-پارچە قىلىپ چېقىۋەتتى.

5. ئەي دوست، ئويلاپ يېتەلمىدىم، كۆز ياشلىرىمىنىڭ مەرۋايىتلىرى تۆكۈلۈپ، يۈزۈم ئالتۇندىنمۇ ئەزىزرەك بولۇپ سارغايسىمۇ، يەنە نېمە ئۈچۈن دەردىمگە داۋا تېپىلمايدۇ؟

6. جېنىمنىڭ بۇ قۇشى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن ئىزلەپمۇ ئۇنىڭ ھۆسن بېغىدا ئېچىلغان ئانار گۈلىدەك لەۋلىرىنىڭ مېغىزىنى تاپالمىدى.

7. مىرزا زۇھۇرىددىن ئىشق ئارا لەززەت تاپتى، ئۇنداق لەززەتنى مەجنۇن تاكى قىيامەتكىچە تاپالمايدۇ.

## 36

1. سەن مېنى سېغىنما، ماڭا ئۇ دىلرەبا ھەمراھ، ئەمما ئۇنىڭ فىراقىدا يۈزمىڭ بالامۇ مەن بىلەن بىللە.

2. ئۇنىڭدىن ۋاپا كۈتمە، چۈنكى ئۇ قارا كۆزلۈك، ئاڭا ھەمىشە ئاشۇ ئىككى بىۋاپا قارا كۆزى ئۆلپەت.

3. تىلەمچىلەرنى يولدا ئىت تونۇۋالسا، بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك يېرى يوق، چۈنكى، ئۇلارنىڭ كىيىمىدە بىر ئاي



يۈزلۈك گۈزەلنىڭ كۆرۈنۈشى بولىدۇ.

4. ئۇنىڭ لەۋلىرىنىڭ خەزىنىسىگە ئېرىشىمەن دەپ يولنى ئاسان كۆرمە، چۈنكى، ئۇنىڭ يېنىدا ساڭا خىرىس قىلىپ ئىككى ئەجدىھاسى ھەمراھ بولۇپ تۇرىدۇ.

5. مەن ئىشق يولىدىكى گادايمەن، دەردمەنلەرگە ھەمراھ ۋە سىرداشمەن، ئەگەر پاك دىللار ماڭا ئۆلپەت بولسا، تەقۋادارلىقنى تەرك ئېتىمەن.

6. ئەي شەيخ، مېنى ئۆز تەرىپىڭگە تەكلىپ قىلما، چۈنكى، ساڭا يۈزمىڭلاپ ساختىلىقلار ئۆلپەتتۇر.

7. زۇھۇرى، نەۋائىنىڭ ماھارىتىگە يېتىشەلمەي ئۆتتۈڭ، يىغلا، ساڭا ناۋا ئۆلپەتتۇر.

## 37

1. جۇدالىقنىڭ قاراڭغۇ كېچىسىنىڭ ئاخىرى مەلۇم ئەمەس، بۇ قارىلىق تۈن قاراڭغۇلۇقىدىن ئەمەس، بەلكى چەككەن ئاھلىرىمىزنىڭ تۈتۈنىدىن بۇخسۇپ چىقىۋاتىدۇ.

2. باغدىكى ئىككى خىل رەڭدە ئېچىلغان رەنا گۈلى ئەمەس، ئۇ مېنىڭ زەپىراندەك سارغايغان يۈزۈم بىلەن لالە رەڭلىك قانلىق يېشىمدۇر.

3. نائېنىق بولغان سۆيگۈنىڭ ئۆزىدە مەشۇقمۇ، ئاشىقمۇ ئۆزى، ھەممىنى ئاشكارىلىغان يالغۇز مەجنۇن بىلەن لەيلىلا ئەمەس.

4. مېنىڭ نازىنىنىم يۈزىنى كۆرسىتىشكە ئىككى ئەينەك ياسىۋاپتۇ، ئۇنىڭ جىلۋىلىرى يالۋۇرۇشقىمۇ، نازۇ كەرەشمىگىمۇ كىرمەيدۇ.

5. يار چاقناتقان نۇرلاردىن گۈلگە ئازراقلا چۈشۈۋېدى، مەندەك بىر ساراڭلا ئەمەس، بەلكى قانچىلاپ بۇلبۇللارمۇ مۇئەللەق ئۇرۇپ سايراشقا باشلىدى.

6. كىمكى ئۆزى ساق تۇرۇپ مېنى ساراڭ دەپ مازاق قىلسا، مېنىڭ يارىمنىڭ پەرىشتە سۈپەت ئەمەس، بەلكى پەرى ئىكەنلىكىنى كۆرسە، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ قالىدۇ.

7. مەن زۇھۇرى نەۋائىدىن ئىلتىماس قىلىپ، ئۇنىڭ مۇنۇ مىسراسىنى ئالىمەن: ئەنبەر ھىدىنى شامال ئېلىپ كەلمىدى، لەيلى سۇمبۇل چاچلىرىنى يېيىپتۇ.

## 38

1. ئايلىنىپ تۇرغان بۇ پەلەك دۇم كۆمتۈرۈلگەن بىر جام، ئۇنىڭدا شارابنىڭ بولۇشى يوق گەپ، كىمكى ئىشرەت ئىستەيدىكەن، ئۇ سىرلاردىن خەۋەرسىزدۇر.



2. نادانلار مال-دۇنيا بىلەن مەغرۇر بولىدۇ، دۇمباقتەك چىقىپ كەتكەن قورساقلارنى كۆرسە، سېمىزلىك كېسەل ئەمەس دەيدۇ.

3. بۇ جاھان ھەممىنىڭ كۆڭلىنى ئالىدۇ، ئەمما ۋاپا قىلمايدۇ، ساڭا كىم غەمخورلۇق قىلسا، شۇنىڭ غېمىنى يە، بۇ دۇنيا سېنىڭ غەمخورۇڭ ئەمەس.

4. مېۋىلىك دەرەخ بالا-قازا تاشلىرىدىن ئامان قالمايدۇ، ئەگەر دەرەخ مېۋىسىز بولسا، سەرۋىدەك ئەركىن بوي تارتىدۇ.

5. يول تولىمۇ تار، قاراڭغۇدا قاراقچىلار پايلاپ تۇرىدۇ، يول باشلىغۇچى بولماي تۇرۇپ، ئۇ يولغا كىرىشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق.

6. ياخشى ئۆسكىن، باغۋەن كەسسە نوتىدەك ئۈلايدۇ، بۇ كېسىشتىكى غەرەز ئۈلىماق، ساڭا ئازار بېرىش ئەمەس.

7. ھەر كىشى زۇھۇرىدەك مەنىدىن يىراقلاشسا، شەكلەن دوستسىز يۈرگەندەك تۇرغان بىلەن، خۇلقى-ئېتىبارى بىلەن ياتلاردىن ئەمەس.

## 39

1. كىمكى دوست-يارانسىز بولسا، ئۇنىڭ راھىتى تارتقان مۇشەققەتلىرىگە ئەرزىمەيدۇ، كىمكى تىرىكلىكنىڭ ھەمراھى

بولسا، بۇ تىرىكلىك جۇدالىقىنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.

2. باش باھار كۆنلىرىدە باغ ئىچىدە گۈللەر ئېچىلىدۇ، ئەمما بۇ يوپۇرماقلارنى تۆككۈچى كۈز شامىلى كەلتۈرىدىغان ھەسرەت ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.

3. مۇبادا قارۇن ⑱ دەك باي بولۇپ، بۇ دۇنيادا راھەت-پاراغەتتە ياشىساڭمۇ، بۇ ھەممىدىن مەھرۇم قالدۇرىدىغان ئەجەلنىڭ زەربىسى ئالدىدا ئەرزىمەيدۇ.

4. بەزمىدە، شادلىق مەيىنى ئىچىپ، خۇشال-خۇراملىق تاپساڭ، بۇ نەچچە كۈن تارتقان خۇمارىڭنىڭ جاپاسى ئالدىدا ئەرزىمەيدۇ.

5. ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيانىمۇ تەرك ئېتىپ، يارىڭدىن ئۈمىدىڭنى ئۈز، فانىيلىق دۇنياسىغا كىر، تەنها بولۇۋالغانغا يەتمەيدۇ.

6. ئەي سوپى، مېنى ساراڭ بولۇپتۇ دەپ تولا ئەيىبلىمە، سېنىڭ ساقلىقىڭ مېنىڭ ساراڭلىقىمغا ئەرزىمەيدۇ.

7. ئەي زۇھۇرى، بىلىگىنى باغلاپ نەۋائىدىن ئۈمىد كۈت، گۈلشەن توغرىسىدكى خەۋەرلەر ئۇنىڭ تىكەنلىرىنىڭ جاپاسىغا ئەرزىمەيدۇ.

## 40

1. زەئىفەران ئۈستىگە چېچىلغان شەبنەم ئەمەس،



مېنىڭ كۆز ياشلىرىم؛ گۈلشەندىكى قىزىل لالە ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئۇنىڭ ھىجرانىدا تۆككەن يۈرەك قېنىم.

2. قىش كېچىسى ئاي قوتانلاشتىمىكىن دەپ قالما، مېنىڭ يارىم نازلىنىپ جامالىنى پەردىگە يوشۇرۇپتۇ.

3. چىرايلىق يورغىسى ناز بىلەن كېتىۋاتقاندا، ئۇ كاپىرىمنىڭ بېشىدا تىترەپ تۇرغىنى جالا ⑲ ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ قولىدا شېھىت بولغانلارنىڭ جان رىشتىسىدۇر.

4. چىقىۋاتقىنى بۇتخانىنىڭ سېزىندىسى ئەمەس، بەلكى بۇ تەشنانىڭ ئۇنىڭ لېۋىنى شوراپ، قايتا سۆيىدىغان چاغدىكى لېۋىنىڭ شەربىتىدۇر.

5. ئۇ ھالىتىڭنى ئەگەر قازى بىلەن مۇپتى مەنئى قىلسا، ئۇلار ياراشتۇرغۇچى ئەمەس، بەلكى بىرى دىۋە، بىرى شەيتاندۇر.

6. بىراۋلارنىڭ مەيخانىدا مەي توشۇغۇچىدىن جان تىلەۋاتقانلىقىنى كۆرسەن، بالاكەشلەرگە لازىم بولغىنى ئۇ مەي توشۇغۇچى بالا ئەمەس، بەلكى مەيخانىنىڭ خوجايىنى.

7. ئەي زۇھۇرى، سوپى-زاھىدلارنىڭ قان يىغلىغىنىغا ئىشىنىپ قالما، ئۇلارنىڭ يۈرەك-باغرىنى پارە-پارە قىلىشلىرى قېنىڭنى تۆكىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر.

## 41

1. ئەگەر يارىمنىڭ خىيالى كۆڭلۈمدە تۈزدەك جىلۋە قىلسا، ماڭا شۇ كۈن جەننەتنىڭ بېغى بولىدۇ.

2. قەدەملىرىگە باش قويۇپ، يولىدا جان بەرسەم، بۇ بەختىمگە ھەسرەت قىلىپ، كەيكاۋۇس㉑ نىڭ پۈتۈن ئۆمرى كېتىدۇ.

3. مەيخانىغا كىرىپ، مەيچى بالىدىن خۇش خەۋەر ئالسام، سۆيگۈ مەجنۇنلۇقىنىڭ بۇ پۈرسىتىگە ئاتاپ دائىما ناغرىسىنى چالىمەن.

4. خىيالىمغا كەلمىشلەردىن خىجالەت بولدۇم، كۆڭلۈم قۇرۇپ كەتكەندى، داۋاسىغا مەيخانىچى ئۇنى سۇپۇرۇپ سۇ چاچتى.

5. ۋاقتى كېلىپ، ئەلنىڭ مالامەتلىرىدىن قورققان لاچىنىم ئۈركۈپ ئۇچۇپ كەتتى، ۋەسل ئىشارەتلىرىگە قاراپ، مەيۇسلەنمىگىن.

6. ھىجران بەختسىزلىكلىرىدىن قانچە زەئىپلەشسەمۇ، جان ئۆلتۈرىدىغان چاغدا، ئۇنى كۆڭلۈمدە يوشۇرۇن تۇتاي.

7. بۈگۈن بۇ يولنى تاشلاپ خانىقالارغا كىرىپ يۈرمە،



ئەتىلا دەيدىغىنىڭ «يۈز ئىست، مىڭ ئەپسۇس» بولۇپ قالمىسۇن.

8. مەجنۇنلۇقۇم بىلەن ھوشيارلاردىن نومۇس قىلمەن، چۈنكى يوقلىش مەيخانىسىدا تەننىڭ ئۆزىمۇ نومۇسلۇق نەرسىغۇ!

9. قەيس زوھۇرىنىڭ ھالىتىدىن ئازراق خەۋەر تېپىپ قالغاچ، دەشتلەردە ھەييارلىق كۆرسىتىپ، ئۆزىنى مەجنۇن قىلىۋالدى.

## 42

1. مېنىڭ نازىنىن يارىم پەرى سۈرەتلىك، ئۇ خەلق ئىچىدە كۆرۈنمەيدۇ، بىپەرۋا ئەمەسلەرمۇ ئۇنىڭ جىلۋىلىرىدىن خەۋەرسىز قالىدۇ.

2. كۆڭلۈڭنىڭ ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ ئىلاھىيەتكە سىڭىش دۇنياسىغا خەبەردار بولغان بولسا، پەملىك بىلەن ئەقلىڭنى يوشۇرۇن تۇتۇشنى بىل، بولمىسا بۇ دۇنيادا دانا بولالمايسەن.

3. بۇ جاھاننى تەرك قىلىپ، يارنى يوقلۇق ئىچىدىن ئىزلە، جەننەت تەرەپكە كۆز سالما، يارىم رەنا گۈلى ئەمەس.

4. كۆڭلۈڭنى ساپ تۇتساڭ، باغ ئىچىدىكى بىر دەستە

گۈلنى كۆرسەن، ئۇ جەننەت باغلىرىنىڭ گۈلى ئەمەس،
يا جەننەتنىڭ ئۆزى ئەمەس.

5. ئۇ يارنىڭ يۈزىنىڭ ئەكسى چۈشەرمىكىن دەپ،
كۆڭلۈمنى ساپ ئېتەي، باشقا ئەينەك تەييارلايدىغانغا مەن
ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئەمەس.

6. سىنى يەردىنمۇ، ئاسماندىنمۇ ئىزلەپ، كويۇڭدا
سەرگەردان بولۇپ يۈرسىمۇ، ئاي يۈزۈڭنى كۆرۈش ئۈچۈن،
ھېچكىم مەندەك جاھان كەزگۈچى بولمىدى.

7. بۇ زۇھۇرى ئۆزىنىڭ دىۋانىلىكىنى قانچىلىك ئاشكارا
قىلسا مەيلى، ئۇنى كۆرگەنلەردىن بۇ دۇنيادا ساراڭ
بولمىغانلىرى بارمۇ؟

## 43

1. نېمە ئۈچۈن يارىم مېنى سىرلىرىغا سىرداش قىلمايدۇ،
ھىجراندا قان يۇتقۇزۇپ، ۋەسلىدە شادلاندۇرمايدۇ؟

2. ئۇ ماڭا بىۋاپالىق قىلىپ، جاپالىرىنى زادىلا ئۆكسۈتمىگەن
تۇرسا، يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ كويىدا سەرگەردان بولۇپ،
ئۇنىڭدىن ۋاپا ئىزلەيمەن؟

3. ھۆسن شاھىنىڭ دەرگاھىدا، قانچىلىك «ھەق
دوست» دەپ تىلەنسەم، ئۇ ھەقلىق ھالدا ئېھسان قىلىپ،
مەن تىلەمچىنى غەمدىن خالاس قىلمىدى.



4. يارغا جېنىمنى پىدا قىلىشتا شۇنداق تېز مەن، سېخىيلىكتە،
خەلق ئىچىدە مېنىڭدەك يەنە باشقا بىر ھاتەم㉑ يوق.

5. ھىجران تىغى بىلەن باغرىم دائىم يارا بولۇپ
تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇ رەھىم قىلىپ، بىر نەزەر تاشلاپلا ئۇنى
ساقايتىپ قويمىدى.

6. نازلىق قىلىقلىرى يارىمنى ھۆر-پەرىزاتلارغا ۋە
پەرىشتىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغانكى، ئۇ قىلغان قىلىقلارنى
ئادەم پەرزەنتى قىلالمايدۇ.

7. ئەي زۇھۇرى، يۈز يىللىق ئۆلۈك بولسا، ئۇنىڭ لەۋلىرى
تىرىلدۈرىدۇ، بۇ خىزىر سۈيىنىڭ، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ نەپەسى
بىلەن بۇۋى مەريەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

## 44

1. قايسى تەرەپكە نەزەر تاشلىسام، ئەي مەنىسىز
يارىم، مەن سەندىن خالىي ئەمەس، قايسى ياقلاردا
سەيلە قىلسام، سەن ماكانسىزمۇ مەنىسىز ئەمەس.

2. باغ ۋە گۈلشەنلەرنى تاشلاپ، دەشتلەردە سەيلە
قىلسامۇ، ئۇنىڭ گۈل يۈزى يادىمدا بولغاچقا، كۆڭلۈم باغ
ۋە گۈلشەنسىز قالمايدۇ.

3. دۇنيانى تەرك قىلىپ، قەلەندەرلەر تەرك قىلغانىنىڭ
ھەممىسىنى تەرك قىلاي، كىمكى ساۋۇتسىز بولمىسا، ئۇققا
ئۇدۇل تۇرالايدۇ.

4. ئىشق دەردى بىلەن بالا سەردارى باستۇرۇپ
كەلسە، پىقىرلار جان-تېنىنى يوق قىلىدۇ، چۈنكى، ئۇلار
جانسىز بولسىمۇ، تەنسىز ئەمەس.

5. ئىشق پىقىرلىقىدىن چاقىرىق جاكارلىغۇچىلارمۇ دانالار
سىرلىرىنىڭ مەن بىلەن سەنسىز ئەمەسلىكىنى بىلمەيدۇ.

6. سەن ئۆزگىگە نەزەر سالدىڭ، مەن قىزغىنىش
ئوتلىرىدا كۆيدۈم، سەن قانچىكى مەنسىز يۈرەلىگەن بىلەن،
مەن شۇنچىكى سەنسىز يۈرەلمەيمەن.

7. ئەي زۇھۇرى، ساراڭلارچە كوچىمۇ كوچا يۈرۈپ،
بىھۇدە سۆزلەپ يۈرۈشتىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ بىلەن بول،
ئۇمۇ سەنسىز ئەمەس.

## 45

1. مېنىڭ چەككەن ئاھلىرىم ئۇ ۋاپاسىز، باغرى تاش
يارىمغا تەسىر قىلمىدى، يوللىرىغا تەلمۈرۈپ قارىساممۇ، رەھىم
قىلىپ ماڭا نەزەر تاشلاپ قويمىدى.

2. ئۇنىڭ پىراقىدا، يۈرىكىم قانغا تولۇپ، خاپىغان بولۇپ



قالدىم، ئۇ دىلبەر ھىجرانىدا قانلىرىمنى قانچىكى تۆكسىمۇ،
ئەمما بۇ ماڭا زەرەر قىلمايدۇ.

3. ئۇ قىزىلگۈل رەڭلىك كىيىم كىيىپ قاتىل دېگەن
بەتنامغا قېلىپتۇ، گەرچە يۈزلەپ گۈل رەڭلىك كىيىملەرنى
كىيسىمۇ، لېكىن ئۇ يۈرەكلەرنى قان قىلمايدۇ.

4. بېشىمنى تىغ ئاستىغا قويۇپ، جېنىمنى ئال دەپ يۈز
قېتىملاپ ئىلتىجا قىلمىسامۇ، يارىم بۇ ئىلتىماسىمنىڭ يۈزدىن
بىرىنى قوبۇل قىلىدۇ يا قىلمايدۇ.

5. پەرىزاتىم بۇ ئىشق دەشتىدە مېنى مەجنۇن كۆرگەچكە،
شۇنداق چىرايلىق نازلارنى قىلدىكى، ھەرقانداق پەرى،
ھۆر ۋە ئىنسان بالىسىمۇ، ئۇنداق خۇلقلارنى كۆرسىتەلمەيدۇ.

6. گاھىدا يارىم جېنىنى ئىنساندىن بەلكى بارلىق
جاندىن خىلۋەتتە تۇتۇپ كېلىدۇ، ئۇ يا جېنىمنى ۋاقىپلاندۇرمايدۇ،
يا كۆڭلۈمنى خەۋەرلەندۈرمەيدۇ.

7. يارىم مەن زۇھۇرىنى ئەگەر ھەرقانچە ھىجران
ئىچىگە تاشلىسىمۇ، پەقەت ئۆز ئىشىكى ئالدىدىلا سەرگەردان
قىلىدۇكى، ھەر ياقلاردا ساياق قىلىپ قويمايدۇ.

## 46

1. ئۇ شوخ ئەمدى قاتىللىقنى ئۆزىگە يوسۇن قىلغاندەك

تۇرىدۇ، قىلىچىنى ئىتتىكلىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ غىلىپىنى زەھەر بىلەن سۇغىرىپتۇ.

2. ئۇ كىيىملىرىنى قىزىل قىلىپ، قوللىرىنى گۈل رەڭ قىلىۋاپتۇ، ئۇ خېنە ئەمەس، بەلكى مېنىڭ قېنىمنىڭ رەڭگى.

3. جېنىمنىڭ قۇشىغا خالىنى دان، چاچلىرىنى قىلتاق قىلىپ، ئاشىقلارنى تۇتقۇن قىلىش ئۈچۈن، ئوقياسىنى راۋۇرۇس بەتلەپتۇ.

4. ئەي ساقىي، بەزمىگە ئىپاردەك قارا رەڭلىك شاراب كەلتۈر، چۈنكى، چاچلىرى ئۇنىڭ يۈزىنى يېپىۋالغاچقا، كۆڭلۈم غەمكىن بولۇپ قالدى.

5. ئۇنىڭ چاچلىرى، خالى ۋە يۈزىنىڭ شوللىرى دىنلار ئىچىگە چۇشكەچكە، بىرنى ئاتەشپەرەس، بىرنى خرىستىئان، بىرنى مۇسۇلمان قىلىپ قويدى.

6. كۆڭلۈمدىكى ھەرقانداق سىرىمنىڭ ئەلگە پاش بولۇپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى، ئۇ پەرىزاتىم مېنىڭ كۆكسۈمنى شىشە ئىدىشكە ئايلاندۇرۇپ قويغان.

7. زۇھۇرى، نەزمەمدە سەنئەت يوق دەپ غەم يېمە، مەزھەرىددىن نەزمەڭنى كۆرۈپ ئاپىرىن ئوقۇدى.



## 47

1. سەرۋىنىڭ ئۈستىدە ئېچىلغان بۇ لالىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى يىلان چىرمىشىۋاپتۇ، قاشلىرىدىكى ساداقمۇ، قىلىچمۇ ئۇنىڭغا ياندىشىپ تۇرۇپتۇ.

2. بەزىلەر ئۇنىڭ غۇنچىدەك ئاغزىنى كۆرۈپ ئاشىق بولىدۇ، بۇ غۇنچە قاچان گۈل بولۇپ ئېچىلاركىن دەپ، كۆزلىرىدىن قان ئاققۇزىشىدۇ.

3. باغ ئىچىدىكى بوتاكۆز گۈللىرىگە شەبنەم چۈشۈپتۇ دەپ ئويلاپ قالما، ئۇ سەرۋى قەد بوتاكۆزنىڭ ھەسرىتىدە يىغلاۋاتقانلارنىڭ كۆز ياشلىرىدۇر.

4. ئۇنىڭ جان ئاتا قىلغۇچى لەۋلىرىدىن خىجالەت بولۇپ، تىرىكلىك سۈيى زۇلۇماتنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولسا، ئىيسا ئاسمانغا چىقىپ كەتتى.

5. زۇھۇرى بەزىدە گۈل پۇرىقىدىن، بەزىدە مۇھەببەت شارابىدىن مەست دىۋانە بولۇپ، بۇ جاھاندىن قاچتى.

## 48

1. ھەي ئەتتەڭ! ئۆمرۈم ياز ۋە قىش غەپلەتتە

ئۆتتى، گۇناھىم كۆپ، بىرەر ياخشى ئىش قىلمىدىم.

2. ئەبەدىيلىك غارىنى ئىزلەپ، ئۆزلۈكنى يوقىتىپ ئىلاھىيەتكە سىڭىش دۇنياسىغا كىرمىدىم، نە ئەسھابىلكەھف غارىدا ياتقانلارنىڭ ئىتى بولۇپ پەرۋىش تاپمىدىم.

3. ئىلىم ئەھلى بىلەن بىر پەس ھەمسۆھبەتتىمۇ بولالمىدىم، نادانلار بىلەن بولغان بېرىش-كېلىشمنى بىر دەممۇ تاشلىيالمىدىم.

4. تىنچ-ئامانلىق تاپقۇدەك بىرەر ئىشمۇ قىلالمىدىم، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن بىر دەم تىنچلىق تاپالمىدىم.

5. ئۆمرۈمنىڭ گويا ئۇچقان ئوقتەك ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدىم، قەددىم يادەك ئېگىلىپ، ھاسام ئاڭا كىرىچ بولدى.

6. ئەزىز ئۆمرۈمنىڭ بايلىقىنى سەرپ قىلىپ تۈگەتتىم، ھەۋەس ۋە ئارزۇلارغا بېرىلىپ، گۇناھ ۋە جىنايەتلەرنى كۆپ قىلدىم.

7. ئەي تەڭرىم، رەھمىتىڭنىڭ دەرياسى چەكسىز ۋە تۈگىمەس، سېنىڭ ئەپۇ قىلىشىڭغا تەشنا بولغان مەندەك ھېچ گۇناھكار يوق.



8. ئەي كەرەملىك ئاللا، گۇناھىم قاف تېغىدىن ㉒ ئېغىر بولسىمۇ، ئەپۇيىڭ دەرياسىدا ئۇنى بىر تال خەستەك ئېقىتىۋېتىش ساڭا بەكمۇ ئاسان.

9. ئەي زۇھۇرى، نائۈمىد بولما، نائۈمىدلىك ئىسلامنى تونۇماسلىق بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، جېنىڭ بىلەن، تەڭرىنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدىڭلارنى ئۈزمەڭلار، دېگەنگە ئېرىشكىن.

## 49

1. سېنىڭ غەملىرىڭنىڭ ئوقى كۆڭلۈمنى قانغا تولدۇردى، كۆز ياشلىرىمنى ئىككى دەريادەك ئاققۇزۇپ، رەڭگىمنى گۈل تۈسىگە كىرگۈزدى.

2. جۇدالىقنىڭ زەھرىنى ئىچىش يارىتىلىشىمدىن پۈتۈلگەن قىسمەت ئوخشايدۇ، ئىچسەم بۇ زەھەر كۆڭلۈمدە قايناپ، دەردىڭنى داستان قىلىپ ئېيتقۇزۇۋاتىدۇ.

3. بۇ پانىي تۇپراقتا نېمە ئۈچۈن خۇشاللىقىم دەردتىن يارىتىلدى، غەم يامغۇرىنى ياغقۇزۇپ، مېنىڭ جىسمىمنىمۇ غەرق قىلدى؟

4. سۆيۈملۈك ۋەتەن دەپ، كۆڭلۈمگە دەرد-ئەلەملەر كەلسە ھېچ ئەجەب ئەمەسكى، مەن غەم لەشكەرلىرىنىڭ سەردارىغا كۆكسۈمنى پاناھ جاي قىلىپ بەرگەن.

5. ئىشقىڭ مەن بىچارىنى ھىجرانىڭدا سەرگەردان قىلىپ، ۋەسلىڭ ئارزۇسى بىلەن جېنىمنى گۆرۈگە قويۇپ قويدى.

6. سۆيگۈنىڭ بالا-ئاپەتلىرىدە بۇ دەردۇ جاپالارنى بەكمۇ كۆپ كۆردۈم، ئۇلار ئارقىمۇ ئارقا، بىر-بىرىدىن كۈچلۈكرەك كېلىپ، كۆڭلۈمنى غەمكىن قىلىپ قويدى.

7. زىناقلىرىڭ گويا زىندان بولۇپ، بۇ مېنىڭ ساراڭ كۆڭلۈم ئۇنىڭغا چۈشكەن مەھبۇس بولدى. كۆپ سۆزلەرنى قىلىپ قويۇپ، زىندانغا چۈشكەن زۇننۇن مىسرى㉓ غا ئوخشاپ قالدىم.

8. كۆڭلۈم قۇشى توساتتىن چاچلىرىڭنى كۆرۈپ قالغاچقا، پەرياد قىلدۇ، بۇ گوياكى ئەجدىھا قۇشنى دەم تارتقاندەك ئىش بولدى.

9. ئۇنىڭ كۆز قىسىشلىرى زۇھۇرىنى مەست قىلسا ئەجەب ئەمەسكى، ئىشقىڭ بۇ چۆلدە ئۇ مەندەك يۈزلىگەنلەرنى مەجنۇن قىلىپ قويغان.

## 50

1. ھوشۇم يوق، كۆڭلۈم مەجنۇنلۇق دەشتىدە يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ، خۇداغا شۈكۈر، خىيالىم ئاللادىن باشقا ھەممە نەرسىدىن پاكتۇر.



2. تەلۋە كۆڭلۈمنىڭ مەجنۇنلۇقى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر بەكمۇ تولا، سۆيگۈ كىتابىدا، مەجنۇننى مېنىڭ ئالدىمدا ئەقىلسىز بىر كىچىك بالا دەپ يېزىپتۇ.

3. سەھەرلەردە ئاتەشپەرەسلەردەك غوۋغا قىلسام، ئەجەبلەنمەڭلار، چۈنكى، كۆڭلۈمگە ئۇنىڭ ئوتلۇق جامالىنىڭ خىيالى چۈشكەن.

4. ئاي يۈزلۈكۈمنىڭ ئىشقىدا ھىجران سەھراسىنى تولا كەزدىم، بېشىڭنى ئايلاندۇرۇپ قويغىنى ئاسماندىكى يۇلتۇز دېمەڭلار.

5. كۆڭلۈمگە شۇنداق بىر چەكسىز ئوت چۈشتىكى، بۇ توققۇز ئاسمان ئۇنىڭ ئالدىدا بىر تال قۇرۇق خەستەك كۆيۈپ كېتىدۇ.

6. ئەي ساقىي، رەھىم قىلىپ ماڭا بىر قاچا زەھەر بەرگىنە، بۇ داۋاسىز دەردىمگە زەھەر ئىچسەم داۋا بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

7. ئۈمىد بۇرجىدىن قۇياشىم بالقىپ چىقىپ قالارمىكىن دەپ، ھەمىشە كۆكرىكىمنى سۇبھىگە ئوخشاش پارە-پارە قىلىپ تۇرىۋاتىمەن.

8. زۇھۇرى بىردەم يارىسىز قالسا، جېنىدىن كېچىدۇ،

بۇ ئەجەب ئەمەس، كىمكى جان بىلەن ئويناشسا، ئۇنىڭ
بېشىنىڭ تۇرار يېرى ئاتنىڭ غانجۇغىسى بولىدۇ.

## 51

1. جېنىمنى بېرىپمۇ، ھىجران دەردىدىن خالاس بولالمىدىم، كۆڭلۈممۇ يەنە ئۇنىڭ توزغۇپ تۇرغان چاچلىرىدىن خالىي بولالمىدى.

2. جان بىلەن تەن ھىجران دەردىدىن كۆپ ئازار يېدى، يا جاننى ھىجراندىن قۇتۇلدۇر، يا مېنى جاندىن خالاس قىل.

3. غەم دېڭىزىغا غەرق بولساڭ، مەيخانا خوجايىنىنىڭ ئالدىغا بار، نوھنىڭ كېمىسى㉔ بولمىسا، بۇ تۇفاندىن قۇتۇلماق بەكمۇ تەسكە چۈشىدۇ.

4. تەلۋە بېشىمغا پەلەك غەم تاشلىرىنى ياغدۇرسا ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكى، قايسى بىر دىۋانە كىشلەرنىڭ تاش ئېتىشىدىن خالاس بولالىغان؟

5. زوھۇرى زىناقلىرىڭنىڭ زىندانىدا تۇتقۇن بولۇپ قالسا، غەم يېمىگىن، ئاشىقلار بۇنداق زىندانغا چۈشۈشتىن قاچان خالاس بولالىغان؟

## 52

1. مەي مېنى خۇمار ۋە مۇپتالالىقتىن خالاس قىلدى،



كەيپى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ماختانچاقلىقتىنمۇ خالاس قىلدى.

2. خۇداغا شۈكرىكىم، سوپىلار مەست كۆرۈپ مەيدىن قاچتى ھەرقانچە قىلسامۇ، ئۇلارنىڭ دوستلۇقىدىن قۇتۇلالماس ئىدىم.

3. شۈكرىكى، يالغان تەقۋادارلىقتىن قۇتۇلۇپ، مەسچىتنى تاشلاپ، مەيخانىغا بېرىشنىڭ يولىنى تېپىۋالدىم.

4. مەيپۇرۇشنىڭ قولىدىن مەي ئىچمىگەن كىشى ئۆزلۈك بىلەن پىقىرلىق ۋە فانىيلىقتىن خالاس بولالمايدۇ.

5. ئەي ساقىي، ھىجران خۇمارىدا نېسۋىسىز قالدىم، بىرلا ئىچۈرۈپ قويۇپ، بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرمامسەن؟

6. ئەي مەزھەرى㉕، ئىككىمىز مەيخانىدا بىر ھەۋەستە بولىدىغان بولساق، نەپسانىيەتچىلىك ئۈستىكى بىلەن ئىككى يۈزلىمىلىكتىن خالاس بولالايمىز.

7. زۇھۇرى، نەۋائىي㉖ بىلەن جامى㉗ نىڭ مەيلىرىدىن ئۇمىدلەنگىن، ئۇلار بىرلا جام بىلەن سېنى بىچارىلىقتىن خالاس قىلىدۇ.

## 53

1. ئىشق مېنى نومۇس-ھايادىن خالاس قىلدى، خەلق

ئىچىدە تەلۋىلىككە سىلىپ، تەلۋە دىۋانىلەردىن قۇتۇلدۇردى.

2. ھىجراندا رەنجىش ۋە مۇشەققەتلەردىن خالاس بولۇشنى تىلىگەنلەر ئىشق يولىدا ئار-نومۇس قىلمىسۇن.

3. ئاشىق بولماەن دېسەڭ، كۆپ جاپا چەككىن ۋە جاپانى كۆزلە، گەرچە قارا كۆزلۈكۈڭ ۋاپا قىلىشتىن خالىي بولسىمۇ.

4. ئىشق رەڭسىز بولىدۇ، رەڭگە ئامراق بولما، يوقسۇللارنىڭ كىيىمىنى كەي، ئاق بىلەن قارىدىن خالاس بول.

5. ئەگەر ئەفلاتۇن㉘ ئىشق جاراھىتىگە ئىلاج قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ داۋاسى تەسىرىدىن مىڭدىن بىرىمۇ ساقلىيالمايدۇ.

6. دەرۋىشلەرنىڭ ئىبادىتى قاچان قوبۇل بولغان؟ ئۇلارنىڭ كۆڭلى بۇ ئىككى يۈزلىمىلىكتىن خالاس بولمىسا!

7. زوھۇرى نەۋائىدىن ئىلتىماس قىلىپ، ئىشق يولىغا كىرىپ، نەپسانىيەت ھەۋەسلىرىدىن خالاس بولدى.

## 54

1. ئەي تاڭ شامىلى، ھالىمنى ئۇ سەرۋى بويلۇق يارىمغا يەتكۈزگىن، ئۇ جانانىمغا جۇدالىقتا جان تالىشىۋاتقانلىقىمنى سۆزلەپ بەر.



2. چاچلىرىنىڭ ھەر بىر تېلى ئىمانىمنى بەربات قىلغىنىنى دىن قولدىن كېتىۋاتسا پەرۋا قىلمايدىغان ئۇ نامۇسۇلمانغا يەتكۈز.

3. ۋىسال ۋەدىسىگە يېتەلمەي، جېنىممۇ تۈگەشتى، ئەي تاڭ شامىلى، تاپالىساڭ، ئۇ ۋەدىسى يالغانغا بۇنىمۇ دەپ قويارسەن.

4. ھەر كېچە ئۇيقۇسىز ھىجراندا زار يىغلاپ چىققانلىرىمنى ئۇ بەگۋاش جانانىمغا بايان قىلىپ بەرسەڭ، نېمدەپ قالار؟

5. ئەي تاڭ شامىلى، بۇلارنى يەتكۈزسەڭ يەتكۈز، يەتكۈزمىسەڭمۇ غېمىم يوق، يوشۇرۇن سىرلارنى ئاشكارا قىلغۇچىغا ئەرز قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

6. بېشىمغا ھەر قانچە مۈڭ چۈشىسىمۇ، ئۇ سۇخەندان يارىمغا مەيلى ئاشكارا، مەيلى يوشۇرۇن، ھەر خىل سۆز بىلەن يەتكۈزەلەيمەن.

7. زوھۇرى جان ۋە دىلى بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ ھالىنى بايان قىلدى، ئەي تاڭ شامىلى، سەن رەھىم قىلىپ بۇنى ياقۇت لەۋلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان ئۇ يارىمغا مەلۇم قىلساڭ!

## 55

1. ئۇ شېكەر تۆكۈلىدىغان لەۋلىرىگە ئەرز قىلىشىم

ۋەسلىڭنى ئىزلەش ئۈچۈن، سەھەرلەردە تەلمۈرۈپ قاراشلىرىم جامالىڭنىڭ قۇياشىنى تىلەش ئۈچۈن.

2. چىرايىڭنىڭ ئەكسىنى كۆرۈپ ئەرز قىلاي دەپ، ئۆيۈمنىڭ تېمىغا ئەينەكلىك روجەك قىلىۋالدىم.

3. ياخشى خۇي-پەيلىك بىلەن كۆڭلۈم مەملىكىتىنى ئالدىڭ، مەن يامان كۆڭلۈمنى بېرىمەن دەپ، ياخشى قىلىقلىرىڭغا مەلۇم قىلمەن.

4. ئەي كۆڭلۈم، غەمنىڭ لايلىرىغا پاتساڭ، مىڭلاپ شۈكۈر قىل، بۇنىڭدىن يارنىڭ بالالىرىدىن يارىلانغان جىسمىڭنىڭ ئەھۋالى مەلۇم بولىدۇ.

5. چىرايىمنىڭ سېرىقلىقىنى مەي جامى بېسىپ چۈشسە ئەجەب ئەمەسكى، دۇنيادا ماڭا دەرد ۋە ئازارلىرىڭدىن ئەرز قىلىشتىن باشقا ئىش يوق.

6. ھەر كىشى بىر ئىشتا ئۆز ئارزۇسىغا مايىل بولىدۇ، جۈملىدىن بۇ بىچارە زۇھۇرىمۇ سېنىڭ دىدارىڭنى بىر كۆرسەم، دەپ ئەرز قىلىدۇ.

## 56

1. جېنىمغا ۋىسالىڭدىن ياخشى خەۋەر كەلدى، سېنى



ئەسلىۋىدىم، كۆڭلۈمنىڭ ئوتى يورۇقلۇقتىن ھۇزۇر تاپتى.

2. غەملىرىمنىڭ بۇ كېچىسىدە ۋەسلىڭ تېڭىدىن خۇش خەۋەر كېلىۋىدى، قايغۇلۇق كۆڭلۈم بۇ خەۋەردىن شادلىنىپ كەتتى.

3. زاھىدلار دائىما ماڭا خۇشاللىقنىڭ سىرلىرىنى سۆزلىسىمۇ، سەنسىز شادلىنىش ماڭا مەقسەت ئەمەس.

4. ئۇ كەرەم قىلغۇچى ئۆز مۇپتىلالىقىدا ماڭا رەھىم قىلسا، مەن قانچە ناقابىل سۆز قىلسامۇ، بۇ پەيزىنى كىم ئىنكار قىلىدۇ؟

5. ھىجرانىنىڭ كۈز پەسلىدە باھاردىن ئۈمىد كۈتسەم، يۈزلەپ گۈللەر ئېچىلىپ، گۈل چىرايىدىن بەھرە يەتكۈزسە، ئەجەب ئەمەس.

6. ئەگەر ئۇنىڭ ۋەسلىگە يەتكەندە تىلىڭ تۇتۇلۇپ، قۇلىقىڭ ئاڭلىماي قالسا، كۈشادلىق ئىزدىسەڭ، سۆزىدىن بەھرە يەتمىسە، ئۆزىدىن ھەممە بەھرە يېتىدۇ.

7. ئەي زۇھۇرى، مەيخانا ئاقساقلىنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلا، ئۇ ھەر دائىم ساڭا شېرىن لەۋلىرىدىن بەھرە يەتكۈزىدۇ.

## 57

1. بۇ بىر مېھمان سارايدۇر، ئۆتكىچە كۆپ ئېھتىيات

قىلغىن، بۇ كونا قونالغۇ ھەر كۈنى يېڭى-يېڭى مېھماننى يولغا سېلىپ تۇرىدۇ.

2. كىچىك باللار قۇم بىلەن توپىدىن ياسىغان گۈمبەزگە ئوخشاش، بۇ ماكاننىڭ راھەت-پاراغەت سۈرگۈدەك چىدامىلىقى بارمۇ؟

3. مەستلەردەك زوقلاندۇرغۇچى جامدىن ئىچىپ سۆيۈنمىگىن، كىم چۈشىدە خۇشال بولسا، {ئوڭدا} يۈزلەپ غەم-قايغۇغا قالىدۇ.

4. بۈگۈنكى دەم غەنىيمەت، بۇ دەمنى زايە قىلما، ھەر نەپەستە بىر كوچىنىڭ يوقسۇللىرىغا ئارىلاشقىن.

5. تەقدىرنىڭ بۇ شاھمات ئويۇنىدا پادىشاھمۇ، تىلەمچىمۇ مات بولدى، بۇ شاھمات تاختىسى (دۇنيا) ساڭا ئوخشاش يۈزلەپ دانىشمەنلەرنى ئۇزاتقان.

6. ئاللادىن باشقا ھەممە نەرسە مەڭگۈ ئەمەس، مەندىن ھالقىپ كامىل پىردىن بىرنى ئىزلە، تاپالمىساڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن باغلىنىپ تۇرغىن.

7. ئەي زۇھۇرى، يىل ۋە ئايلار گۇناھ قىلىپ ئۆتتۈڭ، ئەمدى توختاپ قال، «تەڭرىنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدىڭلارنى ئۈزمەڭلار» دېگەن ئايەتتىن خۇشاللىق تاپ.



## 58

1. قاراڭغۇ كۆڭلۈمنىڭ جامالىڭ قۇياشىنى كۆرەرگە مادارى يوق، چاچلىرىڭ بىلەن بىللە بولغاچقا، سەھەرىممۇ كېچىگە ئايلاندى.

2. بۇ جۇدالىقتا، ۋىسالىڭغا سەۋر قىلماي تۇرۇپ يەتمىكىم قىيىن، كىمكى دوزاختىن جەننەتكە بارماقچى بولسا، سىرات كۆۋرۈكىدىن يەنە ئۆتىدۇ ئەمەسمۇ!

3. پېقىرلىق مېلى بىلەن غەم بايلىقىنى بەربات قىلغىن، پېقىرلىق بىساتىغا ئىرىشمەكچى بولساڭ، بېشىڭدىن ئالتۇن تاجىنى ئېلىۋەت.

4. ئەي كۆڭلۈم، كىمكى جاھان گۈزەللىرىدىن ئۆزىنى تارتمىسا، خۇددى «ئەقرەب» (چايان) دېگەن سۆزدىكى «ئەين» (ع) نى ئېلىۋەتسە، «قۇرب» (دوست، يېقىن) دېگەن سۆز چىققاندەك ئىش بولىدۇ.

5. دەم غەنىيمەت، زۇھۇرى، ھەرقانداق ئەھۋالغا شۈكۈر قىل، ساڭا ئوخشاش كۆپلىگەنلەرنى ئۈزىتىپ قويۇپ، يەنە ئۆزى قالىدىغان كونا كارۋان ساراي بۇ.

## 59

1. يۇملاق يۈزۈڭدىكى خەتلەر (كۆز-قاش) «ۋەززۇھا»

(چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى) ئايىتىنىڭ تەپسىرىدۇر، ئۇنىڭدىكى ئىپاردەك قارا خالىڭ ئاشۇ خەتلەردىكى چېكىتتۇر.

2. ئاشىقلارنىڭ مىئراج㉙ غا چىقىشى ئۈچۈن، ئەنبەر پۇرايدىغان قارا چاچلىرىڭدىن «ۋەللەيلى ئىزا يەغشا» ㉚ (قاراڭغۇلۇقى ئالەمنى قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەمكى» دېگەن ئايەت نازىل بولۇپتۇ.

3. قامىتىڭ تىكەنلەر ئىچىدە ماكان تۇتۇپ ئورۇنلىشىپتۇ، بۇ ئىشارەتتىن «ھەر ئىشنىڭ ئوتتۇرا ھال ئۆتكەن ياخشى» دېگەنىنىڭ مەنىسى مەلۇم بولىدۇ.

4. مەڭ ۋە زىناقلىرىڭدىن كۆزۈمنىڭ قارىچۇقى نۇرلۇق بولۇپ قالدى، ياخشى يېزىلغان ھۆسنخەت كۆزنى روشەن-لەشتۈرىدۇ.

5. نازۇك كۆچىتىڭ باغ ئىچىدە جىلۋە قىلدى دېسە، بۇ توغرا بولىدۇ، سۇمباتلىق قامىتىڭنى سەرۋىگە ئوخشىتىش تولىمۇ خاتا.

6. سەندىن ماڭا خەۋەرنامە يەتسە، كۆز ياشلىرىم مەندىن بۇرۇنراق دەريادەك ئاقسا، ئەجەبلەنگۈلۈك ئەمەس.

7. ئەي زۇھۇرى، ئىشق يولىدا كۆرۈنگەن كىشى ئۆزىنى



كۆرسىتەلمەيدۇ، سۇ ئىچىدىكى ئۆردەكمۇ لاچىندەك پەرۋاز قىلالمايدۇ.

## 60

1. يارىڭ لىۋىدىن ھەممە شېرىن سۆزلەرنى ئاڭلىدىم، شېرىن سۆزلەرنىڭ ئىچىدە ماختاشقا ئەرزىگۈدەك مۇنداقلىرى يوق.

2. ئاتەشتەك لەۋلىرىگە يېزىلغان خۇش خەت يېشىل رەڭدە، بۇ رەڭنىڭ تەرىپى توغرۇلۇق سۆز بولسا، ئۇنى تۇتىغا ئوخشىتىمەن.

3. سۆيگۈ پىرى بۇ كېچە ماڭا بىر سىرنى ئېيتىپ بەردى، بۇ تەخلىتتىكى سۆزلەرنى قايسى ئاشىق ئاڭلىغان؟

4. بۇ قانداق تۇتاش ھەيرانلىق، قانداق غەپلەت دەپ، بويۇنۇمغا گىرە سېلىپ تۇرۇپ، بىر مۇنچە سۆزلەرنى ئېيتتى.

5. ئەي قارچىغا، سېنى شاھ دۇمباق چېلىپ ئىزلەۋاتىدۇ، بۇ دۇنيادا راست گەپ قىلىپ ساڭا نېمە كەپتۇ؟

## 61

1. غەم ئوقلىرىنى ياغدۇرۇپ، كۆكسۈمنى ئۆتمۈشۈك

قىلىۋەتتىڭ، رەھىم قىلىپ، ئەمدى ئۇنى كىرپىك ئوقلىرىڭنى سالىدىغان غىلاپ قىلىۋالساڭ!

2. ئىككى كۆزۈڭ ئەنە تېز-تېز تىكىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە، ئىككى جەڭ سېپىنى تۈزۈپ بولىدۇ.

3. كۆز ياشلىرىم گوياكى بىر دەريا، نېمە ئۈچۈن سەن ئۇنىڭدا كۆرۈنمەيسەن؟ سۇ ساپ بولسا، ئۇنىڭغا يۈزنىڭ ئەكسى چۈشەتتىغۇ!

4. تاغ مېنىڭ دەردلىرىمنىڭ يۈكىنى كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ كەتسە، ئەجەبلەنگۈدەك يېرى يوق، ئېگىلىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى «ئىشق» دېگەن سۆزدىكى «قاف» («ق») ھەرپىدىن كۆرۈۋالغىن.

5. ئىشق ئوتىنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئاشىق بولدۇم، ئوتقا كىردىم دەپ يالغان ئېيتىشىدۇ، ئۇلارنى ئەپۇ قىلىش كېرەك.

6. ئاشىق بولغان كىشىگە دوزاخ ئوتىدىن نېمە قورقۇش؟ ئىشق ئوتى دوزاخ ئوتىنى نابۇت قىلىدۇ، بۇنىڭ يالغىنى يوق.

7. ئەي زۇھۇرى، جاندىن كەچمەي تۇرۇپ ئىشقىڭ توغرىسىدا ماختانما، ماختانساڭ، ھەممە لاپلىرىڭ يالغانچى شەيخلەرنىڭكىگە ئوخشاپ قالىدۇ.



## 62

1. ئەپسۇس، ئۆمرۈم نامۇسۇلمانلىقتا، گۇناھ ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۆتتى، غەپلەت بىلەن نادانلىقتا ۋاقتىمنى زايە قىلىۋەتتىم.

2. ئۆمرۈمنىڭ كۆپ قىسمى نەپسانىيەتنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرى بىلەن ئۆتتى، قالغىنى غەم-قايغۇ ۋە پۇشايمانلارغا سەرپ بولدى.

3. نەپسىمنىڭ شاماللىرىنى توسماي، ھەممە دۈشمەن نەرسىلەرنى ئاسانلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپتىمەن.

4. بۇ جاھاننىڭ لەززەتلىرىدىن كۆڭۈل ئۈزمەي، بۇنىڭدەك ھەيرانلىق بىلەن ئۆتۈپ ئۆلۈپ كەتسەم، مەندىن نېمە ئۇچۇر قالسۇن!

5. ئەپسۇس، يۈزۈمنى، كۆزۈمنى، كۆڭلۈمنى ھەممە تەرەپكە يۈگۈرتۈپتىمەن، ئەزىز ئۆمرۈم بۇ پەرىشانلىقتا ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

6. ھۆلىمۇ، قۇرۇقىمۇ سىيراپ قىلىپ، نەپسىمنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتىم، ئەمدى مەھرۇملۇقتا قالغىنىمغا ۋاي ھەسرەت، ۋاي داد! دەپ ئەپسۇسلىنىمەن.

7. زۇھۇرى، نەۋائىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۈمىد

باغلا، ئەپسۇس، پۈتۈن ئۆمرۈڭنى بوھتانغا قېلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپسەن.

## 63

1. سەن مەيداندا چەۋگان ئويناشنى، قۇش كۆنى خېنە تاپالمىغاچقا، تىرناقلىرىڭنى (قان بىلەن) رەڭدار قىلىشنى نىيەت قىلغاندەك تۇرىسەن.

2. چېچىڭنى بۇدۇر قىلىپ، چىرايىڭنى يوشۇردۇڭ، بۇ ئويۇنۇڭنى چىن ئېلىدىكىلەرگە ئوخشاتقىنىڭمۇ؟

3. قانلىق ياشلىرىمدىن كۆزۈمنىڭ گۆھىرى ئېقىپ تۆگىدى، نىيىتىڭ ماڭا كۆرسەتمەي ئويناش بولسا، ئەمدى خالىغانچە ئوينىۋال.

4. ئويىنا-ئويىنا، ئاخىرى دىنىمنى تالان-تاراج قىلدىڭ، ئەي نامۇسۇلمان، بۇ ساڭا ئويۇن بولدىمۇ؟

5. كۆكسۈم غەم-قايغۇ ۋە جاپا-مۇشەققەت ئوقلىرىغا نىشان بولۇپ قېلىپ، قان بولدى، سېنىڭ يەنە ئوق ئوينىغىڭ بولسا، قانچىلىك لازىم دېسەڭ، كۆكسۈمنى ئاختۇرۇپ ئېلىۋال.

6. ئويناپ يۈرۈپ، زۇھۇرىغا قانچە قېتىملاپ ۋەسلىڭدىن ۋەدە قىلدىڭ، ئەي ۋەدىسى يالغان، ئويۇن دېگەن شۇنچىمۇ يالغان بولامدۇ؟



## 64

1. جۇدالىق مېنى ھىجران بالاسىغا گىرىپتار قىلىپ قويدى، كۆيدۈرۈپ، تىرىكچىلىكىمنىمۇ قارا قىلىپ قويدى.

2. ۋىسالىغا ئېرىشىپ، بىر خۇشال تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشنى ھەۋەس قىلسام، جۇدالىق مېنى ھىجراننىڭ جاپا ۋە دەردلىرىگە مۇپتىلا قىلدى.

3. جان بىلەن كۆڭلۈم يىغىلىشىپ بىر-بىرىگە ھال ئېيتىشىۋاتىدۇ، جۇدالىق مېنىڭ ئاجىز جىسمىمنى ماتەملىك قىلىپ قويدى.

4. ھىجران مېنى ئۇنىڭدىن ئايرىپ، جىسمىمغا يۈزلەپ قېتىم داغ ئۈستىگە داغ قويدى، جۇدالىق بۇ ئېغىر ھالەتنى ماڭا راۋا كۆردى.

5. ئۇنىڭ ۋىسالىنى ئىستەپ بىر قەدەم قويماقنى خىيال قىلسام، جۇدالىق ماڭا ئاخىرى يوق بىر جاپانى قىلىشقا باشلىدى.

6. ئۇ، باشقىلارنى ۋەسل شارابىدىن بەھرىمەن قىلىپ، مېنى جۇدالىقتا ھىجران نەشتىرى بىلەن قىيناپ، داد دېگۈزدى.

7. يارسىز، زۇھۇرنىڭ جېنى ھەر كۆنى بىر قېتىم

ئۆلۈۋاتىدۇ، جۇدالىق ماڭا بىرلا ئۆلۈم بىلەن داۋا قىلغان بولسا ياخشى بولاتتى!

## 65

1. مېنى ئىشقىڭدا زار ۋە مۇپتىلا قىلماق ساڭا مەقسەت بولدى، ماڭمۇ جان ۋە جاھانىمنى ساڭا پىدا قىلماق ئارزۇ بولدى.

2. كېچە-كۈندۈز، بىر كۆرۈپ خىيالىڭ بىلەن ئۆلمەكنى تىلەيمەن، ماڭا كەچ ۋە سەھەرلەردە سەندىن باشقىنىڭ گېپىنى قىلماقنىڭ نېمە لازىمى بار؟

3. جاھاننى كېزىپ چىقتىم، دىل ئالغۇچىنى تاپالمىدىم، يار تېپىپ، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلماق كۆڭلۈمنىڭ نالىسى بولۇپ قالدى.

4. مەن قارا يۈزنىڭ ئەرزىنى بايان ئەتمەك بەكمۇ مۈشكۈل بولۇۋاتىدۇ، يۈز ھاجىتىم بولسا، راۋا قىلماق ساڭا ئاسانغا چۈشىدۇ.

5. ئەپۇيىڭنىڭ دەرياسى يۈزمىڭلاپ گۇناھلارنى ئېقىتىپ كېتىدۇ، ئۇنى بىلگەچكە، دائىم يۈزى قارىلىق قىلماق ماڭا راھەت تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى.

6. ئەگەر سېنىڭ خىيالىڭدا يوشۇرۇن ساقلىنىشقا



مۇيەسسەر بولسام، ماڭا ئاھ ئۇرۇپ، ئاشىقلار تەرزىدە ناۋا قىلىش كەتمەيدۇ.

7. ئىلاھا، مەن زۇھۇرىنى تائەت-ئىبادەتتىن يىراق قىل، تائەتتە بولغان كىشىدىن ئىككى يۈزلىمىلىك نېرى بولمايدۇ.

## 66

1. ئەگەر قېرى ياشلارنىڭ بەزمىسىدە ئولتۇرۇۋالسا، ئۇ بەزمىدىن يىگىتلەر خۇشاللىق تاپالمايدۇ.

2. كىچىك بالىنىڭ ئويىدا ساقال بىلەن چاچ ئوخشاشتەك كۆرۈنىدۇ، ئەگەر كىچىك بالا ئۇنىڭ ساقىلىغا ئېسىلسا، تولىمۇ رەسۋالىق يۈز بېرىدۇ.

3. يىگىتلىك چېغى – خىزمەت ۋە ئىبادەت ۋاقتى، قېرىغاندا يانغاق، تايغاق، پەرۋاسىز بولۇپ قالىدۇ.

4. ياشلىقىدا نېمە ئىش قىلسا يارىشىدۇ، قېرىغان چاغدا قەدەھ بىلەن ھەپىلىشىش لايىق كەلمەيدۇ.

5. كىمكى خۇدانى يادىدا تۇتماي، قېرىغاندا مەيخور بولۇۋالسا، بۇ خىل مۇسۇلمانلىقتىن خرىستىئان بولغان ياخشى.

6. ئاۋۋالقى ئۆمرۈم نادانلىق بىلەن ئۆتۈپ كەتتى،

ئەمدى تەگرى يادى بىلەن ئۆتكۈزسەم، تولىمۇ نادانلىق بولىدۇ.

7. زۇھۇرى، چىشلىرىڭ سارغىيىپ چۈشتى، ئەمدى ھەۋەسنى تاشلىساڭ، ياشلىقنى قوغلاشمىساڭ، ساڭا خوپ كېلىدۇ.

## 67

1. باغ ئىچىدە سېنىڭ قەددىڭدەك راۋان ئۆسكەن سەرۋى يوق، گۈلشەندە سېنىڭ يۈزۈڭدەك ھال رەڭلىك گۈل يوق.

2. سېنىڭ لەۋلىرىڭدەك شاراب تۆككۈچى لەۋ يوق، سېنىڭ كۆزلىرىڭدەك جاھانغا غوۋغا سالغۇچى كۆزلەرمۇ يوق.

3. جاھاندا سېنىڭ قاشلىرىڭدەك ئۇستا مەرگەن يوق، ئېتىش ئۈچۈن مېنىڭدەك بىر بىچارىمۇ يوق.

4. ئاغزىڭنى بار يا يوق دەيدىغانغا كىمنىڭ ھەددى؟ ئۇنىڭ ئالامەتلىرىنى بىلىدىغان بىرمۇ دانا يوق.

5. كىشى باغ ئىچىگە كىرەي دېسە نە ئىمكان؟ ئاڭا يول كۆرسىتىدىغان باغۋەن يوق.

6. مېنىڭ سايراشلىرىم بىر گۈل يۈزلۈك ئۈچۈن، گۈلىستان بولمىسا بۇلبۇل نالە قىلامدۇ؟



7. ھەممە ياخشى خۇيلىرىڭ توغرۇلۇق گەپ-سۆز قىلىدىغانغا، جاھان ئىچىدە مېنىڭدەك باشقا بىر يامان يوق.

8. خەلق ئىچىدە تولىمۇ بەتنام بولدۇم، مېنىڭدەك رەسۋايى زامان بولغان يەنە باشقا بىرى يوق.

9. ئىلاھا، كۆڭلۈم بەكمۇ پەرىشان، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنىڭ دىل ئالغۇچى بىر يارىم يوق.

## 68

1. يېنىمدا مېنىڭ لەيلىگە ئوخشاش گۈل تۈسلۈك بىر يارىم يوق، شۇڭا، ئۇنىڭ ھىجرانىدا مەجنۇندەك، ئاھ، مېنىڭ يارىم يوق، دېيىشتىن باشقىنى بىلمەيمەن.

2. ھىجران كۈزىدە يۈپۈرماقتەك سارغايدىم، نەۋباھارىم بولمىسا، قانداقمۇ غۇنچىدەك كۈلۈپ ئېچىلالايمەن؟

3. ئۇ گۈلنىڭ شېخىدا بۇلبۇلدەك پەرياد چېكىپ يۈرىمەن، مېنىڭ لالىزارىم بولمىسا، نېمىدېگەن بىچارىلىق بۇ!

4. قانچىلاپ جەبىر چەكتىم، يارىمدا بىر ئىنساپ كۆرمىدىم، قانداق قىلاي، ئۇنىڭسىز بىردەممۇ سەۋر-تاقىتىم قالمىدى.

5. باشقىلارنىڭ يۈزمىڭلاپ يارى بولسىمۇ، ھېچقايسىسى يارىمغا يەتمەيدۇ، ئاھ، پۈتۈن ئۆمرۈم بويى يارسىز ئۆتتۈم.

6. كىمكى يارنىڭ ۋەسلىدىن ماڭا بىر خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلسە، ئۇنىڭ بېشىدىن چاچقۇ قىلىپ چاچىدىغانغا كۆز يېشىمدىن باشقا نەرسەم يوق.

7. قولۇمغا سۇنۇق ساپالنى ئېلىپ مەيخانىغا كىرسەم، ئۇ ماڭا جەمشىتنىڭ جامىدىن㉛ ئارتۇق، ئۇنىڭدىن نومۇس قىلىدىغان يېرىم يوق.

8. ئەي گۈليۈزلۈك ساقىي، ھالىمنى كۆرۈپ ماڭا رەھىم قىلساڭ! مېنى يېشىلمەس مەست قىلىپ قوي، سەندىن باشقا غەمنى يەڭگىللەتكۈچىم يوق.

9. ئەي ئاللا، مېنى بۇ يولدا مەزھەرىگە ئوخشاش ئىرادىلىك قىلساڭ، بۇ يولدا زۇھۇرىدەك جان بېرىمەنكى، ھەرگىز يېنىشىم يوق.

## 69

1. غۇنچىغا ئوخشاش ئېچىلىش ئۈچۈن نورۇز ۋاقتى كېرەك بولىدۇ، ئۇنى توزۇتۇش ئۈچۈن كۆز شامىلىنى چىقىرىشقا مەندەك يۈزى قارا لازىم.

2. سەنسىز قېلىپ، كۆڭلۈم يۈز پارە بولۇپ، ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى، پۈتۈن قىلىش ئۈچۈن، كۆڭۈلگە ئازار بەرگۈچى ئاشۇ يارنىڭ ئوقى لازىم.

3. مېنىڭ دەردىم كۆپ، ئۇلار قالدۇرغان كۆيۈك



داغلىرىغىمۇ ئىلاجىم يوق، مېنىڭ باغرىمغا ئوت يېقىش ئۈچۈن، يۈرەكنى كۆيدۈرگۈچى ئاھ ئوتى لازىم.

4. خۇشاللىق ئۆيىگە (مەيخانىغا) كىرىپ مەي ئىچمەكنى خالايمەن، ماڭا سازەندە بىلەن سورۇننى نۇرلاندۇرغۇچى يار كېرەك.

5. بۇ دۇنيادا بۇندىن بۆلەك خۇشاللىقمۇ يوق، ئۇنى سۆزلەش ئۈچۈن، دەرد بىلەن ئوتلۇق ئاھ چەكمەك كېرەك.

6. دەرد ئەھلى ئىشق دەرسىنى كامىل ئۇستازلاردىن ئالىدۇ، ئۇنى ئۆگىنىش ئۈچۈنمۇ بىر بىلەرمەن دانا لازىم بولىدۇ.

7. ياخشى كۆردۈڭ، يامان يول ئىزلىسەڭ كەل زۇھۇرى، ھەر تەرەپكە بارغىلى مېنىڭدەكتىن يۈزلەپ لازىم بولىدۇ.

## 70

1. قىيا بېقىپ جان ئالىدىغان ئۇ قارا كۆزلۈكنى كۆرۈڭ، ئەبەدىي ھاياتقا ئېلىپ بارىدىغان، جان بېغىشلىغۇچى لەۋلىرىنى كۆرۈڭ.

2. يۈزى ۋە چاچلىرىدىن نىشانە ئىزلەپ تەلمۈرسەم، ئۇ: «ۋەززۇھا» ئايىتىنىڭ تەپسىرىگە قاراڭ، شۇ گۇۋاھ بولىدۇ، دېدى.

3. بۇ ئىككى ئالەمنىڭ ئىشلىرىدىن ئىككى كۆزىڭىزنى يۇمۇپ، ۋىسال ئىچىدە كۆز ئېچىپ، پەيغەمبەرنىڭ نۇرىغا قاراڭ.

4. جۇدالىق تۈنلىرى چەككەن ئاھلىرىم كۆكسۈمنى يىرىپ چىقتى، ئاگا ئىشەنمىسىڭىز، سەھەر پەيتىدە چىققان شامالغا قاراڭ.

5. ئۇنىڭ قۇياشقا كىم تەڭ كېلەلەيدۇ؟ قولىدىكى تىغى بىلەن قاشلىرىدىكى كامانغا قاراڭ.

6. ئۇنىڭ ناز ئوقلىرى تېگىپ، تېنىمنىڭ ھەممە يېرى يارا بولۇپ كەتتى، بۇ يارىلارنى ھېسابلاپ كۆرمەن دېسىڭىز، كۆكتىكى يۇلتۇزلارغا قاراڭ.

7. مەن تەلۋىگە پەرىگە ئوخشاش قانداق جىلۋىلەرنى قىلغانلىقىنى بىلەي دېسىڭىز، لەۋلىرى ھىيلىگەر، كۆزلىرى سېھىرلىك ئۇ ئاي سۈرەتلىككە قاراڭ.

8. جېنىمنى بېرىپ جان ئالاي دەپ لېۋىگە قارىدىم، ئۇنى تالىشىپ ئىككى ياندا ياتقان ئەجدىھانى كۆرۈڭ.

9. قانداق نازلىق قىلىقلار بىلەن زۇھۇرىنىڭ كۆڭلىنى ئالغانلىقىنى بىلەي دېسىڭىز، نازلىق يورغىسىدا چېپىپ كېتىۋاتقان



ئۇ بالا كەلتۈرگۈچىگە قاراڭ.

## 71

1. كىمكى ۋىسال ئىستىسە، يوقلۇق كوچىسىدا ماكانلاشمىقى لازىم، گۈل ئۈمىدى بولسا، تىكىنىگە مۇپتىلا بولۇش كېرەك.

2. ئەگەر ۋۇجۇدۇڭدا بىرەر تال مويۇڭ قېپقالسىمۇ ياخشى ئەمەس، دىنىنمۇ، دۇنيانىمۇ تامامەن تاشلىشىڭ كېرەك.

3. گاھىدا يار بىلەن، گاھىدا يارسىز يۈرمەك بۇ ئەسلى مەقسەت ئەمەس، ۋۇجۇدتىن ۋە ئۆلۈمدىن خالىي ھالدا دائىملىق ۋەسلىگە ئېرىشمەك لازىم.

4. ئوۋچىلار قىلتىقنى قۇشنىڭ كۆزىدىن يوشۇرىدۇ، كۆزدىن ياش دانلىرىنى چېچىپ، تۇزاقنى يوقلۇقتا قۇرماق لازىم.

5. بۇ قىلتاق ۋە دانلارنىڭ گېپىنى قوي، ئاللا ئەڭ ياخشى تەدبىر كۆرگۈچى، ھەممىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ، راھەتتىن كېچىش كېرەك.

6. ئەي زۇھۇرى، يارنىڭ ۋەسلى تەقدىر بىلەن بىللە ئىمىش، تىرىشىش-ئورۇنۇشلارنى تاشلاپ، تەۋەككۇلچىلىكنى ئىمام قىلىش كېرەك.

## 72

1. گۈزەل مەشۇقۇمنى پەلەك پەردە بولۇپ توسۇۋالدى، ئۇنىڭغا ئېرىشمىسەم بولمايدۇ، بۇ پەلەكنىڭ گۈمبىزىنى تېشىپ مەقسىتىمگە يېتىشىم كېرەك.

2. بۇ پەلەكنىڭ ئۈستىدە يەنە تۈرلۈك-تۈمەن پەلەكلەر بار، ھەر بىر پەلەككە يەتكەندە، توختىماي ئۆتمەي بولمايدۇ.

3. بۇ پەلەك مىزاجىغا ئۆزلۈكتىن خالىي بولۇپ چىقىپ، چارىسىز قالغان ئەگەشكۈچىلەرگە يول كۆرسەتمەك كېرەك.

4. بەزىلەر بۇ يولدا تىرىشىش ۋە غەيرەت قىلىش كېرەك دېسە، بەزىلەر بۇ يولدا تەۋەككۈلچىلىكنى ئىمام (يېتەكچى) قىلىش كېرەك دېيىشىدۇ.

5. ئىشق پىرىنىڭ كۆڭۈل باللىرىغا بېرىدىغان تەلىمى شۇكى، دەسلەپكى مەكتەپتە خامۇشلۇقنى ئۆگىنىش كېرەك.

6. ئەي زۇھۇرى، سەن تېخى بالا، ئىشقنى ئېلىپبەسىدىن باشلاپ ئۆگىنىشنى ئىختىيار قىلغىن، ھەرقانداق مەھرۇملۇق بولسىمۇ، ئېلىپبە يولىدىن مېڭىش كېرەك.

## 73

1. يارىم كەتتى، مەن ئۇنىڭ ھىجرانىدا قېلىپ قان



يۇتتۇم، ئۇ دىلىمغا ئازار بەرگۈچى ماڭا ھېچ قارىماي، ئىنتىزار قىلدى.

2. ماڭا ھىجران كەلتۈرگۈچىدىن جۇدا قىلغان پەلەكنىڭ زۇلمىدىن قىلغان نالە-زارىم ھېچ يەرگە يەتمىدى.

3. غەمخارىم مېنى غەم ئۆيىگە تاشلاپ كەتسە، جاھان خەلقى ئىچىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتسەم، بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك يېرى يوق.

4. ئىلاھا، ئىشق ئوتى جېنىمنى ئەجەبمۇ كۆيدۈردى، ئۇنىڭ ۋەسلىگە يەتكۈزگىن، يوقۇمۇ ئۆزۈڭ، بارىمۇ ئۆزۈڭ.

5. كۆڭلۈمنىڭ قۇشى ۋەسلىڭنى تىلەپ ھەر كېچە پەرۋاز قىلدۇ، مېنىڭ ھەر كېچە ئۇيقۇسىز ئۆتتۈشۈم مۇشۇ غەرەزدىن بولۇۋاتىدۇ.

6. مەنمۇ زۇھۇرىدەك ئۇنىڭ ھىجرانىدا زار بولسام، ئەجەبلەنمەڭلار، شەيدا بۇلبۇلدەك پەرياد چەكتىم، چۈنكى گۈلزارىم قولۇمدىن كەتتى.

## 74

1. قىپقىزىل مەينىڭ كۈچىدىن ئۇنىڭ چىرايىنىڭ گۈل رەڭلىك بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈڭ، ئۇنىڭ لەۋلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى زەڭگەر رەڭلىك خەتلەرنى كۆرۈڭ.

2. كۆزىنىڭ ئۈستىدىكى ئۇلاپ قويغان ئىككى يادەك قاشلىرىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن ئوق ئېتىشقا تەييار تۇرغانلىقىغا قاراڭ.

3. ئەي تەگرىم، ئۇنىڭ كۆزىدىكى ناز كۆڭلۈمنى ئۆزىگە تارتماقتا، ئۇنىڭ جان قۇشىنى ئۆزىگە ئۆگىتىۋالدىغان شېرىن لەۋلىرىنى كۆرۈڭ.

4. مەيخانىدىكى مەيچى بالىنىڭ ئۇ كۆزلىرى كاپىرنى دەپ، بويىنغا زەنجىر، بېلىگە زۇننار ئېسىۋالغانلىقىنى كۆرۈڭ.

5. ئۇ دىۋانە مەيخانىغا مەي ئىستەپ كىرىپ كەلسە، يوقسۇل كىيىمدە بولسىمۇ، شاھلاردەك كۆتۈۋېلىنغانلىقىنى كۆرۈڭ.

6. ھىجران ئوتى شىددەتلىك بولغاچقا، ۋەسل ئوتى لەززەت بېرىدۇ، ۋەسلىنىڭ قەدرىگە يېتىمەن دېسىڭىز، ھىجراننىڭ ئازارىنى تارتىڭ.

7. ئەي زۇھۇرى، ئۆمۈر مەرۋايىتىنىڭ باقىيلىقىنى كۆرىمەن دېسىڭىز، سۇغا چۈشكەن يامغۇر تامچىسى پەيدا قىلغان كېڭەيگۈچى دائىرىلەرگە قاراڭ.

## 75

1. جېنىمنىڭ نۇقتىلىرى ئېپاردەك قارا خاللىرىڭنىڭ چاچقۇسىدۇر، ۋەيرانە جىسمىم بولسا، سەرۋىدەك قەددىڭگە پېدادۇر.



2. جىسمىم ئارا كۆكسۈمدە جان بار، بۇ جېنىمدە ماكان تۇتقىنى نە كۆڭلۈم، نە جىسمىم، نە جېنىم ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي جانانىم.

3. جېنىم يۇمران ئاغزىڭدىن خىزىرغا ئوخشاش ھاياتلىق بۇلىقىنى تاپىدۇ، شېرىن لەۋلىرىڭ مېنىڭ ھاياتلىق سۈيۈم.

4. سەن خال، ئېغىز، قاش-كۆز، يۈز ۋە قامىتىڭ بىلەن كۆڭلۈمنى ئالغان، ھۆسن تەختىدە ئولتۇرغان سۇلتانىمسەن.

5. ھەر ئاينىڭ بېشىدا ئاسماندا كۆرۈنگەن ئۇ يېڭى ئاي ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئاي سۈرەتلىكىمنىڭ قاشلىرىنىڭ ئالامىتى.

6. ئاسماندا چاقماقلار چېقىلىپ گۈلدۈرلەپ كەلگەن سادا گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازى ئەمەس، مېنىڭ كۆككە ئۆرلەپ چىققان ئاھۇ زارىم.

7. مەن زۇھۇرى مەزھەرىدىن ئۆزگىگە نەزەر سالسام، ئەي يارانلار، ھەر ئىككى دۇنيادا قىلىچ بويىنۇمدا بولسۇن.

## 76

1. ئەگەر مەيخانىدا ئىشلىرىڭ ئوڭ كەلسە، مەسچىتىنمۇ، مەدرىسىنمۇ ئوڭايلا تاشلايسەن.

2. ئەگەر مەي توشۇيدىغان بالا: كىرىڭ! بۇ يەردە بۇلۇڭدا ئورۇن بار... دېسە، مەيخانىغا پەخىرلەنگەن ھالدا كىرىپ كېلىسەن.

3. پېقىرلىق بۇلۇڭىدا كۆيۈك نانغىمۇ قانائەت قىلىشنى بىل، ھۇما ㉜ دەك قانائەت قىلىشنى بىلگەنلەرنىڭ خامىنى چوڭ بولىدۇ.

4. ئىشقىنىڭ چۆللىرىدە ئىسسىق بىلەن سوغۇقتىن غەم يېمە، مەيلى ئىسسىپ كەت، مەيلى توڭغىن، مەيىنى شۇمۇرۇپ ئىچىۋەر.

5. قەدەمنى بالدۇر ئېلىپ قويغانلىقتىن، ھەرقانچە ناقابىل كەلسەڭمۇ، قولۇڭ يەتسىلا، قابىل يارنىڭ پېشىدىن چىڭ تۇتقىن.

6. ئادەم تەقۋادارمۇ ياكى پاسىقمۇ؟ بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئوڭ قولىغا ياكى سول قولىغا نامۇ ئەھۋالىنى يېزىپ قويمايدۇ.

7. زۇھۇرى، شېئىرىيەتتە نەۋائىينى ئەگىشىپ ماڭغىن، لاچىنغا ئەگەشكەن قاغا ياخشى ئۇچالايدۇ.

**77**

1. جۇدالىق بىلەن كۆڭلۈمنى بەكلا غەملىك قىلىپ



قويدۇڭ، قۇرۇق جىسمىمنى ھىجران ئوتىدا خەستەك كۆيدۈردۈڭ.

2. غەمنىڭ بۇ كېچىسىدە يۈزۈڭ قۇياشىنى كۆتسەم، ئىشق تىغىڭ بىلەن كۆكسۈمنى يورۇۋاتقان تاڭدەك چاك قىلدىڭ.

3. ئىككى كۆزۈڭنى توپىلاڭچى دېسەم، بۇ يالغان بولمايدۇ، دەردلىك ۋە غەمگە قويغۇچى نازلىرىڭنى تولىمۇ چاققان قىلدىڭ.

4. ھىجرانىڭ تىغىدىن زەخمىلەنگەن يۈرىكىمنىڭ يارىسىغا (كىرپىك) ئوقلىرىڭنى ئېتىۋېرىپ، زەھرىڭنى دورا قىلدىڭ.

5. دۈشمەنلىرىڭنى راھەت باغلىرىدا گۈل قىلدىڭ، دوستلىرىڭنى جاپا-مۇشەققەت ئۆيىدە خۇرسەن قىلدىڭ.

6. دۇنيادىكى ھەممە ئادەم ئوتتىن قاچسا، ئاشىقلار ئوتنى ئىزدەيدۇ، ئاشىقىڭنى ئوت بىلەن سۇدىن زادىلا پەرۋا قىلمايدىغان قىلىۋەتتىڭ.

7. ياخشىلار ئۆز ياخشىلىقى بىلەن خەلق ئىچىدە نام چىقاردى، ئاللاغا شۈكرىكى، مەن يامانىنى بۇ ياخشىلاردىن پاك قىلدىڭ.

8. ئەي سازەندە، مەيخانىدا ئاشىقلار ئىچىدە سازىڭنى يىغلىتىپ، ئولتۇرۇشتىكىلەرنى ئەقىلدىن مەھرۇم قىلدىڭ.

9. زۇھۇرى يارىغا دائىما: نېمىشقا مەزھەرىگە ئوخشاش

يۈزۈڭنى كۆرسەتمەستىن كۆزۈمنى نەم قىلسەن؟ دەيدۇ.

## 78

1. سۆيگۈ — ھىجراننىڭ قارا تۈنىدە يېنىپ تۇرغان نۇرلۇق چىراغ، ئۇ ئاساندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئاسان ئەمەس، بەلكى مۇشكۈلدۇر.

2. ئىشقنىڭ بالايىئاپەتلىك چۆللىرىنى كېزىپ چىقماقنى ئارزۇ قىلساڭ، قولۇڭغا قەدەھ ئېلىپ، ئاۋۋال مەيخانىدا مەي ئىچمىكىڭ شەرت.

3. كىمكى ئەقىلدىن، دانىشمەنلىكتىن لاپ ئۇرسا، ئۇ ھوشنى يوقاتقان كىشىدۇر، كىمكى مەيخانىغا كىرىپ شارابتىن ئەقلىنى يوقاتسا، شۇ ئەقىللىق.

4. ئۇ قاشلىرىدىن ساڭا قارىتىپ ئوق ئاتسا، يېرىلغان كۆكسۈڭنى تۇتۇپ بەر، كۆڭۈل ئەينىكىڭنى ئۇنىڭ دەردى روشەنلەشتۈرىدۇ.

5. مەقسىتىڭ ئۇ پەرىگە مېنى يات كۆرمە دېمەكچى، شۇنىڭغا قارىغاندا، سەن يا شېرىكلىككە تەۋە ئادەم، يا كۆزۈڭ ئەلەس.

6. ئەي زۇھۇرىددىن، سۆيگۈنىڭ بۇ ئىشارەتلىرى



توغرۇلۇق ماڭا كۆپ سۆزلىمە، بۇ مۇشكۈل ئىشنى ھېچكىم ھەل قىلالمىغان.

## 79

1. مېنى ھىجران گىرىپتارلىقى غەمخارىم تەرەپكە مايىل قىلدى، كۆڭۈل ئەينىكىگە يۇققان چاڭ-توزانلارنى ئۇنىڭ خىيالى تازىلىۋەتتى.

2. كىمكى ئاشىق بولسا، ئۇ ئىشقنىڭ بالايىئاپەتلىرىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلەلەيدۇ، قىرغاقتا تۇرغۇچى دەريانىڭ ھالىتىنى بىلەلەمدۇ؟

3. ھەممە خەق نامىنى ئىشق دەيدۇ، مەن ئۇنى جاننىڭ بالاسى دەيمەن، بۇ سۆزنىڭ بېشارىتىنى تاپالايدىغان ئاقىل كىشى بارمۇ؟

4. ئەي دوست، بالا كەلتۈرگۈچى يارنىڭ ھىجرانىدا مەن قانداق يالغۇز بولاي؟ يامان-ياخشىلارنىڭ، پاسىقلار ۋە تەقۋادارلارنىڭ ھەممىسى بار.

5. بۇ ھەسرەت دەشتىدە ئەقلىڭ بىلەن ھوشۇڭ ئاجىز كېلىدۇ، شۇڭا مەيخانىغا كىرىپ مەست بولۇپ، ئەقلىنى يوقىتىش ھەممىدىن ئەلا.

6. پەرىنىڭ ئالدىدا بىھوش بولماقلىقنى ھوش دېگىلى

بولمايدۇ، ئەي دانا، بۇ ھەيرانلىقتا قالساڭ قالغىنكى، ئەمما غەپلەتتە قالما.

7. ئەي زۇھۇرى، كامىل ئۇستازنىڭ بولماي تۇرۇپ، مۇھەببەتتىن لاپ ئۇرما، بۇ ئىشقنى توققۇز قەۋەت ئاسمانمۇ كۆتۈرەلىگەن ئەمەس.

## 80

1. گۈزەللىك بېغىدا سېنىڭ يۈزۈڭدەك ئېچىلغان بىر گۈل يوق، ئۇنىڭ ئىشتىياقىدا پەرياد قىلىدىغانغا ماڭا ئوخشاش بۇلبۇلمۇ يوق.

2. سېنىڭ ئاغزىڭغا ئوخشايدىغان غۇنچە تېخى باغدا جاھانغا كۆز ئاچقىنى يوق، گۈلشەندىكى گۈللەر ئىچىدە سېنىڭ چاچلىرىڭغا ئوخشايدىغان سۇمبۇل تېخى ئۈنمىدى.

3. ئادالەت بېغىدا سېنىڭ قەددىڭگە ئوخشايدىغان سەرۋى تېخى بىنا بولمىدى، لەۋلىرىڭنىڭ ئىشتىياقىدا ئەجدىھاغا ئوخشايدىغان چاچلىرىڭ ئۇنىڭغا يامىشىپتۇ.

4. سېخىيلىك دەرياسىدىن چىشلىرىڭدەك ساپ مەرۋايىت چىقمايدۇ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغانغا جاھاندا مېنىڭدەك پۇلسىز كەمبەغەل يوق.

5. كۆزۈڭنىڭ كەيپىياتىدىن دۇنيادىكى ئاشىقلار مەست



يۈرىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن يەنە مەست بولىمەن دەپ مەي ئىچىشنىڭ ھاجىتى يوق.

6. گۈزەللىك كانى، ھۆسن ئىقلىمىدا ساڭا ئوخشايدىغان بىر پادىشاھ يوق، سېنىڭ كويۇڭدا يۈرگەن ماڭا ئوخشاش بىر ئىخلاسمەن قۇلمۇ يوق.

7. ساھىبقىران يۈسۈپ شاھ ئالىي نەسەب شاھلاردىن بولۇپ، زۇھۇرىددىن ئۇنىڭ مۇخلىسىدۇر. ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىسى بەختىيار ھۆكۈمرانلاردىن بولۇپ ئۆتكەن، ئۆزىمۇ قومۇلدا تۇغۇلغان.

## 81

1. ئەي ساقىي، يارنىڭ بەزمىسىدىن بىر پىيالە مەي كەلتۈرگىن، ئۇ يەردە توپلانغانلارنىڭ ھەممىسى مەستلىكتىن گۈلدەك ئېچىلىپ كېتىپتۇ.

2. شاراب كوزىسىدىن ھەدەپ بۇلدۇقلاپ «ئىچ» دېگەن ئاۋاز كېلىپ تۇرسا، بۇ ئاشىقلار كېچىسىدە بىر دەممۇ مەي ئىچمەي تۇرغىلى بولامدۇ؟

3. سازەندە نەغمە قىل، مەن ئاشىقلار تەرزىدە ناۋا قىلاي، ئۇنىڭ ئىشتىياقىدا، باغدا بۇلبۇللار پەرياد قىلسۇن.

4. ئەي ناخشىچى، مەن غەمكىننى بىر خۇرسەن قىلساڭ،

مەندەك بىر قۇل سەندىن مۇرادىنى تاپسا نىمە بولىدۇ؟

5. قاشلىرى كامان، كىرپىكلىرى ئوق، سۇمبۇل پۇرايدىغان ئۇزۇن چاچلىق بۇ پەرى مەن بىچارىنى ئىشقىدا كۆيدۈردى.

6. ئەي تەڭرىم، مېنى ھەممىدىن ۋاز كەچتۈرۈپ، خاتىرجەم قىلىش بىلەن، كۆڭلۈمدىن غەيرىينىڭ ئوي-خىيالىنى چىقىرىپ تاشلا.

7. ئەي زۇھۇرى، سەن ساھىبقىران شاھ يۈسۈپنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى تۇپراقنى كۆزۈڭگە سۈرسەڭ، قۇمۇل سەن ئۈچۈن جەننەت بىلەن تەڭ بولىدۇ.

## 82

1. ئەي كۆڭۈل، يار باشقىلارنى ياقتۇردى، سەن دىۋانە بول، سەنمۇ ئۆزنى ئۆزگە بىلىپ، كىشىلەردىن ئۆزۈڭنى تارت.

2. ئەگەر لەيلى سۈپەتلىكنىڭ ۋەسلىنى ئارزۇ قىلساڭ، مەجنۇنغا ئوخشاش ھىجران چۆللىرىنى كېزىپ، تىللاردا داستان بول.

3. ئۇ گۈل يۈزلۈكنىڭ خىيالىدا بۇلبۇلغا ئوخشاش پەرياد قىلىپ، ھۆسنى چىرىغىنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەيدىغان پەرۋانە بول.



4. مەيخانىلاردا قولۇڭغا سۇنغان ساپال ئېلىپ، شوخ گۈزەللەرنىڭ ئەتراپىدا مەستانە بول.

5. ئەي ساددا دىل، گۈلنىڭ تىكەنسىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. گۈل ئارزۇسىدا بولساڭ، تىكەن بىللە بول.

6. ئەگەر ئۇ زىبا سەنەمنىڭ ۋىسال دۆلىتىنى تىلىسەڭ، دىنىنىمۇ، مىللەتىنىمۇ تەرك قىلىپ، بۇتخانىنى ماكان قىلىۋال.

7. زۇھۇرى، يارنىڭ چاچلىرى بىلەن خالىنىڭ ئۈمىدىدە بولساڭ، دەرد ۋە غەمنىڭ قىلتىقىدا جاپا-مۇشەققەتنىڭ قۇشلىرىغا دان بول.

## 83

1. گەرچە يارىم قاتىل بولسىمۇ، ئۇنىڭ خىيالى بىلەن ئىچسەم، ئۆمرۈمدە ھاياتىنىڭ شارابىدىن قانائەت تاپقان بولىمەن.

2. ئەگەر سەن كۆڭلۈمدە پەيدا بولساڭ، كۆرۈنۈشىڭمۇ ماڭا مۇتلەق يار بولىدۇ، ئۇ چاغدا بارلىق ئايان بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىھۇدە تۇرسا، ئۇ كۆڭۈلگە سىغامدۇ؟

3. ھەممەيلەن سېنىڭ دەردكە داۋا قىلىشىڭ بىلەن خۇشالدۇر، ماڭا سېنىڭ تىغىڭنىڭ زەخمى بىلەن ساڭا مايىل بولۇش شادلىقتۇر.

4. مەن ئىشقسىزلار سۆھبىتىدىن كېتىپ، يەككە-يېگانە ھالدا خارابە جايغا بېرىپ، شۇ خارابىلىقتا تېگىشلىك بولايمىكىن دەيمەن.

5. بۇ بىچارە جامالىڭنىڭ چىرىغىغا پەرۋانە بولدۇم، ئۇنىڭغا نۇر بېرىپ، مېنى ئىشقىڭنىڭ ئوتىغا داخىل قىلغىن.

6. مەن كۆڭلۈمنى جامالىڭنىڭ لاللىزارىغا ئەينەك قىلاي، ئۇنىڭغا لاللىزارىڭنىڭ ئەكسى چۈشۈپ، قونغان كىر ۋە چاڭلارنى يوق قىلسۇن.

7. ئەي خۇدا، زۇھۇرىددىنگە بەرگەن ئامانىتىڭنى ئېلىشتىن بالدۇرراق، ھەممە ئامانەتكە ئۇنى تەسەررۇپ قىلغۇچى قىل.

## 84

1. ئەگمە قاشلىرىڭنىڭ مېھرابى يامۇ، ياكى يېڭى چىققان ھىلال ئايمۇ، يۈزۈڭ گۈلمۇ، قۇياشمۇ يا تولۇن ئايمۇ؟

2. يولۇڭغا تەلمۈرۈپ قەددىم پۈكۈلدى، يېنىمغا كەلمىدىڭ، كۆرەي دەپ ئارزۇ قىلسام، بارغىلى ماجالىم يوق.

3. غۇنچىدەك ئاغزىڭنىڭ دەردىدىن يۈرىكىم قانغا تولدى، خىيال قىلىپمۇ بىلىشكە ئېرىشەلمەي، جىسمىم ناھالغا ئوخشاش ئېگىلىپ كەتتى.

4. ئاللا، ئاللا، ئۇنىڭ قارا چاچلىرى بىلەن لەۋلىرىدىكى



خالى جان قۇشىغا قىلتاق بىلەن دان بولۇپ تۇرسا، بۇ قىلتاققا ئىلىنماي تۇرۇپ، كىم مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ؟

5. ئۆزلۈك بىلەن مەي ئىچىپ مەست بولماق مۇمكىن ئەمەس، گۈل يۈزلۈك ساقىي مەرھەمەت قىلمىسا، ئىچىشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

6. مەي رەڭلىك كۆزلىرىڭنىڭ ئەكسىدىن جاھان خەلقى مەست يۈرۈۋاتىدۇ، مەن ئىشتىياقىڭنىڭ كۈچىدىن ئۇلارغا ئاياغ ئاستى بولۇپ بەردىم.

7. ئەي زۇھۇرى، يول باشلىغۇچىسىز مەيخانىغا يۈزلەنمە، ئۇنىڭ ئىزىنى يول باشلىغۇچى قىل ۋە كۆزۈڭگە سۈرمە قىلىپ سۈر.

## 85

1. ئۇ شاھلارنىڭ شاھىنىڭ لىۋىگە جام ۋە مەيسىز يەتمەك مۇمكىن ئەمەس، بۇنداق خىيال قىلىش گوياكى پىراقىنىمۇ ئاجايىپ بىر خىيالدۇر.

2. مەيگە تولغان جاملار ئارقا-ئارقىدىن كەلسە، ئايىغا قاراپ مۇڭلۇق سۆزلەرنى ئېيتسام، ئەجەبلەنمەڭلار، چۈنكى يارىمنىڭ لەۋلىرى يېڭى چىققان ئايدەك نامايان بولۇپ تۇرىدۇ.

3. يار بەكمۇ چاققان، ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئاستىدا دەسسەل-

مىگۆچە، ۋىسالى سەيلىسىگە قانداق يېتەلەيسەن؟

4. ئەگەر پەرھادتەك غەم تېغىنى جاپا بىلەن يارساڭمۇ، شىرىن ئۆزىگە تارتىپ تۇرمىسا، ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن سەندىمۇ ماغدۇر بولمايدۇ.

5. ھەر سەھەر دۇئا قىلىپ، يۈزۈڭگە كۆز تىككەنىدىم، لەۋلىرىڭ بىلەن خالىڭ يۈز يولۇمنى يۈز تەرەپتىن توسۇۋالدى.

6. زوھۇرىددىن، سەن ئۇنىڭغا سايىدەك ئەگەشتىڭ، مەقسىتىڭگە ئېرىشەلەيسەن، ئۇنىڭ قۇياشتەك ھۆسنىگە تا ئەبەدكە زاۋاللىق يەتمەيدۇ.

## 86

1. كۆڭلۈم غەمدىن چىگىشلىنىۋېلىپ ئېچىلمىدى، باھار بولدى، كۆڭلۈمنىڭ گۈلگە مەيلى بولمىدى.

2. لەۋلىرىنىڭ جۇدالىقىدا كۆڭلۈمگە قانلار تولدى، غۇنچە ئېچىلدى، لېكىن مېنىڭ كۆڭلۈم ئېچىلمىدى.

3. كۆزلىرىنىڭ كەيپىدە دائىما مەست يۈرۈپ، كۆڭلۈم باھارنىڭ كەلگىنىنى - كەتكىنىنى بىلەلمىدى.

4. ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ نىشانىنى تاپىمەن دەپ كۆڭلۈمنىمۇ يىتتۈرۈپ قويدۇم، غۇنچىلار ئىچىدىن ئىزدىگەن بولسامۇ تېپىلمىدى.



5. دۇنيا گۈزەلى كۆز ئالدىمدا جىلۋە قىلدى، ئەي كۆڭلۈم، ئۇ سېنى مىنگەن ئېتىنىڭ تۇياق ئىزىچىلىكمۇ كۆزگە ئىلمىدى.

6. جۇدالىق چۆللىرىدە گاڭگىراپ قالغان، زارىققان بىر تەلۋە ئىدىم، گۈل پەسلى كەلگەندىمۇ كۆڭلۈم بىردەممۇ ئېچىلمىدى.

7. ئەلنىڭ كۆڭلى ئىككى دۇنيانى ئارزۇ قىلىدۇ، شۈكرىكى، ئۇلارغا مېنىڭ كۆڭلۈم قېتىلمىدى.

8. نەۋائىينىڭ خەزىنىسىدىن شېئىرىيەت دۇرلىرىنى ئىزدىدىم، گەرچە تاپالمىغان بولسامۇ، كۆڭلۈم يەنىلا بۇ نىيەتتىن يانمىدى.

9. زوھۇرى، مەزھەرى شېئىرلىرىڭنى سىلىقلىدى، ئۇلار شۇنچىلا سىلىقلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى تېخىمۇ سىلىقلاشتىن كۆڭلۈم تايمىدى.

## 87

1. كۆڭلۈم، دائىم يارىم بىلەن بىللە بولسام، سۆزلىرىنىڭ كەينىدىن چىرايىمنى گۈل رەڭلىك قىلسام، دەپ تىلەيدۇ.

2. كېچىلىرى ئۇخلىماي، ئەمدىلا ئىندەككە كەلتۈرگەن چېغىمدا، ئۇ ئادەملەرنىڭ غوۋغىسىدىن لاچىندەك ئۈركۈپ، كېلەلمەيۋاتىدۇ.

3. ئۇنىڭ كۆڭلۈمدىكى تەسىرىنى ئەينەكتە كۆرسىتىپ، تۇتىغا ئوخشاش سۆزلىتىش بىلەن، ئەينەكتە بولسىمۇ تۇزاقتا چۈشۈرسەم دەيمەن.

4. ۋاي ئىستىكى، ئۆمرۈم دۇنيا ئىشىدا زايە بولدى، غەپلەت پەردىسىنى يىرتىپ، قاراڭغۇلۇقتىن ئۆگزە ياساي دەيمەن.

5. كۆپ ۋاقىت ئۆتتى، ئەلنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ قەددىم «د» ھەرپىدەك مۈكچەيدى، ئەمدى ئاللا يولىدا بۇ جىسمىمنى «ل» ھەرپىدەك قىلايمىكىن دەيمەن.

6. زۆھرى كۆزلىرىڭنىڭ كەيپىدىن ئىلتىماس قىلدۇكى، ھوشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مەستلىكنى باشلىۋالغان بولسام.

## 88

1. ۋەسلىڭنىڭ سەھەرىنى ياد ئېتىپ، كېچەمنى نۇرلۇق قىلدىم، كۆكسۈمنى يېرىپ، تۈڭلۈككە نەمۇنە قىلىپ بەردىم.

2. جامالىڭنىڭ شولىسى جان بىلەن دىلنى كۆرسەتتى، ئۇ شولىنى كۆڭلۈمگە چۈشۈپ قالامدىكىن دەپ جىسمىمنى مەجرۇھ قىلدىم.

3. بۇ غەم سەھىپىلىرىگە سېنىڭ پىراقىڭنىڭ شەرھىنى يېزىش ئۈچۈن، كۆز قارىچۇقۇمنى سىياھ قىلىپ، قەلەمنىڭ بېشىنى تۆۋەن قىلدىم.



4. كۆڭلۈمنىڭ قۇشلىرى سۆيگۈ سەھراسىدا پەرۋاز قىلىۋاتىدۇ، ئۆزۈڭ قوللا دەپ، مۇھەببەتنىڭ رىشتىسىنى ئۇلارغا يېپ قىلىپ باغلاپ قويدۇم.

5. ئەي گۈل يۈزلۈك، گۈلنىڭ تىكەنسىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، مەن گۈل يۈزۈڭگە كۆز تىكىپ، كىرپىكلىرىمنى تىكەن قىلىۋالدىم.

6. غەملىك كۆڭۈل ئازار يېپىشتىن سېنى شادىمان كۆرگەچ، بىچارە جېنىمغا سېنىڭ دەردىڭنى غەمخور قىلدىم.

7. كېچە-كۈندۈز ۋەسلىك دۆلىتىنىڭ ئارزۇسىدا، كۆزلىرىمنى ئۇخلىتىپ، كۆڭلۈمنى ئۇيقۇسىز قويدۇم.

8. ئۇ قىزىل لەۋلەر ئىشتىياقىنىڭ ھەسرىتىدىن قان يۇتۇپ، قانلىق ياشلىرىمنى ئاققۇزۇپ، ئالەمنى گۈلزار قىلىۋەتتىم.

9. ئەي زۆھرى، قىلىچىڭ كۈچسىز بولۇپ قالسا قۇۋۋەت تاپامدىكىن دەپ، ئۇنى كۆز ياشلىرىم بىلەن سۇغىرىپ، قىنىمىنمۇ تەييارلاپ قويدۇم.

## 89

1. قىزىل ياقۇتتەك لەۋلىرىڭنىڭ تەمىدىن ئۈمىدلىنىپ، مەن روزا تۇتقانىدىم، جامالىڭ شامى توغرۇلۇق سۆزلەپ، ئۆزۈم پەرۋانىگە ئوخشاپ قالدىم.

2. ئانار گۈلدەك يۈزۈڭگە ئۆزۈم ئېرىشەلمىسەمۇ، كۆڭلۈم بولسىمۇ يېتەر دەپ، خىيالىڭ بىلەن تۆككەن قان-ياشلاردىن چىرايىمنى دائىم گۈل رەڭلىك قىلىپ يۈرەتتىم.

3. سىرىڭ ئىچىمگە پاتماي، قومۇشتەك نالە قىلىش بىلەن، سارغايغان يۈزۈمنى سەھىپە قىلىپ، ئۇنىڭغا قان-ياشلىرىم بىلەن خەت يازاتتىم.

4. سۆزلىشىپ ئولتۇرغان چاغلاردا، لەۋلىرىڭگە ئېرىشسەم، ئۇنىڭ تەمى كۆيدۈرگەندە، ئۇنى «ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگۈچى» دەپ بىلىپ، ئاغزىمنى ئاچاتتىم.

5. لەۋلىرىڭگە ئېرىشىپ، ئاغزىمنى ئاچقاندا، ماڭا ھېيت بولدى، ئۇنىڭ ھەسرىتىدىن باشقىلار قۇربان بولسا، مەن لەززەتلىنەتتىم.

6. مەن بىر كۈننىڭ ئىچىدە روزا ھېيتىنىمۇ، قۇربان ھېيتىنىمۇ كۆردۈم، ئەجەب ئىشكى، يېڭى چىققان ئايدەك قاشلىرىڭنى كۆرەلمەي، ئۇنى ئىزلەشكە باشلىدىم.

7. سەن مېنى بۇ زۇھۇرىدەك لەۋلىرىڭ بىلەنلا بەختلىك قىلما، ئايدەك يۈزۈڭنىمۇ كۆرەي دەپ، ھەر كېچە بىقارار بولۇپ يۈرۈۋاتىمەن.

## 90

1. ئوتتەك ئىشتىياقىم توغرۇلۇق خەت يازماقچى بولغىنىمدا،



مېنىڭ بۇ شېكەر تۆككۈچى قەلىمىم تىلىنى ئىككى قىلىپ يېرىپ، ئېيتقانلىرىمنى تەكرارلىدى.

2. سىرلىرىمنىڭ ئىگىسى بولغان بۇ قەلەم جان بىلەن كۆڭلۈمدە ساقلاپ يۈرگەن سىرىمنى ھەممىگە پاش قىلىپ بەردى.

3. سىرداش قەلەم گاھ ۋەسلىڭنىڭ، گاھ ھىجرانىڭنىڭ خەۋىرىنى يازدى، بەزىدە تىل سېلىپ، يۈزى قارىلىقمۇ قىلدى.

4. سېنىڭ دەردۇ پىراقىڭنى جاھان سەھىپىلىرىگە يېزىش ئۈچۈن، بۇ قەلەم كۆكسىنى تىلىپ، ئالەمنى سەيلە قىلىپ چىقتى.

5. ماڭا كەلگەندە، دۈۋەتمۇ كۆڭلىنى قارا قىلدى، بۇ تەتۈر قەلەممۇ تىلىنى ئۇزۇن قىلدى.

6. ۋەسلى نېسىپ بولغان خىلۋەت جايدا، بەگنىڭ لازىمى يوق، بۇ چاغدا، ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ قەلەمگە ھاجىتى چۈشمەيدۇ.

7. زۇھۇرى، ئامانلىقنى تىلىسەڭ، خامۇش بولۇۋال، بۇ تۇمشۇقى قارا قەلەم تىلىنى ئۇزۇن قىلىپ، بېشىنى يېرىۋالدى.

## 91

1. گۈل يۈزلۈك ساقىي ئەگەر ماڭا مەرھەمەت

كۆرسىتىپ قەدەھ تۇتسا، مەست بولۇۋېلىپ، تا قىيامەتكىچە مەستلىكتىن يېشىلگۈم يوق.

2. ئۇنىڭ يۈزىدىن چېچىلغان شولا كۆڭلۈمگە دائىم چۈشۈپ تۇرسا، ئەينەكتىن تارالغان شولىدەك مېنى بىئارام قىلىپ تۇرسا دەيمەن.

3. گۈل يۈزلۈكۈمنىڭ قىزىل لەۋلىرىنىڭ ھەسرىتى بىلەن، ھەر كېچىسى ھۇۋقۇشتەك بىئارام بولۇپ چىقىمەن.

4. مەيخانىدىكى مەيپۇرۇش بالا مېنى بىر كاسا مەي بىلەنلا ناھايىتى پۇختا ساراڭ قىلىپ قويدى، ئەمدى ئىشلىرىم خام بولمايدۇ.

5. دۇنيادا تېخى تۇنۇلگۇنلا يۈرگەن يوللىرىمنى ئىزدەپ تاپالمىدىم، يارسىز بولغىنىم ئۈچۈن، ئىشىم نەتىجىسىز بولۇپ چىقتى.

6. ئىشق يولىدا مەن ئار-نومۇسىمنى كېرەك قىلمىدىم، ھەممىنى تەرك ئېتىپ، خەلق ئىچىدە بەتنام بولدۇم.

7. تەقۋادار، ئالىم، ئىبادەتگۈي دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى نەتىجىسىز ئادەملەر، ئىشقسىزلارنىڭ ئىشىنىڭ نە بېشى، نە ئاخىرى بولامدۇ؟

8. بۇ نەزمە كىتابىم تامام بولسا، تەڭرىگە مەدھىيە



ئوقۇپ، مەزھەرىگە بىر قەدەھ مەي تۇتۇپ، سالام بەجا قىلىمەن.

9. ئىشق يولىغا كىرگەنلەرنىڭ بىرى بىر ئىشتىن مەست بولىدۇ، ئارزۇسىغا يېتەلمىگەن زۇھۇرى ئاشىقلارغا قېتىلمىدى.

## 92

1. يارىمدىن خەۋەردار بولمىسام، ماڭا بۇ يەردە نېمە بار ئىدى؟ ئەگەر خەۋەردار بولالمىسام، ئۇنىڭغا يار بولمىسام ياخشى بولغانىكەن.

2. ئەگەر مەن سەمەندەر ⑬ دەك كۆيۈشكە سازاۋەر بولسام، بۇ ئىشقى — مۇھەببەت ئوتىنى ئۇ كىمگىمۇ سالار ئىدى؟

3. ئەي كەنئاننىڭ ئېيى، ئەگەر مەن ساڭا بىر ئورام يىپ بىلەن خېرىدار بولمىغان بولسام، مۇنچىۋالا قىممەت باھا بولۇپ كېتەتتىڭمۇ؟

4. ئەگەر مەن بىچارە ئىشقىنىڭ ساقايماس زاتىل كېسىلى بىلەن ئاغرىمىغان بولسام، تىبىبي ئىلىم بىلەن تېۋىپلار نەدىمۇ مۇنچىلا ئەتىۋار بولاتتى!

5. ئەگەر مەن ساڭا شەيدا بۇلبۇلغا ئوخشاش زار بولمىغان بولسام، ئاشىقلار ئىچىدە گۈل يۈزۈڭنىڭ شۆھرىتى

مۇنچىۋالا ئېشىپ كېتەتتىمۇ؟

6. بۇتخانىغا ماكانلىشىۋېلىشتىكى غەرىزىم شۇكى، مەن زۇننار ئەھلى (ناسارا) بولمىسام، ئۇ سەنەم (بۇت) يۈزىنى كۆرسەتمەيدۇ.

7. سەن كۆڭلۈمنى ئالمىغان بولساڭ، مەنمۇ ساڭا تەلەپكار بولمىغان بولسام، ئىشق بىلەن ئاشىقلىق قاچان ئاشكارا بولاتتى؟

8. زۇھۇرىڭدىن ھەر تاڭ پەيتىدە ئورنىڭدىن تۇرۇپ، دۈشمىنىڭگە دوست بولۇپ، دوستۇڭغا رەقىب بولۇپ قالماي دەپ، تىلەك تىلەيدۇ.

## 93

1. ئەي مەسىھا نەپەسلىك، ئۆلۈككە جان كىرگۈزمەكچى بولساڭ، ماڭا كىرگۈزگىن، سېنىڭ ئۇ نەپىسىڭسىز مېنىڭ ئىمانىم ئۆلۈكنىڭكىدىنمۇ كەم بولۇۋاتىدۇ.

2. سەنسىز قېلىپ، مەن بالا ۋە جاپالارنى تولا كۆردۈم، ئادەم باللىرى مەن تارتقاننىڭ مىڭدىن بىرىنى تارتمىدى.

3. بۇنچىلىك ھالىمغا چەكسىز مىننەتدار بولىمەن ۋە شۈكۈر ئېيتىمەن، مەدھىيە يولىدا، دەرد-ئەلەملەر ماڭا ئوزۇق بولدى.



4. يۈرىكىمدە نازلىق قىلىقلىرىڭنىڭ سانسىز ئوقى بار، ئۇنىڭغا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ قويساڭ، بۇ يارىلارغا داۋا بولىدۇ.

5. يارسىز، باھار ماڭا سوغۇق قىش بولدى، خۇشال ھېيت بىلەن نورۇز بولسا گويا ماتەم بولدى.

6. ھەممىنى تاشلاپ، مەيخانىغا كىرەيمىكىن دەيمەن، بۇ جاھاننىڭ بىرەرىگە ۋاپا قىلغان يېرى بارمۇ؟

7. ئاياقچى قولىدىن ئاياق ئېلىپ مەي ئىچىشكە مۇيەسسەر بولساڭ، ئەي زۇھۇرى، ئۇنى سۈمۈرسەڭ، بۇ جاھاندىن غەم يېمىسەڭمۇ بولىدۇ.

## 94

1. سېنىڭ كويۇڭدا مەيخانىنىڭ بۇلۇڭى خانىقاھىم، مەيپۇرۇشنىڭ دۇئاسى سەھەردە ئوقۇيدىغان دۇئايىم بولۇپ قالدى.

2. بېشىمغا كېسەكنى ياستۇق، تىكەننى كۆرپە قىلدىم، ئىتلىرىڭنىڭ ياتىدىغان يېرى ماڭا ھەر كېچە قونالغۇ بولدى.

3. بۇ دۇنيادا ماڭا شاھلىقتىن پىقىر بولغىنىم ئەلا، شاھىم يول كۆرسەتسە، بۇ نىيەتتە بىلىمنى مەھكەم باغلىدىم.

4. دۇنيا يۈزىدە ھەركىم ئۆز يارى بىلەن خۇش بولىدۇ، مېنىڭ ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا پاناھىم يوق.

5. يۈزىمىڭ نالە قىلسام، ئۇ ئاي نېمىشقا ئاڭلىمايدۇ؟ ھەر كېچىسى چەككەن ئاھىم توققۇز قەۋەت ئاسمانغا يۈزلەپ قېتىم يەتتى.

6. سەنسىز، مېنىڭ ئىشىم ھەر كېچىسى پىغان چېكىش بولدى، بۇنىڭغا زۇھەل بىلەن ئۇكەر يۇلتۇزى ئىككىسى گۇۋاھ بولىدۇ.

7. زۇھۇرى، بىچارە يوقسۇل، زەخمىلەرگە باغلانغان ھالەتتە بولغىن، ئېھتىمال ئاللا ھالىڭنى كۆرسە رەھىم قىلىدۇ.

## 95

1. كۆزلىرى سېھىرگەر بۇ دىلبىرىم كۆڭۈلنى بىر قاراپلا ئالىدۇ، ئۇنىڭ ئاغزى غۇنچە، چىشلىرى مەرۋايىت، قەددى كۆڭۈل ئۇۋۇلىغۇچى.

2. ئۈستىدە ساداق، بېلىدە ئىككى نەيزىسى بار بۇ قوشۇما قاش دىلبىرىم غەمزە ئوقلىرىنى قاتار بەتلىۋالغان.

3. جان ئالىدىغانلىقىنى بىلىپ، يارىمنى كىشىلەر خۇيى ئەسكى دەيدۇ، مەن جېنىمنى چاچقۇ قىلىپ، ئۇنى جەننەتتىكى خۇش مىجەزلىك دىلبەرلەردىن دەيمەن.



4. ھەر كېچە يوللاردا كېزىپ يۈرۈپ، يۈزى قارىلىق قىلدىم، ئاھ، چاچلىرى تۈندەك قارا بۇ دىلبىرىم يېنىمغا كەلمىدى.

5. نېمىشقا كېچىلىرى ئىتتەك ھۇۋلاپ پەرياد ئۇرمايدىكەنمەن؟ بۇ ئاي يۈزلۈك دىلبىرىم سەيلە قىلىپ چىقىپ كەلسە، گۈلشەنگە قارىماي ئۆتىدۇ.

6. بىلىڭكى، قارا كۆزلۈكلەردىن ۋاپا كۈتمە، دېگەن گەپ بار، ئۇ ئاھۇ كۆزلۈك دىلبىرىم دوستلارنى رام قىلىۋالدى.

7. زۇھۇرى دەيدۇكى، سۆز دېڭىزىدا مەزھەرىگە ئوخشاش گۆھەر سۈزگۈچى، چىرايلىق سۆزلۈك بىر غەزەلخاننى تاپالمىدىم.

## 96

1. قانداق بولدى، كۆزلىرى جادۇ، لەۋلىرى سېھىرلىگۈچى كۆلبەمگە كېلىپ قالدى، ئۇ سۆزلەپ كۆڭلۈمنى ئېلىپ، مېنى ئالدىدى.

2. ئۇنى كۆرۈپ دىۋانىگىلا ئوخشاپ قالدىم، قاراشقىمۇ تاقىتىم يەتمىدى، كۆزۈمدىن غايىب بولۇۋىدى، بەكمۇ بىتاقەت بولدۇم.

3. ماڭا ئىسكەندەرنىڭ تاجى بىلەن ئەفرىدون ㉞ نىڭ

تەختى مەنسۇپ بولسمۇ، ئۇنىڭ ئايىغىغا قونغان چاڭنى تۇتيا قىلماق ماڭا ئەلادۇر.

4. جاپا بىلەن غەم ئەزەلدىن مېنىڭ قىسمىتىم بولۇپتۇ، تەقدىر مېنىڭ لېيىمنى يارنىڭ دەردى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرغان ئوخشايدۇ.

5. لەۋلىرىڭنى ئەسلەپ، پىراقىڭ دەشتىدە ئىككى كۆزۈمدىن ئاققان ياش غەم تېغىنى لالىزارلىققا ئايلاندۇردى.

6. ئەگەر يارىم كۆزلىرىمدىن ماكان تۇتمىسا، ئىككى كۆزۈمدىن دائىم رۇد بىلەن جەيھۇن㉟ دەريالىرى ئېقىپ تۇرىدۇكى، بۇنىڭغا ھەيران قالغىلى بولمايدۇ.

7. ئەگەر سەندە ئۇنىڭ مەيدەك كەيىپ قىلغۇچى كۆزلىرىنىڭ ئەكسى ئاشكارىلانسا، مەزھەرى، سەن ئۇنىڭغا مىرزا زۇھۇرىددىنغا ئوخشاش قانۇن تۈز.

## 97

1. ھىجراندا ھەرگىز ئاياغلاشمايدىغان ئاي ۋە يىللار بولىدىكەن، پەيدا بولماقنىڭمۇ بىر كۈنى يوقالمىقى بار ئىكەن.

2. ئاي-يىللار جۇدالىقتا ئۆتسەڭمۇ، قانلىق ياش تۆكمە، يىللار ھىجراندا ئۆتسىمۇ، بىر كۈنى ۋىسالمۇ بولىدىكەن.



3. كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتتە بولىدىغان مەندەك ئادەم يوق دېسەم، ئۇ يار بىلەن ھەممەيلەننىڭ قىلىشىدىغان گەپ-سۆزلىرى بار ئىكەن ئەمەسمۇ!

4. ئاشىقلارنى ئۆزىنىڭ كوچىسىدا ھەيران ۋە سەرگەردان قىلىپ، كېچە-كۈندۈز يىغلىتىشتا ئۇنىڭ بىر خىيالى بار ئىكەن.

5. يارنىڭ چاچلىرىنىڭ چىگىلىكلىرىدىن مىسكىن كۆڭۈللەرنىڭ ھالى قالمىدى، كىشىنى ھوشسىزلاندۇرىدىغان ۋە مەست قىلىدىغانغا ئۇنىڭ ئاشۇ خالى بار ئىكەن ئەمەسمۇ!

6. بۇ ئىككى جاھاننىڭ كۆيۈپ كەتمەسلىكىدە، باھار بىلەن كۈز، جۇدالىق ئوتى بىلەن ۋىسال شادلىقىدىن ئىبارەت بۇنداق مۆتىدىللىق بار ئىكەن ئەمەسمۇ!

7. ئاللادىن غەيرىي نەرسىلەر ھەممىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، ئۇلارنى غېرىب قىلدى، چۈنكى ھەر بىرەيلەندە ئۇنىڭ جامالىنىڭ ئەكسى بار ئىكەن.

8. ئاللادىن غەيرىي نەرسىلەرنى زۇھۇرى سەيلە قىلىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ بىلدىكى، ئىنسان قايسى بىر ئىشتا قابىل بولسا، شۇ ئىشنى قىلىشقا تۇتۇنىدىكەن.

## 98

1. ئەي سېنىڭ قاشلىرىڭ بايرام كۈنى چىققان يېڭى

ئاينىڭ يۈزىگە نەيزە ئاتتى، چىرايىڭنىڭ قۇياشى تولۇن ئاينىڭ شۆھرىتىنى سۇندۇردى.

2. ئەگەر سىنىڭ ۋەسلىڭنىڭ بىغىدىن تاڭ شامىلى چىقىپ كەلسە، ئۇ ئىشق گۇرۇھى ئىچىدىن ھىجران دەرىخىنى يوق قىلىدۇ.

3. سەھەردە چىققان شامال باغنىڭ ئىچىدە سىنىڭ بوي-قەددىڭدىن خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلىپ، سەرۋىنى ھەسرەتكە سېلىپ، ئۇنىڭ قامىتىنى ھەر تەرەپكە ئېگىپ قويدى.

4. مەي رەڭلىك چىرايىڭنىڭ شولىسى گۈلشەنگە چۈشۈپ، باغنىڭ ئىچىدە لالە ۋە نەسرىن گۈللىرىنىڭ خىجالەتتە قالغانلىقىنى ئايان قىلدى.

5. جىنىمنىڭ قۇشى سۆيۈملۈك ۋەتەن ھەققىدە شېرىن سۆز ئاڭلاپ، جۇش ئۇرۇپ، ھىجران بالاسىنىڭ غۇربىتىنى تېخىمۇ ئارتتۇرىۋەتتى.

6. زۇھۇرىنىڭ يۈرەك-باغرى كاۋاپ بولسا، بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك يېرى يوق، ئىچىگە چۈشكەن ئىشتىياق ئوتى كۆيدۈرۈشنى كۈچەيتىۋەتتى.

99

1. ئەي ساقىي، سەن جامىمنى مەينىڭ نۇرى بىلەن



ساپ قىل، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمنى بارلىق رەقىبلەردىن خالىي قىل.

2. مەست قىلىپ ھوشۇمنى يوقات، خۇماردىن خالاس قىل، ئۆزلۈك خۇمارىدىن ھەم كىبىر پەردىسىدىن قۇتۇلدۇر.

3. ھىجراننىڭ قايغۇسىدىن تولا يىغلاپ كۆزۈم كۆرمەس بولدى، كاشكى، كۆزۈم دىدارغا يېتىشىش بىلەن روشەنلەشسە ئىدى.

4. باھار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، يوپۇرماقلار كۆپلەپ سارغىيىشقا باشلىسا، ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، غەمخورلۇق قىلغۇچىدىن جۇدا بولغاندا، كىشىنىڭ يۈزىمۇ غەم بىلەن سارغىيىپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ!

5. ۋەسلىنىڭ قەدرىنى بىلمىگەنلەرگە ھىجران ئوتى بەدەل بولارمىش، ئەي زۇھۇرى، ئىلگىرى سۆيگەن يارىڭدىن نائۈمىد بولما.

100

1. ئۇ سەرۋى بويلۇق، گۈل يۈزلۈكتىن ماڭا بىر خۇش خەۋەر كەلمىدى، بىچارە بۇلبۇلدەك گۈل بىلەن گۈلزاردىن ئايرىلىپ قالدىم.

2. ئۇنىڭ شېكەر لەۋلىرىدىن بىر تامچىمۇ تېتىيالماي،

جېنىمنىڭ قۇشى بۇ ھىجران بوستانىدا تەشنالىقتا قالدى.

3. سىرلىق ۋەسلىنى ئىزلەپ يۈرۈپ تاپقىنىم پىراقنىڭ ئوتى بولدى، بۇ تەتۈر پەلەكنىڭ ماڭا بەرگەن تەقدىرى شۇ ئوخشايدۇ.

4. ئەي ساقىي، مېنى بىر جام بىلەنلا مەست قىلىپ قوي، مەندە نومۇسنىڭ مەغرۇرلۇقى قالمىسۇن.

5. چۆللەردە مەجنۇنغا ئوخشاش سەرگەردان بولۇپ يۈرسەم ئەيىب ئەمەس، لەيلىگە ئوخشايدىغان ياردىن كۆڭۈلنى نېمىشقا ئۈزىدىكەنمەن؟

6. ئۇنىڭ چاچلىرىنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك گۈزەل يۈزىنى ئەسىرگە ئالغانلىقىغا ئەجەبلەنمىسمۇ بولىدۇ، بۇتپەرەستلەرمۇ بۇتنىڭ ئىشقىدا زۇننارىدىن خالىي بولالمايدۇ ئەمەسمۇ!

7. ئەي زۇھۇرى، گۈل يۈزلۈكنىڭ ئىشقىدا تەۋرەنمەس قەدەملىك بولىدىغان بولساڭ، قىلغان ئىشىڭدا چىكىنتەك چىڭ تۇر.

## 101

1. ئەي ياش گۈزەل، مېنى نېمىشقا تاشلاپ كەتتىڭ؟ سېنىڭسىز بىردەم ماڭا بىر يىلدەك بولۇپ تۇيۇلدى.



2. سەن كۆزۈمنىڭ نۇرى، جىسمىمدا جان ئىدىڭ، مەن ساڭا جېنىمنىمۇ، جاھانىمنىمۇ پىدا قىلدىم.

3. سېنى دەپ مەن ئۆي ۋە مال-مۈلكۈمدىن كەچتىم، باشقىلار مېنىڭدەك مۇنداق ئۆي-ماكانسىز بولۇپ قالمىغاي.

4. ھىجرانىڭ ئىلكىدە بەكمۇ جاپا چەكتىم، ئۇنىڭدىن ئازراقىنى دېسەممۇ بىر داستان بولىدۇ.

5. سەن گەرچە كۆزۈمدىن يوشۇرۇن بولساڭمۇ، ئەمما يامان كۆڭلۈمنىڭ ئىچىدە ئورۇن تۇتتۇڭ.

6. قانچە قىلمىسامۇ ۋىسالىڭ نېسىپ بولمىسا، مېنى ئۆزۈڭنى مەڭگۈ ئەسلەيدىغان قىلىپ قوي!

7. ۋەسلىڭنىڭ ھۇما قۇشىنى ئىزدەپ، تاكى ئورۇقلاپ ئەتلىرىم تۈگەپ، ئۇستىخانلىرىملا قالغانغا قەدەر يۈرەي.

8. ئەگەر جاھان خەلقى مەنئى ئېتىپ بېشىمنى يارسىمۇ، بۇ كوچىدىن يانمايمەن.

9. زۇھۇرى، ئىككى دۇنيانىڭ غېمىنى يېمە، بەختىيارلىق ۋە ئۇلۇغ مەرتىۋە ساڭا قېرىنداش بولغىلى كەلدى.

## 102

1. سېنى بىر كۆرمەكلىك ماڭا جان ۋە جاھانىمدىن

ئارتۇق، بىچارە جىنىمدىن تويدۇم، لېۋىڭ ئارقىلىق جان تاپاي دەيمەن.

2. يارسىز ھەيران ۋە سەرگەردان بولۇپ، بۇ ۋەيرانە ئىچىدە قالدىم، مېھرىبانىمنى بىردەمگە بولسىمۇ كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۈمىدىمنى قانداق ئۈزىمەن؟

3. ئەي ساقىي، مەي كەلتۈرگىن، بىردەم مەست بولۇپ، ئۆزۈمنى، ياخشى ۋە يامانلىقىمنى ئۇنتۇسام، بۇ ماڭا خۇش كېلىدۇ.

4. ئۇقلىرىڭنىڭ زەخمى بۇ يامان جىسمىمنى تۆشۈكتەك قىلىپ قويدى، جامالىڭنىڭ ئاپتىپى بۇ زەئىپ جىسمىمغا نېمىشقا چۈشمەيدۇ؟

5. بۇ يولغا كىرىپ، مەقستىمگە ئېرىشەلمەي، كۆڭلۈم پەرىشان بولدى، ئۇ دىل ئالغۇچىنىڭ خەۋىرىنى ئالالىسام، كۆڭلۈم خاتىرجەم بولاتتى.

6. ئۇ گۈلىستانىمدىن كەلگەن شامال دىمىغىمغا بىردەم ئۇرسا، ئاشىقلار تەرزىدە بۇلبۇلغا ئوخشاش ناۋا قىلسام، ئەجەب بىلىنەرلىك ئەمەس.



## ئىزاھلار

① ئىسكەندەر — مىلادىيىدىن بۇرۇن ئۆتكەن مەشھۇر ئىستىلاچى ئالېكساندىر ماكېدونىسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن).

② ئۆزلۈك — شەخسىيەت، سەخسىي مەۋجۇدلۇق.

③ ۋەھدەت — بىرلىك، يەككە-يېگانىلىك، تەنھالىق.

④ مەنسۇر — مەنسۇر ھەللاجى (مىلادىيە 858 — 922-يىللار). مەشھۇر مۇتەسەۋۋۇپ ئالىم. ئۇنىڭ تەشەببۇسى ئۆز دەۋرىدە ناھايىتى چوڭ بەس-مۇنازىرە قوزغىغان. مەنسۇر ھەللاجى ئەينى دەۋردىكى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن دارغا ئېسىلغان.

⑤ جەلالىدىن رۇمى — بۈيۈك شائىر ۋە تەسەۋۋۇپچى مۇتەپەككۇر (مىلادىيە 1207 —1273-يىللار)

⑥ دەجلە — ئىراقنىڭ باغداد شەھىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريا.

⑦ مەسىھ — ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ لەقىمى، قەدىمكى رىۋايەتلەردە، ئۇنىڭ تىنىقى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەتتى دەپ زىكىر قىلىنىدۇ.

⑧ يەلدا — قىشنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ ۋە ئەڭ ئۇزۇن كېچىسى.

⑨ ھا، مىم — «قۇرئان كەرىم» 41-سۈرە فۇسسىلە 1- ئايەت، 42-سۈرە شۇرا 1-ئايەت، 43-سۈرە زۇخرۇف 1-ئايەت، 44-سۈرە دۇخان 1-ئايەت، 45-سۈرە جاسىيە 1-ئايەت، 46-سۈرە ئەھقاف 1-ئايەت.

⑩ شاملىقلار — سۈرىيەلىكلەر، غەربىي ئاسىيانىڭ سۈرىيە، پەلەستىن ۋە لىۋان قاتارلىق جايلىرىدا ياشىغۇچىلار.

⑪ دارا —1) ئىگە، ساھىب؛ 2) پادىشاھ، خاقان؛ 3) مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ئىران پادىشاھلىرىدىن بىرىنىڭ لەقىمى.

⑫ كەنئانلىق يۇسۇپ — «قۇرئان» دا تىلغا ئېلىنىدىغان پەيغەمبەرلەر-دىن بىرى، ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

⑬ ئىبراھىم خەلىلۇللاھ — قۇرئاندا زىكىر قىلىنغان پەيغەمبەرلەردىن

بىرى، قەدىمكى بابىل زېمىندا تۇغۇلغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوت ئىچىدىن سالامەت چىققان.

⑭ ۋامىق — «ۋامىق-ئۇزرا» داستانىدىكى ئاشىق يىگىتنىڭ نامى.

⑮ ئۇزرا — «ۋامىق-ئۇزرا» داستانىدىكى قىزنىڭ نامى.

⑯ زۇننار — مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە ياشىغۇچى خرىستىئانلار بېلىگە باغلاپ يۈرىدىغان رەڭلىك چۇلۋۇر.

⑰ فەنا — 1) يوق بولۇش، تۈگەش، ئۆلۈم؛ 2) باقاسىزلىق؛ 3) ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ، پۈتكۈل بارلىقىدىن كېچىپ، ئىلاھىيەتكە سىڭىش.

⑱ قارۇن — ناھايىتى نۇرغۇن بايلىققا ئىگە بولغان قەدىمكى بىر شەخسنىڭ نامى.

⑲ جالا — مۇڭغۇل ۋە مانجۇلار كىيىدىغان ئۇستىدە پۆپۈكى بار باش كىيىم.

⑳ كەيكاۋۇس — مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ئىران كەيانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى.

㉑ ھاتەم — ئەرەبلەرنىڭ تەي قەبىلىسىدىن بولغان مەشھۇر سېخىي كىشى.

㉒ قاف تېغى — بىر ئەپسانىۋى تاغنىڭ نامى، رىۋايەتلەرگە كۆرە، بۇ تاغ قاپقاراڭغۇ بولۇپ، پۈتكۈل جاھاننى ئوراپ تۇرارمىش.

㉓ زۇننۇن مىسرى — ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن مىسىرلىق تەسەۋۋۇپ ئالىمى.

㉔ نۇھنىڭ كېمىسى — ئالەمنى توپان بالاسى باسقاندا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتكۈل جانلىقلارنىڭ ئۇلگىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ياسىغان كېمىسى.

㉕ مەزھەرى — زۇھۇرى بىلەن زاماندىش ۋە يېقىن دوست بولۇپ ئۆتكەن مەزھەرىددىن ناملىق ئۇيغۇر شائىرى.

㉖ نەۋائى — ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلشىر نەۋائى (1441 — 1501 - يىللار).

㉗ جامى — ئۇلۇغ پارس-تاجىك شائىرى ئابدۇراخمان جامى (1414 — 1492 - يىللار).

㉘ ئەفلاتۇن — مىلادىيىدىن بۇرۇنقى مەشھۇر يۇنان پەيلاسوپى



پىلاتون.

㉙ مىئراج — 1) شوتا؛ 2) يۇقىرىغا (كۆككە) كۆتۈرۈلۈش؛ 3) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇددۇسقا بېرىپ، ئۇ يەردىن كۆككە كۆتۈرۈلۈشى.

㉚ ۋەللەيلى ئىزا يەغشا — «قۇرئان كەرىم» 92-سۈرە لەيل 1 - ئايەت.

㉛ جەمشىدنىڭ جامى — قەدىمكى ئىران پادىشاھى جەمشىدنىڭ ھەكىملەرگە بۇيرۇتۇپ ياساتقان تىلسىملىق جامى، خاسىيەتلىك جام.

㉜ ھۇما (ي) — بىر ئەپسانىۋى قۇشنىڭ نامى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ قۇشنىڭ سايىسى ھەرقانداق كىشىنىڭ بېشىغا چۈشسە، ئۇ كىشىنىڭ تىلەكلىرى ئىشقا ئېشىپ، بەختىيار بولارمىش.

㉝ سەمەندەر — قەدىمكى رىۋايەتلەرگە كۆرە، ئوت ئىچىدە پەيدا بولۇپ، ئوت ئىچىدە ياشايدىغان چاشقانسىمان جانىۋار.

㉞ ئەفرىدۇن — قەدىمكى ئىران پادىشاھلىرىدىن بىرى.

㉟ رۇد بىلەن جەيھۇن — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ ۋە سىر دەريالىرى.

库尔斑·巴拉提作品选（5）

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路14号邮政编码：830046）

---

新疆新华书店发行
新疆《语金》科贸总公司排版中心排版
新疆乌鲁木齐八家户彩印厂印刷
850×1168毫米　32开本　13.5印张
1998年1月第1版　1998年2月第1次印刷
印数：1—7200
统一书号：ISBN7 — 5631 — 0901 — 3/I·166

---

定价：23.00元



ISBN 7-5631-0901-3

9 787563 109012 >

ISBN7－5631－0901－3

I·166　(民文)定价:23.00元